ئابدۇكېرىم قادىر


# گۇناھ



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇكېرىم قادىر

# گۇناھ



( رومان )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

罪过：维吾尔文／阿布都克里木·卡德尔著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.11
ISBN 978－7－228－16065－5

Ⅰ.①罪… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第251749号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布里米提 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32 |
| 印　　张 | 12 |
| 版　　次 | 2012年12月第1版 |
| 印　　次 | 2012年12月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1－3000册 |
| 定　　价 | 34.00元 |

# مۇھەررىردىن

يازغۇچى ئابدۇكېرىم قادىر 1969 - يىلى يەكەندە تۇغۇلغان. 1989 - يىلى قەشقەر مالىيە - سودا مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 1999 - يىلىدىن 2005 - يىلغىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى بىلەن شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى بويىچە تولۇق كۇرسنى تاماملىغان. ھازىر يەكەن ناھىيەلىك ئامانەت - قەرز بىرلەشمە كوپېراتىپىدا خىزمەت قىلماقتا.

ئۇ ھازىرغا قەدەر 50 پارچىغا يېقىن ھېكايە، 10 پارچە پوۋېست ئېلان قىلدۇرغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «دولقۇنلۇق تارىم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «تۆتىنچى ئېراغا سەپەر» ناملىق رومانى ۋە «مۇھەببەت قەپىسى» ناملىق پوۋېستلار تولىمى نەشر قىلىنغان. «تەشنارەڭ كۆڭۈل»، «ئاخشام بولغان ئىش» قاتارلىق بىرنەچچە پارچە ھېكايىسى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئېلان قىلىنغان. «كونا كوچا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن «ئەقىدە» ناملىق پوۋېستى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 14 - ۋە 15 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇكېرىم قادىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب بەگلىك ........................................ 1
ئىككىنچى باب كۆيۈشكەنلەر ................................ 70
ئۈچىنچى باب ئىزتىقۇ ........................................ 158
تۆتىنچى باب نادامەت ........................................ 241
بەشىنچى باب شاۋقۇن ........................................ 324

# بىرىنچى باب

# بەگلىك

## 1. كۈن قىزىلى

كونا زامانىنىڭ كىشىلىرى بۇ يۇرتنى «بەگلىك» دېيىشىدىكەن. يېشى ئەسىرگە ئۇلاشقان بوۋاي - مومايلار بۇ يەرنى ئىلگىرى بەگلىك بولغان دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىشىدۇ. ھازىرقى كىشىلەر بولسا بۇ يۇرتنى تىلىنىڭ ئۇچىدىلا «ئەگىل بېگىل» دەپ ئاتىشىدۇ ... كىشىلەر نېمە دېسە - دېمەمدۇ، بەگلىكنىڭ «ئەگىل» بولۇشى، بەگلىكلەرنىڭ خاراب بولۇشى، يۇرت ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ھامان تارىخ بەتلىرىدە ئۇچراپ تۇرىدىغۇ!

كۈنچىقىش، كۈنيۇرۇش، كۈنپېتىش، كۈنگەي ... دېيىلىدىغان يەتتە مەھەللىسى، بىر يۈز يەتمىش يەتتە تۈتۈنلۈك ئاھالىسى بار كونا يۇرت — بەگلىك شۇنداق قايناق ھەم سىرلىق بىر يۇرت. بۇ يەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە بەگلىكنىڭ تارىخىنى، ئاتا - بوۋىسىنىڭ بۇ يەردە شانلىق ئىزلارنى قالدۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەن ... ھازىر بۇ يەردىكى ئەرلەر، ئاياللار كىملەرگىدۇر ئاشىق بولغان، كىملەرگىدۇر كۆيۈشكەن ...

سۈبھى. ئىتلار قاۋاپ، ئېشەكلەر ھاڭرىشىپ كەتتى. بەگلىكنىڭ تاڭ ئالدىدىكى تىمتاسلىقى بۇزۇلۇپ، يېڭى بىر كۈننىڭ ۋەسۋەسىسى باشلاندى.

ئادىتى بويىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇرغان كەنت مۇدىرى بوساق چوماق تەكىيىنىڭ بېشىدا پۇرلىشىپ تۇرغان كىيىملىرىنى سىلاپ - سىيپاشتۇرۇپ تاپتى، چاقماق تېزلىكىدە كىيىنىپ هويلىغا چىقتى. خىرە - شىرە يورۇق ئىچىدە چويۇن چوماقنى ئىزدەپ تېپىپ تالاغا قاراپ يۈگۈردى. دەرۋازا ئالدىدا قويۇق شىپپاڭشىتىپ تۇرغان قارا غامبۇر ئىت ئۇنىڭغا ئەگەشتى ... بوساق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە نېمىلەرگىدۇر پۈتلىشىپ يۈگۈرگەچ، چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلايتتى. ئىشتىنىنىڭ تاغاردەك كەڭ پۇچقاقلىرىنى تۇرۇپ بەگلىكنىڭ كىندىكى بولغان ئۆتەڭدە ئېسىقلىق تۇرغان داڭنىڭ قېشىغا هاسىراپ - هۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

— داڭ - داڭ - داڭ !...

داڭنىڭ ئاۋازى ئىتنىڭ قاۋىشى، ئېشەك هاڭرىشى، يەنە ئاللىقانداقتۇر ئالىتاغىل چۇقان - سۈرەنلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئەنسىزچىلىكنى پەيدا قىلدى. داڭىلدىغان ئاۋاز كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە ئۇرۇلدى. ئىسسىق يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان، غۇسۇل تاهارەت ئېلىۋاتقان كىشىلەر پۈتى كۆيگەن توخۇدەك جىددىيلىشىپ، قەدەملىرىنى تېزلەتتى. قىلىۋاتقان ئىشىنى چالا - بۇلا پۈتكۈزۈپلا كەنت باشلىقىنىڭ ئەتىگەنلىك كۆز ئېڭىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئالدىراشتى. داڭغا ئۈلگۈرۈش بەگلىكلەرنىڭ هەر تاڭدىكى بىرىنچى ئىشى ئىدى.

— داڭ - داڭ - داڭ !...

داڭنىڭ ئاۋازى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلانغاندا، دۈپۈرلىگەن ئاۋاز پۈتۈن يۇرت ئىچىنى بىر ئالدى. كىشىلەر ئىشتىنىنىڭ بېغىنى، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى، ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى هاپىلا - شاپىلا ئېتىپ، بېشىدا تۇرمىغان دوپپا، ياغلىقلىرى، پۈتىدىن چۈشۈپ قالغان كەشلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە داڭ ئۇرۇلغان تەرەپكە — ئۆتەڭگە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

كىشىلەر مەدداهنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقاندەك ئۆتەڭدە داڭ

چېلىۋاتقان بۇساق چوماق بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا ئايلىنىپ يۈرگەن قارا غامبۇر ئېتىنىڭ چۆرىسىگە غۇژمەكلەشتى. بۇساق چوماق ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى كۆرمەيۋاتقاندەك، پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن قولىدىكى چويۈن چوماقنى ھە دەپ داڭنىڭ گىرۋىكىگە ئۇرۇۋاتاتتى. ئىككى توپ قاپاق تېرەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان كونا ئات ھارۋىسىنىڭ چاق قازىنى «داڭ - داڭ - داڭ! ...» قىلىپ ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ زۇلۇم بىلەن ئۆنلەيتتى. كوپىراتسىيە تارقىتىۋېتىلگەن يىلى بۇساق چوماقنىڭ دادىسى بۇ چاقنى ھېچكىمگە تۇتقۇزماي ئۆزى ئېلىپ قالغان ھەم ئۇنىڭغا يۇرت بويىچە ھەممىدىن چوڭ قىلىپ بىر ھارۋا ياساتقان، ئەمما ئۈچ ئات سۆرەيدىغان، ھەم يوغان، ھەم ئېغىر بۇ ھارۋىنى بۇساق چوماقنىڭ تاغىل بايتىلى سۆرەپ بولالماي، ئۇنىڭغا قامچا تۇشۇمىغانىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ بازاردا شۇقەدەر سىپتا، يەڭگىل شادا چاقلار پەيدا بولغاندىن كېيىن بۇ ئېغىر يۈككە بايتالدىن بەكرەك بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان بۇساق چوماق ھارۋىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ كېلەڭسىز چاقنى ئەينى چاغدىكى كوپىراتسىيەنىڭ مال قوتىنىدەك كەڭ، قاقىرام ھويلىسىغا تاشلاپ قويىدى. بۇساق چوماق بەگلىككە كەنت باشلىقى بولغاندىن كېيىن چاقنىڭ قازىنىنى چىقىرىپ مۇشۇنداق داڭ قىلىۋالغانىدى.

كۈن قىزاردى. بۇساق چوماق كۆزلىرىنى ئەتراپتىكىلەرگە تىكتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان، ئىگىسى بىلەن تەڭ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتقان ئىتىنىڭ كۆزىگىمۇ قىزىللىق تىقىلغانىدى. سەھەرنىڭ سوغۇقىدا دۈگدىيىپ تۇرۇشقان قېرى - ياش، ئەر - ئاياللار جىممىدە قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلاردا ھېچقانداق سەپمۇ، شەكىلمۇ، بىرلىكمۇ يوق ئىدى. پەقەت قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ يەرگە ھەيدىلىپ كېلىنگەنچە سوغۇققىنا قارىشىپ تۇرۇشاتتى.

بوساق تورغانلارنى بىر قور كۆز ئېچىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ يوغان، قاپقارا غامبۇر ئىتىمۇ شۇنداق قىلىۋاتقاندەك ھەممەيلەنگە بىر قور كۆز سېلىپ چىقتى. يۇرتتىكى سامۇق موللام، تالىپ ھاجى، سۇلايماناخۇن، ئىسلىماخۇن، موللىقۇناخۇن، ئابدۇلئاشىق، نۇرئەلى، غوجاخۇن، تورامەت قاششاق، قۇپەك ساراڭ ... ئەر خەق، خوتۇن خەق ... ئىشقىلىپ ھەممە ئادەمگە بىر - بىرلەپ سىنچىلاپ قاراۋاتقاندا، بوساقنىڭ ئۇستىرا كۆرمىگىلى ئۇزاق بولغان قارامتۇل يۈزىدىكى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ساقال - بۇرۇتلىرى تېخىمۇ تىكلەشتى. يېنىدىكى ھىماتچىسىنىڭ كۆزلىرىدەك قىزىرىپ كەتكەن چاناقلىرى ئىچىدىكى تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقىچىلىك قارىچۇقلىرى ئېگىز - پەس سەكرەپ كەتتى. كۆز قارىچۇقلىرى بىلەن تەڭ ئاستىن - ئۇستۇن بولۇپ تورغان پاختىلىق چاپاننىڭ پېشىدەك قېلىن كالپۇكلىرى يوغان ئېچىلدى:

— تا ... تاشاخۇن ... قېنى سەن؟!

قارىشىپ توغانلاردىن ھېچبىر سادا كەلمىدى.

— تاشاخۇن، سېنى دەۋاتىمەن ... ئاغزىڭ خوتۇنۇڭنىڭ يېلىم چۆچىكىگە مىلىنىپ كەتتىمۇ، نېمىشقا مۆرىمەيسەن؟ ! پاڭقۇش قولىقىڭ داڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىمۇيا؟ — بوساق چوماق ھۆركىرىگىنىچە قولىدىكى چويۈن چوماقنى غەزەپ بىلەن يەنە داڭغا ئۇردى، — داڭ - داڭ - داڭ ! ...

داڭ ئۇرۇلدى، داڭ داراڭلاپ كەتتى، قارا غامبۇرنىڭ خۇيى تۇتتى. ئىگىسىنىڭ پەيلىگە قاراپ ئۇنىڭمۇ پەيلى بۇزۇلغانىدى. شۇ تاپتا داڭ ئەمەس، پۈتۈن يۇرتنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. ئېغىر چويۈن چوماق ھەر قېتىم داڭغا تەگكەندە كىشىلەرنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ، يۈرىكى جىغىلداپ كېتەتتى. قولىقىنىڭ پاڭ بولۇپ قېلىشىدىن ۋايىم يېگەندەك بىگىز بارمىقىنى قولىقىغا تىقىۋالغان كىشىلەر تاشاخۇننى چىقىپ قالارمىكىن، دەپ ئۇنىڭ يولىغا قاراشتى. دېگەندەك ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپتىن بىرسى پالاقلاپ

يۈگۈرۈپ كەلدى. « ئۇھ، ھەرنېمە بولسا چىقتى. يامان گەپ، يامان تىل، يامان كۆز، يامان كۆندىن قۇتۇلدىغان بولدى » دەپ ئويلاشتى كىشىلەر. ئەمما، ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلگىنى تاشاخۇن ئەمەس، ئۇنىڭ خوتۇنى مەسۇدىخان ئىدى.

— ئېرىڭ تېخىچە ئۆدەپ ياتامدۇ، مەسۇدەك؟ — قولى داڭ ئۇرۇشتىن توختىغان بۇساق چوماق مەسۇدىخانغا يۈزلەندى. مەسۇدىخان زۇۋان سۈرمەستىن بېشىدىن چۈشۈپ قالاي دېگەن قارا ياغلىقىنى تۈزەشتۈرگەچ ئالدىغا دىكىلداپ كەلگەن ئىتتىن قورققىنىچە نۇرنىساخان، گۈلھەسەلخان، زۇمرىخان، مېرۋانىخان، ھەلىمىخان، زەيتۇنەم، زورىگۈل، زەينەپ كاككۇك، مەينىسالارنىڭ توپىغا قېتىلدى.

— ئېرىڭ زۇۋانىڭغا بىرنېمە تىقىپ قويىدىمۇ، گېپىمگە نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن، مەسۇدەك؟ !

مەسۇدىخان گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك زۇۋان سۈرمىدى. ئۇنى قېتىغا ئېلىپ تۇرغان كىشىلەرمۇ زۇۋانسىز ئىدى.

— ھەي خوتۇن، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن !

تىلى ساڭگىلاپ تۇرغان قارا غامبۇر مەسۇدىخانىنىڭ ئالدىغىلا زوڭزايدى.

— گەپ قىل، گەپ قىل ... خۇدا يېتىرگۈر چوماق !

— ۋالاقلىما، سەت قېرى ... — بۇساق قولىدىكى چوماقنى كۆتۈرگىنىچە مەسۇدىخانىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى، — سەن تېخى ماڭا گەپ ياندۇرۇۋاتامسەن، دۆيۈز خوتۇن؟!

— قېرىلىقىنى خوتۇنۇڭ ھەرەم جومباقتىن سورا ! — مەسۇدىخان ئاغزىنى قويۇۋەتتى، — يۈزىگە پۇرلەش - پۇرلەش قورۇق چۈشكەن خوتۇنۇڭدىن ...

— ماڭا ئەجەب گەپ ياندۇرۇۋاتىسىنا، قېرى دەللە؟ !

— گەپ ياندۇرغىلى بولمايدىغانغا سەن بىر يەرنىڭ ئامبىلىمىدىڭ؟

— ئاغزىڭنى بۇزما، قاپاق ئۇششۇق ... ئامبالدىن ئۆتە تويغۇزۇپ قويىمەن بىكار ! ۋاي مەن نېمە بولدۇم دەپ، ھاڭراپ كېتىسەن ھېلى ... — بۇساق قولىدىكى چوماقنى مەسۇدىخاننىڭ بېشىدا ئويناتتى. تىلى ساڭگىلاپ تۇرغان قارا غامبۇر مەسۇدىخاننىڭ ئەتراپىنى چۆرگۈلەپ خىرىس قىلىپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى.

— ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، بۇساقخان دۇيجاڭ، — قارىشىپ تۇرغانلاردىن سامۇق موللام، موللىمقۇناخۇن، ئابدۇلئاشىق ۋە بىر قىسىم ئاياللار تۇشمۇتۇشتىن بۇساق چوماقنىڭ قولىغا ئېسىلدى، — مەزلۇم خەق بىلەن تەڭ تۇرۇش ئەر كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس.

— خەير، ماقۇل، بۈگۈنچە بولدى قىلاي، — دېدى بۇساق كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، — كونىلار: «قانجۇق ئىتنى ئىت تالىمايدۇ» دەپتىكەن ... مەن ھېسابنى يەنىلا ئاشۇ تاشۋايدىن ئالاي، تەشكىلىي تۈزۈمگە بويسۇنمىغاننىڭ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغاننىڭ جازاسى قانداق بولىدىكەن، قېنى !

بۇساق چوماق پەيلىدىن بىر ئاز ياندى. قولىدىكى چوماقنى داڭنىڭ تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ، يانچۇقىدىن تۇرمەكلىۋالغان گېزىت قەغىزى، بەش يۇلتۇزنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن قوپال تۇنكە تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ، ئەپچىللىك بىلەن تاماكا يۆگىدى. قارا غامبۇر ئىتمۇ ئىگىسى بىلەن تەڭ پەيلىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى.

ئۆپكىسى بىر ئاز بېسىلغان بۇساق چوماق كىشىلەرنى ئولتۇرۇشقا شەرەتلىدى. ئوتتاشتەك قىزارغان كۈنگە قاراپ تاقەتسىزلەنگەن كىشىلەر قاپىقى سېلىنغان ھالدا تۇرغان يېرىگە چۆكتى. سۆڭگىچىنى يول ياقىسىدىكى توپىلاق يەرگە يېقىپ ئولتۇرۇشتى. جىمجىت ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تاماكىسىنى شورىغىنىچە كېرىلىپ تۇرغان كەنت باشلىقى كۈندىكىدەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇگـۈن ئاخىر تـالڭ ئاتتى. تـالڭ ئېتىـش — داڭ چېلىـش ئۈچـۈن، داڭ چېلىـش — كەتمەن چېپىش ئۈچۈن. كەتمــەن … كەتمەن …

بۇساق چوماق نېمىشقىدۇر دەيدىغان گېپىنى تاپالماي قالـدى. ئۇ ھەممىشە شۇنداق ئىدى. داڭ ئـۇرۇپ، مېكىـيان چۈجـىلىرىنـى چۆرىسىگە يىغقانـدەك يۇرتتىـكى كىشـىلەرنى چۆرىسىـگە يىغىۋالاتتى ـ يۇ، قىلىدىغان گېپىنى تـاپالماي، ئـۇنى تىلـلاپ، بۇنى ئـۈچۈقداپ، ئۇنىڭغا ھـەيۋە كۆرسـىتىپ، بـۇنىغا پـوپوزا قىلىپ، تېرە تاراقشىتىپ، كۈن چىقىپ خېلى بىر چاغ بولغانـدا كىشىلەرنى ئىشقا ھەيدەيتتى. كىشـىلەر: «ھېچ ئىشنىـڭ تايىنـى يوق، نى ئالەم بولدى» دەپ غۇدۇراشقىنىچە تارقىشىپ كېتەتتى.

بۇگۈنمۇ شـۇنداق بولدى. كـىشىلـەر ئىچىـدە بىرنېمىلەرنـى دېيىشكىـنىچە تـارقاپ ھويلا ـ ئـاران، ئېتىـز ـ ئېرىق ئىشىغا ئالدىراشـتى. مەسۇدىخانىنىـڭ كۆڭلىـنى ۋەسۋەسە تـۇمانلىـرى چۇلغىۋالدى. «ئـۆلگۈر چومـاق بىز بىـلەنلا قالـدىمىكىن، نېمە ئۈچى باركىن بىزدە؟ …» دېدى ئۇ بۇساقنىڭ كەينىدىن قاراپ.

## 2. يارنىڭ ئىشكى

كىـشىلـەر چـالا ـ بۇلا نـاشتـا قىلىـپ كەتمـەنلىرىنـى كۆتۈرۈشكىنىچە ئېتىزلىققا يۈگۈرۈشتى. مايسىلىرى سولىشىپ تۇرغان تـۇتاش ـ تۇتاش ئـېتىزلار قـاغجىراپ تـۇراتتى. قۇرغـاق شـامال، كۆيدۈرگـۈچ ئاپتاپ يـەرنىڭ نەملىكىـنى قاچۇرۇپ ھـە دېگەندە دېھقانلارنى ئالدىرىتىپ قويغانىدى. سەھرانىڭ ئەركىسـى بولغان شامـال، كۆز چېقىپ تۇرغان ئـاپتاپ قاغجىراپ تۇرغـان يەرنىـڭلا ئەمـەس، ئـاشۇ يەردە ئـۆزىنىـڭ سـايىسىـغا ئـۆزى كـىرىۋالغـۇدەك بـولۇپ ئۆمـىلىشىـپ يۈرگـەن كـىشـىلـەرنـى چاڭقىتاتتى، يۈرىكىنىڭ تەشنالىقىنى ئاشۇراتتى.

كـۈنچىقىـش مەھەلـلىسىـدىكى ئېـتىزلـىقتا ئـىشلەۋاتقـان

نۇرئەلىنىڭ ھېچقانچە ئىش قىلماي تۇرۇپلا كەتمەن چاپقۇدەك رەغدى قالمىدى. ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئەتىگەنلىك يىغىلىشتىن كېيىنلا ئۇدۇل ئېتىزلىققا كەلگەن، ئەمدىلىكتە ھارغان، ئاچقان، چاڭقىغانىدى. ياداپ زاڭاق سۆڭەكلىرى پۇلتىيىپ چىققان قارامتۇل چېھرى تېخىمۇ قارايغان، چاپاق ئۆرلەپ قالغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغانىدى. تىزىغىچە تۇرۇلگەن ئىشتىنىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇكلۇك پاچاقلىرى، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى ماغدۇرسىز، پۇتۇن تۇرقى ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇ كەتمىنىنىڭ سېپىگە تايانغىنىچە تۆت ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلارغا نەزەر سالدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە جانسىز ئۆمىلىشىپ يۈرگەن كىشىلەر نۇرئەلىنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزىگە ئوخشاش روھسىز، ئىش خۇشياقمايۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ تۆت ئەتراپقا، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئېتىزىغا يانداش تۇرغان قېيىنئاتىسى سۇلايمىناخۇننىڭ تېخى كەتمەن تەگمىگەن ئېتىزلىقىغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كەتمىنىنى مۇرىسىگە سالدى. كۈن چۈش بولار ـ بولماي قۇرغاق ئاپتاپ ئۇنىڭ تەشنالىقىنى ئاشۇرغان، قاغجىرىغان يۈرىكىدە بىر سېغىنىش پەيدا قىلغانىدى.

نۇرئەلى ئىشنى چالا قويۇپ مەھەللە تەرەپكە ماڭدى. قىر بېشىدىكى تار يول قەبرىستانلىق يېنىدىن ئۆتۈپ مەھەللىگە تۇتىشاتتى. يول بىلەن قەبرىستانلىق ئارىلىقىدىكى ئازغانلارغا كۆزى چۈشكەن نۇرئەلى قىزىلگۈلنىڭمۇ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئەمما، ئۇنىڭ سەزگۈلىرىگە ئايانكى، ئازغان بىلەن قىزىلگۈلنىڭ غولى، غۇنچىسى ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، گۈل ـ چېچەكلىرى، بەرگلىرى ئوخشىمايدۇ. يەنە ... يەنە ئازغان چېچىكى بولسا بىر خىل ئۆلۈم پۇرايدۇ. قىزىلگۈلچۇ؟ قىزىلگۈلدىن ياشلىقنىڭ، مۇھەببەتنىڭ سىيماسى ئۇچقۇنلايدۇ ... خىيال ئىلكىدە كېتىۋاتقان نۇرئەلىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا ئۆرىدەپ قالدى. چوقچىيىپ تۇرغان مازارلارغا چالا ـ بۇلا دۇئا قىلىپ، ھارغىن قەدەملىرىنى تېزلەتتى. شۇ تۇرقىدا

كۆز ئالدىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن ئازغانلىق پۈتۈن يۇرتنى ئازغان چېچەكلىرىگە كۆمۈۋېتىدىغاندەك بىر مۇدھىش تۇيغۇنىڭ ئاسارىتىدە ئىچىگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. ئۇ ئازغان چېچىكىنىڭ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. بۇنى ئۇنىڭغا مومىسى دەپ بەرگەنىدى.

ئۇ ھارغىنلىقتىنمۇ، ئاپتاپنىڭ قىزىتىشىدىنمۇ ياكى كۆڭۈلسىز خىيال تەپتىدىنمۇ، ئىشقىلىپ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. ئۆستەڭدە لايىقىپ ئېقىۋاتقان سۇ، تېرەك سايىسى ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ ئاراملىق بەردى. قويۇق دەل - دەرەخلىك مەھەللە ئىپتىزلىقىغا قارىغاندا سالقىن ئىدى. توپىلىق يولدا يۇمىلىنىپ ئويناۋاتقان ئىشتانسىز بالىلار، ئىشىك ئالدىلىرىدىكى قوتاندىن چىقىۋالغان قوي - كالىلارنىڭ شاش، غەمسىز قوزا - موزايلىرى، ئانىسىنىڭ كەينىدە چۇرۇقلىشىپ دان ئىزدەۋاتقان چۆجىلەر، يول بويىدىكى قىغ دۆۋىلىرىنى تاتىلاپ ئۆستەڭگە سىيرىلدۇرۇۋاتقان توخۇلار مەھەللىنى ئاۋات قىلغانىدى. كۆز ئالدىدىكى مەھەللىنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك ھەممە نېمىگە بىر - بىرلەپ قاراپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ كېلىۋاتقان نۇرئەلى يول بويىدىكى قاتار ئۆيلەر ئارىسىدىكى قارامتۇل جىگەر رەڭ سىردا سىرلانغان يوغان قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئىختىيارسىز ئاستىلاپ قالدى. گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكىنى يالىغىنىچە تەمرەتكە ئۆرلەپ چىققان ياداڭغۇ چېھرىنى ئېچىپ بۇ ئېگىز تاملىق ھويلىغا سەپسالدى. قوش قاناتلىق دەرۋازا تۇرمىنىڭ دەرۋازىسىدەك دۇملەكلىك تۇراتتى. دۈگىلەك، قارا كۆزلىرىدە نېمىشقىدۇر ئەلەم، ئۆكۈنۈش، ئۈمىدسىزلىكنىڭ سايىسى پەيدا بولغان نۇرئەلى قەدەممۇقەدەم كەينىدە قېلىۋاتقان دەرۋازىدىن كۆزلىرىنى ئۈزۈپ يەرگە قارىغىنىچە يولىنى داۋام قىلدى. ئۇ بۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن ئۇزاپ، ئۆز ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلەي دېگەندە، «غات» قىلغان قوپال، سەت غىچىرلاش بىلەن تونۇش

ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى. نۇرئەلى تۇيۇقسىز تورمۇزلانغاندەك ئىزىدا توختاپ كەينىگە قارىدى، چاڭقاپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئالدىغا مۇزدەك بىر چىنە سۇ كېلىۋاتقاندەك لەۋلىرىنى يالىدى. تەمە قاچىسى تېشىپ، كۆزلىرىدىكى ئىنتىزارلىقنى يوشۇرالماي قالدى. چېلەك كۆتۈرگىنىچە ئۆستەڭ بويىغا چىققان زورىگۈل تەلمۈرگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. « سەت كورۇك توخۇ، ئاناڭنىڭ ئۆيىدە كۇلۇڭغا كاكىلاپ يېتىۋالغىنىڭ بىلەن ھالىڭ شۇ. ئۈچ بالىغا ئانا بولۇپ، جۇلۇقۇڭ چىققاندا، سېنى يەنە شۇ مەن خوتۇن قىلمىسام، كىممۇ ئالار؟ سەت بىرنېمە!» نۇرئەلى زورىگۈلنى كۆرۈپلا ئىچىدە ئۇنى تىللاپ كەتتى، ئەمما كۆزلىرىدە بىر خىل سېغىنىش، ئىنتىلىش ئىستىكى ئۇچقۇپ تۇراتتى.

نۇرئەلى بىلەن زورىگۈل بىر پەسكىنە قارىشىپ قالدى. ئېغىزلىرى گەپكە كەلمەي كۆزلىرى بىر - بىرىدە قېتىپ قالغانىدى. مۇڭ، ھەسرەت بىلەن ئۈمىتلۇش ئارىلىقىدا مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرىگە نېمىلەرنىدۇر سۆزلىمەكچىدى، ئەمما سۆزلىيەلمەيتتى. زورىگۈلنىڭمۇ ئاشۇ بىشەم تىللىرى بىلەن ئۇنى راسا بىر تىللىۋالغۇسى بار ئىدى. ئەمما، بىر - بىرىگە ئېغىز ئېچىش بۇنچە ئارىلىقتىن ئەپسىز ئىدى. شۇ ئەسنادا ھويلىدىن بىرسىنىڭ كانىيىنى قىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. زورىگۈل چۆچۈدى، تاتىراڭغۇ، سولغان چېھرى تېخىمۇ ئۆڭۈپ توشقاندەك تېپىرلاپ ئۆستەڭنىڭ كېچىككىگە كەلدى. بىر قولىدا سۆگەتكە ئېسىلىپ، يەنە بىر قولىدىكى چېلەكنى لاي سۇغا پاتۇرۇپ لىققىدە سۇ ئېلىپ چاققان قەدەملەر بىلەن كەينىگە يانغانچە ھويلىغا كىرىپ كەتتى. نۇرئەلىنىڭ قىيا ئوچۇق قالغان دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرگۈسى كەلدى. ھالبۇكى، «داراڭ» قىلغان بىر تەئەددىلىك ئاۋاز ئۇنىڭ چاڭقىغان يۈرىكىگە قاتتىق تەگدى. ۋۇجۇدىنى جىغىلدىتىۋەتتى. ئۇ تەئەددى بىلەن تاقالغان دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن ئېتىلگەنلىكىنى، دەرۋاز قاناتلىرىنىڭ زورىگۈلنىڭ سىيماسىنى يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى

كۆردى.
ئۆز ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان نۇرئەلگە جاھان تار بىلىندى. ئۇ ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالار ـ ئالماي تۇرۇپ ئازغانلىق ئارىسىغا قاپسىلىپ قالغان ياۋا توشقاندەك تۇرمۇش يولىدا بۇنداق كۇنگە دۇچ كېلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ كىچىك چاغلاردا مومىسى قول بىغىشىغا شاپىلاقلاپ بىر دەستە ئازغانگۈلىنى يەرگە چۇشۇرۇۋەتكەن ھەم: «بۇنىڭدىن كېيىن ئازغانغا يېقىن كەلگۈچى بولما، بولمىسا بەختىڭ ئاشۇ ئازغان چېچىكىدەك توزۇپ كېتىدۇ!» دەپ قورقۇتقانىدى. نۇرئەلى مومىسىنىڭ ئاشۇ گېپىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق ھەم شۇنىڭدىن كېيىن ئازغانگۈلىدىن گۈلدەستە تىزىپ ئوينىغىنىمۇ يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ...
— دادۇ، نان يەيمەن، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى!
نۇرئەلى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. يول بويىدىكى قىغ دۆۋىسىدە يۇمىلىنىپ ئويناۋاتقان بالا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە پاچىقىغا ئېسىلدى.
— ھۇي كەپسىز ... بۇجۇكۇڭ ئوچۇق قاپتۇ، ئىشتىنىڭ قېنى؟ — نۇرئەلى كەتمەننى قويۇپ بالىنى قۇچىقىغا ئالدى. يۈز ـ كۆزىنى سىلاپ ـ سىيپاپ توپىسىنى قېقىشتۇردى، — چوڭ ئاناڭ ئاش ئەتمىدىمۇ؟
— ئەتتى، قازانغا يوبدان سىققان، ماڭا ئاش ئۇسۇپ بېرىڭ دېسەم، داداڭ كەگەندە ئىچىمىز دەيدۇ.
— ئۇكاڭ قېنى؟
— بىلمەيمەن؟ بايا تېخى بار ئىدى ...
— بىلمەيمەن، ئۇ سەن بىللە ئويناىتتىغۇ؟! — تۆت ئەتراپقا، لايقىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە قاراپ نۇرئەلىنىڭ نەپىسى تېزلەشتى، يۈرىكى ئاغدى.
— ئانامنىڭ قېشىغا چىيمەن دەپ كەتكەن.
— سۇلايمان بوباڭنىڭ ئۆيىگىما؟

— ھىم.

— ۋاي ... ما شۇمنى، — نۇرئەلى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئىزىدا تۇرالماي قالدى، — ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرگەن بولسا، كەينىدە بولاتتى، ئاينا ... ئاناڭ دېگەن خوتۇن يا: «ما بالا بىزنىڭ ھويلىدا» دەپ بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدى... نۇرمەمەت ! ھاي نۇرمەمەت !

نۇرئەلىنىڭ ئاۋازى كۆجۈم مەھەللىنى بىر ئالدى. سوزۇپ توۋلاشلار دەل ـ دەرەخ ئاراچلىرىغا، ئۆگزىسىدىن شاخ ـ شۇمبىلار چۇۋۇلۇپ تۇرغان پاكار كۇمىلاچ تام ئاراچلىرىغا سىڭىپ كەتتى. نۇرئەلى ئۇنلۇك توۋلىغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى. پېشايۋان ئاستىدىكى ئوچاقتىن نان قومۇرۇۋاتقان مەرۋانىخان قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ غۇدۇرغىنىچە سورىدى:

— نېمانداق پوقىقىڭنى ئېسىپ سەت توۋلايسەن، بالام؟

— نۇرمەمەت يوق تۇرىدۇ، ئانا.

— باردۇ بىئژەدە. ۋايجان ... بوشراق پايپاسلا.

— ھىلاڭ شۇندا دەيدىكەنسىز ئانا، ھەي ... كىچىك بالا ئەمەسما. ئالىمادىس ئۆستەڭنىڭ بويىغا بېرىپ قېلىپ، غول سۇغا پىلتىڭگىدە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتسە، قانداق قىلىمەن؟

— بوشراق غەم قىلە، ۋايجان ئەمدى، ئا خەق چوغۇندەكتەك ئۈچ بالىنى تاشلاپ بېرىپ، قىزىنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، غەم تارتماي بىر ئۇبدان ئىشىنى قىلىپ يۈرسە، بىزگە نېمە غەم قىلىش !

— ئۇ خەق ئۇنداق قىلغان بىلەن، «ئاناڭ قېشىغا بار، داداڭ قېشىغا بار» دەپ كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بالىنى تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئانا ...

— ئەتىدىن ـ كەچكىچە بالام ـ بالام دەپ، شۇ خوتۇنغا تارتىشىپ يۈر ئەمىسە، باشقا خوتۇن ئېلىپ بەرسەمۇ تۇغۇپ بېرەتتى ئۇنداق بالا دېگەننى ...

ئانىسىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن تېخىمۇ كەيپى ئۇچقان نۇرئەلى توۋلىغىنىچە تالاغا يۈگۈردى:
— نۇرمەمەت ! نۇرمەمەت !
مەھەللىنى ئەنسىزلىك قاپلىدى.

* * *

چېلەكتىكى سۇنى كۆتۈرۈپ هويلىغا كىرىپ كەلگەن زورىگۈل دادىسىنىڭ قەھرلىك كۆزلىرىگە دۇچ كەلدى.
— يەنە ئاشۇ نۇرەكنىڭ شەپىسىنى تىڭشاپ، ئۆستەڭ بويىغا چىققانما؟
زورىگۈل دادىسىنىڭ ئالدىدىن يەرگە قارىغىنىچە ئۆتتى، چېلەكتىكى سۇنى كۈپكە قۇيدى. كۈپ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈجمىگە يۆلەپ قويۇلغان بولۇپ، سۇ سىڭىپ تۇرغان قورسىقىدىن شاللىقتىكى پاقا شورلۇقتەك يېشىل لەش ئۆرلەپ چىققانىدى.
— ئادەم بول جۇما، ئەر سارىڭى !
— مەن ... مەن سۇغا چىققان ... — زورىگۈل باچكىدەك ۋىسىلداپ ئۆزىنى ئاقلىدى.
— كۆردۈم، نېمىگە چىققىنىڭنى، ھۇ، ئادەم بولمايدىغان ! ...

— ۋايجان ـ ۋايجان، نېمە تىللاۋېرىسىلە بۇ بالىنى؟ — باغ ئىشىكىدىن بىر قولتۇق ئوتۇن كۆتۈرۈپ هويلىغا كىرىپ كەلگەن زۇرنىساخان ئېرىگە تىل سالدى، — ئەتىدىن ـ كەچكىچە يا تالاغا چىققىلى قويمىساڭلا، يا تىللاپ ئارام بەرمىسەڭلا، قانداق قىلغىنىڭلا بۇ؟
— ئې ئۆگزىدە كەپتەر ئۇچۇرۇۋاتسام، نۇرەك دېگەن قارا مەدەك كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، بىر چاغدا دەرۋازا «غات» قىلىپ ئېچىلغاندەك قىلدى. ئۆگزىنىڭ لېۋىگە كېلىپ قارىسام، ئاللامۇ

سالىلا سوغا چىققان كىشى بولۇپ، ئاشۇ قارا كۆسەينىڭ ئالدىغا چىقىۋاپتۇ بۇ ھوش ـ كاللىسى يوق !
— ۋايجان ـ ۋايجان، خۇدانىڭ ھەققىدە بولسىمۇ تۇزۇك گەپ قىلىڭلا مۇشۇ بالىغا.
— ھېلى مەن ۋايجان قىچقارتىمەن، خوتۇن، سىلىنى ! — سۇلايمىناخۇننىڭ بىردىنلا تەلەتى بۇزۇلدى. ئۇي كۆزلىرى ئالغىيىپ خوتۇنى بىلەن قىزىنى پېتىقلىۋېتىدىغاندەك چەكچەيدى، — سەن خوتۇن ئاشۇنداق زۇۋانىڭ بېسىلماي كوتۇلداپ ما قىزىڭىزنى قانات ئاستىڭغا ئالغاچقا، مۇشۇنداق باشباشتاق ئۆگىنىپ قالغان نىمە بۇ !
— راست دەيسىلە، مۇشۇ ئۆيدىكى سىلىنىڭ دىتىڭلىغا ياقمىغان يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن پەيدا قىلغان. سىلىنىڭ نەزىرىڭلىدە جاھاندىكى ھەممە يامان ئىشنىڭ ئىگىسى مەن، دادىسى ! — زۇرنىساخاننىڭ ئاۋازى ئىنەكنىڭ مۆرىشىدەك ھويلىنى بىر ئالدى. توخۇلار قاقاقلىشىپ، كەپتەرلەر ئۇچۇپ كەتتى.
— ما ئۆلمەيدىغاننى قىزىغا ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلامدىكى، ما يۇرتتىكى خەلقىئالەم ئالدىدا يۈزۈمنى ئايامدىكى دېسەم، يەنە شۇ پوق يېگەن توخۇدەك كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ۋاتاقلاۋېرىدۇيا ! — سۇلايمىناخۇن قولىدىكى قوناق قاچىلانغان شالدىراق قاپاقنى خوتۇنىنىڭ بېشىغا ئاتتى. قاپاق زۇرنىساخاننىڭ باش ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە تېگىپ چېقىلدى. ئىچىدىكى سېرىق قوناقلار چېچىلىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن سۇلايمىناخۇننىڭ چېقىر كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولدى، ساپسېرىق يۈزىنىڭ قېنى قاچتى. كەپتەرلەرنى ئالداپ كۆكتىن پەسكە شۇڭغۇتىدىغان، ئازغىنىپ ئۆزىنىڭ كەپتەرلىرىگە ئارىلىشىپ قالغان كەلگۈندى كەپتەرلەرنى قىلتاققا چۈشۈرىدىغان خاسىيەتلىك قاپاقنىڭ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى:

— ئەستاغپۇرۇللا ...

— خوپ بولدى تازا ! — ئوتۇننى ئوچاق ئالدىغا تاشلاپ بېلىنى رۇسلىغان زۇرنىساخان قاپاققا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ تۇرغان ئېرىنىڭ يېغىرىغا تەگدى، — قىزىلمۇچنىڭكىدەك ئاچچىقنى باسالمىغاندىكىن، ئاشۇنداق بولىدۇ تازا !

زۇرنىساخان تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتەلمىگىنىگە پۇشايمان قىلىشقا ئۈلگۈرمەي، ئاللا - تۇۋا قىچقىرىپ كەتتى. ئاچچىقى ئىچىگە پاتماي تۇرغان سولايمىناخۇن خۇيى تۇتقان ئۇيدەك چاچراپلا كېلىپ، خوتۇنىنىڭ قورسىقىغا تېپىۋەتكەنىدى. زۇرنىساخان بوغۇلۇپ چىرقىرىغىنىچە پېشايۋاننىڭ دەھلىزىگە يىقىلدى. ئېرى ئۇنىڭ قورسىقىغا مىنىۋېلىپ پومىلاقلاپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. زۇرنىساخان ئېچىنىشلىق چىرقىراپ پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيدى...

— ۋاي دادا، ئانامنى ئۇرماڭ ! — زورىگۈل قورقۇپ تىترەپ تۇرسىمۇ، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دادىسىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى. سولايمىناخۇن ئۆزىگە يېقىنلاشقان قىزىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تارتىپ ئۇنى ئانىسىنىڭ ئۈستىگە نىقتىدى. بېغىشلىرى قايناپ چىققاندەك يوغان مۇشتى بىلەن ئۇنىڭمۇ باش - كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ھۇ ئادەم بولمايدىغانلار، ئۆزىنى بىلەلمىگەنلەر ... تويە، مانا !

زورىگۈلنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. غەزەپ بىلەن ئۇرۇلغان مۇشت - پەشۋالار ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەنىدى.

— ھۇ بېشىڭنى يېگۈر مۇناپىق، ئۆلمەيدىغان قاۋان ! ئا بالىنى ئۇرما ! — بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقان زۇرنىساخان ئۆزىنى قويۇپ ئاجىز قوللىرى بىلەن قىزىنىڭ باش - كۆزىنى توسۇۋېلىشقا تىرىشتى، — دادىسى تولا قول تەگكۈزگەن قىز

بالىنىڭ بەختى ئېچىلمايدۇ، مۇشۇنداق ئەردىن تەلىيى چىقماي تۇل ئولتۇرۇپ قالىدۇ!

— زۇۋانىڭغا مۇشت، سېنىڭچە قىز بالىنى بېشىنى باغلىمىغان غۇنچىنىدەك تالاغا قويۇپ بەرسە بەختىنى تاپىدۇ، شۇنداقمۇ؟ مەن ھەرقايسىڭنىڭ پاچىقىنى چېقىۋېتىپ، يات ئادەم بار يەرگە سوكۇلدىغاننىڭ، يۈزۈمنى چۈشۈرگەننىڭ سازايىنى قىلىمەن. مانا ئەمىسە — ھە، ئەي! ئەي!

— ۋايجان، ۋايجان! ئادەم ئۆلدى!

قوشنا ئۆگزىدىن ئاغزىنى تۇتۇۋالغان، تاماشا كۆرۈپ خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي قالغان چىرايلار كۆرۈندى. بۇ ئىسلىماخۇن بىلەن مىرۋانىخانىڭ چىرايى ئىدى. مەھەللە تىمتاسلىقتا چۆمۈپ، زۇرنىساخاننىڭ بوغۇلۇشلىرىغا، زورىگۈلنىڭ ئاچچىق چىرقىراشلىرىغا قۇلاق سالدى. ئەمما، ھېچكىمنىڭ بۇ ھويلىغا كىرىپ كۆزلىرىگە قان تولغان سۇلايمىناخۇننى پەيلىدىن ياندۇرۇشقا، زۇرنىساخان بىلەن ئۇنىڭ قىزىدىن ھالىڭىز نېچۇن دەپ سوراشقا رايى يوق ئىدى. سۇلايمىناخۇنلارنىڭ قۇدىسى — ئۆگزىسىدە تاماشا كۆرۈۋاتقان ئىسلىماخۇنلار تېخىمۇ ئۇنداق قىلمايتتى. ھويلا - ئۆيۋاقلار زىچ ئورۇنلاشقان بەگلىك ۋەھىمىدىن تىنالماي قالدى. سۇلايمىناخۇننىڭ قىزىلمۇچىنىڭكىدەك ئاچچىق كۆجۈم يۇرتنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇردى. كۆز چاناقلىرىنى قىزارتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقى مانا مۇشۇنداق قىزىلمۇچىنىڭكىدەك ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ تۇراتتى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ قېلىشتىن، پايدا - زىيانغا تاقىشىدىغان ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئۇدۇللىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق ھۆركىرەشلەر، ئالالا - توۋا قىچقىرىشلار، پۈتۈن يۇرتنى بىر ئالىدىغان ئىت - مۇشۇك جېدىلى چىققاندا ئۆگزىلەردىن، دەرۋازا يوچۇقلىرىدىن مارىشىپ تۇرغانلارنىڭ بۇ ھويلىغا كىرىپ: «سۇلايمىناخۇن ئادىشەي، نېمىگە خاپا بولۇپ قالدىڭلا؟ ئۆتۈڭلا

ماياقـقا ! زورنىـساخان، سىـزمـۇ زوۋانىڭـزنـى يىغىـلىڭ ...» دەپ نەۋرىلىرىنى قارىتىپ قويۇپ جەڭگى ـ جېدەلگە چۇشىـدىغان بـۇ سوقۇشقاقلارنى پەيلىدىـن ياندۇرمـىقى لازىم ئىـدى. ھالبـۇكـى، بەگلىك كىشىلىرى «ئەر ـ خوتۇنىڭ جېدىلى جېدەل ئەمەس» دەپ ئۇلارغا ئۇدۇل بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق چاغدا سۇلايمىناخۇن ئۆز ئىشىغا ئارىلاشقانلارغا خـۇددى ئۆزى بىـرەر كـاتتا ئىـش قىلىـۋەتكەندەك: « مـەن سـەنلـەرنـىڭ خوتـۇنلـىرى بىـلـەن ھەپىلەشمىـگەندىكىـن، ئىشـىڭنـى قـىلـىشـە، ساقلانـدىلار!» دەپ قىـزىلمۇچـتەك قىزىـرىدۇ. شۇڭا، كـىشىلـەر سۇلايمـىناخۇنـنـى «قىزىلمۇچ» دېيىشىدۇ.

زورىگۇلنىڭ چىرقىرىقى نۇرئەلىنـىڭ يۈرىكـىنى ئەزدى. ئـۇ قېيىنئـاتىسى سـۇلايمـىنـاخۇننـىڭ ئىشىـكىدە نېمە قىلىـشىنـى بىلەلمەي چۆرگۈلەيتتى.

سۇلايمىناخۇن بىلەن ئىسلىماخـۇن بەگلىـكتىكـى تاملىـرى، باغلىرى، يـەرلىرى تۇتـاش قوشنىـلاردىن. ئۇلار پەقـەت قوشنىـلا ئەمەس، يەنە ئۇرۇقلىرى قوشۇلۇپ نەۋرە كۆرۈشكەن قۇدىلاردىـن. ئۇلار بۇرۇندىنلا بىر ئىشىكتە چوڭ بولغان، جاھاننىڭ خۇشلۇقى بـىلەن خاپىـلىقلـىرىنى تـەڭ تارتىشـىپ كېلىـۋاتقان بـولسىمـۇ، تـېگىدىـن بىر ـ بىـرىنى ئانچە ياقتـۇرۇپ كەتمەيـتتى. بىـر ـ بـىرىنى تـىلىنـىڭ ئۇچىـدا ۋاي دېيىشـەتتى ـ يۇ، ئـەمما بىـر ـ بىرىگە ئالدىراپ دىلىنى بەرمەيتتى. سۇلايمىناخۇننىڭ ئېشىكـى ئۇنلۇكرەك ھاڭراپ قويسا، ئىسلىماخۇننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقـى كېلىپ قالاتتى. ئىسلىمخاننىڭ كالىـسى بەكـرەك مۆرەپ قويسـا، سۇلايمـىناخۇنـنـىڭ قاپىـقى تۈرۈلـۈپ قـالاتتى. سـۇلايـمىنـاخـۇن ئۆگزىسىـدە كەپتـەر ئۇچۇرۇۋاتقـانلىرىـدا غىلىدىـرلاپ تۈرىدىغـان چېقىر كۆزلىرى بىلەن ئىسلىماخۇننىڭ ئۆگزىسىگە ئوغرىلىقچە نەزەر سالاتتـى. ئۇلارنىڭ ئـۆگـزىسىـدە ئاپتاپقا سېلىـپ قويغـان گـۈلە، قاق، سايـىنىڭ تېـشىدەك يېيىـتىـپ قويۇلغـان ياڭاقلارغـا كۆزىنىڭ پـاختىسـىنى چـىقىرىپ قـارايتتى. شـۇنچىۋالا قـۇرۇق

مېۋىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز بېغىدىن چىقىدىغانلىقىغا ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ناۋادا، ئۇلار بىر يەرگە كېتىپ قېلىپ ئۆگزىسىدىكى ئاشۇ دەپىنە ـ دۇنيالار يامغۇر، ھۆل ـ يېشىندا قالغۇدەك بولسا، «خوپ بولدى، كىشىنىڭ ھەققى دېمەي يىغىۋالغاندىكىن ...» دېگەن گەپنى تېشىغا چىقىرىپ، خۇشلۇقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي قالاتتى. ئىسلىماخۇن سۇلايمىناخۇننىڭ ئۆگزىسىدىكى چىچقاق توخۇ، كەپتەرلەرگە ئۆلگۈدەك ئۆچ ئىدى. شۇ ئۆلگۈر ئۇچار قاناتلارنىڭ دەردىدە قازناقتىكى مىتە چۈشۈپ قالغان بۇغداي ـ قوناقلىرىنى ئارامخۇدا ئاپتاپقا سالالمايتتى. سۇلايمىنئاخۇننىڭ ئاشۇ تويمىغۇرلىرىنىڭ بىر چاغلاردىكىدەك پات ـ پات كېسەل تېگىپ ماڭغان ـ تۇرغان يېرىدە تىك موللاق چۈشۈشىنى — ھارام بولۇشىنى تىلەيتتى.

قايسى يىلى يازدا ئىسلىماخۇن ئۆيىنىڭ كەينىدىكى باغنىڭ چۆرىسىگە سوقما تام قوپۇرغاندىن كېيىن بۇنىڭغا سۇلايمىناخۇننىڭ ئىچى ئېچىشىپ، ئۆزىنىڭ باغلىق يېرى تەرىپىدىكى لاي ئازگىلىغا سۇ قويۇپ بەرگەنمۇ قانداق، ئىسلىماخۇننىڭ ئاتايىن تامچى ئەكىلىپ، ئوغۇللىرى بىلەن بىر ياز ئۆمىلەپ يۇرۇپ ئاران قوپۇرغان بەش قۇر باغ تېمىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. سۇلايمىناخۇن خامىنىنى تېپىپ بۆلە ياساپ، ئۇھ، دېگەن ئاخشىمى ئىسلىماخۇن كېۋىزىگە قايغان سۇنىڭ باغلىقىنى ئېچىۋەتكەنمۇ قانداق، سۇلايمىناخۇننىڭ بىر يىللىق ئەجرى بىر كېچىدىلا لاي ـ لاتقا ئاستىدا قالغانىدى.

«قېرىشقاننىڭ قىزىنى ئال» دېگەندەك، سۇلايمىناخۇن بىلەن ئىسلىماخۇن ساقىلىغا دەسسەپ بىر ـ بىرىنىڭ پېيىدە يۇرگەن كۈنلەردە بىر ئىشىكتە تەڭ چوڭ بولغان نۇرئەلى بىلەن زورىگۈل بىر ـ بىرىگە ئىچ پەش تارتىشىپ قالدى. ئىككىسىنىڭ كۆڭۈل رايى ئەل ـ يۇرتنىڭ كۆزىگە — سورۇنغا چىققاندىن كېيىن

سۇلايمىناخۇن قىزىنى، ئىسلىماخۇن ئوغلىنى ئىچكىرى ئۆيگە سولاپ نەسىھەت قىلدى. ئەمما، سۇلايمىناخۇننىڭ قىزىغا دېگەن «ساڭا ئاشۇ نۇرەك مەدەكتىن باشقا ئەر چىقمىدىمۇ؟» ئىسلىماخۇننىڭ ئوغلىغا دېگەن «ساڭا ئاشۇ زورەك توڭكايدىن باشقا خوتۇن چىقمىدىمۇ؟» دېگەندەك قاتتىق گەپلىرى بۇ قۇلاقتىن كىرىپ، ئۇ قۇلاقتىن چىقىپ كەتتى.

ئىسلىماخۇن بىلەن سۇلايمىناخۇننىڭ دېگەن يېرىگە كەلمىگەننىڭ ئۈستىگە نۇرئەلى بىلەن زورىگۈلنىڭ رىزىق - نىكاھى قېتىلىپ قالغانمۇ قانداق، «بارمايمەن دېگەن توگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەندەك، ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن قۇدىلىشىپ قالدى ھەم قۇدىلىقنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ تۇز - تامىقىنى يېيىشىپ، ئەتىگەندە مەسچىتتىن يانغانلىرىدا، ئېتىز - كويلاردا دوقۇرۇشۇپ قالغانلىرىدا يالغاندىن بولسىمۇ ھال - ئەھۋال سورىشىپ ئارىسى ئىسسىپ قالغانمۇ بولدى. لېكىن...

## 3. تېرەكلىك يول

يول بويىدىكى تېرەكلەر سەلكىن شامالدا بوش ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. يولدىكى تېرەك سايىسىمۇ گويا جان كىرىپ قالغاندەك تۇرۇپ - تۇرۇپ سىلكىنىپ كېتەتتى. قېمىزخان يول يۈزىدىكى پوركاپ توپىغا مىلەنگەن ئاشۇ تېرەك سايىسىغا قىزىقسىنىپ قالغاندەك، يەردىن ئۈستۈن قارىماي كېتىۋاتاتتى.

جاھاننىڭ ئىشلىرى ئەجەبلا - ھە ! چوكان ئۆتكەن كۆز مۇشۇ يولدا سارغايغان تېرەك غازاڭلىرىدەك ئۈچۈپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە پەتتە ئالغىلى بارغانىدى. بۈگۈن يەنە مۇشۇ يولدا تېرەك بىلەن تەڭ ئىرغاڭلاپ تۇرغان تېرەك سايىسىدەك ئېرىگە ئەگىشىپ، ئېرىدىن سۆزىنى ئالغىلى ماڭدى. ھەئە، ئۇ ئەمدى ئەردىن چىقىدۇ. ئۇن سەككىزگە توشار - توشماي تۇل چوكان

دېگەن ئاتاقنى كۆتۈردۇ. ئاچچىقى يامان دادىسى ئىسلىماخۇن كاتىپنىڭ گېلىنى ياغلاپ يۇرۇپ ئاران ئالغان پەتتە بىكار بولىدۇ. نى چاغدىن بېرى ئۇ بۇ چىرايلىق قىزىل قەغەزنى تويلۇق بوغچىسىنىڭ قېتىغا سېلىپ، ئاۋايلاپ ساقلاپ كەلگەنىدى، ئىسىت...

چوكان قىپقىزىل پىلاتىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ كۆردى. پەتتە قەغىزى بار ئىدى. ئاشۇ ئوتقاشتەك قىزىل پارقىراق قەغەزنىڭ ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئاۋۇ ئېرى غوجاخۇننىڭ سۈرىتى بار ئىدى.

سەت خىڭخىڭ ... چوكان بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز ئالدىدا دۈمچىيىپ كېتىۋاتقان ئېرىگە قارىدى. ئۆزى كۆرۈمسىز، ئاۋازى خىڭىلداپ چىققان بىلەن سۈرەتكە چۈشكىلى ئېپى بار خىڭخىڭ ئىكەن بۇ ... چوكان يانچۇقىدىكى توي خېتىنى قولىغا ئېلىپ قېتىنى ئاچتى. سۈرەتتىكى ئۆزىگە ياندىشىپ تۇرغان ئېرىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئىنچىكە ياستىلغان سىم بۇرۇت، ئۇچلۇق قاڭشار، قارا ئۆرۈكتەك پارقىراپ تۇرغان بىر جۇپ كۆز، ئىككىلىك ئۆستۈرۈلگەن چاچ ... دوڭغاقلاپ كېتىۋاتقان ئاشۇ خىڭخىڭ مۇشۇ شۇمىدۇ؟ چوكان بېشىنى كۆتۈرۈپ، پات - پات بويۇنداپ كەينىگە قارىغىنىچە دادىسى ئىسلىماخۇننىڭ كەينىدىرەك كېتىۋاتقان ئېرىگە قارىدى. شۇ كۈنى سۈرەتخانىدىكى سالۋار چاچ قىز «توي خېتىگە سۈرەتكە چۈشمەكچى بولساڭلار، يالاڭباش چۈشكىنىڭلار ياخشى» دەپ غوجاخۇننىڭ يامغۇردا مونەكلىشىپ قالغان بادام دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ، قارىشىپ تۇرغان ئاياللارنىڭ كۆزىچىلا چېچىنى تاراپ، ئىسكەتىنى تۈزەپ قويغانىدى. سەت غوجەك ... ئادەم سەت ئەمەس، كىيىم سەت دەپ، سەللا قاش - كۆزىنى ياساپ قويسا، ئىسكەت كىرىپ قالىدىغان ئۇۋۋا تەگكۈر ئىكەن بۇ !...

چوكان ئەمدى ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشىگە سەپسالدى. پېشانىسىنى يېپىپ تۇرغان ماڭلاي، رەتلىك تاراپ جىگدە يېلىمى چاپقان

بولـۇق چاچ، قېشـىغا سـىڭىپ ئـىچكەن ئـوسـما... شۇ كـۈنـى ئەتـىگەندە ئۇنـىڭ ئانـىسى مـىرۋانـىخان چېچىنى تـاراپ يېلـىم چېپـىپ، مۇشۇنـداق ئوسما قـويۇپ قويغـانـىدى. شـۇغـىنـىسـى ئوسمـىسى دەمدەك يـوغان قويۇلـۇپ قاپتۇ، ئـۇنىڭ ئۇستـىدىكى كۆپكـۆك... ئـۇ ئەتـىسـى سۈرەتـنـى كـۆرگەنـدە، قـېشـىدىكـى ئوسمىسىغا قاراپ پېشانىسىغا شاپىلاقلاپ قالغانىدى.

— قېمىزخان، هاي قېمىزخان !

چوكان ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتـى. يـەتـتـىنـى ئـوپۇل - توپـۇل قـاتلاپ تۆش يـانـچۇقـىـغـا تـىقـتـى. قورسىقىنى تۇتقىنىچە سوكۇلداپ يۈگۈردى. ئۆزىدىن خېلى ئۆزاپ كەتكەن دادىسى ئىسلىماخۇن ئىزىدا توختاپ ئۇنىڭغا گـۆلـيـىپ قاراپ تۇراتتى.

— قېرى ئىنەكنىڭ قۇيرۇقىغا ئىلىنىشىپ قالغان يانتاقتەك سۆرەلمەي، ئىلدام - ئىلدام ماڭمامسەن !

— شۇنداق قىلاي ...

چوكان ئىسلىماخۇننىڭ كەنجى قىزى ئىدى. ئۇ يەرگە قوزۇق قاققاندەك توپىغا پېتىپ چوڭقۇر - چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ يۆتكىلىۋاتقان ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيىنى تېز - تېز يۆتكىدى. سوكۇلداپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا مىتكوت كېتىپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

— دىتى يوق ئۇۋا تەگكۈر خىڭخىڭ ! — قىپقىزىل يوپكىسى توپا كاپ ئېتىپ قوپقان چوكان پات - پات كەينىگە بويۇنداپ قارىغىنىچە كېتىۋاتقان ئېرىنىڭ كەينىدىن غۇدۇرىدى، — كۆڭلۈمنى ئىزدەپ ئاتايىن مۇشۇنداق ئەبجەق تـوپلەيـنـى ئېلـىپ بېرىپتىكەنمۇ دەيمەن. بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام، بۇ ئەسكى ئاياغنى پۇتۇمغا سايماي، سامانلىققا چۆرۈۋېتەر ئىكەنمەن ! — ئۇ توپىدا پىدىگەندەك پارقىراپ ياتقان توپلىيىنى ئوڭشاپ كىيىپ، چۇشۇپ قالغان پاشنىسىنى كۆتۈرۈپ دىڭگۇسلىغىنىچە ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشقا ئالدىرىدى.

## 4. زەيتۇنەم تەرگەيدۇ

— كۈن قوزىچۇش بولدى، سۆڭگىچى چىقىپ كەتكەن قوتازدەك يېتىۋەرمەي، قوپساڭچۇ ئورنۇڭدىن! — بەگلىكتىكى چوڭ ئۆستەڭنىڭ ئۇيان قېتىدىكى جىگدە بوردىماللىق ئارىسىدا مۆكچىيىپ تۇرغان هويلىدىن زەيتۇنەمنىڭ زىل، ئەمما تەئەددىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. تاملىرى پاكار هويلىدىكى چۇۋۇق چەللىنىڭ ئاستىدا گىژىلداپ تۇرغان بىزەك چىۋىنلاردىن ۋايساپ، ئەسكى يوتقاننىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ تۈگۈلۈپ ياتقان تۇرامەت خوتۇنىنىڭ گېپى خۇشياقمىغاندەك بوش قىمىرلاپ قويدى. ئېرىنىڭ قىلىقىغا جۇدۇنى تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان چوكان يەنە خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— خورەكنى راست تارتىۋاتامسەن، يالغانمۇ؟ مۇشۇنداق بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەپ يېتىپ ئىچىمنى سىقىپ، جېنىمنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايسەن! — چوكاننىڭ ئىككى قولى بېلىگە تىرەلگەن، قويۇق قاشلىرىنىڭ قۇيرۇقىدىن مەڭزىگىچە ئېقىپ چۈشكەن قارامتۇل يېشىل ئوسمىسى تېخى يۇيۇلمىغانىدى، — ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، تۇرامەت! ساڭا گەپ ئۆتمىگەن بىلەن، يۈز - كۆزۈڭگە قونۇۋالغان ئاۋۇ بىزەك چىۋىنلارمۇ ئاۋازىمدىن ئۈركۈپ كەتتى شۇ تاپتا...

يوتقان تۈيۈقسىز ئىرغىتىپ تاشلاندى. كالتە ئىشتان بىلەنلا ياتقان تۇرامەت تېقىمىنى ئىت چىۋىنى چاققان تۇپاقتەك چاچراپ ئورنىدىن قوپتى. سۇپىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزىگە ئاچچىق ئارىلاش دومسىيىپ تۇرغان خوتۇنىنىڭ كۆزىگە كىرىشتى:

— ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي، بېشىمغا كېلىپ نېمە ۋاتاقلاۋېرىسەن؟ ياكى يەيدىغان نېسىۋەڭ...

— هە، ئۇخلا، ئۇخلا، ئۇخلاۋەر! — ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن

بىرئاز قورقۇمسىراپ كەيىنگە داجىغان زەيتۇنەم بوشاشقان هالىدا تەئەددى قىلدى، — ساڭا شۇ ئۆيقۇدىن ئويدان نەرسە يوق جاهاندا!

— ئەمىسە كۈندۈزىمۇ ئىشەك ئىتىپ مىنەي دېگەنمىدىڭ! ۋاي خۇدا، ئاغىمىخانىنىڭ قويۇۋالغان ئوسمىسىنى كۆرەيمۇ ئەمدى... ئۇنچە قىلىپ ئۆزۈڭنى پەردازلاپ كەتمىسەڭمۇ، مەن سېنى خوتۇن قىلمۇۋېرىمەن!

— هوي، گېپى سەت بىغەرەز قاششاق! ئورنۇڭدىن قوپساڭ، ئىشەك ئېتىپ بوينۇڭغا مىنىۋالاي دېمىدىم. بۇ جاهاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، بىز نېمە قىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز، ئالدى - كەينىگە قاراپ باقامدىكىن دېگەن.

— مېنى قانداق قىل دېمەكچىدىڭ — تۇرامەت پەيلىدىن سەل بوشاپ قوي كۆزلىرىدىكى چاپىقىنى ئۇۋۇلىدى. ئىككىلىك كېلەي دەپ قالغان سېرىق پاخما چاچلىرىنى تاتىلاپ، بېشىنىڭ قىچىشىشىنى باسماقچى بولدى، — قاقپودا قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ۋارقىراۋەردىڭ.

— تەڭتۇشلىرىڭ نېمە كويدا يۈرىدۇ؟ ئى بەگلىكتىكى كالتە بازار — ئۆتەڭگە، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىغا چىقىپ، قاراپ باققىنا مۇنداق!

— ئۇ يەردە نېمە ئىش بوپتۇ؟

— قارا، سۇلايمان قىزىلمۇچ زورىگۇلنى ئېرىڭدىن مېهرىڭنى ئۈزەلمىدىڭ، دەپ ئۇرۇپ - دۇمبالاپ، قاش - قاپىقىنى كۆكەرتىۋېتىپتۇ. ئىسلام كۆك قىزى قېمىزخانىنىڭ خېتىنى ئالىمەن دەپ يېزىلىق هۆكۈمەتكە كاتىپنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ...

— ئاران شۇلىمۇ، باشقىلارچۇ؟

— باشقىلار ئېتىزلىقتىن بىكار بولۇپ، ئۆتەڭدە تىمىسقىلاپ بازار قىزىتقىلى تۇرۇپتۇ.

— قىزىتسا قىزىتسۇن، ئۆزىنىڭ ئىشى!

— توۋا خۇدايىم، توۋا! نېمانداق تەپسە تەۋرىمەس، ئۆلسە غەم يېمەس بىر ئەرگە تېگىپ قالغان بولغىيدىم... ئەينەكنى قولۇڭغا

ئېلىپ، بېشىڭغا بىر قاراپ باققىنا، ھەي بىغەم، چېچىڭ ئۆسۈپ، ئوغلاقباش بولۇپ كەتتىڭ، شۇمۇ باش چۈشۈرتكىلى كېتىدىغان بىر ـ ئىككى كوي پۇلغا ئىشىنالمىغانىڭ كاساپىتىغۇ!

— تولا كوتۇلدىماي، يوتقانغا كىرە، ماڭ! — تۇرامەت تۈيۈقسىز خوتۇنىغا ئېسىلدى — سەندە چوقۇم بىر گەپ بار، بولمىسا بۇنچە قىلىپ كېتەتتىڭمۇ! نېسۋەڭنى ئۇدۇل كەلگەن يەردە بەرسەم، ئاندىن مېنى ئاقچى ـ كۆكچى دېمەيسەن!

— ۋاي، ما ئىمانسىز قاشقاشقىنى، ئەمدى ھۇرۇنلۇقتىن ئۆتۈپ ساراڭ بوپتۇمۇ، نېمە! — زەيتۇنەم تېپىرلاپ ـ تىرمىشىپ ئېرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاران تەستە قۇتۇلۇپ چىقتى. ئالدى ـ كەينىگە قارىماي تالاغا يۈگۈردى.

— كۆرۈك توخۇدەك تۈكى تەتۈر يېنىپ قاچقىنىنى ماڭ! نېمىدەپ قويغان ئەمىسە ئۇ ئوسمىنى؟ ... — يېرىم يالىڭاچ پېتى خوتۇنىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ شاخ ـ شۇمبىدا توقۇۋالغان قوشام دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقالمىغان تۇرامەت خوتۇنىنىڭ يۈگۈرۈشىگە قارىغىنىچە ھويلىدا يالغۇز قالدى.

تۇرامەت كەينىگە يېنىپ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ تۈگىگەن كۆڭلىكىنى، قارا غىش گۆللۈك شاپاق دوپپىسىنى تېپىپ كىيىۋالدى. باش ـ كۆزىگە توختاۋسىز قونۇپ تىنىدۇرمىغان قاشاڭ چىۋىنلار بىلەن ئۇرۇشقاچ، «بۇ خوتۇندا چوقۇم بىر گەپ بار، بولمىسا نېمىشقا كۈندە بېشىمنى ئاغرىتىپ خاپا قىلىدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

زەيتۇنەم ھويلىغا يېنىپ كىردى. پەيلىدىن يانغان ئېرى سۇپىدا ئولتۇراتتى. تۇرامەت تالادىن تاتلىق جىلمىيىپ كىرگەن خوتۇننى كۆرۈپ، «زادى نېمە دېمەكچى سەن؟» دېگەندەك سوئال يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆپكۆك ئوسما ئاستىدا ئويناپ تۇرغان كۆزلەرگە ئاغدۇردى. زەيتۇنەم ئوڭ مۈرىسىدىن سىيرىلىپ تۇرغان بىلەكتەك ئۆرۈمە چېچىنى كەينىگە تاشلاپ، ئېرىنىڭ يېنىغا

كېلىپ ئولتۇردى. بىرھازادىن كېيىن پەس ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— ئۆي تۇتۇپ نەچچە يىلنى مۇشۇنداق غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. ھازىرغىچە خۇدايىمنىڭ بەرگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، لېكىن قارىسام يۇرت ئىچىدە ياخشى كۈنلەرگە ئۇلاشقانلارمۇ يوق ئەمەس ئىكەن. سامۇق موللامنىڭ ئوغلى سىيىتچوڭمۇ يۇرت ئىچىدە ماڭغىنىنى تارتقىنىچە يېگەننىڭ ئاغزىغا، چىچقاننىڭ قوشقا قاراپ تىمىسقىلاپ يۈرەتتى، مانا ئەمدى ئۇلاغ ئېلىپ - سېتىپ بېدىكلىك يولىغا كىرىۋاپتۇ. تاشاخۇن تۇزچىلىق قىلىۋاتقاننىڭ بۇ تەرىپىدە مەسۇدىخان دېگەن شىداق قولى ئاچچە - مۇنچە پۇل كۆرۈپ، دارازا تارتىپ قاپتۇ. سۇلايمان قىزىلمۇچىنىڭ ئوغلى سەمەت دورغا بوساقىنىڭ باشقۇرۇشلىرىغا بويۇن بەرمەي ياغاچ ئېلىپ - سېتىپ، پاختىچىلىق قىلىپ خېلى ھاللىنىپ قالدى. قېمىزخاننىڭ ئېرى غوجى خىڭخىڭمۇ قېمىزخاننى ئۆيگە ئەكېلىۋالسام، ئۇنىڭ بىلەن ھە - ھۇ قىلىپ ئۆتەڭدە تۇز - چاي دۇكىنى ئاچىمەن دېگۈدەك ... دېمىسىمۇ ئىلگىرى تىجارەتكە كىرىشكەنلەر ئەتىگەندە مەسچىت جامائىتى تارقاپ بولغۇچە دۇكىنىنى ئېچىپ، ئىچى - تېشىنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، ماللىرىنى رەتلەپ تەييار قىلىدىكەن. ئۆيگە يانغانلاردىن بىر - ئىككىسى بىرەر - يېرىم بولاق چاي، تۇز سېتىۋېلىپ ئەتىگەندە دەسلەپ قىلىشىدىكەن. يەنە...

— ھە، يەنە قانداق قىلىدىكەن؟! — تۇرامەت خوتۇنىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ ھۆركىرەپ قوپتى، — ئۇ غوجى خىڭخىڭ دۇكان ئاچقۇچە ئىسلام كۆك قېمىزخاننىڭ خېتىنى ئالغىلىۋاتسا ... قايسى ھالىغا...

— ھوي ! بىر چىرايلىق گەپ قىلىۋاتسام، نېمانداق چاقپەلىكى بۇزۇلغان تۇگمەندەك چەپپە چۆرگۈلەپ قوپىسىز، سىز ئوڭمۇ ياكى تەتۈرمۇ؟ — زەيتۇنەم ئېرىنى بوگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى.

— مەن تەتۈر، قانداق قىلاتتىڭ؟! — دېدى تۈرامەت خوتۈننى ھېلىلا ئۈرۈپ قوپالماس قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا مۆشتىنى تۈگۈپ، — سېنىڭ خىيالىڭ مېنى ئۆيدىن نېرى قىلىشقۇ، تايىنلىق !

زەيتۈنەم چايان چاققاندەك تولغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، لېكىن ئېرىنىڭ ئۈجمە چوقاتمىقىدەك تۈرۈلگەن مۆشتىغا كۆزى چۈشۈپ، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. رايىش، يېقىملىق قارا كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ، ئېرىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىگە قارىدى:

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، تۈرامەتاخۇن؟

— ماڭا ھېيلە ئىشلەتمە جۇما، خوتۇن ! — تۈرامەت سۇ كۆرمىگىلى نەچچە كۈن بولغانلىقتىن توگرۇق بېسىپ قارىداپ كەتكەن قولىنى خوتۇنىنىڭ كۆزىگە چېنىدى، — ھېلىمۇ چىداپ كېلىۋاتىمەن، ئاستىرتىن قارىسام ئۆزۈڭنى پات - پات شامالغا سالىدىغان بولۇپ قالدىڭ. بىركىم ساڭا قوي بېقىش ئالۋىنى سالغاندەك ئۆزۈڭچە ئاناڭنىڭ ئۆيىدىن قوي ئەكېلىپ، قوينىڭ قورسىقىنىڭ باھانىسىدە ئۇ يەر - بۇ يەردە يورغىلايدىغان بولۇۋالدىڭ. بۇنىڭغا گەپ قىلمىسام، ئەمدى مېنى ئۆتەڭگە چىقارتىۋېتىپ، ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆيدە نېمە ئىش قىلماقچىدىڭ؟ ئېيتە قېنى ! — تۈرامەتنىڭ قوي كۆزلىرى غەزەپ، ئاچچىقتىن ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى.

ئېرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغان زەيتۈنەم كۆكتاتلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويغان قارانچۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ كەتتى. ھالال رىزىق - نىكاھى قېتىلىپ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن پېشىنى تۇتۇپ كەلگەن، يۆلەنگەن بىر ئەركەكنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. تىلى كالۋالىشىپ، لايىقىدا بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ ئاغزى بارمىدى.

— ماتاڭ چىشلىۋالغاندەك زۇۋانىڭ چىقمايدىغۇ ! چىڭ

يېرىدىن چۈشۈپ قالدىمۇيا؟ — زەيتۇنەمنىڭ لەۋ چىشلەپ جىمىدە تۇرغىنىغا قاراپ، خوتۇنۇمنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋالدىم دەپ ئويلىغان تۇرامەت بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشىۋالدى. خورلۇق، ئەلەم دەستىدىن توختىماي ياش قۇيۇلۇۋاتقان ئوسما يۇقى كىرپىكلەر ئارىسىغا بىگىز بارمىقىنى تېخىمۇ قاتتىق چېنەپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماقچى بولدى. لېكىن، زەيتۇنەمنىڭ كۆزلىرىدىن، ئاغزىدىن يىغىدىن باشقا نەرسە چىقمىدى. خوتۇنىنىڭ ھالىغا قاراپ تۇرامەت تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى، — مەن ساڭا دەپ قويااي، ھازىر ماۋۇ يۇرت بۇزۇلۇپ كەتتى، قۇرۇۋانخان بىلەن بۇساق چوماقنىڭ بۇزۇقچىلىقى ئاشكارا بولۇپ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي تۇرۇپ، زۇمرىخاننىڭ قىزى زەينەپ ئۆستەڭ بويىدا بىرسى بىلەن ئۆدەپ قېلىپ، تولۇق غورىغا سېزىك بولغانىمىش ... قۇپەكنىڭ خوتۇنى مەينىسا كۈندە قوناقلىقتا چىقىۋېلىپ، سەمەت دورغىنى خىيال قىلارىمىش. يەنە تېخى چىرايلىق ئالىمخان سەيداق دوقىدىن بۇ دۇنيا - ئۇ دۇنيا بىزارىمىش. سەنمۇ ئەتە تۇرۇپ ئۆگۈنلۈككە بۇزۇلغىلى تۇرما يەنە !

تۇرامەت كۈن چۈش بولغۇچە يىغلاۋاتقان خوتۇنىنىڭ بېشىدا دېۋەيلەپ تۇردى. خوتۇنىنىڭ قانائەتسىزلىكىدىن، ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئەرلىرىگە كۆز سېلىپ يۈرگەنلىكىدىن ئىختىيارسىز پەيدا بولغان گۇمانىي رەشك ئوتىدا ئۆزىچە پۇچىلاندى. پىغانى ئۆرلىدى، غەزەپكە كەلدى. شۇ تاپتا خوتۇنى مىشىلداپ يىغلىماي، سەللا ئۆرلىك قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنى باش - كۆزى يوق ئۇرۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. خوتۇنىدىن باشقا سادا چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن تۇرامەت ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ھۇرۇن قەدەملەر بىلەن ئۆتەڭگە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئەتىدىن - كەچكىچە ۋىتىلداپ زوۋانى بېسىلمايدىغان، مەھەللىدە يورغىلاپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىغان، بىكار قالسىلا دەمدەك ئوسما قويۇپ، قاش - كۆزىنى

ئوينتىپ ئولتۇرىدىغان خوتۇنـنى مۇشۇنـداق ئەدەپلەپ تـۇرۇش، كىزى كەلسە «قونجىلىرىنى ئاموت ئالغان خورجۇن»دەك قىلىپ، «پـايخىنـىنى چىقىپ» ياتقۇزۇپ قويۇش بىر خوتۇنـنىڭ ئىـرى بولغان ئەركەكنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئىدى. مۇشۇنـداق بولغاندا، ئەر دېگەن ئەردەك، خوتـۇن دېگەن خوتـۇندەك بولاتتـى. تۇرامەتنىڭمۇ مۇشۇ ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكـەن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئالدىدا ئەركەكنىڭكىدەك يۈزى بولاتتى.

«يەنە تېخى بۇ خوتۇن هازىرغىچە قورساق كۆتۈرمەي، ئەللـە ـ مەھەللىنىڭ ئالدىدا ئەركەكلىكىمنىڭ يـۈزىنىمـۇ قويمىـدى ...» دەپ ئويلىدى كېتىۋاتقان تۇرامەت.

## 5. زەينەپ كاككۇك

ـــ كاككۇك، كاككۇك، كاككۇك !

زەينەپنىڭ كاككۇكنى چىللىشىدا مۇڭمۇ، پىغانمۇ بار ئىدى.

زەينەپ غەمكىن كۆزلىرىنى ئۆرۈكلۈك بـاغقا تىـكتى. قويـۇق يوپۇرماقـلار ئارىسىـدا ھېچنـېمە كـۆرۈنـمەيتـتـى. پەقەت ئـاشـۇ تىنىمسىز سايراشلا كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزەتتى. زەينەپ يەنە خىيال قىلدى: « كاككۇك قـايتىپ كـەلگەن بولـسا، قاۋۇلـمـۇ كېلەتتىمىكىن؟ ! ئۇ شۇنداق دېگەن، سەممىي كۆزلىـرىنى ماڭـا تىكىپ تۇرۇپ، سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن ۋەدە بەرگەن».

زەينەپ كاككۇكنى تىنىمسىز چىللايتتى.

زەينەپنىڭ دۇپدۇگىلەك قارا كۆزلىرى ھەسرەتكە تولغانىـدى. ئۇ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ بىر پارچە سۇنۇق ئەينەكنى ئالـدى. ئەيـنەككە قـاراپ چېھرىـگە سەپسـالدى. ئۇنـىـڭ ئاق ئۆرۈكـتـەك سۇپـسۇزۇك يۈزىگـە داغ چۈشكەن، قـاش ـ كىرپىـكى تۆكۈلـۈپ، چىرايى سەتلىشىپ قالغانىدى. زەينـەپنىڭ كـۆزلىرىدىـن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. قاۋۇل كەلمەي قالـسا، مەن قانـداق قىلىمەن، ئانامغا نېمە دەيمەن ...

زەينەپنى تۈيۈقسىز ھۆ تۈتتى. ئۇ ھۆ قىلىنىۋېتىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، باغ تېمىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان باراقسان ئۆرۈك شېخىغا ئېسىلدى. ئۇ غورىغا سېزىك بولۇپ قالغانىدى.

باغ ئىچىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلاندى، قۇشلار ئۇركۈپ ھەريان ئۇچۇشتى. كەپسىز باللار ئەمدى باغ ئىچىگە كىرىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ جۇۋاينىمەكلەر پەيدا بولسىلا، زەينەپكە ئارامچىلىق يوق. ئۇلارنىڭ بۇ بىچارىنى ئورىۋېلىپ: « كاككۇك، كاككۇك » دەپ توۋلىغىنى توۋلىغان، زەينەپ ئۇلاردىن قۇتۇلالماي قاچقان. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ شۇمتەكلەر بۈگۈن باغنىڭ ئىچىدە بولغاچقا زەينەپنى كۆرمەيدۇ، خاپا قىلالمايدۇ. زەينەپ قاماپ كەتكەن چىشلىرى بىلەن غورا غاجىلىغاچ، باغ سۇڭگۇچىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى ... ئانام بىلىپ قالسا چېچىمدىن تالاپ ئۆرۈككە ئاسىدۇ. مېنى نومۇسقا ئۆلتۈرگۈچە تاينىلىق ئۆزۈڭ ئۆل، دەپ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ۋا ... قاۋۇل كەلسە بولاتتى، ماڭا ئىگە بولسا، ماڭا ھېچنېمە ئېلىپ بەرمىسىمۇ، ئانامنىڭ ئالدىدا نىكاھ ئوقۇتۇپ رەسمىي قائىدە بويىچە ئېلىپ كەتسە ھەممە ئىش ئۆز ئىزىغا چۈشەتتى. ۋا ... قاۋۇل، قاۋۇل قاچانمۇ كېلەرسەن؟

زەينەپنىڭ قاۋۇلنى چاقىرىشلىرى بەئەينى «كاككۇك، كاككۇك» دېگەندەك ئاڭلىناتتى. بىچارە زەينەپنىڭ تىلى يوق، سۆزلىيەلمەيتتى. ئۇ شۇنداق يارىتىلىپ قالغانىدى.

باللارنىڭ چۇرقىراشلىرى باغنى بىر ئالدى. ئۇلار بۈگۈن مەكتەپكە بارمىدىمىكىنە؟ مۇشۇ باللار مەھەللىگە يىغىلىپ قالسا، زەينەپكە ئارامچىلىق يوق. ئۇلار بۇ قىزغا ئازراقمۇ ھېسداشلىق قىلمايدۇ. ھەممىسى بىر بولۇپ زەينەپكە ئولىشىۋېلىپ، ئۇنى ئانىي تاپىدۇ...

باغدا باللارنىڭ پاتىپاراقچىلىقى ئەۋجگە چىقتى. ھەسرەت بىلەن سايراۋاتقان زەينەپ ئۇركۈپ، سايراشتىن توختىدى. بۇ كەپسىز باللار باغ ئىچىدە نېمىنىدۇر قوغلاپ پاتىپاراقچىلىق

چىقىرىپ، زەينەپنى ئۈركۈتىۋەتكەنىدى.

زەينەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇدۇلدىكى سۆگۈچتىن ئاۋۋال بىر ئالا قانجۇق، ئۇنىڭ كەينىدىن تاياق ـ توقماق، چالما ـ كېسەك كۆتۈرۈشۈۋالغان بالىلار چۇۋۇلۇپ چىقىشتى. قورقۇپ كەتكەن زەينەپ باغدىن ئېتىزلىققا تۇتىشىدىغان چىغىر يول بىلەن بەدەر قاچتى. بالىلار ئىتنى تاشلاپ زەينەپنىڭ كەينىدىن چاپتى.

— كاككۇك، كاككۇك، كاككۇك!

بالىلار زەينەپنى كۆرگەندە مۇشۇنداق «كاككۇك» دەپ تۇۋلىشاتتى. زەينەپ سۆزلىيەلمىگەچكە، گەپ قىلغاندا مۇشۇنداق «كا ... كا ... كۇ ... كۇ ...» قىلىپ ئېڭىشىپ ـ كېكەچلەپ كېتەتتى. بالىلار «كاككۇك» دەپ تۇۋلىسا زەينەپنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كېلەتتىكى، چىشلىرى كىرىشىپ، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولاتتى. بەزىدە ئاچچىقى پۇت ـ قولىغا يىغىلىپ بالىلارنى قوغلاپ، باش ـ كۆزلىرىگە توپا سورۇپ، چالما ـ كېسەك ئېتىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەتتى.

بۈگۈن زەينەپنىڭ ھېچبىر ماغدۇرى يوق، رەڭگى ئۆڭگەن قىزىل تاۋار كۆڭلەك ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان پۇتلىرىنى ئاران ـ ئاران سۆرىگىنىچە قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ھەئە، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنىڭ ماغدۇرى يوق، ئەتىگەندىن بېرى پەقەت تولۇق غورا يەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. كۆڭلى تاماق تارتمايتتى، ئۆيىگە بېرىپ تۇراتتى. بەزىلىرى يالاڭ ئاياغ، بەزىلىرى ئىشتانسىز، بەزىلىرى كۆڭلەكسىز چېپىشىپ يۈرگەن بۇ بالىلار تېخىچە ئۇنى قوغلاپ چالما ـ كېسەك ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. ھالسىزلىنىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ قالغان زەينەپ باشاقلىرى ئالا بۆرەك بولغان بۇغدايلىق ئارىسىدىكى چىغىر يولدا نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ پالاققىدە يىقىلدى.

— ئوھوي! ... — بالىلار تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ، ماغدۇرسىز ياتقان زەينەپنى ئارىغا ئېلىۋالدى. بىرلىرى ئۇنىڭ

كۆڭلىكىنى تارتقۇچلاپ ئۆرۈپ، ئاپپاق قورسىقىنى ئېچىپ قوياتتى. بىرلىرى ياغلىقىنى تارتىپ يېشىۋېتەتتى. بىرلىرى چۈۋۈلغان چاچلىرىغا قول سوزاتتى. بىرلىرى قولىدىكى تاياقنى تاپىنىغا تەگكۈزۈپ قىچىقىنى كەلتۈرەتتى. زەينەپ بولسا ئۆلاردىن قۇتۇلۇش، تىنچ - ئارامخۇدا بىر ھالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىپىرلايتتى.

— ھوي دادىسى بىزار، ئانىسى بىزار يېتىم ئوغلاقلار! — باللارنىڭ قۇلاق تۇۋىدە تۇيۇقسىز بىر ئايالنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ زەينەپنىڭ ئانىسى زۇمرىخان ئىدى، — ئاناڭنىڭ نېمە ھەققى بار شۇنچە قىلغۇدەك - ھە، قىزىم يەيدىغان نېنىڭنى تارتىۋالدىمۇيا؟ ۋايجان، ۋايجان! ۋاي بوينى قاتلىشىپ ئۆلگۈرلەر، بىردەم ئارامىدا قويساڭچۇ - ھە، ناۋادا خۇدايىم سەنلەرنىمۇ شۇنداق يارىتىپ قويغان بولسا قانداق قىلىشاتتىڭ؟! بۇ بالىنىڭ يا تىلى بولمىسا، يا بىركىمگە پاشىچىلىكمۇ ئازار بېرىشنى بىلمىسە!

باللار ئۈركۈگەن قۇشقاچتەك پىتىراپ، كۆزدىن غايىب بولدى. زۇمرىخان قولتۇقىدىكى بىر قۇچاق چۈجگۈن بىلەن ئەمەننى تاشلاپ، ئېڭىشىپ زەينەپنى يۆلىدى:

— قوپە، قىزىم، قوپە. ئۇ شۇمتەكلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قاچقۇچە، قاتتىق داڭگال بىلەن چوققىسىغا سالساڭ بولمامدۇ؟ — زۇمرىخان زەينەپنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يۈز - كۆزلىرىدىكى توپا، لاي يۇقۇندىلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇستىباشلىرىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىشتۇردى، — بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قوغلاپ كەلسە - ھە، قولۇڭغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ ئۆلىدىغان يېرىگە قويغىنا، تازا!

ھەسرەتلىك كۆزلىرى ئانىسىغا تىكىلگەن زەينەپ مىسكىن ھالدا بېشىنى چايقىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنىنى رەت قىلغانىدى.

— بېشىڭنى يەيدىغان ئىنجىمارۇق! — زۇمرىخان بىردىنلا

تەرنى بۇزۇپ زەينەپنى سىلكىشلىدى، — دېگىنىمدەك قىلماي، ئىشتانبېغىڭغا كەلمەيدىغان شۇملارنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ قاچساڭ، مۇشۇنداق ھالغا قالىسەن، بوزەك بولىسەن، شۇ !

زەينەپ يەنە بېشىنى چايقىدى.

— نان گادىيى گاچا، يىگىرمە ياشتىن ئاشتىڭ، يەنە قاچانغىچە خەقكە بوزەك بولۇپ يۈرىسەن؟ !

— ھۆ - ھۆ ... — زەينەپنى ھۆ قىستىدى. ئاغزىنى تۇتقىنىچە بۇغدايلىققا ئالدىنى قىلىپ قەي قىلىشقا باشلىدى.

— ۋاي ئانام، ۋاي ئانام ! نېمە بالايى ئەزىم كەلدى ساڭا؟ — زۇمرىخان زەينەپنىڭ يېنىغا زوڭزايدى، پېشانىسىنى تۇتۇپ، كۆزىگە قارىدى، — سېزىكى بار ئايالدەك ھۆ قىلىۋاتىسەن يا، قورسىقىڭدا يوقتۇ؟

## 6. يول سارىخانغا

ئاپتاپ ئۆچتى. ئىزغىرىن شامال بۇغدايلىقتىن سۈرۈپ كەلگەن دىمىق ئىسسىق كىشىنىڭ نەپسىنى سىقاتتى.

كۈنيۈرۈش مەھەللىسىدىكى ساھۇق موللامىنىڭ دىمىقىغا سارغىيىشقا باشلىغان بۇغداي باشاقلىرىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. بۇ ئەسلىدىنلا تونۇش ھىد ئىدى. ئۇ قولىنى پېشانىسىغا سايىۋەن قىلىپ، پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدا ئۆينىڭ ئالدىدىكى بۇغدايلىققا نەزەر تاشلىدى. كۆز يېتىم يەرگىچە تۇتاشقان بۇغدايلىقتىكى ئالتۇن باشاقلار شەپەق نۇرىدا كۆز چاقاتتى. راست، ئەمدى بۇغدايغا ئورغاق سالىدىغان چاغ كېلىپ قالغانىدى ... «لېكىن بۇ بالىنىڭ بۇغداي ئورۇيدىغان ئورغىقى تۇگۇل، كۈندۈزى قارىسىنى كۆرسەتمەيدىغان شەپەرەڭدەك ئۆزىنىڭ دىدارىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى مۇشۇ كەمدە...» بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. يەڭگىل

قەدەملەر بىلەن يولغا چىقىپ يىراقلارغا زەن سېلىپ قارىدى. يولدا يات ئادەملەردىن ئۆزگە بىركىم كۆرۈنمەيتتى.

— ئوغلىمىزغا نېمە بولغاندۇ، مەزلۇم؟ — موللام ھويلىغا يېنىپ كىرىپ، پېشايۋاننىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىكى ئوچاق بېشىدا ئوت پۈۋلەپ ئولتۇرغان مومىيىغا قارىدى. موماي تۇتۇن دەردىدە ياشلانغان كۆزلىرىنى ئاق شايى روملىنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن سۈرتۈپ بوۋايغا يۈزلەندى:

— ئىنشائاللا، ھېچ ئىش بولماس ئىلاھىم. بارغان يېرىدىن يانىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

— توۋا، ئوغلىمىز بۇ ئۆينىڭ ئادىمىمۇ، ئەمەسمۇ؟ نەگە باردى، نەدىن كەلدى، ھېچنېمىسىنى بىلگىلى بولماس بولۇپ كەتتى يا ئەجەب؟! — ئاستا - ئاستا يېيىلىپ كېلىۋاتقان گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە موللامنىڭ تۇتۇلغان چىرايى ئاچچىقتىن قارىدىدى، قىرقىپ ياسىتىۋالغان كەكە ساقىلى بىلىنەرلىك تىترەپ كەتتى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەتىگەنلىك يوقلامدا بۇساقاخۇنمۇ سۈرۈشتىسىنى قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، خۇيى تۇتقان توپاقتەك تۇگۇلۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغانىنىڭياقى مەنمۇ ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان بولدۇم ئۇ بالىدىن. ئەجەبمۇ بىر ... قاچانلا قارىسا چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان، ئىش - ئەمگەكتە چاققان، كىشىنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدىغان بالا ئىدى ئۇ.

— نېمە بولغاندۇ؟ — موللام يۆتىلىپ قېقىلىپ كەتتى، — گېپىمۇ ئازلاپ ئادەمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپلا يۈرىدىغان، بىكار بولسىلا ئاشۇ شەنبەبازادىن ئەكەلگەن غۇنجىنىنىڭ ئوت - چۆپ يېيىشىگە، مۆرەشلىرىگە قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— راست دەيلا، موللام، — قۇشناچىم ياقىسىنى تۇتتى، — مەنمۇ ئۇ بالىنىڭ ئاشۇ كالىغا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئۇ ئاشۇ چىرايلىق، سۇدەك غۇنجىنىغا «سارىخان» دەپ

ئىسىم قويۇۋاپتۇ، توۋا، — موللام خەسە يەكتىكىنىڭ ياقىسىنى تۇتتى، — ئۇنىڭ غۇنچىنغا قاراپ غەزەل ئوقۇغىنىمۇ قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، «سارىخان ئوتۇڭ يامان، كۆيدۈرۈشۇڭ ئاندىن يامان ...» توۋا. غەزەل ئوقۇغۇچە ئايەت ئوقۇسىچۇ كاشكى، بۇ كەمىنىڭ ياش باللىرىنىڭ ئاغزىدىن غەزەل تۆكۈلىدۇ. كۇپپارلىق، بۇ كۇپپارلىق ...

— نىمە بولدىكىن بۇ بالىغا، — مەزلۇم ئاق تاۋار كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — يېمەك - ئىچمىكى ئازلاپ، ئىككى قوۋۇزى كۆرۈنۈپلا قالدى. ئۇيقۇسىمۇ جايىدا ئەمەس.

— شەنبەبازىرىنىڭ باخشىسى يامان دەپ ئاڭلىغۇدىم، ئىسسىقتۇ - سوۋۇقتۇ قىلىپ بېشىنى چۆرگۈلىتىۋالغان چېغى! — هاسىسىنى قويۇپ سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان موللام غۇۋا يېنىپ تۇرغان ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئالدىغا داستىخان سېلىۋاتقان موماينىڭ قورۇقلار ئارىسىدىكى نۇرسىز كۆزلىرىگە تىكىلدى، — بۇنداق كېتىۋەرسە، قاراپ تۇرۇپ كۆتەكتەك بىر ئوغۇل كاردىن چىقىپ كېتىدۇ... مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى چىنار يادىڭىلدىمۇ، سايىسى سەيناغا بىر كېلىدىغان هېلىقى چوڭ چىنارنى دەيمەن، ئۈستەڭنى يېڭىلاپ چاپقانىڭىياقى مەسچىت ئالدىدىكى ئېرىقىقا سۇ كەلمەي شۇ چىنارمۇ بىرنەچچە يىلدىلا قۇرۇپ كەتتى. تەشنالىق دېگەن ئاشۇنداق يامان نەرسە ...

— قانداقمۇ قىلارمىز ئەمدى؟ — موماي ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، — راستلا ئىسسىقتۇ قىلىپ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان بولسا، ئوغلۇمنى سارالڭ قىلىۋېتىدۇ ئۇ خەق!

— قورقماڭلار، خوتۇن، — موللامنىڭ ئاۋازى بىردىنلا ياش چاغلىرىدىكىدەك قەهرلىك چىقىپ كەتتى، — مېنىڭ پەيلىم بۇزۇلغان كۈنى هەممىنى تەتۈرسىگە ئوقۇپ، خەقنىڭ ئىسسىقتۇسىنى بىردەمدىلا سوۋۇتۇپ قويىمەن. قىلغانلىرى ئاخىر بېرىپ ئۆزىگە يانىدۇ!

— قانداق سوۋۇتىمىز؟ — موماي يىغىدىن توختاپ موللامنىڭ يېنىغا يۆكۈندى.

موللام داستىخاندىكى ئۆرۈك ياغچىدىن ئويۇلغان قىزغۇچ جامدىكى سۈيۈقئاشنى پۈۋلەپ ئىچكەچ مومىيىغا قىيا باقتى:

— ياش چاغلىرىمىزدا سىلى تونۇرغا ئوت سېلىپ نان ياقىدىغان چاغدا مېنىڭ تونۇرنىڭ هاۋىسىنى تەڭشەپ بېرىدىغان ئىشىم يادىڭلىدا باردۇ، مەزلۇم؟

— يادىمدا ...

— هە بەللى ! تونۇر دېگەننى ئاشۇنداق خالىغانچە هاۋىسىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان نېمە. ئاللا بۇيرۇسا، تونۇرنىڭ هاۋىسى ھېجەزىمىزگە ياقسا نېنىمىزنى ياقىمىز، ھېجەزىمىزگە ياقمىساۋاغۇ، بىر چاڭگال تۇزنى شاللاپ ئىچىگە بولۇشىچە بىر چاچىمىز، قىزىغان تونۇر شاپپىدە سوۋۇيدۇ. ئۇنداق تونۇرغا نان ياقسان بىلەن بەربىر تۇتمايدۇ، ها ـ ها ـ ها... — هەيىيارلىقى تۇتۇپ قالغان موللام قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئارقىدىن كۆلگىنىنى گۇناھ هېسابلاپ پىچىرلاپ توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتتى.

— نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرىدىغانلا؟ بۇ گەپنىڭ هېچنېمىسىنى ئۇقالمىدىم.

ساموۋق موللام يۆتەلدىن توختاپ، يۇمۇلغان كۆزلىرى ئاچتى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يول تاپقان يولۇچىدەك پۈكۈلگەن قەددىنى رۇسلىدى.

— ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ئاسانلىق بەرگۈچى بىر ئاللا ... ئاۋۋال ۋاقتى كەلسۇن.

— ...

## 7. قوناقلىق

قوناقلىق.

ياپسا پۆپۈك تارتقان قوناقلار ھەم ئېگىز، ھەم زىچ ئىدى.

بۇنداق قوناقلىق نى - نى ئېگىز بوي چوكانلارنىمۇ چۆكۈرۈۋالاتتى. ئانچىكىم قاراشقا قوناقلىق جىمجىتتەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ھامان جىمجىت ئەمەس ئىدى. بەس - بەستە پۆپۈك تارتقان كەڭرى قوناقلىق ھەرقىسما ھېس - تۇيغۇلارنى ئۆز قوينىغا يوشۇرغان بولاتتى.

ئېگىز بوي، زىلۋا بىر چوكان قوناقلىقتا يورغىلاپ يۈرۈپ، قوناقلارنىڭ پۆپۈكىنى يۇلۇۋاتاتتى. ئۇ سوزۇلۇپ، كۆچىنىپ تۇرۇپ ئۆزىدىن ئېگىز قوناقلارنىڭ پۆپۈكىنى يۇلغۇچە ھېرىپ ھالىدىن كەتتىمۇ ياكى كۆڭلىدە بىرەر ئىش بارمۇ قانداق، ئۆزىچە خورسىنىپ قالدى. پۆپۈك يۇلۇۋاتقان ئۇزۇن بارماقلىرى سولىشىپ قالغان يۆگىمەچ ئوتتەك بوشاپ، ئانىلىق قوناقلارنىڭ پۆپۈكىنى يۇلۇشتىن توختاپ قالدى. قولى ئىشتىن توختىغان چوكان خېلىدىن كېيىن يۇلۇپ بولغان بىر قۇچاق پۆپۈكنى تۇرغان يېرىگە تاشلاپ، ئاشۇ يۇمشاق پۆپۈكلەرنىڭ ئۈستىدىلا ئېزىلىپ ئولتۇردى ... قوناقلىق دىمىق ئىسسىق ئىدى، ھاسىراپ، قىزىرىپ تۇرغان بىرسى ئاچ بۆرىدەك قىزغا تاشلاندى. تەر تەپچىرەپ تۇرغان كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قىزنىڭ نازۇك، كۈچسىز بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتتى، بويىنىنى قايرىدى. قىز يەلكىلىرى كەڭ، كۈچلۈك بىرسىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى ... ئېزىلىپ ئولتۇرغان چوكان كۆز ئالدىدىن غىل - پال ئۆتۈپ قالغان ئاشۇ كۆرۈنۈشتىن پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى، ئەمما بۇ كۈلكىدە زادى نېمە مەنە بارلىقىغا چوكاننىڭ ئۆزىمۇ ئېنىق تەبىر بېرەلمەيتتى. چوكاننىڭ خىيالى يەنە بىرسىگە يۆتكەلدى: «دىتى يوق ھاڭۋاقتى، يوتقاننى تارتقۇچلاپ ئۆرۈپ پوكىنىمغا تىقىلغۇدەك بولسا، قوينۇمغا يىلان كىرىۋالغاندەك ئەندىكىپ كېتىمەن ...» چوكان شەپىسىز، جىمجىت بولۇپ قالغان قوناقلىقتا ئولتۇرۇپ ئېرىنى خىيال قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئېرىگە ئۆچ چىقىپ قالغانىدى.

چوكاننىڭ تويى بولغان كۈنى كەچكە يېقىن سوغۇق بەك ئەدەپ

كەتتى، سوغۇق ئازلىق قىلغاندەك تويىنى توپىغا كۆمۈۋاتقان توپا ـ توزان ئۈستىگە تېخى قار ئۇچقۇنلاشقا باشلىدى. قار خۇددى توپا ـ تۇمان بىلەن بەسلەشمەكچى بولغاندەك بىردىنلا لەپىلدەپ، هايت ـ هۇيت دېگۈچە يەرنى ئاقارتىپ ئۈلگۈردى. مېهمانلار ئۇزۇنچاق قارا كۆرپە تۇمىقىنى، قېلىن پاختىلىق چاپانلىرىنى، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكلىرىنى كىيىۋالغىنىغا قارىماي، ئاشۇ كونا هويلىدا دۈگدىيىپ تۇرۇشاتتى.

ئۇ كۈنى قىز ئېرىگە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن توي كۆڭلىكى كىيىۋالغانىدى. راستىنى دېگەندە، ئۇغۇ توي كۆڭلىكى كىيىشنىمۇ بىلمەيتتى، ئەمما تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىۋاتقان ئالمىخان قىزغا ئىش ئۆگەتتى. ئالمىخاننىڭ دېيىشىچە، شەهەردە توي كۆڭلىكى كىيىش مودائىمىش، تويى بولغان هەرقانداق قىز، هەتتا بالىلىرى كۆڭلىكىنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ يۈرگەن، ئېرى بىلەن ئىككىنچى ـ ئۈچىنچى قېتىم يارىشىۋالغان كاداڭ خوتۇنلارمۇ قايتا نىكاھ ئوقۇتقان كۈنى توي كۆڭلىكى كىيگۈدەكمىش. ئالمىخان شۇنداق دەپ هەممە ئىشقا چېپىلىپ يۈرۈپ، «بىر كۈنلۈكىنى بىر يۈز ئەللىك سومغا ئىجارە ئالدىم» دەپ كونا پەشتامىدەك قاسماق بېسىپ كەتكەن بىر كۆڭلەكنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدى. قىز ئوت قالانمىغان ئۆيدە ئۇ سۆرەلمە كۆڭلەك بىلەن توڭلاپ تىترەپ چىقتى. سوغۇققا چىدىماي، توي كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە پاختىلىق جىلىتكىسىنى كىيىۋىدى، ئالمىخان كۈلۈپ زاڭلىق قىلدى هەم «ئىش كۆرمىگەن زاغۇن باش» دەپ جىلىتكىنى سالدۇرۇۋېلىپ بېشىدىن ئاشۇرۇپ ئاتتى.

كۈنىپىتىش مەهەللىسىدىن كەلگەن ئوغۇل تەرەپ توڭلاپ تىترەپ تۇرغان قىزنى يۆتكەپ چېقىشقاندا، ئاللىقاچان قاش قارايغانىدى. جاڭگالنىڭ ئوتۇنچىلىرىدەك قىلىقى قوپال بۇ ئادەملەر گاچىنىڭ گەجگىسىدىن ئىتتەرگەندەك، قىزنى يۆلەپ ـ ئىتتىرىپ سوپەككە چىقاردى. ئالدىغا قىزىل تاۋار باغلانغان

سوپەكىنىڭ موتورى قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك تاتاتلايتتى. سوپەكىنىڭ كەينىگە چېتىلغان قولايسىز خاپان ئىچىدە توپتەك قاڭقىپ ئولتۇرالماي قالغان قىز يەڭگىلىرىگە چار پاقىدەك چاپلىشىۋالغانىدى.

ئۆچ - تۆت مەھەللىنى ئاتلاپ كۈنپېتىشقا كەلگەن سوپەك ئاخىر توختىدى. كېلىن كۆچۈرگۈچىلەر تولا سىلكىنىپ ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك بولغان قىزنى سوپەكتىن چۈشۈردى. مۇزلاپ چوكا مۇزدەك قېتىپ قالغان بۇ يېڭى كېلىن گۆردەك قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئالدىغا بىر قەدەممۇ چامدىيالمىدى. كۆڭلىدە تۇزۇككىنە تونۇشمايدىغان ئېرىنى تىللاپ قالدى: «ئۇ ئالىگەدەن يوغانچىلىق قىلىپ توي يۆتكەشكە بۇساق چوماقتىن سوپەك تىلىمەي، ئېشەك هارۋىسى ئەكەلگەن بولسىمۇ، بۇنچىلىك مۇزلاپ كەتمەيتتىم هەم گۆردىن ئىچىۋالغاندەك ئۇنچىۋالا توپا - توزان ئىچىدە قالمايتتىم».

ئاشۇ توي ئاخشىمى قىز ئۈچۈن كۆڭۈلسىز بىر كۈن بولدى. يەڭگىلىرى ئۇنى مۇز گەمىسىدەك سوغۇق بىر ئۆيگە ئەكىرىشتى. كېيىن بىر ئايال كىرىپ، ئۇنىڭ سوغۇقتىن كۆكۈرۈپ مۇز پارچىسىغا ئوخشاپ قالغان يۈزىنى ئاچتى. ياتىدىغان چاغدا يەڭگىلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا تالادا قالغان مۈشۈكنىڭ تۈمشۈقىدەك سوغۇق لەۋلىرىنى يېقىپ بىرنېمىلەرنى شىۋىرلىدى:

— يوتقانغا ئېرىڭدىن بۇرۇن كىرىۋال جۇمۇ، مەيلىسا...

— نېمىشقا؟ — جۇدۇنى تۇتۇپ تۇرغان قىزنىڭ لاك تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى.

— شۇنداق قىلساڭ، ئۇمۇ سېنى دوراپ يوتقانغا كىرىدۇ.

— يوتقانغا كىرىپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ! — قىزنىڭ توختىماي تىترەپ تۇرغان بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتكەن، ئالمىخان هەرەج تارتىپ كۆپتۇرۇپ قاتۇرۇپ قويغان قۇيقا چېچىنىڭ تىك تۇرغانلىقى هېلىمۇ يادىدا ئىدى.

— چىچاڭشىما، ئەخمەق! ئىش ئۇقمايدىغان ... — ئۆتتۈر چىشىنى تۇچ بىلەن قاپلىتىۋالغان يەڭگىسى چىشلىرىنى پاقىرىتىپ ھىجايغىنىچە ئۇنىڭ مۇرىسىدىن باستى، — ئاشۇنداق قىلالىساڭ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ سېنىڭ سىزغان سىزىقىڭدىن چىقمايدىغان، ئاغزىڭغا قارايدىغان بولىدۇ.

— مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ نېمە قىلىدۇ؟ — قىز يەڭگىلىرىنىڭ گېپىگە ھەيران بولاتتى.

— ۋاييەي، ۋاييەي ... مۇشۇ ئۇششاق شۇم دېگەننى ئەرگە بەرگۈچە ئىلاھىم، — ئىلمەك بۇرۇن يەڭگىسىمۇ قىزنىڭ غەرەز ئۇقماس، كالۋالىقىدىن ۋايساپ كەتتى، — مۇنداقچە ھە، ئىشنىڭ بىسمىللاسىدا ئېرىڭىزنىڭ قاپىقىغا، بۇرۇتىنىڭ قىمىرلىشىغا قاراپ ئولتۇرسىڭىز ۋاغۇ، ئاۋۋال ئاخشامدا ئالىقىنىغا ئالىدۇ، ئالىقىنىغا ئېلىۋالسا، شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىڭىزنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايسىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟!

— بوشراق، بوشراق، ئا خەق ئاڭلاپ قالىدۇ، — ئالتۇن چىش يەڭگىسى پال كۆز يەڭگىسىنىڭ ئاغزىنى تۇسۇۋالدى.

شۇ كۈنى يەڭگىلىرى تويلۇق يوتقاننى سالغاچ ۋاتىلدىشىپلا كەتتى. ئۇلار يەنە نېمىلەرنى دېيىشتىكىنتاڭ، ئىشقىلىپ قىز تۆت بۇلۇڭ، بىر كۆلۈڭدىن باشقا بىساتى يوق سوغۇق ئۆيگە قاراپ خۇيلىنىۋالدى. تويىنىڭ ھارپا كۈنى ئانىسى ئۇنىڭغا: «كېلىن بولۇپ بارغاندىن كېيىن ئەر كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنى بىلىدىغان، ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئېلىش، يۇندا تۆكۈش دېگەندەك كەلسە - كەلمەس ئىشلارغا بۇيرۇمايدىغان...» دەپ بىرمۇنچە ئۇلۇغ گەپلەرنى قىلغان، لېكىن بۇ يەڭگىلىرى... سوغۇق ئۆيدە مۇزلاپ كەتكەن قىز توي كۆچۈرۈشۈپ كېلىشكەن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ خېلى بىر چاغ بولغاندا ئۆيگە كىرگەن ئېرى قوپەكنىڭ يۈزىگىمۇ قارىمىدى. باش توخۇ چىللىغان مەھەلدە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىم تۇۋرۇكتەك ئۇزاققىچە قاراپ تۇرغان ئېرى تۇيۇقسىز چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئۆزى تەرەپكە يېقىنلاشتى،

تۇي كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان پاختىلىق چاپان بىلەن ئولتۇرغان مەيىنىسا ھودۇققىنىنچە ئۆزىنى يوتقانغا ئاتتى. ئۇ قورقۇنچىدا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكىنى سېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانىدى...

«كۆزۈمنىڭ سەتى قىلىقسىز، يوتقاننى تارتقۇچلاپ قۇچىقىمغا كىرگۈدەك بولسا، قوينۇمغا يىلان كىرىۋالغاندەك قورقۇپ كېتىمەن. بېشىغنى يېگۈر... تۇي ئاخشىمى ئۆزىمۇ كاچكۇلدا قالغان يىلاندەك مۇزلاپ كېتىپتىكەن... لېكىن شۇ كۈنى يەڭگىلىرىمنىڭ دېگىنىدەك يوتقانغا بۇرۇن كىرىۋالغان بولسامۇ، ئۇ تەلۋە بەرىبىر مېنى قورقۇتۇۋالدى، ھېچبىر ئىشتا مېنىڭ رايىمغا باقمايدۇ، ئالدىغا سېلىپ يۈگۈرتۇپ يۈرۈپ ئىشقا سالىدۇ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ سەت ئالىيىپ قورقۇتىدۇ، ئى قېيىمزانىنىڭ ئېرى غوجى خىڭخىڭمۇ خوتۇنىغا شۇنداق كۆيۈنىدىكەن...»

ئېغىكنى يۆلەپ مۈگدىلىنىپ ئولتۇرغان مەيىنىسا تۇنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلارنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى... قوناقلىق دىمىق ئىسسىق ئىدى، ھاسىراپ، قىزىرىپ تۇرغان بىرسى ئاچ بۆرىدەك قىزغا تاشلاندى. تەر تەپچىرەپ تۇرغان، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قىزنىڭ نازۇك، كۈچسىز بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتتى، بوينىنى قايرىدى. قىز يەلكىلىرى كەڭ، كۈچلۈك بىرسىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى ... چوكان كۆز ئېچىدا ئەكسىلىنىپ تۇرغان بۇ كۆرۈنۈشنى تۇي ئاخشىمىدىكىگە سېلىشتۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى.

## 8. ئالملىق باغ

بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇ باغنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدىن كەلگەن شەپە ئىدى. باغدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يەنە بىرسىنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دۈپۈلدىدى،

ئۆزىنى ئالما شاخلىرىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ، تون قوينىدا چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان تاماكىسىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە يوشۇردى. شەپە چىقىرىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن كۆلەڭگە نېرىراقتىكى يەنە بىر توپ ئالما شاخلىرىنىڭ ئاستىغا كېلىپ توختىدى.

باغدا يازلىق ئالمىنىڭ خۇش ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. دىلغا ھۇزۇر بەرگەن بۇ مەززىلىك پۇراق كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ، ئېغىزغا سېرىقسۇ يۇگۈرتەتتى. ئەمما، سىياھەتەك قارىيىپ تۇرغان تون قوينىدا كۆڭۈلدىكىدەك ئالمىدىن بىرنى ئۈزۈپ يېيىشنىڭ ئۆزى بىر ئىش ئىدى.

ئالمىنىڭ دالدىسىدا توختىغان يېڭى كۆلەڭگە جىممىدە تۇراتتى. كونا كۆلەڭگە ئۇنىڭ باغنىڭ مۆھىتىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. يېڭى كۆلەڭگىنىڭ ئۆتكۈر تەم - پۇراق سەزگۈسى موخۇركىنىڭ ئىسىنى ھىدلاپ قالدى. «ۋاھ غۇلجا كۆك تاماكىسى !» ئۇنىڭ خۇمارى شۇنداق تاتلىق تۇتتىكى، بۇ خۇمارنىڭ ئالدىدا بۇرنىنىڭ ئۇستىدە گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان ئالما پۇرىقى ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. خۇمارى يېلىنجاپ تۇرغان يېڭى كۆلەڭگە تاماكىسىغا ئوت ياقتى. چوڭ كىرىپ تەشنالىق ئازابىدا قىينالغان سەيياھنىڭ قەدىمى كۆلگە يەتكەندە دوم يېتىپ قاغجىراپ تۇرغان تەشنالىقنى باسقاندەك، تاماكىنى كۆچەپ - كۆچەپ شورىدى.

كونا كۆلەڭگىنىڭ گېلى قىمىشىشقا باشلىدى. كەڭ ئالىقىنى بىلەن ئوتىنى توسۇپ تۇرغان تاماكىنى شورىماق بولدى - يۇ، ئەمما ئارىسالدى بولۇپ توختاپ قالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ تاماكىنى شورىسىلا، يېلىنجىغان تاماكىنىڭ ئوتىنى يېڭى كۆلەڭگە كۆرۈپ قالاتتى. يېڭى كۆلەڭگىنىڭ تاماكىسىنىڭ ئىسى بولسا گۇپۇلدەپ تۇرغان ئالما پۇرىقىنى بېسىپ كەتكەن بولۇپ، جاھاندىن خاتىرجەم ھالدا تاماكىسىنى قېنىپ - قېنىپ شوراپ خۇمارىنى بېسىۋاتاتتى.

«قايسى چېپىلغاقتۇ بۇ؟ — دەپ ئويلىدى كونا كۆلەڭگە يېڭى كۆلەڭگىنىڭ تاماكىسىنىڭ ئوتىغا قاراپ، — بۇگۇن مېنىڭ ئىشىمغا توپا سالامدۇ، قانداق! ئەگەر شۇنداق نىيىتى بولسا دەرھال پەيلىدىن يېنىپ، پەم بىلەن باغدىن چىقىپ كەتمىسە، كېچىسى كۆتىنى قىسماي، ئېرى ئۆيدە يوق چوكانلارنىڭ باغ - ئىشىكىنى مارىغان كۆزىگە قولۇمنى تىقمۇېتىمەن». كونا كۆلەڭگە ئاچچىقتىن بوغۇلغىنىچە تاماكىسىنىڭ كۆتىكىنى چىشلىدى. بۇ ئىس - تۈتەكنى ئۆزىنىڭ خۇمارى ئۇچۇن ئەمەس، ئۆزگىلەر ئۇچۇن چېكىپ بىرىۋاتقاندەك تەئەددى بىلەن شورىدى. كۆيۈپ قىسقىراۋاتقان تاماكا لىپ - لىپ قىلىپ ياندى. بۇ ئوت تۇن قويىنىدا ئىتتىنىڭ كۆزىدەك ئادەمنىڭ چىشىنى قېيىشتۇراتتى.

يېڭى كۆلەڭگىنىڭ كۆڭلى ئۆرىدەپ قالدى. ئۇ بايىلا تاماكا ئىسىنى ھىدلىغان بولسىمۇ، بۇنداق «قىزىل بەلگە»نىڭ يېنىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. «مېنىڭ ئالمامغا كۆز قىزارتقان قايسى قىزىل كۆزدۇ ئۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇمۇ، — ئەگەر تاماكىسىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمىسە، لەۋەن چوكانلارنىڭ بېغىنى ئايلىنىپ ئەشمىدە قوشلىغان ئاياغلىرىغا ھېزى بولسۇن».

ئىككى قىزىل توچكا تۇن قويىنىدا بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان ئىتتىنىڭ كۆزىدەك بىردە يېلىنجاپ، بىردە سۇسلىشىپ تۇراتتى. ئاشۇ يېلىنجاشلاردا بىر - بىرىگە بولغان كۇنداشلىق، قىزغىنىش، مەنمەنلىك، كۆز - كۆز، ھەيۋە ئوتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭكىنى يوللۇق، قارشى تەرەپنىڭكىنى قىزىل كۆزلۈك دەپ قالغان چېغى، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان قىپقىزىل «ئىت كۆزى»دىن غەزەپ ياغدۇراتتى.

تۇن قوينىنى ۋەسۋەسىگە سالغان چوكاننىڭ ئىسمى ئالمىخان ئىدى. ئالمىخان بەگلىكتىكى گېپى سۇلۇق، كۆڭلى ئوچۇق، ئۆزى بەلەن، كۇلكىسى لەۋەن ياش چوكان.

ئالمىخاننىڭ ئۆيىدە يالغۇز قىلىشى يۇرتنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزدى. ئالمىخاننىڭ ئۇيقۇسىز ئۇھسىنىشى يۇرتنىڭ چۇشىنى بۇزدى. ئالمىخان ئالمىدەك چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئەردىن بەختى ئېچىلمىدى. ئۇ يولدا ماڭغۇدەك بولسا ئۆز تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ تەپتىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، يەردىن ئۇستۇن قارىمايدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇركۇگەك كۆزلىرى تويۇپ ئۆتمەيدىغان شەھۋەتلىك كۆزلەرنى ئارامىدا قويمىغىنى ئاز كەلگەندەك، تارتىنىش ئىچىدە كۇلۇپ تۇرىدىغان ئويناق كۆزلىرىمۇ مۇگدەپ قالغان كۆزلەردىمۇ چاقماق چاقىدۇ. ئالمىخان ئۆزى چوكان بولغان بىلەن، بۇ چاغقا قەدەر ئىش كۆرمىگەندەك خۇيى قىز بالىچە. ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چىچىنى كەينىگە تاشلاپ، چوققىسىغا بادام گۈللۈك مارجان دوپپىسىنى قوندۇرۇپ، ئېتىكى كەڭ ئۇزۇن كۆڭلەكىنى پۇتۇن يولغا يېيىپ ماڭغۇدەك بولسا، بەگلىكتىكى چوڭ كۆلدىن سۇ ئېلىپ ياكى ئېتىزلىقتىن تاغار يۇدۇپ دوڭغاقلاپ كېلىۋاتقان ئاياللار ئۇنىڭ «ئۆزىنى شامالغا سېلىپ يۇرگەن» ئەپتىگە قاراپ ئىچىدە ئۇنى تىللىشىدۇ. ھەسەتتىن ساڭگىلاپ چۇشكەن كالپۇكلىرىنى مىتىلدىتىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ كەنت مۇدىرى بۇساق چوماقنىڭ دوقىسى سەيداقىنى «ئالداپ ـ سىلاپ» كۆندۇرۇۋالماي، ئۇركۇتۇۋەتكەنلىكىگە غوتۇلدىشىدۇ.

## 9. بالا ئارزۇسى

ئۇنچە دۆۋىلەنگەن خامان، قۇياش زېمىننى ھېلىلا كۆيدۇرۇۋېتىدىغاندەك يېلىنجاپ تۇراتتى.

— گۈلھەسەلخان، ھوي گۈلھەسەلخان ... ما مەزلۇمنى كۆپكۇندۇزدە قارا بېسىپ قالدىمۇ، دەيمەن... كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلا، نېمە جۆيلۇۋېرىسىلە؟

موماي چۆچۈپ ئويغاندى. ساقال — ئۇ ئېرىنى شۇنداق

دەۋالغانىدى ــــ ئارىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋاتاتتى.

ــــ ئۇھ، ئۇنچىگە يۆلىنىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا بېرىپ قاپتۇمۇ دەيمەن، ــــ چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن گۈلھەسەلخان يۈرىكىنى تۇتقىنىچە ئەتراپقا كۆز سالدى. ئۇنىڭ يېنىدا نە بالا، نە بالىنىڭ كۆلكىسى يوق ئىدى. ئۇنچىلەر قۇرۇپ پاراسلاپ تۆرغان خامان، قاقىراپ ئاپتاپ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان «لاي ـ لاي» ناخشىسى...

گۈلھەسەلخان چۈش كۆرگەنىدى. چۈشىدە بالا تايتاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى. بالىنىڭ غەمسىز كۆزلىرىدە، ئويماقتەك زىنىخلىرىدا كۆلكە جىلۋە قىلاتتى. بۇدرۇق قوللىرىنى ئۇزارتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ گۈگۈرىدى. ئانىنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى.

موماي كۈچلۈك ئاپتاپ تەپتىدە كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، تېخىچە ئۆزىگە قېرى ئۇيدەك تىكىلىپ تۇرغان ئېرىگە قاراپ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. بۇ ئادەمنىڭ قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندەك ئۆزىنى ئارىنىڭ دەستىسى بىلەن نوقۇشىنى ئېغىر ئالغانىدى.

ــــ نېمە بولدى؟ ــــ دېدى تالىپ ھاجى ئۇنىڭ كەيپسىزلىكىگە قاراپ، ــــ تويلۇق زىرىسىنى چۈشۈرۈپ قويغان چوكاندەك دومسىيىپ...

ــــ چوكاندەك دەپ كەتكىنىنى، قېرىغىنىنى بىلمەيدىغان بوۋىكام ...

ــــ ئەمىسە نېمە بولدى؟ ــــ ھاجى مومىينىڭ يېنىغا كېلىپ قۇرۇق ئۇنچىگە يۆلەندى.

ــــ مېنى نوقۇشلىغىلى باشقا بىرنېمە تېپىلمىغانمىدى؟ ــــ دېدى ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتىپ.

ــــ قاتتىق تېگىپ كەتتىمۇ؟ ــــ ئېرى بۇغداي قىلتىرىقى ئۇلىشىۋالغان ساقىلىنى تارىغىنىچە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مومايغا

قارىدى.

— چاپلىشىپ ئولتۇرماي، نېرى ئولتۇرسىلا، — موماي ئۆزىگە سۈركىلىپ ئولتۇرغان بوۋىيىدىن سەل ئاجراپ، قولىنى پېشانىسىغا سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا كۆز تاشلىدى. لېكىن، ئەلگەك كىيدۈرۈپ قويغاندەك تۇتۇقلىشىپ قالغان بۇ كۆزلەر ئانچە يىراقلارنى كۆرەلمەيتتى.

— گەپ قىلساڭلىچۇ، ئاغزىڭىزدىكى لوقمىسى توپىغا چۈشۈپ كەتكەن بالىدەك ئۈمچەيمەي؟

— قىلغۇدەك گەپ يوق.

— خاماندا يېتىپمۇ چۈشەكەپ قالدىڭلىمۇ؟

— ھەئە، — موماي ئاق داكا رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — بالام ۋىلىقلاپ كۆلگىنىچە ماڭا قاراپ كەلدى، قۇچاق ئېچىپ ئالدىغا بارسام، ماڭا تۇتۇق بەرمەي، كەينىگە يېنىپ قېچىپ كەتتى...

— ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ... قېرىپ مونەكلىشىپ كەتكەن چېغىمىزدا نەدىكى بالا ئۇ؟!

— ئاغزىلىرىدىن كۈپۈرلۈق ئۆتمىسۇن، ھاجىم. خۇدايىمنىڭ بەرگۈسى كەلسە يەردىن ئۈنىدۇرگەندەكلا بېرىدىكەنغۇ؟ ئەنە زۇمرىخاننىڭ گاچا قىزى زەينەپمۇ ئەرگە تەگمەي تۇرۇپ...

— ۋاي ... كىشىنىڭ قىزىنىڭ گېپىنى قىلماي، خامان ئېلىشنىڭ كويىدا بولۇڭلا، خوتۇن، — ھاجى مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ياقتۇرمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنچىلەرنى ئۆرىدەپ ئايتاپقا سېلىشقا باشلىدى، — ياش ۋاقتىدا تۇغمىغان بالىنى قېرىپ ئاق باش بولاي دېگەندە قانداق تۇغىدىكىن...

موماي ياشلانغان كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ ئۇنچىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتتى. ئېگىلگەن قەددىنى يادەك پۈكۈپ چېچىلىپ كەتكەن ئۇنچىلەرنى تېرىشكە باشلىدى.

موماي ئۆزىنى قورىسىنىڭ يېتىمچە ئىشقا ئۇرۇپ، ھېچنېمە ئويلىماسلىققا، ھەتتا بىر ئېغىزمۇ زۇۋان

سۇرمەسلىككە تىرىشاتتى، ئەمما ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر پارچە ئوت يېلىنجايتتى. بۇ ئوت كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى كۆيدۈرۈپ ئارام تاپتۇرمايتتى. بەئەينى ساقايماس كېسەلدەك ئۇنىڭدىن ئاجرىمىغان بۇ ئوت ئۇنىڭغا ياشلىق چاغلىرىدا تۇتاشقان. ھەي، ياشلىق چاغلار...

ئۇ چاغلاردا ھېچكىم ئۇنى ھازىرقىدەك موماي سىياقىدا كۆرمەيتتى. ھەممىسى گۈلھەسەلخان دەپ ئۇۋۇقىنى يەرگە چۈشۈرمەيتتى... ئىسمىنىڭ يېقىملىقلىقى يادىغا كېلىشى بىلەن مومايىنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. راست، ئۇنىڭ ئىسمىلا ئەمەس، ئۆزىمۇ چىرايلىق ئىدى.

بۇ يۇرتنىڭ ھازىرقى كېلىنلىرى — زورىگۈل، قېمىزخان، زەيتۇنەم، مەينىسا، ئالمىخان دېگەنلەر نېمە ئۇ... گۈلھەسەلخان تويلۇق قىزىل دۇخاۋا كۆڭلىكىنى كىيىپ، بىلەكتەك توم ئۆرۈمە چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ ئېرى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنىلاپ ماڭىدىغان بولسا، بەگلىكتىكى قىز - چوكانلارنىڭ باشلىرى بىر يەرگە كېلىپ، ئېغىزلىرى مىتىلدىشىپ كېتەتتى. ئانىسىنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەرنىڭ بولسا كۆزلىرىدە ئەلەم ئۇچقۇنلايتتى. خۇددى گۈلھەسەلخان ئاشۇ يىگىتلەرنى داغدا قويۇپ، قىزلارنىڭ رىزقىغا ئولتۇرۇپ تالىپ ھاجىغا تېگىۋالغاندەك ! تالىپ ھاجى ئۇنىڭ بولسا نېمە بولاتتى، گۈلھەسەلخانىنىڭمۇ تالىپ ھاجىغا يارىغۇچىلىكى بار - دە، ئەلۋەتتە ! بۇنى ئاز دەپ ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر - بىرىگە كۆيۈك ئىدى.

— كۆزلىرىڭىز يۇلتۇزدەك چىرايلىق، — دەيتتى ئېرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — شۇڭا سىزگە قارىسام قارىغۇم كېلىدۇ !

— سىز بەك قامەتلىك، — دەيتتى گۈلھەسەلخان ئېرىگە تويماي بېقىپ، — مېنىڭ نەزىرىمدە ھېچكىم سىزچىلىك ئەمەس !

— گەپ ـ سۆزلىرىڭىز قايماقتەك شېرىن، گۈلھەسەلخان.
— سىز ماڭا ھەسەلدىن تاتلىق، تالىپ ھاجىم.
ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بىر جۈپ بۆدۈنىدەك مۇشۇنداق تاتلىق پىچىرلىشاتتى. ھەشقىپىچەكتەك بىر ـ بىرىگە چىرمىشاتتى. بىر ـ بىرىنى قوغلىشاتتى. بىر ـ بىرىگە تويۇشمايتتى...
گۈلھەسەلخان ئاشۇنداق بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە تۆت پەسىلنى ئۆتكۈزەر ـ ئۆتكۈزمەي قىلچە ئويلاپ باقمىغان بىر ئىشقا دۇچ كەلدى. ئۇ قورساق كۆتۈرمىگەنىدى.
— بالام، بويلىرىدا بارمىدۇ، قانداق؟
پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا يوتقان تىكىپ ئولتۇرغان گۈلھەسەلخان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. يېنىدا ئولتۇرغان قېيىنئانىسىنىڭ قولى ئىشتىن توختاپ، ئۆزىگە تىكىلىپ قالغانىدى.
— باردەك ئەمەس، ئانا. ھېچبىر غەيرىي ئالامەتلەرنى سەزمىدىم، — كېلىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.
— بولسىمۇ بىلمەي قالدىلىمۇيا؟ — قېيىنئانىسى ئۈنىگدىن كوچىلاپ سورىدى، — كۆڭۈللىرى ئېلىشىدىغان، ئاچچىق ـ چۈچۈك بىرنەرسە خالاپ قالىدىغان بىرقىسما ئالامەتلەر يوقمۇ؟
— بىلمىدىم.
— ۋاي جېنىمەي، تۇغماس چىقىپ قالامىلا، قانداق؟!
كېلىن تۇگىشىپ كەتتى. قولىدىن يىپ ـ يىڭنە چۈشۈپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ئۆزىنى ھۇجرىغا ئاتتى. كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنىڭ چوڭلارنىڭ تىلىغا چىققىنىغا، توي قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان تۇرۇقلۇق نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى.
مومای ياشلانغان كۆزلىرىنى باغ تەرەپكە تىكتى...
تەڭشەلمىگەن جاھان، ياراتقان خۇدا، زەينەپنىڭ قورسىقىدىكى

ئىككاھىسىز بالىنى ئاشۇ تىلسىزغا بەرگۈچە ماڭا بەرگەن بولساڭچۇ، كاشكى !

## 10. قىز كۆيۈكى

بۈگۈن بەگلىكنىڭ كۈنگەي مەھەللىسىدىكى موللىقۇناخۇننىڭ تويى بولىۋاتاتتى. خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سايتۇگمىنىدىكى گۈلئىمىنىخاننى نىكاھىغا ئالىدىغان كۈن ئاخىر بۇ ئادەمگە نېسىپ بولغانىدى.

موللىقۇناخۇننىڭ توپىدەك تۇتۇق چىرايى خېلى ئېچىلىپ قالغان، تەر ـ كىر دەستىدىن بوزىرىپ تۇرغان غىش گۈللۈك شاپاق دوپپىسىنىڭ گىرۋىكىنى قاتلاپ، پوچى كىيىۋالغانىدى.

— موللىقۇناخۇننىڭ خوشلۇقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قاپتۇ، — دېدى تويغا ھە ـ ھۇ قىلىپ ھارۋا جابدۇۋاتقان ئابدۇل ئاشىق موللىقۇناخۇننىڭ كەينىدىن قاراپ، — پەقەتلا خوتۇن قارىسى كۆرۈپ باقمىغاندەك !

— باشقا كەلمىسە ياخشى، يالغۇز ئۆتۈش بۇ ئۇستامغىمۇ تەس ـ دە ... — دېدى يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارغا قارىشىۋاتقان غوجاخۇن خىڭىلداپ.

— ئۇنىڭ سايتۇگمىنىدىن خوتۇن تاپقىنى قىزىق، قانداق تېپىشىپ قالغاندۇ شۇنچە يىراق يەردىن...

— نىكاھ غايىب دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.

— ناماتمان دېگەننىڭ بارمايدىغان يۇرتى، كىرمەيدىغان ئۆيى يوق. خەقنىڭ كىگىزىنى پىشۇرۇپ بولغۇچە، قىزى بىلەن قاملىشىپ قالغان بولسا، مۇشۇنداق ئالارچان، تېگەرچان بولۇپ پۇتۇشكەن بولغىيدى ھەرقاچان، — دېدى تالىپ ھاجىمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ.

— بۇ موللىقۇناخۇننىڭ مۇشۇ كەمدە نەدىكى تۇل خوتۇنلارنىڭ كىگىزىنى پىشۇرۇپ، خوتۇنىپەز بولۇپ كەتكىنىنى قاراڭلا.

ئالىدىغان خوتۇنى ئۆنىڭدىن يىگىرمە ياشچە كىچىك ئىمىش ! ــــ دەيتتى بۇساق چوماق ئاغزىنى تەمشىتىپ.

ــــ ئۆلگۈر تاز، مەرھۇم خوتۇنىنىڭ كىرپىكىگە تۇپا قونماستا...

ــــ يىراقتىن خوتۇن ئىزدەپ يۈرگۈچە كۈنىيۈرۈش مەھەللىسىدىكى مۇھەببەتخانىنى ئالغان بولسىمۇ...

ــــ ئۇ خوتۇننى قېرى كۆردى بولغاي بۇ ئۇستام.

ــــ ئەلۋەتتە، قېرى كۆردى، بوشاڭ كىگىزچى ئەمەس بۇ ... كۆڭلىنىڭ ئىشقى بار !

ــــ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن بىلەن كېيىن كۆرسەتمىسە بولاتتىغۇ !

ــــ تۇۋا دەڭلا، مۇسۇلمانلار، كىم بولسۇن، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب بەرمىسە بىكار، ــــ دېدى سامۇق موللام سۆزلەۋاتقان ئېغىزلارنى جىمىلەپ، ــــ ھېلى بىكار ئاڭلاپ قالسا خاپا بولىدۇ.

موللىقۇناخۇن بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغانمۇ قانداق، قوتۇر بېسىپ كەتكەن گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خېلى كۈنلەردىن بېرى ھۇنەردىن سوۋۇپ، سايتۈگمىنىگە قاتراپ تاپىنى تېشىلگۈدەك بولغانىدى.

ھارۋىلار يېڭى گۈللۈك كىگىزلەر سېلىنىپ تەييار بولدى، توي ئەھلى ئالدىراپ ـ تېنەپ يولغا چىقتى. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆزىدىن مۆڭگۈزى يوغان قېرى كالىلىرى چويۇن چاچلىق ھارۋىلارنى ئاران سۆرەيتتى. يۇرت ئىچىدىن چىقىپ، سايغا يېقىنلاشماي تۇرۇپ كالىلارنىڭ ئايىغى ئاستىلاپ قالدى. كۈن قوزىچۇش بولار ـ بولمايلا تونۇرغا ئوت سالغاندەك قىزىپ كەتكەن يەر ـ جاھاننىڭ ھاۋاسى ئۇزاق يولغا كۆنمىگەن بۇ كالىلارغا ياقمىدىمىكىن، ھېچقانچە ماڭمايلا سېنىدىن تەر قۇيۇلۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ، جاۋغىيىدىن يولدىكى قوقاستەك قىزىق قۇمغا ماغزاپ ئاقىلى تۇردى. داپ، راۋاب، غېجەكلىرىنى قولتۇقلىشىپ ئېغىر غىچىرلاپ كېتىۋاتقان

ھارۋىدا تەرلەپ - پىشىپ ئولتۇرغان ئابدۇلئاشىق، غوجاخۇنلارغا ئەگىشىپ مەخەت قارىغۇ قاتارلىق ئۆتەڭنىڭ بىكار تەلەپلىرىمۇ ھارۋىغا چىقىۋالغانىدى. باشتىكى ھارۋىدا ئولتۇرغان موللىقۇناخۇن قاتارى كېلىۋاتقان ھارۋىلاردىكى بۇنچە كۆپ مېھماننى كۆرۈپ غۇدۇراپ قويدى: «تويغا ئېيتىمىغان نەدىكى بىكار تەلەپلەرمۇ بىركىم ئىسرىق سېلىپ چىللىغاندەك ھارۋىغا چىقىۋاپتۇ. يا ئارىلىق يېقىن بولمىسا... سايتۇگمىنى دېگەن نەدىكى يەر ئۇ؟» شۇ كۈنلەردە توي - تۆكۈن دېگەن نەغمە - ناۋاسىز قىلىنمايتتى. تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ تويىغىمۇ سازچى كېلەتتى. نەغمە - ناۋانىڭ ئۇنى ئاڭلانغاندىن كېيىن تويغا كېلىدىغانلار تېخىمۇ ئاۋۇپ كېتەتتى. بارچە كىشى قاراڭغۇ چۈشكۈچە مەشرەپ ئويناپ، قىزنى كۆچۈرگەندىن كېيىن بوشاپ قالغان پوتىسىنى چىڭىتىپ، تۇكۇرۇكىنى يۇتقىنىچە ئۆيى تەرەپكە ئالدىنى قىلاتتى...

توي ئەھلى سايدىن ئۆتۈپ، قۇملۇققا كىردى. كۆتەك ھارۋىلارنىڭ چاقى قۇمغا پېتىۋالدى. چاقلار ئېغىرلىشىپ، بەس - بەستە غىچىرلىغان ئاۋازلار بەئەينى ئۇن سېلىپ ئىڭراۋاتقاندەك قۇملۇققا بىر كەلدى. موللىقۇناخۇننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، بۆكىنى قولىغا ئېلىپ يېڭى مىس چۆگۈندەك پارقىراپ تۇرغان بېشىنى تاتىلىغىنىچە ئاسماندا تىكىلىنىپ تۇرغان كۈنگە قارىدى. كۈننىڭ بىر ۋاق بولۇپ قالغىنىغا ئاچچىقى كەلگەن تۇرامەتنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ھاي - ھاي، ھېلىتىن بۇنداق ماڭغىلى تۇرساق، يولىمىزغا تولا قاراپ قىز تەرەپتىكىلەرنىڭ بويىنىغا قوقاق تۇرۇپ قالارمىكىن؟ — ئۇ بۇگۈن توي باھانىسىدە خېلى ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى.

قىزىق گەپ، يىگىت قىز تەرەپكە تولا قاتراپ تاپىنى تېشىلگۈدەك بولسا، قىز يىگىتنىڭ يولىغا قاراپ بويىنىغا قوقاق تۇرۇپ قالسا...

— ھە، ما ياش باللار ھارۋىدىن چۈشۈڭلار، ئۇي ـ كاللارغا ھارۋىنى سۆرۈشۈپ بېرىڭلار ! — توي كۆچۈرۈشكە باش بولۇپ ماڭغان بۇساق چوماق كەينىدە كېلىۋاتقان ھارۋىدىكىلەرگە قاراپ سوزۇپ توۋلىدى.

— ماۋۇ چامغۇر كۆچۈرگەندەك تىقماق ـ تىقماق ئولتۇرغان ئۈششاق شۈملارمۇ چۈشۈشە ھارۋىدىن ! — كەنت باشلىقىغا قاراپ موللىقۇناخۇنمۇ بىرئاز جانلاندى، — توي دېگەندە ئۈششاق شۈمغا نېمە بار ـ ھە؟!

باللار چۇرقىراشقىنىچە ھارۋىدىن سەكرىدى، بىرنەچچە قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا قىزىق قۇمدا پۇتى كۆيۈپ يەنە ھارۋىغا ئېسىلدى.

— مۇنىسە، ھاي مۇنىسە ... سەنمۇ بار، پېتىر قۇلاق، چۈشە يەرگە ! — دادىسىنىڭ بوغۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مۇنىسەمۇ يەرگە سەكرىدى، قوقاستەك قىزىق قۇمنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈشكە چىداپ يەر تېپىگىنىدىن دادىسىغا قارىدى. موللىقۇناخۇننىڭ قىزىل كۆزلىرى غەزەپلىك، تېخىچە ئاچچىق بىلەن قىزىغا ئالىيىپ تۇراتتى. قورقۇپ كەتكەن قىزنىڭ بەدىنىگە ئولاشقان تىترەك پۇتلىرىنىڭ كۆيۈشى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى. مۇنىسەنىڭ ئانىسى ئۇ دۇنياغا كەتكەندىن بېرى ئۇنىڭ ئاشۇ سۇرلۇك كۆزلىرىدە مۇشۇنداق ئاچچىق ئەلەم ئەگىپ قالغانىدى، — سەن شۇمغا نېمە بار ئۇ تويدا، مەن ساڭا ئۆيگە قاراپ تۇر دېگەنغۇ؟!

قىزنىڭ ئۇنى چىقماي قالدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ يېنىدىكىلەردىن مەدەت تىلىگەندەك قارىدى. شۇ ئەسنادا زەيتۇنەمنىڭ ئاۋازى بۇ ناماتمانغا جاۋاب بەردى:

مەن ھارۋىغا چىقىرىۋالدىم، تويدا بىر ـ ئىككى كاپام پولۇ يەرمىكىن دېدىم، — زەيتۇنەم مۇنىسەگە ئامراق ئىدى.

— ئىلدام ماڭە ئەمىسە !

— قىز يېنىك تىنىدى. قىزىق قۇمغا دەسسىيەلمەي قالغان

تەڭ دېمەتلىكلىرى بىلەن يۇگۇردى. ئاستا ماڭسا پۇتى كۆيۈپ چىدالمىغاچقا، كالا ھارۋىلىرىدىن بىردەمدىلا ئىلگىرىلەپ كېتىشتى.

باللار دۆۋە ـ دۆۋە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئاشۇ ئەگرى ـ توقاي يولدا تىنىمسىز يۈگۈرۈپ ھېرىپ ھېچبىر ماجالى قالمىغان چاغدا بىر زەيكەشكە يېتىپ كەلدى. بۇ قۇملۇق بىلەن شورلۇق ساي ئوتتۇرىسىدىكى زەيكەش بولۇپ، سۈيى سامان چىلىغاندەك سارغۇچ بولغىنىغا قارىماي، تېگىدىكى قۇم شېغىللار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باللار چۇرقىراشقىنىچە ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. قوقاس قۇمدا پۇچىلىنىپ، مونچاق ـ مونچاق قىزىرىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ خېلى ئارام تېپىپ قېلىشتى. تەشنالىقى ئېشىپ كەتكەن مۇنىسەنىڭ زەيكەش سۈيىدىن قانغۇچە ئىچكۈسى كەلدى، ئەمما بۇ سۇنى ئىچكىلى بولمايتتى.

— مۇنىسە، مۇنىسە، قارىغا !

قىز چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ مەيۈس كۆزلىرىنى سۇ بېتىدىن ئۈزدى. سۇدىن چىقىپ قىرغاقتىكى ياۋا قومۇشلار ئارىسىدا تۇرغان نۇرمەمەت نېمىدۇر بىرنەرسىلەرگە قىزىقىسىنىپ قاراۋاتاتتى.

— نېمە ئىكەن ئۇ، نۇرمەمەتخان؟ — قىز سۇدىن چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— پاتمىچۇق، قاراڭ ئاۋۇ پاتمىچۇقلارغا !

— قېنى، قېنى؟

— ئەنە !

— قىز نۇرمەمەتنىڭ كۆرسەتكەن يېرىگە سىنچىلاپ قارىدى. راست دېگەندەك بارماقچىلىك كېلىدىغان پاتمىچۇق باللىرى ئېرىق بويىدىكى قومۇشلارنىڭ تۈۋىدە جىممىدە تۇرۇشاتتى.

— سالمىدىن چوڭراق كېلىدىكەنغۇ. پاتمىچۇق دېگەن نېمە ئۇ؟

— پاتمىچۇق دېگەن پاتمىچۇق ...

— سىز ئۇنى قانداق بىلىسىز؟

— بىز جاڭگالغا شورغا بارغاندا دادام ئاشۇنداق پاتمىچۇقنى تۇتۇۋېلىپ ماڭا ئويۇن قىلىپ بەرگەن، سىزگىمۇ تۇتۇپ بېرەيمۇ؟

— ياق، مەن قورقىمەن !

— ھېچنېمە قىلمايدۇ، كېلىڭا...

— تۇتماڭ دېگەندىكىن تۇتماڭ، يامان بولىدۇ !

— يامان بولىدۇ؟ — نۇرمەمەت پاتمىچۇقلاردىن كۆزىنى ئۈزۈپ مۇنىسەنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. مەھەللىدىكى چاغدا قىزنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ئاق ياغلىق چىگىكلىك بېشىدىن تارتىپ ئاقۇچ يېشىل كۆڭلەك ئايىغىدىن چىقىپ تۇرغان يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغىچە سىنچىلاپ قارىدى، — سىز بەك ياۋاش ئىكەنسىز، مۇنىسەخان. سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— نېمىشقا؟

— ئانام سىزنى «ئىسىت، بىچارە قىز ئۆگەينىڭ قولىغا قالىدىغان بولدى، ئەمدى قانداق قىلار؟...» دەۋاتىدۇ.

قىز گەپ قىلمىدى، نۇرمەمەتتىن قاچقان كۆزلىرى ياۋا قومۇش تۇۋىدە ئىسسىققا چىدىمىغاندەك ھالسىراپ تۇرغان پاتمىچۇقلارغا تىكىلىپ قالغانىدى. پاتمىچۇقلارغا تىكىلىپ تۇرغان قىز تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك نۇرمەمەتكە بۇرۇلدى:

— سىزنىڭ ئانىڭىز زورىگۇل ئاچام بىلەن دادىڭىز نۇرئېلى ئاكاملارمۇ بىر ئۆيدە ئەمەسقۇ؟

— شۇ، — دېدى نۇرمەمەت ھارۋىدا كېلىۋاتقان چوڭلارغا قاراپ قويۇپ، — قىزىلمۇچ بوۋام بىلەن كۆكپىت بوۋام تولا سوقۇشۇپ...

ئىككى نارەسىدە يەنە نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتقاندا چوڭلار يېتىپ كەلدى.

توي ئەھلى سايتۇگەمنىڭگە كۆز باغلانغاندا ئاران يېتىپ باردى. بۇ ئۇلاغ بىلەن مېڭىشقا قاق بىر كۈنلۈك يول ئىدى. زاۋال چۈشۈپ كەتكەچكىمۇ ياكى موللىقۇناخۇنلار مۇسىبەتلىك بولغاچقىمۇ، ئىشقىلىپ مەشرەپ قىلىنمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ھارغان ـ ئاچقان، ئۇسسىغان قۇناخۇن، ئابدۇلئاشىق، غوجاخۇنلارنىڭ سازلىرىنى سايرىتىشقا تاۋى قالمىغانىدى. ئەتىگەندە پىشۇرۇپ قويغانمىكىن قانداق، ئىسسىقتا تىنچىپ قالغان يارما پولۇ بەش ـ ئالتە ئادەمگە ئاران بىر خونچا ئاياقتىن يەتكەچكە، چاققانغا بار، لايپاسقا يوق بولۇپ چىقتى. ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان ئەرلەر نېمە دېدىكىنتاڭ، قاپقاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرغان زۇرنىساخان، مۇھەببەتخان، مىرۋانىخان، زۇمرىخان، ھەلىمىخان، زەيتۇنەم، قېمىزخان قاتارلىق ئاياللار بىر ـ بىرىگە قۇلاق يېقىشىپ كۇسۇرلىشىپ كەتتى:

— بۇ سايتۇگەمنىلىكنىڭ ئادەمگەرچىلىكى مۇشۇنچىلىكمىكىن، سالغان داستىخىنىنى كۆرمەمدىغان؟!

— ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدەك يەردىن بىر كۈن يول يۈرۈپ ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلسەك، توۋا...

— موللىقۇناخۇن قانداق تېپىشىپ قاپتىكىن مۇشۇنداق ئالەمنىڭ پەگاسىدىكى جاڭگاللىق خوتۇن بىلەن ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقى بارمىدۇ؟

— ھۇنەر قىلغىلى كەلگەندە ئىلىنىشىپ قاپتىكەن، دەپ ئاڭلىدۇق.

— تايىنى يوق يەردىن خوتۇن ئېلىپ قاپتۇ.

— ئىشقىلىپ، تايىنى يوق خەقكە كۈيۈ ئوغۇل بوپتۇ. ھويلا، ئۆيۋاقىسىمۇ ۋەيران ئىكەن.

— شۇ ... شۇ ...

كۇسۇرلاش، كوتۇلداشلار ئىچىدە توي يۆتكەلدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۆتكەپ چىقىشقان قىز خوتۇننى موللىقۇناخۇن ئۆزى يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى. بۇ ئات تالىپ ھاجىنىڭ ياۋاش، رايىش

بايتىلى بولۇپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ مۇشۇنداق تويى كۆچۈرۈش ئىشلىرىغا ئۇبدان ئەسقاتاتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خوتۇنى مىنگەن بايتالنى يېتىلەپ جىمجىت ھالدا ھارۋا كارۋىنىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان موللىنقۇناخۇنغا كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. ئۇ مۇنىسەنىڭ ئانىسىنىمۇ مۇشۇنداق ئاتقا مىندۈرۈپ يېتىلەپ ئەكەلگەن بولغىيمىدى؟

مۇنىسە ھارۋىدا كېلىۋېتىپ يۇلتۇزلارغا قارىدى، ئاسمان گۈمبىزىگە چېچىلغان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار قىزنىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتقاندەك كۆز قىسىشاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم، يۇرتقا قايتىپ، قاراڭغۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم ئالغاندا بۇ يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلمەيدۇ. دادىسىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئەمدى بارا ـ بارا ئۇنىڭدىن يېزىدۇ. يەنە تېخى بىچارە قىز كۆرۈپ باقمىغان ناتونۇش بىر جۈپ كۆزمۇ بار... مۇنىسەنىڭ لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرى يۇلتۇزلارنى كۆرەلمەي قالدى. ھېلىقى چاغدا ياۋا قومۇش ئاراچلىرىدا ھالسىرىغاندەك جىمجىت تۇرغان پاتمىچۇقلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. بىچارە پاتمىچۇقلار ئاجىز، ياۋاش ئىدى. «بەك ياۋاش ئىكەنسىز مۇنىسە، سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ... ئانام سىزنى كىچىك تۇرۇپ ئۆگەينىڭ قولىغا قالدىغان بولدى، ئەمدى قانداقمۇ قىلار دەيدۇ؟» ياۋا قومۇشلار ئارىسىدىكى زەيكەش، كېچە قويىنىدا قارىيىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى... بۇ ھەم ئۇزۇن، ھەم كىشىگە قورقۇنچ سالىدىغان يول ئىدى.

سانسىز يۇلتۇزلار ئارىسىدىن بىر يۇلتۇز سارقىپ كەتتى. غايىب بولغان ئاشۇ يۇلتۇزغا قاراپ قىزنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى. «ھەممە ئادەمنىڭ يۇلتۇزى بولىدۇ، ئادەم بۇ ئالەمدىن كەتكەن كۈنى ئۇنىڭ يۇلتۇزىمۇ سارقىپ كېتىدۇ.» بۇ قىزنىڭ ئانىسىنىڭ گېپى ئىدى. ئۇ جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىز سارقىغان ئاشۇ يۇلتۇزدەك بۇ دۇنيادىن جىمجىتلا كەتكەنىدى.

غۇر ـ غۇر ئىسسىق شامال بىلەن سايتۇگمىنى تەرەپتىن سۈرۈلۈپ كەلگەن بۇلۇتلار يۇلتۇزلارنى يۇتۇپ كەتتى. كۆپنىڭ ئىچىدەك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن ئاسمانغا تىكىلگەن قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تامچىلىغان ياش مەڭزىگە سىرغىدى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايمۇ يوق، يۇلتۇزمۇ يوق؛ ئانىسىنىڭ ئايدەك ئاق يۈزى، يۇلتۇزدەك چاقناق كۆزلىرىمۇ يوق. ئۇ...

قارا بوران كۆتۈرۈلدى، توي كۆچۈرۈپ ماڭغانلار ئاللا ـ چۇقان سېلىشقىنىچە بىر ـ بىرىگە يېپىشتى. قىز قورققىنىدىن زەيتۇنەم ئاچىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىغا مەھكەم ئېسىلدى...

## 11. مۇھەببەتخان

ــ مۇھەببەتخان ئەرگە تەگكۈدەك !

بەگلىكتە يېڭى پاراڭ تارقالدى. بۇ كۈنيۈرۈش مەھەللىسىدىكى تۇل جۇۋان مۇھەببەتخاننىڭ ئېڭىكىگە ساقال چىقمىغان بىرسى بىلەن پۈتۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىدى.

كىشىلەر تىرىكچىلىك غېمىدە ئۆمىلەپ يۈرگەن بۇ يۇرت مۇشۇنداق قىسما ـ قىسما كەچمىشلەرنى ئۆز قوينىغا يوشۇرغان. يېقىندا باغنىڭ كەينىدىكى زۇمرىخاننىڭ قىزى زەينەپ نىكاھسىز قورساق كۆتۈرۈپ قېلىۋىدى، ئۇلۇشكۈن قېمىزخان ئېرى بىلەن ئاجراشقىلى ماڭغان يەردە دادىسىنىڭ كۆزىچە غوجاخۇنغا كۆز تاشلىغانىمىش. تۈنۈگۈن موللىقۇناخۇن سايتۇگمىنىدىن قىز ئېلىۋىدى، ئەتىگەن گۈلپاتىنىڭ ناخشىسىغا ئاشىق بولغان ئابدۇلئاشىقنىڭ خوتۇنى ھەلىمخاننى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ يۈرگەنلىكى چۆرۈمە چۆچەك بولدى. دەپ كەلسە تېخى مەينىسا، ئالىمخانلارنىڭ ئىشىمۇ ئەللە ـ مەھەللىگە سىر ئەمەس. مانا بۈگۈن مۇھەببەتخان نەۋرىلىرىنى ئەرگە بەرگۈدەك بولغاندا، ئۆزى ئەرگە تېگەتتىم دەپ غەلۋە قىلغۇدەك !

ئەرگە تېگىشلىق قېرى ـ ياش ھەممە ئايال كىشىنىڭ بېشىدا بار ئىش، ئەمما كاداڭ مېكىيان بىلەن چۆجە ـ خوراز قانات سۆرىشىپ قالغاندەك، يېشى توختىغان مۇھەببەتخان ئۆزىنىڭ ئوغلى دېمەتلىك بىرسى بىلەن ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالسا قانداق بولار؟

مۇھەببەتخاننىڭ ئەرگە تېگىمەن دېگىنى راست گەپمۇ نېمە، بوردىغان ئىنەكتەك سەمرىپ گۆشلىرى ساڭگىلاپ قالغان بۇ جۇۋان ئۆزىنىڭ سىڭار جەينىكىدەك بىرسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەنت مۇدىرى بۇساق چوماقنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. تېرەكلىك يول بويىغا جايلاشقان بۇ ھويلىدا ئىككى بالا ئويناپ يۈرەتتى.

— ئۆھۇ ! — مۇھەببەتخان شەپىلىك يۆتەلدى، چوڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن ھويلىغا بويۇندىدى. يۆتەل ئاۋازىنى ئاڭلىغان بالىلار ئويۇندىن توختاپ جۇۋانغا قارىدى.

— بالام، مەڭ، يېمىش يەڭلار، — مۇھەببەتخان يانچۇقىدىن بىر چاڭگال جىگدىنى ئېلىپ بالىلارغا تەڭلىدى، — دۈيجاڭ داداڭلار باردۇ؟

— بار، — دېدى بالىلار چۇرقىرىشىپ.

— ھېلىقى قارا غامبۇر ئىتچۇ؟

— باغلاقلىق.

— ھەرنېمە بولسا ... مېڭىڭلار، داداڭلارنى قىچقىرىڭلار !

بالىلار قوغلاشقاندەك يۈگۈرۈپ كەينىگە ياندى. مۇھەببەتخان باشلاپ كەلگەن لايىقىنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەن دەرۋازا ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ھويلىغا كىردى.

— كېلىڭ، كېلىڭ مۇھەببەتخان، كۆرپىگە كېلىڭا، — بۇساق ئايۋاندىن چىقىپ كەلدى، ئۇ يەنە ئىچىۋالدىمۇ قانداق، بۇگۈن خېلى خۇشخۇي كۆرۈنەتتى. قىزىق يېرى بۇ ئادەم ئوڭ ۋاقتىدا توڭ بولغىنى بىلەن، كەيپ بولۇۋالسا كۆلگۈنچەك بولۇپ قالاتتى. مۇھەببەتخان ئەمدى تارتىنماستىن گېپىنى ئۇدۇللا دېيەلەيدىغان بولدۇم، دەپ چاققان قەدەملەر بىلەن پوسۇرلاپ كېلىپ كەڭ

پېشايۋاننىڭ سۆيپسەندىكى كۆرپىدە ئولتۇردى.

— ئاخشىمى ئايدىڭدا ياتمايلا، كۇندۇزى يوتقاندىن قوپمايلا، دادۇيجاڭ، — مۇھەببەتخان مۇدىرنىڭ خۇمارلىق كۆزلىرىگە قاراپ تىنچلىق سوراش ئورنىغا چاقچاق بىلەن گەپ تەشتى، ئۇنىڭ ئاۋازى قىرىلىقىغا باقماي، چاقىلداپ چىقاتتى، — جاھاننىڭ راھىتىنى سىلىلا سۈرىلا جۇمۇ !

— نەدىكى راھەت دەيسىز، مۇھەببەت ئاچا، كېچىنىڭياقى سۇ ياقىلىدۇق، ئەتىگەندە مېھمان كۈتتۇق... باياتىن تېخى كۆزۈمنى بىردەم پەنتۇرۋالاي دەپ ... — بۇساق گەدىنىگە چۇشۇپ قالغان بۆكىنى ئوڭلاپ كىيىپ سوئال نەزىرى بىلەن مۇھەببەتخاننىڭ ئويناق كۆزلىرىگە تىكىلدى، — ھە، بۇ چىڭقىچۇشتە ئالدىراپ كېلىپ قاپسىز؟

— كەلگۈم كېلىپ قالدى، — مۇھەببەتخان تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان «كېچىدىن قۇرۇۋانخاننىڭ سۆيىنى ياقىلىغانمۇ، مېنىڭ ئېتىزىمنىڭ ئۇسسى كېتىپ قالسىغۇ كارىلىرى يوق» دېگەن گەپنى يۇتۇۋېتىپ، يەنە چاقىلداپ كەتتى، — سىلى چۈش ۋاقتىدا ئۇخلىغىلى ياتسىلىمۇ يانلىرىدا ئۇخلىتىپ قويىدىغان ئاغىچىلىرى بار ئىكەن. بىز يالغۇز قالدۇق، دېسىلە !

ئاشخانىدا چاي دەملەۋاتقان بۇساقنىڭ خوتۇنى ھەرەمگۇل مۇھەببەتخاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كەينىگە بويۇنداپ قالدى. « سەت پىت باش قىرى، نەچچە يىللاپ تۇل ئولتۇرۇپ، ئاق باش بولۇپ كەتكەندە ئەر سېغىنىپ قالدىمۇ نېمە...» بۇساق بولسا ئالدىرىماي موخۇركا يۆگەپ ئولتۇرۇپ سورىدى:

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، مۇھەببەتخان؟ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويماي، ئوچۇق گەپ قىلىڭا ئادەمگە.

— ئوچۇق دېسەم بولارمۇ؟ — مۇھەببەتخان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ گېلىنى قىرىپ قويدى، — دەۋرەي ئەمەسە، مەن ئەرگە تېگەي دېگەن، جېنىم ئۇكام. شۇڭا، تەلىپىمنى ئاڭلاپ بېقىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپىغا خەت يېزىپ، ھاجىتىمنى راۋا قىلىپ

قويامدىكى دەپ ...
چاي كۆتۈرۈپ چىققان ھەرەمگۈل ئىچىدىن قىستاپ چىققان كۈلكىسىنى بېسىش ئۈچۈن لەۋلىرىنى چىشلىۋالدى.
— ئەرگە تېگەي دەيمەن؟!
— ھەئە.
— ھوي، بۇ سىز ...
— يالغۇزچىلىق تارتىپ قالدىم، ئۇكام.
— ئۆيچۆرىڭىزدە ئوغلىڭىز تاشاخۇن، قاۋۇزاخۇنلار، كېلىنىڭىز مەسۇدىخان، يەنە نەۋرە - چەۋرىلىرىڭىز بارغۇ؟
— ئوغۇل بالا دېگەنگە خوتۇن بولسىلا بولىدىكەن، ئۇكام. چوڭ ئوغلۇم تاشاخۇن دادىسى رەھمەتتىگە ئۆز بولغىنى بىلەن، ماڭا ئۆگەي... شۇڭا، كۆيۈمى يوق. كىچىك ئوغلۇمنىڭ خوتۇنى يامان، ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئاران كۈن ئېتىدۇ. قىزلىرىم ئەرلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي ئاۋارە. شۇڭا، ئاشۇ كارغا كەلمەسلەرگە بويۇن قىسقۇچە تايىنلىق بېشىمنى ئۇڭشىۋالاي دېدىم، — مۇھەببەتخان تۈگمەس دەردى بار ئايالدەك مۈڭلىنىپ ئولتۇردى.
— ھەرھالدا ئالدىرىمىغىنىڭىز ياخشى ئىدى.
— ئۆزۈم ئالدىرىمىسام، مەن بىلەن كىمنىڭ كارى بولار، جېنىم ئۇكام؟
— مەيلى ئەمىسە، — دېدى بۇساق سەل تۇتۇلۇپ، — ئاخشام قوپاخۇننىڭ دادىسى قۇناخۇن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ كەپتىكەن. ئۇ بىچارە قول ئىلكىدە يوق، گاداي ئادەم بولغاندىكىن، سىزنى ياراتماي قالارمىكىن دەپتىم، بۇگۈن ئۆزىڭىز كەپسىز. قارىغاندا گېپىڭلارنى پىشۇرۇپ بولغان ئوخشايسىلەر؟
مۇھەببەتخان بىرسى كۆتىگە تەپكەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىشەكشىرىندەك سۇزۇك، گۆشلۈك چېھرى لىپ - لىپ قىلىپ تارتىشىپ كەتتى:

— نېمىدەپ كەپتۇ ئۇ ساكا ـ سالتاڭ كونا خۇرجۇن؟

— هوي، گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ بولغۇچە نېمانچە چىچاڭشىپ كېتىسىز؟ هېلىمۇ سىز قاسىمكامدىن قالغاننىڭياقى ئوتۇنىڭىزنى يېرىپ، سۇيىڭىزنى توشۇپ يۈرىدىغۇ؟

— شىلاپ ئىشقا سالغىنىم، هارام كۈچىدىن پايدىلانغىنىم باشقا گەپ، ئۇكام، — مۇھەببەتخان ئاچچىقتىن ئۆزىگە كېلەلمەي بويىنىنى شاپتۇل قاقتى، — ئاشۇ كوپېراتسىيە زامانىسىدا تاغار يۇدۇپ بولالماي دۇمچىيىپ قالغان، مانا ئەمدى ئاغزىدا چىشى قالمىغان قۇناخۇننىڭ خىلىمۇ مەن؟ ! ۋاي قوۋۇرغام ئەمدى...

— هوي، هازىر كۆنى ئوبدانغۇ، كەتمەنگە پىشقان ئوغلى، ئىشلەمچى كېلىنى بار...

— قاچان قارىسا قوناقلىقتا ئولتۇرۇپ چاچ تارايدىغان ئاشۇ مەينىسا مايماقما؟

— ئۆپكىڭىزنى سەل بېسىۋېلىپ گەپ قىلىڭا، نېمانداق ئادەم ياراتمايسىز؟! — بۇساقىنىڭ بىردىنلا خۇيى تۇتۇپ خومارى ئەۋجگە چىقتى. قولىدىكى تاماكىنىڭ كۆتۈكىنى يەرگە كۆچەپ ئاتتى، — بىر بولسا قوناقلىقمۇقوناقلىق كەينىڭىزگە سېلىپ ئىشىڭىزغا سالىدىكەنسىز ئۇ قۇناخۇننى، شۇنداق يۈرۈپ ئىسسىقچىلىقنى ئۆزىڭىز سېلىپ قويۇپ، ئەمدى قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالىدىكەنسىز، كىمگە تېگەتتىڭىز زادى، كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى قىلىڭا !

— مەخەتاخۇن بىلەن پۈتۈشكەن.

— مەخەتاخۇن؟ ! — بۇساقىنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭەيدى. بۇغداي مايسىسىدەك ئۆسكىلەڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ، كىرپىكنىڭ تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇرغان يىرىك بۇرۇتى ئاستىدىكى ئاغزى ئېچىلىپىلا قالدى، — بۇ گەپ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقىۋاتامدۇ، مۇھەببەتخان؟

— هەئە، — مۇھەببەتخان خۇددى هېچكىم قىلالمىغان بىر ئىشنى قىلىۋەتكەندەك قاش ـ كۆزى، بويىنى، ناۋات رەڭ چېكەن

كۆڭلىكى ئىچىگە پاتماي قالغان بىر جۈپ كۆكسى، دۈمبىسىدىن چۈشۈپ كۆرپىدە سويلاپ تۇرغان تۇم ئۆرۈمە چاچلىرىنى ئوينىتىپ كۈلدى، — قانداق، قاملىشىپتىمۇ؟

— قاملاشماپتۇ، — دېدى بۈساق، — كونىلاردا «مال مېلى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن» دېگەن گەپ بار. ئۇ مەخەت قارىغۇ سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەس!

— خىلىم بولۇپ - بولماي بى ... — مۇھەببەتخانىنىڭ يەتتە ئەزايىدا ئويناپ تۇرغان كۈلكە دەرھال ئۆچتى. چىرايى ئۆڭۈپ كۆز جىيەكلىرى ھېلىلىدەك قورۇلدى، — سىز زۇمرىخاننى داغدا قويغاندا، رەھمەتلىك قۇرۋانخاننى نەچچە يىل كولدۇرلاتقاندا ساقىلىڭىزنى سىلاپ باققانمۇ، ئەمدى مەن كۆڭلۈم تارتىپ ئەرگە تېگەي دېگەندە ...

— جۆيلۈمەڭ، — دېدى بۈساق خوتۇنى كىرىپ كەتكەن ئۆي تەرەپكە قاراپ قويۇپ، — سىز كونا خامانني سورۇپ نېمە قىلىسىز، قېرىغاندا ئالجىپ قالدىڭىزمۇيا! — ئەر - خوتۇنچىلىق دېگەن تويغۇلۇق نەرسە ئەمەس، كۆزىڭىزنى ئېچىپ ئالدى - كەينىڭىزگە، ما ئەللە - مەھەللىگە قاراپ ئىش قىلىڭ. قاسىمكامنى گۆرىدە ئارامخۇدا ياتقىلى قويۇڭ، ئوغۇللىرىڭىزنى يۇرت ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇرگىلى قويۇڭ!

— قاسىمكام دېدىڭىزما، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولمايدىكەن، دادۇيجاڭ. مېنىڭمۇ قىينالغان، قىسىلغان يەرلىرىم بار، شۇڭا ۋاقتىدا بېشىمنى ئوڭشىۋالاي دېدىم.

— سىز خاتىرجەم بولسىڭىز، بىزگىمۇ، يۇرتقىمۇ ياخشى، — دېدى بۈساق يەنە چۈشەندۈرۈپ، — سەل ھەللىسىدىراق، سىڭىر - پاتار ئىش قىلىڭ. قۇناخۇننى كەمبەغەل كۆرسىڭىز، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سىز دېمەتلىك ئادەم تېپىلمىدىغۇ؟ ئۇ مەخەت دېگەن ... — بۇگۇن بۇ جانابىي مۇدىرنىڭ گەپ - سۆزلىرى خېلى جاي - جايىدا بولۇپ قالغانىدى. قىزىق يېرى ئادەتتىكى چاغدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇنچىلىك چىرايلىق گەپ چىقمايتتى، — ئىشقىلىپ،

ئۇ مەخەت دېگەن كۆزلىرىدىن بىر خىل قۇۋلۇق چىقىپ تۇرىدىغان يېتىم ئىكەن.

— هە ... گەپ شۇ يەردىمىدى. مېنىڭزە... ئۆزىدىن ياش، قاۋۇل ئەرگە تېگىۋالىدىغان بولدى دەپ ۋايىم يەپ كېتىپسىز – هە ! هوي، ئا كۇنىپېتىشتىكى ئۇسمان موللام يەتمىش ياشتىن ئاشقان ۋاقتىدا، ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان قىز ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئۆلۈپ قالدى. كۇنچىقىشتىكى موزدوز پۇشتى ئابدۇلئاشىقمۇ ئۆزىدىن ياش گۈلپاتىغا كۆيۈپ ھەلىمىخاننى تالاق قىلغىلى تەييار بولدى. ناماتمان موللىقۇناخۇن ئاخشام شۇنچە يىراق سايتۇگمىنىدىن قىز خوتۇن ئېلىپ كەلدى... ئەر خەقلەر قىلغاننى بىز قىلساق بولمامدىكەن؟ ! — مۇھەببەتخاننىڭ گەپ ـ سۆزلىرى جىددىي، ئىپادىسى قاتتىق ئىدى.

— چېغىڭىزدا ئەر خەقلەر قىلغاننى سىز قىلسىڭىز يارىشارمۇ، مۇھەببەتخان؟

— مەخەتكە كۆڭلۈم چۈشۈپ قاپتۇ، ئەمدى نېمە دەيسىز؟ — مۇھەببەتخان ئۆزىگە ياراشمىغان بىر قىلىق چىقىرىپ ئىما ـ ئىشارەت قىلدى.

بۇساق ئاغزىغا شاپىلاق يېگەندەك جىمىپ قالدى. ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى.

— قانداق، سىز بەگلىكتىكى تۆت ـ بەش يۈز ئادەمنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ، شۇنچە چوڭ يۇرتنى چۆرۈپ كەتكىنىڭىز بىلەن بىزدەك پۇت ـ قولىنىڭ ماغدۇرى بار تۇل خوتۇنلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ بولالمايسىز، شۇڭا پەم بىلەن خەت قىلىپ مېنى كاتىپقا يوللاپ بېرەمسىز؟

بۇساق ھىجايدى. ئۇ ئىچىۋالغاندا مۇشۇنداق ھىجىيىپ قالاتتى.

## 12. بۇزۇق ئاشىق

ئابدۇلئاشىقنىڭ گۈلپاتىنى ئالىدىغانلىقى راست بولۇپ

چىقتى. بۇنى بەگلىكتىكى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى.
مانا ئابدۇلئاشىقنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. بويۇڭ تۆگىگە يېتىپ ئەر ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغاندا، يەنە خوتۇن ئالىمەن دەپ، يېنىڭغا قولداش تارتىپ يۈرۈش قانداق خىجىلچىلىق ـ ھە !
بەگلىكنىڭ ئۆلىماسى ساۋۇق موللام ئۆچكە ساقىلىنى تىترىتىپ تېخىچە ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتىۋاتاتتى:
ـــ كۆز ئالدىدا بارىغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلماي، ھالال نىكاھلاپ ئالغان خوتۇننى خورلاپ تۇل خوتۇنلارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدە، قوناقلىقلاردا مەزلۇم خەقكە ساقال تاشلاپ يۈرگەن بەندىگە ياراتقان ئىگىسى ھامان خوتۇن تەڭلىكى سالىدۇ !
قىزىرىپ، تەرلەپ تۇرغان ئابدۇلئاشىق كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا موللامغا قارىدى. ئاغزى تىنىمايۋاتقان مەزىنىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، ئاۋازى تەئەددىلىك، ئاغزى پەتىۋادىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى:
ـــ خوتۇن تەڭلىكىگە قالغان بەندىگە چۈشىدە شەيتان ھەمراھ بولىدۇ. كۆڭلىگە شەيتان ئارىلىشىۋالغان ئەركەك ناپاكلىق، چۈشكۈنلۈككە مۈپتىلا بولۇپ، قىلغان ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ.
سۇلايمىناخۇن، ئىسلىماخۇن، موللىقۇناخۇن، تاشاخۇن، يەنە مەخەت قاتارلىق قولداشلىرىنىڭ قاتارىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەي تۇرغان ئابدۇلئاشىق ھەمتەڭ قولداشلىرىنىڭ، ھەتتا غوجاخۇن، نۇرئەلى، قوپەك، تۇرامەت، سىيىتچوڭ قاتارلىق ياشلارنىڭ ئۆزىگە ھىجىيىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، گۆشلۈك يۈزىنى لىپىلدىتىپ قويدى. قىزىللىق يۈزىدىن ئۆتۈپ قۇلاقلىرىغىچە يەتتى. بىركىم بېشىدىن سۇ قۇيغاندەك پۈتۈن ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. «ئاي ـ ۋاي ... قايناۋەرمىسىمۇ بوپتىكەن ئەمدى ... ئادەمنى خوتۇن يەڭگۈشلىگەنگە بۇرۇن ـ قۇلىقىغىچە تويدۇرۇپ! بۇ موللام خەقنىڭمۇ ئەجەب پەتىۋاسى جىق ئىكەن. ئۆزى تەرەت

ئېلىپ — بويىنى سۇغا سېلىپ جۈمەگە ماڭغاندا، ئۇسمىنى تومراق قويغان، سەل - پەل يورغىسى بار جۇۋاندىن بىرسى يولۇقۇپ قالسا، تەرىتى سۇنۇپ كېتىشىدىن خەۋىرى يوق يۈرىكى ئويناپ كېتىدىكەن. ئىش ئەپلىشىپ قالغۇدەك بولسا، سەللىسىنى جىگدىنىڭ چاتمىقىغا ئىلىپ قويۇشتىن يانمايدىكەن. قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ بويىنى سۇغا سېلىپ، كېچە - كېچىلەپ بويىنىغا قارا ئارغامچىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ خۇدادىن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيدىكەن. ئەممازە، بىر كىمنىڭ كىچىككىنە ئەيىبىنى تېپىۋالسا، ئاچچىق ئۈچەينى چۇۋۇغاندەك سوزۇپ - چۇۋۇپ خەلقئالەمگە بىر قىلمىۋېتىشتىن يانمايدىكەن. شۇڭىمۇ كونىلار: «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دەپ توغرا ئېيتقانىكەن - دە... ئادەمنى بۇنداق قىچىقلاپ جېنىنى چىقارماي، نىكاھىنى شاققىدە ئوقۇۋەتكەن بولسىمۇ بوپتىكەن، كىشىنى بىتاقەت قىلىپ ...»

ئابدۇلئاشىق خىيال ئىچىدە سامۇق موللامغا يەنە نەزىرىنى ئاغدۇردى. بۇ مەزىن بولسا قاش - كىرپىكسىز كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ئالدىدىكى نان، تۇزغا تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتاتتى. چوكاننىڭ ئاۋازى زىل چىقامدۇ ياكى بوم چىقامدۇ، نىكاھ قىلدۇرغاننى كۆرىمىز. ئالدىم - تەگدىم دېگەننى ئاڭلايمىز دەپ قارىشىپ تۇرغانلار «نىكاھ تاماشىسى» نى ئۇنتۇپ، ئىخلاس بىلەن ۋەز - نەسىھەت ئاڭلاۋاتاتتى.

— ئەستا ... — بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ تاقىتى تاق بولغان ئابدۇلئاشىق ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى، — كەچ چۈشۈپ كەتتى، يورۇق جاھاندا تويىنى يۆتكىۋالسام بولاتتى.

يېشى توختاپ، باللىرى ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان، نەۋرە يۈزى كۆرۈشكە ئاز قالغان ئابدۇلئاشىق موزدۇزلۇق ھۈنىرىدىن سوۋۇپ ئۆزىچە سەۋداغا ئايلاندى. يىگىرمە نەچچە يىل تۇز - تامىقىنى يېگەن خوتۇنى ھەلىمىخاننىڭ ئەتكەن تامىقى ئاغزىغا

تېتىمايدىغان، سېلىپ بەرگەن يوتقان كۆرپىسى داقىلاڭ، مېھرى سوغۇق بىلىنىدىغان، ئۇنى كەينىگە سېلىپ بازارغا، مېھماندارچىلىقلارغا ئېلىپ بارغۇسى كەلمەيدىغان، ئۆزىچە مىجەزى تەرسا، پۇت ـ قوللىرى ئىتتىك، تاياقچى بولۇپ قالدى. ئۇ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىمۇ خوتۇنى تۇغۇتلۇق ۋاقتىدا مۇشۇنداق قىلغان ھەم بىر چوكانىنىڭ ئېرىدىن تاياق يەپ، ئىككىنچى ئۇنداق يولغا ماڭمىغانىدى.

— كۆزۈمدىن بىر يوقالغىنا، خۇدا سەتى پەلچۈك قېرى! — ئابدۇلئاشىق بۈگۈن يەنە جېدەل ـ ماجىرانى باشلىدى. خوتۇنى ھەلىمىخاننى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاشقا تۇتۇندى. ئۇ قىزلىرىنى ياتلىق قىلغان، قۇدا ـ باجىلىق بولغاندىن بېرى خېلى ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، يەنە ...

— ناشتىلىقىنى قاغا ئەپقاچتىمۇ ماۋۇ بۇرۇتىنى كۈيە يەپ كەتكەننىڭ، — ھەلىمىخان پەشۋا تەگكەن كاسىسىنى سىلىغىنىچە ئېرىنىڭ ئالدىدىن قاچتى، — كۆتۈمگە تەپمە، توخۇ پوقى بۇرۇت، نىكاھ ئاجراپ كېتەرمىش!

— مېنى بىلمەمدىكىن دېگەنمىدىڭ؟ شۇڭا تەپتىم، جايىغا تەگسۇن، نىكاھ ئىتتىكرەك ئاجرىسۇن دەپ!

— توۋا خۇدايىم، توۋا! — ھەلىمىخان بېشىدىن چۈشۈپ قالاي دېگەن سېرىق نىلون ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى چىشلىدى. ئۇ خىيالىدا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى چىشلىگەنىدى، — نېمە بولغاندۇ بۇ خامان كالىسى ساراڭ ئوغرىغا؟

— ھېلى بىكار نېمە بولغىنىنى تۇيماي قالىسەن، پەلچۈك قېرى!

— توۋا خۇدايىم، توۋا! ... بېشىنى ھەرە چېقىۋالغان ماۋۇ ساراڭ كالىنىڭ قىلىقسىزلىقىنى... يىگىرمە نەچچە يىلنىڭياقى مېنى خوتۇن قىلىپ يانپېشىمنى سۆرەپ ماڭىدىغان پەلچۈك قىلىۋېتىپ، ئەمدى نېمە قىلاتتىڭ مەندىن ئاجرىشىپ؟!

— كاپشىماي، كۆزۈمدىن يوقال! — دېدى ئابدۇلئاشىق

قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — توكۇر ئىنەكتەك يانپېشىنى سۆرەپ ... يا بازارغا ئاپارغۇچىلىكى يوق، يا ئۆيئىچىلىكىنىڭ تايىنى يوق. ئادەمنى نومۇسقا ئۆلتۈرۈپ، — ئابدۇلئاشىق ھەلىمخاننى ياراتمىغاندەك ئۇنىڭغا سىڭار يان قارىدى.

— تۇۋا، خۇدايىم تۇۋا! ھوي نېمە بولدى ساڭا، يۈزى قېلىن ئوغرى؟ يېنىمنى سۆرىمىسەم، پەلچۈك بولمىسام، بازارغا ئاپىرىپ ساتاي دېگەنمىدىڭ؟!

— ماۋۇ قېرى بايتالنىڭ دېگەن گېپىنى! — ئابدۇلئاشىق بېشىدىكى رەڭگى ئۆڭگەن بادام دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ خوتۇنىنى قوغلىدى. ئېرىنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن خوتۇنى يۈرتىنىڭ كۆزىچە ھۇ تارتىپ يىغلاپ كىمنىدۇر پاناھ تارتىپ ماڭدى. بىچارە جۇۋان ئەرنىڭ ئۆيىدىن خاپا بولۇپ كەلسە، «مەيەرگە كېلىڭ، قىزىم» دەيدىغان ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، مانا ئەمدى قېرىشقاندەك ئەردىن قوغلىنىپ، ئىچى دەردكە توشۇپ كەتكەنىدى.

ئابدۇلئاشىق ھويلىدىكى ياڭاقنىڭ سايىسىدا بىردەم قاراپ تۇردى. يانچۇقىدىكى خالتىنى ئېلىپ تەر، توپا-تۇمان دەستىدىن قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئالىقىنىغا كۆك تاماكا تۆكۈپ، سارغىيىپ كەتكەن گېزىت قەغىزىگە ئورىدى. ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئىچ-ئىچىدىن ھۇزۇرلىنىپ شورىدى. خۇمارى بېسىلغاندىن كېيىن، بايا يۇمىلىنىپ تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ قالغان دوپپىسىنى ئېلىپ بېشىغا كىيىپ، جاراھەت ئىزى تۈپەيلى سول تەرىپى يۇپقا بولۇپ قالغان بۇرۇتىنى تۈزەشتۈردى.

ئائىلىدە خوتۇن، بالىچاقىسى بىلەن ئازارلىشىپ قالغان كىشىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر كۆڭۈل زېدىسى پەيدا بولىدۇ. ئەمما، قېرى ياڭاقنىڭ غولىدەك يوغان قورسىقىنى ئاۋايلىغاندەك، قوللىرىنى قورسىقىنىڭ ئۈستىدىن گىرەلەشتۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئابدۇلئاشىقنىڭ كۆڭلىدە خاپىلىقتىن ئەسەر يوق، كۆزلىرىدە

بىر شوخلۇق ئويناپ تۇراتتى. دىمىقىدا ئۇنلەپ، مەشرەپ ئاھاڭىغا غىڭشىيتتى:

...

ئاغزىڭغا ناۋات سېلىپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيدۇممەن.
خۇدايا تووۋا...

بۇ گۇلپاتىنىڭ بۇلبۇلدەك ئاۋازى ئىدى. خېلىدىن بېرى مۇشۇ ئاۋاز، مۇشۇ ناخشا ئابدۇلئاشىقنى سەۋدا قىلغانىدى. ئۇ خىيالغا چۆكتى:

يول قۇرۇلۇشى باھانىسىدە تېرەكلىرى كېسىۋېتىلگەن يەكشەنبە بازار ھەم قاقىرام، ھەم چۆل ئىدى. پۈتۈن بازار ئىچى ئادەم بىر تۇپ بۇيا تاپسا شۇنىڭ دالدىسىغا كىرىپ سايىدىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئالا ئېرىكنى سېتىپ بولۇپ بىردەم ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ كېتەي دەپ ئويلىغان ئابدۇلئاشىقنىڭ قاقىرامدا ھېچنېمىگە رايى بارمىدى. ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ ئاخىر يېڭى ئېچىلغان بىر دۇكانغا كىرىپ قالدى. بۇ گۇلپاتىنىڭ بەزمىخانىسى ئىدى.

ئېتىزدىن چىققان مەھسۇلاتلار ئانچە پۇل بولمايۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە خەقنىڭ قولىدا پۇل يوقمۇ ياكى بۇ يەر يېڭى ئېچىلغاچقا ياش باللار بىلمەمدۇ، ئەيتاۋۇر گۇلپاتىگە ئوڭچى مېھمان بولغان ئابدۇلئاشىق خوتۇن خەق دېگەننىڭ تاماق ئېتىش، كىر - قات يۇيۇش، يۇندا تۆكۈش، ئوتاق ئوتاش، پاختا تېرىشتەك ئىشلىرىدىن باشقا يېقىملىق ناخشىسى، يۈرەكنى ئوينىتىۋېتىدىغان دۇتىرى، جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان قاش - كۆزلىرى، تاتلىق گەپلىرىمۇ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. «ئادەم دېگەن مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرمەيدۇ، — دەپ ئويلىغانىدى ئۇ، — ئۆلىدىغان جانغا مۇشۇنداق قۇچاقتا بىر كېلىدىغان مىلىق - مىلىق خوتۇننى قۇچاقلاپ يېتىۋېلىپ

ئاندىن ئۆلسە كىشى ئارماندا كەتمەيدۇ. مۇشۇنداق خوتۇن قۇچىقىڭدا يېتىپ ناخشا ئوقۇپ بەرسە؛ ھەم يۇمشاق، ھەم ئاپپاق قوللىرى بىلەن دۇتىرىڭنىڭ پەدىسىنى بېسىپ، يۈرىكىڭنى ئويناتسا، تېنىڭ قانچە يايراپ كېتەر ـ ھە ... لېكىن، مېنىڭ ئۇ پەلچۈك خوتۇنۇم بۇ يىل قوتاندىكى كالا مۇزايلاپ تۆت بولسا، قويلار كۆپەيگەنسېرى ئوت ـ خەس يېتىشمەي قوتۇر بېسىپ كەتتى، كېۋىزىمىز جىقراق پۇل بولسا ھويلىدىكى مېھمانلىق ئۆينى جابدۇساق ... دېگەندىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئادەم قېشىغا كەلگۈدەك بولسا، ئۇ يېرىم ئاغرىيدۇ، بۇ يېرىم ئاغرىيدۇ، مېنى ئۇجۇقتۇرۇپ بولدى، ھۇ قېرىغىنىنى تويمايدىغان... دەپ داد ـ پەرياد كۆتۈرگىلى تۇرىدۇ. ئادەمگە تۇزۇككىنە ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ راھىتىنى بەرمەيدۇ، تاتلىقىنا ئىككى ئېغىز گېپى يوق، ھەممە ئىشتىن ئەنسىرەپ ـ ۋايساپلا يۈرىدۇ...»

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇلئاشىق گۈلپاتىگە ئۆگىنىپ قالدى. ئۇ يەردە توخۇ قوردىقى، ھاراق، كۈلكە ـ چاقچاق... ھەممە نەرسە بار ئىدى.

ياڭاقنىڭ تۈۋىگە تاختايىنى مۇنداقلا مىخلاپ ياسىۋالغان ئورۇندۇقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئابدۇلئاشىق قورسىقىنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاق كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەرنى سۈرتۈپ خىيالغا پاتتى. «كۆزۈمدىن بىر يىتسۇن كېسەل كۆرپىسى، ئۆي بىكار بولمىغۇچە گۈلپاتىخانغا سىزنى ئالاي دەپ چىش يېرىپ بىرنېمە دېگىلىمۇ بولمايدۇ.» ئۇ گۈلپاتىنىڭ يۇڭداپ تەييار قىلغان مېكىيانىنىڭ ئېتىدەك ئاق، مىلىق ـ مىلىق قولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاغزىغا توخۇ گۆشى سېلىپ قويغىنىنى سېغىنىپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. «لېكىن، شۇنچە قىلسامۇ مۇشۇ چاغقىچە قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمايدا ئۇ كاساپەت. ئاغزى تاتلىق بولغان بىلەن دىلى قاتتىق بىرنېمىمۇ يا ئۇ؟ بولمىسا ئۇيان ئۆتۈپ بىرنى، بۇيان ئۆتۈپ بىرنى دېگەندەك ئالا ئېرىكنىڭ پۇلىنى بىر ـ بىرلەپ سۇغۇرۇۋېلىپ يانچۇقۇمنى

قۇرۇقداپ بولدى. گېپى تاتلىق، لېكىن ئىچ سىرىنى بىلگىلى، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ئايال نېمىشقا ئادەمنىڭ مەيلىنى شۇنچە تارتىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ بوساق چوماقتا كۆڭلى بارمۇيا؟ مەن چوقۇم ئۇ خوتۇننى ئەيۋەشكە كەلتۈرمەي قويمايمەن. ئۇ پومسىلاقنىڭ يېنىغا بۈگۈن يەنە بىر بېرىپ تازا ... مۇشۇنداق كۆڭلۈم ئازار يېگەن چاغدا ھالىمغا يەتمىسە، ئاغزىمدىن گەپ چىقىرىۋېتەمسىنا...» ئۇ بىرسى كۆتىگە تەپكەندەك لىككىدە ئورنىدىن تۇردى. ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئەسكى ـ تۇسكىلەرنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغان كونا ئۆتۈك ئىچىدىن سارغىيىپ كەتكەن يۈز سوملۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى.

# ئىككىنچى باب

# كۆيۈشكەنلەر

## 1. ئۇزاق كۈن

دۇمبە، سۆڭگەكلىرىنى يېغىر باسقان قېرى، ئورۇق ئۇي غىچىرلاپ تۇرغان ھارۋىنى ئاران سۆرەپ كېلەتتى. شېغىللىق يولغا يېتىپ قېلىۋاتقان ئاچا تۇياقلىرى تەستە يۆتكىلىپ، ھېلىلا يېتىۋالىدىغاندەك كۆرۈنگەن ئۇينىڭ ئەتسىز ئۇستىخىنىنى قارا تەر باسقان، تۇمشۇقى يەر تىرەپ جاۋغىيىدىن كۆپۈك ئېقىپ قالغانىدى. قەدەمدە بىر پۇشقىرىتىپ ئۇزۇن يول، ئېغىر يۈكتىن ھالسىرىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

چوققىسىغىچە دۆۋىلەپ تاشتۇز بېسىلغان ھارۋىنىڭ يېنىدا ئۇينىڭ باشبېغىنى تۇتۇۋالغان ئېگىز بوي، قاڭشارلىق كەلگەن تاشخۇن ئۇي بىلەن تەڭ ھارۋا سۆرىگەندەك ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپ كېلىۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ھالى قېرى ئۇينىڭ ھالىدىن بەتتەر ئىدى. ئۇ ھارۋىنىڭ شوتىسىدىن قولىنى ئاجرىتىپ، تۇزنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ بىردەم ئۆپكىسىنى بېسىۋالغان بولسىمۇ بۇنچە ھاسىراپ كەتمەيتتى. ئەمما، ئۇ تۇزنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرىدىغان تۇزچىلاردىن ئەمەس ئىدى.

بەگلىكتە «تۇزچى ئىلگىرى باسمايدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار. بەگلىكلەرنىڭ نەزىرىدە تۇزچى سايدا تۇز قېزىۋاتقاندا تۇزغا دەسسەيدۇ. سايدىن بازارغا تۇز توشۇۋاتقاندا تۇزغا كۆتىنى يېقىپ ئولتۇرىدۇ. تۇزغا ئۇسۇرىدۇ، تۇزنى خارلايدۇ. شۇڭا، تۇزچىلىق قىلغان ھەرقانداق ئادەم بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئىشلىسىمۇ چاپىنى

تىزىنى، ئىشتىنى ئوشۇقىنى ياپماي، يەنىلا غورىبەتچىلىكتە ئۆتۈپ كېتەتتى. تاشاخۇن بەگلىكىنىڭ كونىلىرىغا ئوخشاش بۇ قاراشقا ئىشىنەتتى ھەم ئىلگىرى باسماي قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۇز بېسىلغان ھارۋىغا چىقىپ سالمايتتى.

تاشاخۇننىڭ كىچىكلىكىدىكى بىر ئىش ھېلىمۇ ئېسىدە: ئۇ بىر قېتىم دادىسى قاسىم تۇزچى بىلەن بەگلىكتىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى سايغا تۇز قازغىلى بارغاندا، دادىسى بىلەن تەڭ تۇز كولىدى. كاللەك ـ كاللەك تاشتۇزلارنى ھارۋىغا بېسىۋاتقاندا يەرگە چۈشۈپ پارچىلىنىپ كەتكەن بىر پارچە تۇزغا كۆزى چۈشۈپ قالغان دادىسى تاشاخۇننى بۇ تۇز ئۇۋۇندىلىرىنى ئادەم دەسسىمەيدىغان خالىيىراق يەرگە سۈپۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. ھېرىپ قالغان تاشاخۇن يەردىكى تۇز ئۇۋۇندىلىرىغا ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ پۇتى بىلەنلا بىر چەتكە تۇرتتى. بۇنى كۆرگەن دادىسىنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، قولىدىكى تۇز قومۇرىدىغان دوقمال پالتىنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇنىڭ ئوشۇقىغا بىرنى سالغىنىچە ۋارقىرىدى:

— ھۇ تۇزكور ! بىرەر ۋاقلىق ئاش ـ نېنىڭ تۇزسىز قالسا ئاغزىڭغا تېتىمايدۇ ـ يۇ، ئاشۇ جىنىدەك ئىشقا يەرگە ئېڭىشكىلى خۇشياقماي تۇزنى تېپىپ تۇرتەمسەن؟ !

شۇ كۈنى دادىسى تۇزنى بازارغا ئاپارغۇچە تاشاخۇنغا تۇزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلەپ، تۇزنى خارلىماسلىق توغرىسىدا كۆپتىن ـ كۆپ نەسىھەت قىلغانىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ تاشاخۇن تۇزغا ئەقىدە قىلاتتى. ئۇ دادىسى بىر ئۆمۈر ماڭغان ئاشۇ توگىمەس يولدا بىرەر قېتىممۇ تۇز بېسىلغان ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ باققىنىنى، تۇزنى خارلىغىنىنى ئەسلىيەلمەيتتى. تاشاخۇنمۇ دادىسىدەك تۇزنى ئۇلۇغلىدى. ئەمما، ئۇ بالىلىقىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىر ئۆمۈر تۇزچىلىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، خۇددى بىۋاقىت ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىغا ئوخشاشلا ئۆينىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ

بولالماي، كونىسى يېڭى بولماي بۈگۈنگە كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يېرى قۇرغاق، سۈيى ئاياغ پايناپ بولۇپ قالغان بەگلىكنىڭ ئايىغىدا كولىسا ـ كولىسا تۈگىمەيدىغان تاشتۇزنىڭ ھەمدە ئۆزلىرىگە تۇز قېزىپ بولسىمۇ جېنىنى جان ئېتىدىغان بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىدىن مىننەتدار ئىدى. يۇرت ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر تاشاخۇنغا ئوخشاش تۇزچىلىق قىلىپ جېنىنى جان ئېتەتتى. ئۇلار كۈندە كۆنۈشۈپ دېگۈدەك بازارمۇبازار تۇز ئاپىرىپ سېتىپ بۈگۈنگە كەلگەن بولسىمۇ، كۆپىنچىسىنىڭ تاشاخۇنغا ئوخشاش بۈگۈنگە تاپسا، ئەتىسىگە يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تۇز سېتىپ ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ياندۇراتتى، تۇز سېتىپ ئۆيىدە ياغ پۇرىتاتتى، تۇز سېتىپ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئۇستىبېشىنى غەملەيتتى. شۇڭىمۇ پۇت ـ قولىنىڭ ئازراق ماغدۇرى بارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇزغا يۈگۈرەيتتى. ئەمما، بۇساق چوماق كەنت باشلىقى بولغاندىن بېرى بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ پۇتىغا بىر باغلانچى چۈشتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە داڭ ئۇرۇپ كىشىلەرنى چۆرىسىگە يىغىۋالاتتى، يۇرتتا كىم بار، كىم يوق كۈندە ئۈچ ۋاق سۈرۈشتە قىلىپ ھېچكىمنى ھېچ يەرگە ماڭدۇرمايتتى. بىرەرسى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز بەگلىكتىن ئايرىلغۇدەك بولسا، شۇنىڭ پېيىگە چۈشەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشەتتى...

باش ـ كۆزىدىن تەر قۇيۇلغىنىچە قېرى ئۇي بىلەن تەڭ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان تاشاخۇن كەينىگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭغا بۇساق چوماق تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىدىغاندەك، ئېغىر يۈك ئاستىدا نالە قىلغاندەك غىچىرلاپ تۇرغان ھارۋىنى تۇز بىلەنلا ئۆرۈپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كۆڭلىنى غەم ـ ئەندىشە، ۋەسۋەسە چىرمىۋالغان بۇ بىچارە بەندە يەكشەنبە بازارغا تېززەك يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى.

كۈن پېشىندىن ئۆتكەندە بازارغا بىر ھارۋا تاشتۇز كىرىپ

كەلدى. بۇ ھارغان، ئاچقان، قەددى پۈكلەنگەن، تاپىنى قاپىرىپ تېشىلگۈدەك بولغان تاشاخۇننىڭ تۈزى ئىدى. ئۇ تۈزنى تېزرەك پۇل قىلىپ، كالىنى ئېغىر يۈكتىن ئازاد قىلىشنى، ئۆزىمۇ بەگلىككە قايتىپ بۇساق چوماقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشنى، يەنە خوتۇن ــ باللىرىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئويلايتتى. تاشاخۇن كالىنىڭ باشبېغىنى تاشتۈز، شور، ئوتۇن ــ ياغاچ بازىرىغا بۇراپ تىقماق ــ تىقماق بولۇپ كەتكەن كالا، ئېشەك ھارۋىلىرى ۋە ئادەملەر ئارىسىغا سىغدالدى. ئادەم، قوي، كالا، ئېشەك ھارۋىلىرى ئارىسىدا ئۇيان سۈرۈلۈپ، بۇيان سوقۇلۇپ قىستاڭچىلىق ئىچىدىن مىڭبىر جاپادا ئۆتۈپ، ئىلگىرى توختايدىغان ياغاچ مومىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇيىنى مومىغا باغلاپ، چوققىغا ئارتىلغان چىپتىدىكى سامانىنى ئالدىغا تۆكتى. ھاسىراپ، ئاغزىدىن كۆپۈك ئېقىپ تۇرغان كالا قۇرۇق سامانغا ئىشتىھاسىز بىر ھالدا قاراپ تۇراتتى.

تاشاخۇن بازارنىڭ مىجەزى قانداقكىن دەپ، دەسمالدەك قارىيىپ تۇرغان شاپاق بۆكى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئەتراپقا باقتى. ئۇنىڭ تەلىيىگە بازاردا ئۆزىدىن باشقا تۈزچى كۆرۈنمەيتتى. توپا ــ تۇمان ئۆرلەپ تۇرغان بۇ تارچۇق ئىلگىرى تۈزچى، شورچىلار بىلەن توشۇپ كېتەتتى. بۈگۈن ئەجەب... قارىغاندا، باشقا تۈزچىلار كېچىلەپ يولغا چىقىپ مەندىن بالدۇر بازار ئىگىلەپ بولغان بولسا، مېلىنى سۇ قىلىپ كېتىشكەن چېغى. بۈمۇ بىر ھېسابتا مېنىڭ سودام ئۈچۈن پايدىلىق. تۈزنى قولدىن چىقارسام، بۇۋىخېلىچىقا ئاياغ ئېلىۋالسام، ئاشقىنىغا دەپتەر غەملەپ بەرسەم... ئۇنىڭ قىشلىق تەتىلنى تۈگىتىپ مەكتەپكە بېرىپ ــ كېلىپ يۈرگىنىگە بىر ــ ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. كىچىكلىرىگۇ مەيلى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان قىز بالا ئۇنداق يالاڭ ئاياغ قالسا، قولۇم ــ قوشنىلارنىڭ كۆزىدە سەت تۇرىدىكەن ... تۈزۈكرەك ئايىغى يوق، تالا ــ تۈزگىمۇ چىقالمايدۇ بىچارە قىزىم... شۇنى دەپ بولسىمۇ ئىت خۇيلۇق بۇساقتىن

بۇرۇن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بازارغا قېچىپ كەلدىم بوگۇن...
تاشاخۇن خىيال سۈرگەچ خېرىدار كۈتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزىگە بازار ناھايىتى ئۆلۈك كۆرۈندى.

— ھەي تۇز، ھەي ئالىگەدەن تاشتۇز !

تاشاخۇن چۆچۈپ، خىيالدىن ئۆزىگە كەلدى. بۆكىنى ئالمان ـ تالمان بېشىغا كىيىپ كەينىگە قارىدى. كۆز ئالدىدا قاسقان شەپكىلىك ئىككى كىشى ئۆزىگە سۈر ـ ھەيۋە بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ھە ... سېنى دەيمەن، ھەيدە ھارۋاڭنى !

تاشاخۇن نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈمكىن، دەپ ئاۋۋال مۇگدەپ تۇرغان قېرى ئۇيغا، ئاندىن ئۆزىنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان كونا ئۇستىبېشىدىن تاپىنىغىچە قارىدى.

— ھە، يىرتىق ئايىغىڭغا قارايسەنغۇ ! ئەسكى ئايىغىڭنىڭ ئۇچىدىن سالىمىدەك ماراپ تۇرغان بارماقلىرىڭغا ئىچىڭ كۆيۈۋاتامدۇ؟

تاشاخۇن زادى نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، جىممىدە قاراپ تۇردى.

— سېتىۋاتقىنىڭ نېمە ئۇ؟

— تۇز.

— قانداق تۇز؟

— تاشتۇز.

— نېمە قىلىدۇ ئۇ تاش ـ داڭگالنى؟

— ئاشقا سالىدۇ.

— قانداق سالىدۇ؟

— قاپاقتا سۇ بىلەن شاللاپ، تەمىنى چىقىرىپ...

— سەن ئۇنىڭ زىيىنىنى بىلەمسەن؟ — قاسقان شەپكىسى تولىمۇ سۈرلۈك قىلىۋەتكەن بۇ ئادەملەر تاشاخۇننىڭ كۆزىگە كىرىشىۋالدى.

«زىيان» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرى

چەكچىيىپ كەتتى، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. تەمتىرىگىنىچە ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ دېدى:
— بىلمەيدىكەنمەن.
— راست بىلمەمسەن؟
— راست.
— يۇرتۇڭدا پوقاق يوقمۇ؟
— ئاندا ـ ساندا بار.
— ئۇنداقتا جىنايىتىڭنى بىلدىڭمۇ؟
تاشاخۇن تېخىمۇ چەكچىيىپ كەتتى ھەم دۇدۇقلاپ قالدى:
— جى... نايەت؟... بىلمەيدىكەنمەن.
— ئەمىسە بىلىپ قال، — دېدى بويى پاكار ھەم سېمىز قاسقان شەپكىلىك غالىبلارچە كۈلۈپ، — سەن ئۇزاقتىن بېرى تاشتۇز سېتىپ، خەقنى يودلۇق تۇز ئىشلەتكىلى قويماي، نۇرغۇن پوقاق پەيدا قىلدىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەن سەۋەبچى، قانداق؟
تاشاخۇن ئۆزىگە توقۇلغان توقۇمنى ئاڭلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ھەم بىردە ھارۋىدىكى تۇزغا، بىردە ئەتراپقا يىغىلغان دېھقانلارغا، بىردە تەلەتى سوغۇق قاسقان شەپكىلىكلەرگە قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.
— ھەيدە ياريار ھارۋاڭنى!
تاشاخۇن ئىككى يانغا قاراپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى موھتاجلىق مۇشۇ بىر ھارۋا تۇزغا يۆلەنگەنىدى.
— ھەيدەمسەن، يوق! ياۋاشلىق بىلەن ماڭساڭ كەڭچىلىك بار، كوشۇڭلۇق قىلساڭ، ياخشى كۈن يوق. پوقاقلارنى داۋالىتىسەن، پوقىقىنى كۆتۈرەلمىگەنلەرنىڭ پوقىقىنى كۆتۈرىسەن!
ئەتراپقا يىغىلغان كىشىلەر بۇ گەپلەرگە كۈلۈپ سالدى، ئەمما تاشاخۇننىڭ ھالىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىشتى. نېمە قىلىشنى

بىلەلمەي قالغان تاشاخۇن كالىنى مومدىن يېشىپ ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا چۇشۇپ ماڭدى.

ئۇلار تاشاخۇننى ئالدىغا سېلىپ يول بويىغا يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر قورۇغا باشلاپ كىردى. سەيناغا كاللەك ـ كاللەك تاشتۇزلار دۆۋىلىنىۋېتىلگەنىدى. تاشاخۇن بۇ تاشتۇزلارنى كۆرۈپ، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— بۇ يەرنىڭ قانداق يەرلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇلارنىڭ بىرسى يەنە تاشاخۇنغا تەلەتىنى بۇزۇپ.

— ياق، بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەن تاشاخۇن تاتارغىنىچە ئۈمچىيىپ.

— بىلمىسەڭ، بۇگۇن بىلىۋال، بۇ يېڭى قۇرۇلغان تۇز مەمۇرىيىتى. بىز سەندەك توپا ـ داشقال ئارىسىدىن تاشتۇز كولاپ سېتىپ، خەقنى پوقاق قىلىۋەتكەنلەرنى جازالايمىز. شۇڭا، ھارۋاڭدىكى تۇزنى چۇشۇرۇۋېتىپ، بەش يۇز كوي جەرىمانە تۆلەيسەن!

— جەرىمانە... بەش يۇز... — تاشاخۇننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى، — مېنىڭ بۇنداق ئىشتىن خەۋىرىم بولمىسا؟

— نېمىدەپ خەۋىرىڭ يوق سېنىڭ؟ نەچچە ھەپتە ئىلگىرى تېلېۋىزوردا ئۇقتۇرۇش قىلغانغۇ!

— بىزنىڭ ئۆيدە تىلىئۇزۇن دەيدىغان نەرسە بولمىسا؟

— تىلىئۇزۇن دېگىنىنى ما گادۇكىنىڭ، — ھېلىقى كىشى تاشاخۇننى دوراپ گەپ قىلدى، — ئۇنداق بولسا بازارغا چاپلانغان ئۇقتۇرۇشتىن، بازاردىكى تۇزنى باشقۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن خەۋىرىڭ باردۇ؟

— مەن خەت تونۇمايمەن.

— يالغان گەپ قىلما!

— راست، ئوبدان ئۇكام.

— ئۇنداق بولسا بەش يۇز كوينى تۆلىۋېتىپ، كالا ھارۋاڭنى ئېلىپ كەت! — ئىككىيلەن كالىنىڭ باشبېغىنى تارتىپ،

سىلكىشلەپ دېگۈدەك بۇلۇڭدىكى تېلېفون سىمىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىدى.

— مەندە پۇل بولغان بولسا، بۇنداق تەس ئىش ئۈچۈن ئۆمرۈمنى زايە قىلمايتتىم. ماڭا رەھىم قىلىڭلار.

— سەندە پۇل يوقمۇ؟ شۇنچە يىل تۇزچىلىق قىلىپ تاپقان پۇللىرىڭ قېنى؟

— بىر كۈن كەچكىچە ھېرىپ - ئېچىپ بىر ھارۋا تاشتۇزنى بازارغا ئەكىرسەم، جىق بولسا ئون نەچچە كويغا ئالىدۇ. خۇدايىم بېرىپ قالغان كۈنى يىگىرمە كويغا ئۆلىشىپ قالىدۇ.

— مانا ئەمەسما، سەن يا سايدىن تۇز قازغىنىڭ ئۈچۈن بىزگە بىر تىيىن تاپشۇرمىساڭ، بازارغا ئەكېلىپ لوق - لوق ساتساڭ، قانداقسىغا سەندە پۇل يوق بولىدۇ؟!

— شۇ پۇلنىڭ بېشىدا ئوت كۆيىدۇ، جېنىم ئۇكام. بەزىدە بازاردىن يانار - يانماي تاپقان - تەرگىنىمنى بۇساقاخۇننىڭ چۆنتىكىگە سېلىپ بېرىمەن. تولىسى بازارغا قاتراپ يۈرۈپمۇ كەچلىرى خوتۇنۇم مەسۇدىخاننىڭ ئالدىغا قولۇمنى سېلىپ سالپىيىپ كىرىمەن...

— مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىم يوق، جەرىمانىنى تۆلىمىسەڭ، كالاڭنى قويۇپ كەت!

تاشاخۇن يالۋۇرغانسېرى، ئۇلار قېتىۋالدى ھەم خىرامان ھالدا ئىشخانا ئالدىدىكى لەمپە ئاستىغا كېلىپ، كىمدۇر بىرسى كۆتۈرۈپ كەلگەن قوغۇننى تىلىپ مەززە قىلىشقىلى تۇردى.

تاشاخۇن گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. ئەلەڭ - سەلەڭ ھالدا كالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قاقىرام ئاپتاپتا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭغا بىر چىنە سوغۇق سۇ بولغان بولسىمۇ، پوتىسىدىكى زاغرىسىنى چىلاپ يېگەن بولسا، پۇت - قولىغا ئاز - تولا جان پەيدا بولاتتى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ يۇمۇلۇپ قالاي دېگەن تاشاخۇن يېنىدىكى تىنىقى ئۆزىگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئۇيغا قارىدى. بىچارە بايقۇشنىڭ

قېرىلىقتىن مۈڭگۈزى يىگىلەپ بىر يانغا قىيسىيىپ، كۆزلىرى ئىگىسىنىڭ كۆزلىرىدەك يېرىم يۇمۇلغان بولۇپ، ھېلىھەم كۆپۈك ئېقىپ تۇرغان ئاغزى تىنىمسىز كۆشەيتتى. ھارۋا شوتىسى ئىچىدىكى قورسىقى ئىچىگە پاتقان، ئۇستىخانلىرى جىنازىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. چىلىدە قالغان قويرۇقىنىڭ پۇتۇن ئوزايىغا چاپلىشىۋالغان سالجا ـ كانىلارنى قورۇغۇدەك مادارى يوق ئىدى.

## 2. يارنىڭ يولى چىتلاقلىق

بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ: يەتتە يىلدا ئۈچ بالىغا ئانا بولغان زورىگۈل ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يامانلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ ئىشلارغىمۇ ئاز كەم بىر يىل بولاي دېدى.

ئۇ كۈنى ئىككى قۇدا — سۇلايمىناخۇن بىلەن ئىسلىماخۇن ساقىلىنى سۈرەپ ئېتىزلىقتىلا تۇتۇشتى. شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا «خوتۇنۇڭنى، قىزىڭنى...» دېيىشىپ سەتلىشىپ كەتتى. ئۇ ئىش شۇنچىلىك تاسادىپىي يۈز بەردىكى، نۇر ئەلىمۇ دادىسى بىلەن قېيىنئاتىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىرقىراپ قالدى.

بۇ ئۇششۇك ماڭغان كۈنلەر ئىدى. ئېتىز ـ ئېرىقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قولى بىكار بولۇپ قالغان سۇلايمىناخۇن نەدىن ئۇقۇشتىكىن، بىر زەنجىر تاپاننى ئەكېلىپ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى كېۋەزگە قالدۇرۇلغان يەرلىرىنى تۇرتۇپ توپىسىنى ياندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھەم تۇيۇقسىز، ھەم ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشلانغان بولغاچقا، مەھەللىدىكىلەر سۇلايمىناخۇننىڭ نېمە خىيالى بارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، زەنجىر تاپاننىڭ ئەتراپىغا يىغىلغانىدى. بۇ چاغدا ئىسلىماخۇن نۇرئەلى بىلەن ئۆزىنىڭ كېۋەزگە قالدۇرغان ئاق يېرىگە توڭ ياتقۇزۇش ئۈچۈن سۇ ياقىلاپ چېپىپ يۈرەتتى. ئىسلىماخۇن توپىسى تۇرتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقىدىن بىر مېتىرچە

ئولتۇرغۇزۇۋالغان قۇدىسىنىڭ يېرىگە قاراپ بىر ئىزىدا تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ قارا كۆسەي قوغۇندەك قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، كەچ كۇزنىڭ ئاپتىپىغا ئوخشاش سوغۇق تۇس ئالغانىدى. قۇدىسى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ ئۇنىڭ يېرى بىلەن كارى بولمىغانىدى. ئەمدى بۇ يەرلەر توپىسى تۇرتۇلۇپ مۇشۇنداق ئولتۇرغۇزۇۋېتىلسە، سۇلايمىناخۇننىڭ يېرىگە سۇ چىقمايتتى. چۈنكى، ئىسلىماخۇننىڭ ئېتىزىغا كېلىدىغان سۇ سۇلايمىناخۇننىڭ يېرىنىڭ بېشىدىكى ئېرىقتىن ئۆتىدىغان بولۇپ، سۇلايمىناخۇن مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەردىن ياندۇرۇلغان توپىنى ئاشۇ ئېرىق تەرەپكە تۇرتۇپ، ئېرىق ئورنىدا تاغدەك توپا دۆۋىسى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. بۇ ئىسلىماخۇنغا خۇددى سۇلايمىناخۇن: «مەن ياشاي، سەن ئۆل! »، «مەن مۇنداق قىلسام، سەن قانداق قىلالايتتىڭ؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— سەن لامزەللىنىڭ خوتۇنۇڭغا گېپىڭ ئۆتەمدۇ ـ ئۆتمەمدۇ؟! — كەتمىنىنى مۇرىسىگە سالغىنىچە ئېتىزلىقتا قويۇندەك پىرقىراپ يۈرگەن ئىسلىماخۇن ئوغلىنى بازلاپ جېدەلگە ئۇرۇق سالدى، — بىزنىڭ ئۆيدە قوناقنىڭ پاتىقىنى سويىدىغان، چالا ئېچىلغان غوزەكىنىڭ پاختىسىنى ئايرىيدىغان ئىشلار ئىتتىنىڭ تۆكىدىن تولا تۇرسا، ئاناڭ بىر قولىنى ئۇن قىلالمايۋاتسا، خوتۇنۇڭ دېگەن بىرنېمە نېمە قىلىدۇ ئانىسىنىڭ ئېتىزلىقىدا؟!

نۇرئەلى چېھرى قارىداپ كەتكەن دادىسىنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈدى ھەم ئۇنىڭ «ئېشەككە كۈچى يەتمەي توقۇمىنى ئۇرۇۋاتقان» لىقىنىمۇ چۈشەندى. نۇرئەلى بىرەر باھانە تېپىپ خوتۇنىنى قېيىنئاتىسىنىڭ ئېتىزلىقىدىن چاقىرىۋالماق بولدى. زەردىسى قايناۋاتقان دادىسى بولسا، ھە دېگەندە ئۇنى تىللاپ تۇراتتى:

— گەپ قىلە، لاتاغۇزژەك! سەن خوتۇن ئالغانمۇ ياكى ئەرگە تەگكەنمۇ؟!

— شۇ... شۇ... ئۇنىڭ بىلەن ئاقتاما يېرىمىزنىڭ دۆشىسىنى ئېلىۋاتسام، قېيىنئاتام ماڭا بىردەم قارىشىپ بەر، دەپ قىچقاردى...

— ھۇ، خوتۇنىنىڭ ئالدىدا تىرناق تاتىلايدىغان موس - موس، گەپ قىلمىسام قاچانغىچە مەدىكار ئىشلەيسەن ئۇ خەقكە؟!

شۇ ئارىلىقتا تىراكتورنىڭ مېيى تۇگىدىمۇ ياكى بىر يېرىدىن كاشىلا چىقتىمۇ، ئىشقىلىپ ئىسلىماخۇننىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەپ تۇرغان ئۇ بالاتەگكۇرنىڭ زۇۋانى ئۆچتى.

— ھە گەپ قىلە، ئۇ ئەر سېزىكى قورسىقىدىن بالا ماراپ تۇرغاندەك، كېلىن بولۇپ ھويلىمىزغا كىرەر - كىرمەي ئارقىمۇئارقا ئۇچنى تۇغۇپ، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىۋېتىپ، يەنە غېمىدە يوق ئانىسىنىڭ كۇلۇڭغا كاكىلايدۇ. يەيدىغان چاغدا بىزنىڭكىدە، ئىش قىلىدىغاندا ئانىسىنىڭكىدە يۇرۇپ كۇن ئۆتكۇزۇۋاتىدۇ. سەن خوتۇنىنى مۇشۇنداق باشقۇرامسەن؟ — ئىسلىماخۇننىڭ بايا تىراكتورنىڭ گۇركىرىشىدە ئاڭلانماي قالغان ئاۋازى ئەمدى پۇتۇن ئېتىزلىققا بىر كەلدى. ھەتتا ئىشىم توختاپ قالمىسا بولاتتى، دەپ تىراكتورنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۇرگەن سۇلايمىناخۇنمۇ قۇدىسىنىڭ يامان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلگۇردى.

— ھەي... ھەي... ھاي... زورىگۇل، ما يەرگە كېلەۋە، سەت! — نۇرئەلى خوتۇنۇمنى چاقىرىۋالسام، دادامنىڭ ئاچچىقى بېسىقارمىكىن دەپ زەردە بىلەن ئۇنى چاقىردى. زورىگۇل ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قولىدىكى كەتمەننى دادىسىنىڭ ئېتىزلىقىدا قويۇپ، ئېگىز - پەس يەردە مۇدۇرۇلگىنىچە يېتىپ كەلدى.

— ئا كەتمەننى ئېلىپ كەلسىلە، بالام! مۇشۇ ئېتىزلىقتىمۇ ئاشۇنداق كەتمەن چاپىدىغان ئىش بار. يەيدىغاننى بۇ يەردىن يەپ، ئەۋەگە بېرىپ كاكىلايدىغان خۆيلىرىنى تاشلىسىلا ئەمدى، ئا باللارمۇ ئېغەككە تاقاشقىلى تۇرغاندىكىن!

لوپۇلداپ ھاسىرىغىنىچە كەلگەن زورىگۈل قېيىنئاتىسىنىڭ زەھەردەك گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاقتاملىقتىكى بوش توپىغا پىتىپ تۇرۇپ قالدى. بىر دە ئىپرىنىڭ كۆزىگە، بىر دە قېيىنئاتىسىغا قاراپ نېمە گەپ بولغانلىقىنى، ھەممىشە خاپا بولۇپ چېچىلىپ يۈرىدىغان قېيىنئاتىسىنىڭ يەنە نېمىگە خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولدى.

— ماڭە، دىردىيىپ تۇرماي ھويلىغا كىر، ئۆگزىگە چىقىپ قوناقنىڭ پاتىقىنى سوي! — نۇرئەلى خوتۇنىغا قاتتىق راق تېگىپ، دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا گېپى ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى ھەم شۇ ئارقىلىق دادىسىنىڭ ئاچچىقىنى پەسكويىغا چۈشۈرۈپ، تەرسا دادىسىنى جېدەل ئۇرۇقى چېچىلاي دەپ قالغان بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشنى ئويلىدى. ئەمما، دادىسى نۇرئەلىدىن بەكرەك ئۆتكۈزۈپ كېلىنگە نەشتىرىنى سانجىشقا باشلىدى:

— شۇنداق قىلسىلا، خېنىم! ما ئۆيدىمۇ بولسا يېگىلى، كىيگىلى بولىدۇ. بىز سىلىنى كېلىن قىلىپ ئەكىرگەندە، قورساقلىرى بىلەن ئۇچىلىرىنى كۆتۈرەگە ئالىدىغانغا دېيىشمىگەن، ھەممىنى بىز بىلەن تەڭ تارتىشىپ بىرەمدىكىن دەپ بالىچىلاپ ئەكىرگەن ...

زەھەردەك گەپلەر زورىگۈلنىڭ يىغا ئىشكىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ سەلدەك ئۇلۇغ يىغىغا كانىيىنى قويۇپ بېرىپ، ھۆكۈرىگىنىچە دادىسىنىڭ ئېتىزلىقىغا يامانلاپ ماڭدى.

— ۋاي بىردەمنىڭ ئىچىدە نېمە بولۇپ كەتتى؟ — كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قۇلىقى ئىسلىماخۇنلاردا، ئۆزى تىراكتورچىنىڭ كەينىدە ھېلى ئامبۇر، ھېلى كولۇچ كۆتۈرۈپ يۈرگەن سولايمىناخۇن ئىشىنى تاشلاپ قىزىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

كېلىنىنى قاچۇرۇۋەتكەن ئىسلىماخۇن يەنە ئوغلىغا ھۆرپەيدى:

— پوكىنىدىن چىقالمىغان خوتۇنىڭنىڭ ھالى

شۇنچىلىكمىدى؟ ھىندىنىڭ بۇتىدەك قېتىپ تۇرماي، ماڭە، بېرىپ ئالدىنى توسۇۋال! پۇلغا ئالغان خوتۇن ئۇ...

غۇژمەك بولۇۋالغان قولۇم ـ قوشنىلار ئۇتى ئۆچۈپ قالغان زەنجىر تاپاننىڭ تاماشىسىنى تاشلاپ، يېقىندىن بېرى پات ـ پات «ئۆرىدەككە چىقىش»ىدىغان بولۇپ قالغان تام قوشنا قۇدىلار ئىسلىماخۇن بىلەن سۇلايىمىناخۇننىڭ تاماشىسىغا داخىل بولدى. كېتمۇاتقان زورىگۇل ئېرىنىڭ توسۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي بىردىنلا ھۇ تارتىپ يىغلاپ پۇتۇن ئېتىز ـ دالانى ــ بەگلىكنى بېشىغا كىيدى. ئېرى بىلەن تەڭ شاپاشلاپ كەلگەن زۇرنىساخان نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايلا ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

ــ بۇ كۆكپىتلار نېمە قىلدى سىزنى، بالام؟

ــ ئۇ خەقنىڭ ئۆيىدە كېلىن بولۇپ ئولتۇرۇشقا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. يەتتە يىلنىڭياقى ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرگىلى ئۇنىماي، كۇندە يۇنداكەشلىككە سالغان. ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى قورساق ئاچسا، ئۇ خوتۇننىڭ كۆزىنىڭ تېگىگە قارىماي ئارامخۇدا بىر چىشلەم نان ئۇشتۇپ يېگىلى بولمىغان... ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ!... بۈگۈن يەنە قىر ئاتلاپ دادامنىڭ ئېتىزىغا ئۆتۈپ بولغۇچە پوقتىن سېسىق گەپ قىلدا!

ــ ھۇي، نېمە دەيدۇ، ماۋۇ خېنىم! ــ يەردىن ئۇندىمۇ ياكى ئاسماندىن چۈشتىمۇ، ئىشقىلىپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مىرۋانىخاننىڭ غۇدۇ ـ غۇدۇڭى ئاڭلاندى، ــ كېلىن دېگەننى يۇنداكەشلىككە سالماي، يەتتە قات كۆرپىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ يەلپۈپ قويامدۇ بىركىم؟

ــ غېجەكلىرىنىڭ ئۈنىنى پەسرەك قىلسىلا، مىرۋانىخان، ــ زۇرنىساخان زورىگۈلنى قويۇپ، ئەلپازى يامان كۆرۈنگەن قۇدىسىغا يۈزلەندى، ــ ھېلىمۇ نەچچە ۋاقىتنىڭياقى قىلغانلىرىغا بىز چىداپ كەلدۇق، ئۆزلىرىنى سەل بېسىۋالسىلا بولامدىكى!

ــ غېجەكنىڭ گېپىنى قىلماي، سىلىمۇ ئېشەكلىرىنى

بوشراق ھاۋراتسىلا، زۆرنىساخان. ھېلى بىكار سېسىقى چۈۋۈلۈپ چىقمىسۇن!

— ھە، نېمە گەپ؟! — غۇلاچتا بىرنى چامداپ يېتىپ كەلگەن سۇلايمىناخۇن تېخىچە يىغلاۋاتقان قىزىدىن سورىدى، — سېنى كۆندە يىغلىتىدىغانلىغا بۇ خەقنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇغانمىدىڭ!

— خەق دېگەن ئېشەك بازىرىدا، سۇلايمىناخۇن. ئاغزىڭلىنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلارسىلە! — خوتۇنىغا بولۇشۇپ تۇرغان ئىسلىماخۇن ئىككى قەدەم چامداپ سۇلايمىناخۇنغا يېقىنلاشتى، ئەمما چېگرا ئاتلاپ، «قارشى تەرەپنىڭ تۇپرىقى»غا دەسسەپ قالسا كەتكۈزۈپ قويىدىغاندەك ئۆز ئېتىزىنىڭ قىرى ئىچىدە توختاپ قالدى.

— كۆكەرمەي گەپ قىلىڭلا، ئىسلىماخۇن. مەن تېخى سىلىدىن گەپ سورىمىدىم. قىزىمدىن ئۆتكەن بولسا، ئەلۋەتتە قىزىمغا نەسىھەت قىلغۇچىلىكىم بار.

— خەق قىزارسا، كۆكەرمەي تۇرغىلى بولمايدىكەن ئاينا!

قارىشىپ تۇرغان قوشنىلار بۇ ئىككى قۇدىنىڭ گېپىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى. سۇلايمىناخۇننىڭ قىزىل كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولدى:

— قىزىرىدىغان نېمە ئىكەن ئۇ؟ — ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۈلكىسىدىن ئىززىتى چۈشكەندەك بولغان سۇلايمىناخۇن ئەمدى راستلا قىزاردى، — خەقنىڭ ئاجىز يېرىنى كۆكەرتىپ قويىدىغان ھېلىقى ئۇچلۇق قىزىل نەرسىمۇيا؟

ئەمدى ئىسلىماخۇنمۇ تېرىكتى. خوتۇنلاردىن قېلىشقۇسىز ھالدا ئاغزىنى قويۇۋەتتى. ئېتىز قىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەرلەر ئەرلەر بىلەن، ئاياللار ئاياللار بىلەن، باللار باللار بىلەن تىللىشىش باشلىنىپ كەتتى:

— ھۇ، قىزىلمۇچلار!

— ھۇ، كۆكەمىلەر!

— ھۇ، ئوغرىلار!

— ھۇ، بۇلاڭچىلار!

تاماشا كۆرىدىغانلار كۆپەيدى. قوللىرىنىڭ ئالىقىنى بىلەن ئېغىزلىرىنى دالدا قىلىشىپ تۇرۇپ كۇسۇرلاشتى. نەدە ئۇرۇش - جېدەل بولسا شۇ يەردە تاماشا كۆرۈپ كۆڭلىنى ئېچىشقا ئادەتلەنگەن تۇرامەت قاششاق، باز - بازچى ئابدۇلئاشىق، قوپەك ھاڭۋاقتى، سەيداق دوقىلار ئۇرۇشۇۋاتقان قوشنا قۇدىلارغا قاراپ ھە دەپ گەپ ئاۋۇتاتتى:

— بۇ ئىككىيلەنزە كېلىن ئەكىرگىلى، قىز بەرگىلى ئادەم تېپىلمىغاندەك بالىلىرىنىڭ رايىغا بېقىپ قۇدىلىشىپ قويۇپ، مانا ئەمدى...

— كاجنى جاھىل ئوڭشايدۇ دەپ، بىر - بىرى بىلەن تېپىشقان داڭلىقلارغۇ بۇلار!

— شۇ، ئىسلىماخۇنمۇ يەنە بىر قۇدىسىنى ئىلگىركىن تويغۇزغان، غىت قىلدى قىزىنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، كۇيۇ ئوغلى غوجاخۇننى راسا دوڭغايتقان، مانا ئەمدى ئۆزىگە كەلدى تازا!

— سۇلايمىناخۇن ئادەم ئەخمەق قىلغىلى ئۇنىڭدىن ئۆتە ئۇستا.

— شۇڭا، بۇلارنىڭ بىرسىنى قىزىلمۇچ، بىرسىنى كۆك دەيدىكەنمىز - دە ...

كىشىلەر تاماشا كۆرۈپ بولالماي، يالىقى يېيىلىپ كەتكەن پەيتتە جېدەل ئۇلغىيىپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئېتىزىدىن قىرغا قىستاپ كەلدى. بىر - بىرىگە قوللىرىنى سوزۇشۇپ، ئەر قۇدىلار كېكىردەكلىشىپ، ئايال قۇدىلار چاچ يۇڭدىشىپ ھۆركىرىشىپ، بالىلار تاتىلىشىپ چىرقىرىشىپ كەتتى، ھەتتا قېمىزخان بىلەن غوجاخۇنمۇ بۇ جېدەلدىن قىسىر قالمىدى، شۇ ئەسنادا بىركىم چاقىرىپ كەلدىمىكىن، جېدەلنىڭ بېشىدا سامۇق موللام پەيدا بولدى. قاتمۇقات قىلىپ يۆگىۋالغان ئاپپاق سەللىسى كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان بۇ يۇرت ئۇلۇغى ئادىمىيلىكتىن چىقىپ ئىت - مۇشۇككە ئوخشاپ قالغان ئاۋۇ

بەندىلەرگە قاراپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇغىنىچە بېشىنى چايقىدى. ئاللانى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن قىيامەتتە كۆرگۈلۈكى بارلىقىنى يادىغا سېلىپ قويدى. قارىشىپ تۇرغانلارغا تاماشا كۆرمەي، ئۇلارنى ئاجرىتىشقا بۇيرۇق قىلدى.

شۇ كۈنى بۇ ماجىرا تەستە بېسىقتى. ھالبۇكى، جېدەل كۆرۈنۈشتە بېسىققان بولسىمۇ، قۇدىلارنىڭ قەلب ئېتىزىغا ئاداۋەت ئۇرۇقى چېچىلدى.

* * *

— تاخ، تاخە ھوي، توخۇ پوقىنىڭ توخۇلىرى! — ئارقا ھويلىنىڭ بېغىغا چىقىپ، كۆكتاتلىقتا توختىغان مىرۋانىخاننىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئاغزى ئېچىلدى، — ۋايجان - ۋايجان! ھۇ ئاجناپىنىڭ توخۇلىرى، دەرۋازا ئالدى، ھويلىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە توخۇ پوقىنىڭ دەستىدىن يەرگە دەسسىگىلى بولمىغان. يا بىردەم - يېرىمدەم ئارام ئالاي دەپ ياتسا، توخۇنىڭ ۋاتاقلاشلىرىدىن تېخى كۆزنى يۇمغىلى بولمىغان. مانا ئەمدى ئوتياش چۆنەكلىرىمگە ئۇلاشتى بۇ يېنى يامانىنىڭ توخۇلىرى! ۋايجان، ۋايجان... — مىرۋانىخان يەردىن چالمىلارنى تېرىپ ئېلىپ كۆكتاتلىقتا بەھۇزۇر دانلاۋاتقان توخۇلارغا ئېتىشقا باشلىدى. ئەمدىلەتىن قۇلاق چىقىرىپ يەرنى كۆكەرتەي دېگەن چامغۇر، پالەك، كەرەپشە قۇلاقلىرىنى چوقۇلاپ ئالىپاساق قىلىۋەتكەن ئون - ئون بەشچە مېكىيان ئۆزلىرىگە باش بولۇپ قانات سۆرەپ يۈرگەن قىزىل خورازغا ئەگىشىپ قاقاقلىغىنىچە قاچتى. پەيلىرى باغجانلاپ تۇرغان سۆلەتلىك خوراز - مېكىيانلارنى ئۆزىنىڭ كەلگەن يېرى — سۇلايمىناخۇنىڭ ئارقا ئىشىكى تەرەپكە باشلىدى. ئۇركۈپ كەتكەن بۇ توخۇلار بەئەينى مىرۋانىخاننى تىللاۋاتقاندەك بەس - بەستە قاقاقلاپ، مەھەللىنى بېشىغا كىيدى. مىرۋانىخان بولسا

ئاشۇ توخۇلاردىن ئۆتە قاقاقلايتتى:

— ھۇ، بېشىنى يېگۈرنىڭ توخۇلىرى، قارنى بالا ھارامخورلار ! ...

مىرۋانىخان توخۇلارنى تىللىغان بولۇپ قورسىقىنى بوشاتتى. زۇرنىساخان قىزىنى ئۇلتۇرغۇزۇۋالغان بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۇنىڭ ئاغزى بېسىلماس بولۇپ قالغانىدى. پەيت تاپسىلا دارىتىملاپ قورسىقىنى بوشىتاتتى. پۇتۇن مەھەللىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ قوشنا قۇدىسىنى تىللايتتى. ئۇلارنىڭ توخۇ، كەپتەرلىرىمۇ خۇددى ئارىدىكى يىرىكچىلىكنى بىلىدىغاندەك كاتەك - قۇملىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ ئۇدۇل ئىسلىماخۇننىڭ كۆكتات، زىرائەتلىرىگە، ئۆگزىسىگە دانلاقا چۇشەتتى. قۇدا تەرەپنىڭ چوڭىدىن كىچىكىگىچە، ئۇلاغ - ئۇلمەكلىرىدىن تارتىپ، توخۇ - كەپتەرلىرىگىچە ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىشى ئىسلىماخۇنلارنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتى

— نى ... نېمە بولدى، خوتۇن؟ نېمىگە قاينايسىلە؟ — ئېتىزلىقتىن كەيپسىز بىر ھالدا كەلگەن ئىسلىماخۇن خوتۇنىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— نېمە بولغانلىقىنى مەندىن سورىماي، كۆزلىرىنىڭ بالىخانىسىنى يوغان ئېچىپ قارىسىلا ئوتياش - چۆنەكلەرگە... ھوي، قوللىرىدىكى نېمە ئۇ ئەمدى؟ — زۇرنىساخان ئېرىنىڭ قولىدىكى نابۇت بولغان بىر تۇتام مايسىغا قاراپ چەكچەيدى.

— نېمە بولاتتى، قوغۇن مايسىسى ! — ئىسلىماخۇن تاشالماي تۇرغان چۆگۈندەك ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي قايناپ كەتتى، — قوغۇنلۇققا بارسام، بىر توپ كەپتەر دانلاقا چۇشۇپتۇ، يېقىنلاپ كېلىشىمگىلا، پالاقلاپ ئۇچۇپ كەتتى. لېكىن، ئۇلار ئەمدىلا يەردىن بېشىنى چىقارغان يۇمران مايسىلارنى ئاللىقاچان نابۇت قىلىۋېتىپتۇ. قىلغان ئەجرىمىز پۇتۇنلەي يوققا چىقىپتۇ !

ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدا كۆيۈپ تېخىمۇ قارىداپ كۆمۈرگە ئوخشاپ قالغان زۇرنىساخاننىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۇس

ئالدى:

— ھەممىنى نابۇت قىپتۇما؟

— تۈگەپتۇ زادى !

— ۋايجان - ۋايجان، قايسى ئۆلۈمتۈكنىڭ كەپتىرىدۇ؟

— مۇشۇ قىزىلمۇچلارنىڭ بولماي، كىمنىڭ بولاتتى؟! — ئىسلىماخۇن يىرىك، قاداقلاشقان قولىنى پېشانىسىغا سايىۋەن قىلىپ، سۇلايمىناخۇننىڭ ئۆگزىسىنى ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەرگە قارىدى، — ئېتىز ئوتتۇرىسىدا ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ قاراپ تۇرسام، ئۇدۇل ئاشۇلارنىڭ ئۆگزىسىنى كۆزلەپ ئۇچۇپ كەتتى.

— مۇنداق دېسىلە تېخى ! — مىرۋانىخان ئېرىنىڭ ئىچىنى ئۆرلەتتى، — ئۇ خەقنىڭ توخۇلىرى ئوتياشلىقىمىزدا، كەپتەرلىرى قوغۇنلىقىمىزدا ئوردىكۇم ئويناپ تۆپە - تۆپىلەپ زىيان سېلىۋاتسا، ئۆزلىرى ئۇدۇل كەلگەن يەردە قىرىچە - يېنىچە تېگىپ ماڭغۇزمايۋاتسا، بىزگە كۈن يوقمۇ زادى؟! بىز ما بەگلىكتە ياشامدۇق، يوق؟

— مەن ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىغا كۆزۈمنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرىۋەرمەيمەن، ئىچىگە ئۇرۇۋېتىمەن، زىيان دېگەننىڭ ئاچچىق بولىدىغانلىقىنى تېتىتىپ قويىمەن !

— بۇياققا كەلسىلە، بۇياققا، — مىرۋانىخان ئېرىنىڭ قولىدىكى كەپتەر چوقۇلاپ بىغىشى ئۇزۇۋېتىلگەن قوغۇن مايسىلىرىنى ئېلىپ، سۇلايمىناخۇننىڭ ئارقا ئىشىكى تەرەپكە بويۇندىدى.

— نەگە؟ — ئىسلىماخۇن كەينىگە داجىدى.

— ئا خەقنىڭ ھويلىسىغا !

— قانداق قىلىسىلە؟

— كىرىپ دېمەيمىزمۇ مۇنداق؟

— نېمىنى دەيتتىڭلا؟

— ماۋۇ زىياننى كىم تۆلەيدۇ، دەپچا !

— ئەخمەق بولماڭلا، ھاي ! — ئىسلىماخۇن خوتۇنىنىڭ
ئالدىنى توستى، — ھەر قېتىم بىر ئىش بولسا تالاغا چىقىپ،
ھەتتاتا - شاتتاتا قىلىپ ئەزان ئوقۇپ، مەھەللىنى بېشىڭلىغا
كىيىپ، ئۆزۈڭلىنى شەرمىساز قىلىپ يۈرگىنىڭلا بىلەن،
چىۋىننىڭ قانىتىچىلىك ئەقلىڭلا يوق ئىكەن سىلىنىڭ !

— ئەمىسە خەقتىن قورقۇپ زىياننى ئىچىمىزگە يۇتۇپ
يۈرۈۋېرىمىزما؟ ماقا، ماۋۇ ئوتياشقۇ يوقىلاڭ نەرسە، لېكىن ئا
قوغۇن ئاز كەم ئىككى مو يەرنىڭ قوغۇنى تۇرسا... ئەمدى باشقا
تېرىيلى دېسەك ۋاقتى ئۆتتى...

— شۇ، ئۇنداق دەپ چار توخۇدەك مەھەللىنى بېشىڭلىغا
كىيىپ ۋاتاقلىغىنىڭلا بىلەن، ئۇنى كىم سورايدۇ؟

— بىز ئۆزىمىز سورامىز.

— كىمدىن؟

— دان بېرىپ باقىقىلى قورسىقى ئاغرىغان توخۇ -
كەپتەرلىرىنى ھايتاڭغا قويۇپ بەرگەن مۇنۇ خەقتىنچۇ !

— يوق يېگەن توخۇدەك كۆزۈڭلىنى يۇمۇۋېلىپ مىڭ
ۋاتاقلىساڭلىمۇ، بەربىر گول خوتۇن - دە، سىلى !

— ۋاي سىلى بەك ھوششا ! — مىرۋانىخان ئېرىنىڭ قوپال،
سەت گەپلىرىدىن تېرىكتى، — قانداق قىلىسىلا - قىلىسىلا
ئەمىسە ! خۇددى زىيان بولسا بىر ماڭىلا بولىدىغاندەك...

— ماڭا يېقىن كېلىڭلا، يېقىن، — ئىسلىماخۇن خاپا بولۇپ
يامانلاپ ماڭغان خوتۇنىنىڭ قارا چېكىت گۈللۈك ئاق چىت
كۆڭلىكىنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ تارتتى، ئۇستىرا تەگمىگىلى خېلى
بولغان ساقال - بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى ئاغزىنى خوتۇنىنىڭ
قۇلىقىغا يېقىپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى.

— زىياننى ئۆلۈشۈۋالىمىز؟ قانداق ئۆلۈشىمىز ... —
مىرۋانىخان ئىشەنمىگەندەك بىر خىل ھېسسىياتتا ئېرىنىڭ
ئاچچىق، غەزەپ ئورنىغا قۇۋلۇق - شۇملۇق ئالامەتلىرى پەيدا
بولغان قىسىق كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— مېڭىڭلا ئەمدى، تولا گەپ قىلماي ئۆيگە كىرىپ، بىر قازان ئاش پىشۇرۇڭلا.

ئىككىيلەن بىر - بىرىگە ياندىشىپ كۇسۇرلاشقىنىچە باغ ئىشىكى بىلەن ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا يان تەرەپتىكى باغ تېمىنىڭ ئىشىكى ئۇلارنىڭ تىللاشلىرىنى، كۇسۇرلاشلىرىنى، پىلانلىرىنى ئاڭلاپ قالغاندەك غىچىرلاپ كەتتى.

ئاي قاراڭغۇسى كۆڭلى قارا، نادان بەندىلەرگە دالدا بولغانىدى. ئاۋۋال ئاخشامدا چاشقان ماراۋاتقان مۈشۈكتەك تامنىڭ دالدىسىدا، كۆچەت - قاناتلارنىڭ ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىر قارا كۆلەڭگە قولىدىكى خالتىدىن بۇغدايدەك بىر نېمىلەرنى چاڭگاللاپ ئېلىپ، ئىككى ھويلىنىڭ ئايرىلىقىدىكى تارچۇق ئورمان بەلبېغىغا، باغ ئىشىكىنىڭ ئەتراپىغا، كۆكتاتلىققا چېچىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك يەڭگىل، شەپىسىز، چاققان ئىدىكى، قاراڭغۇلۇققا تولغان دۇنيا ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمەي قالغانىدى.

يەنە بىر كۈننىڭ ئاسمىنى يورۇدى، ئەمما قۇياشنىڭ جامالى كۆرۈنمەيتتى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى قۇملۇقتەك بوزىرىپ تۇرغان ئاسماندىن پۈر - پۈر قۇم ياغاتتى. بوساق چوماقنىڭ ئەتىگەنلىك يوقلىمىسىدىن كېيىن ئۆز ئېتىزلىقىدا ئۆمىلىشىپ يۈرگەن قوشنا قۇدىلارنىڭ توپا - تۇمان دەستىدىن بوزىرىغان چىرايى تۇتۇق ئاسماندىن پەرقسىز ئىدى. كۆكتاتلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ئوتىنى ئوتاپ، تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتقان ئىسلىماخۇن پات - پات ئىشتىن توختاپ تاقەتسىز بىر رەۋىشتە قۇدىسىنىڭ باغ ئىشىكىگە قارايتتى. ئەمما، سۇلايمىناخۇننىڭ ئىپتىخارى بولغان قىزىل خوراز، تالادىن دان يەپ ئۆيدە كاككىلايدىغان، زۇرنىساخاننى بوردايدىغان ھېلىقى ئاچ مېكىيانلار ئۇلۇغ ئاشۋاقتىغىچىمۇ تالاغا چىقاي دېمەيتتى. ئۇلار سېزىپ قالدىمۇيا؟ ناۋادا كۆڭلۈمدىكىنى، ئاخشام

قىلغانلىرىمنى بىلىپ قالغان بولسا، توخۇلىرىنى كاتەكتىن چىقارمىغان چېغى. ئۇلارنىڭ كەپتەرلىرىمۇ بوگۈن ئەجەب قونداقتىن مىدىرلىمايۋاتىدۇ. سوققان چوتۇم ئۆزۈمگە ھېساب بولۇپ قالامدۇ، نېمە؟ ياق ـ ياق، ئالدىرىماي تۇراي، بۇ خەق كۈندە دېگۈدەك ئۆزىنىڭكىنى قويۇپ، مېنىڭكىنى يېمىسە كۆڭلى يېرىم قالىدۇ، كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ؛ يېگەن ـ ئىچكىنى چىرايىغا چىقمايدۇ. ئىسلىماخۇننىڭ قىسىق كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. خوتۇن ـ بالىلىرىم نېمە ئويلاۋاتىدىكىن، دەپ يەر تېگىدىن ئۇلارغا قاراپ قويىدى. كېۋەزنىڭ ئوتىنى ئوتاۋاتقان مىرۋانىخان، چۈنەك يۇمشىتىۋاتقان نۇرئەلىلەر ئۆزى ئېتىزلىقتا تۇرغىنىنى بىلەن كۆڭلى بۇ يەردە ئەمەستەك قىلاتتى. لېكىنزە، خوتۇنى يامانلاپ ئولتۇرغاندىن بېرى نۇرئەلى بەك جىمىغۇرلىشىپ كەتتى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ زاڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان، چىرايىدىكى بىر قارا ئىككى بولۇپ، تەمرەتكە بېسىپ كەتكەنىدى. بۇ خەق يا قىزىنى قوشۇپ قويمىغان، يا خېتىنى ئالغىلى ئۇنىمىغان، ھەممە ئىشنى ئۆزىگە ئوخشاش خىڭلاشتۇرۇپ...

خورازنىڭ چىلىلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. پۈتۈن مەھەللىنى سەگەكلەشتۈرىدىغان بۇ زىل، يۇقىرى ئاۋاز سۇلايمىناخۇننىڭ ئاشۇ سۆلەتلىك پوچى خورىزىنىڭ ئاۋازى ئىدى. خورازغا ئەگىشىپ قاتارى چىقىپ كەلگەن مېكىيانلارنى يىراقتىنلا كۆرۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتكەن ئىسلىماخۇن ھەرىكىتىنى تېزلىتىپ ئاستىرتىن بۇ جانىۋارلارغا كۆز سالدى. ئىگىسىدەك قارنى تويۇپ ئۆتمەيدىغان بۇ توخۇلار كىچىك، ئەمما ئىتتىك كۆزلىرى بىلەن دانىغا ئۆزىنى ئاتتى ھەم دانلىغان پېتى ئۆز ئىگىسىنىڭ تەسەررۇپىدىكى ئېتىزدىن ئۆتۈپ كۆكتاتلىققا يېتىپ كەلدى. ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ قارىداپ، تەرلەپ كەتكەن ئىسلىماخۇننىڭ كۆزى ئاشۇ توخۇلاردا، قولى كەتمەندە تۇرۇپ، پۇت ـ قوللىرى كالانپايلىشىپ كەتكەن بولغاچ، تۇيۇقسىز

ۋايجانلاپ كەتتى. ئۇنىڭ غەپلەتكە پاتقان كۆزلىرى ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولمىغاچقا، قولى كەتمەننى ئۆزىنىڭ پۇتىغا چېپىۋەتكەنىدى.

— ۋاي – ۋاي – ۋاي ... ۋاي پۇتۇم، ۋاي پۇتۇم ! — ئىسلىماخۇن ئاغرىققا چىدىماي، كېۋەزلىكتە يۇمىلىپ كەتتى.

— ۋاي نېمە بولدى؟ ! — مىرۋانىخان ئىشىنى قويۇپ ئېرىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى، — ئوھۇ، ئا كۆزلىرى نەگە كەتكەن... بىردەمنىڭ ئىچىدە، ۋايجان – ۋايجان، — مىرۋانىخان بالىلىرىنى چاپتۇرۇپ بىرنەچچە تۇپ خوخا تاپتى. خوخىنىڭ تىكەنلىرى ئالىقىنىغا قادىلىپ تۇرسىمۇ، ئوسما سىققاندەك بىر ئوبدان سىقىپ، سۇيىنى ئېرىنىڭ بېلىقىنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ قالغان سول پۇتىنىڭ دۇمبىسىگە تېمىتىپ قاننى توختاتتى. ئاندىن قىزى قېمىزخان تېپىپ كەلگەن كونا لاتا بىلەن يارا ئېغىزىنى تاڭدى.

ھويلىدا ۋايجانلاپ ياتقان ئىسلىماخۇننىڭ قۇلىقى سۇلايمىناخۇنلاردا ئىدى. دېگىنىدەك، پېشىن بولغان مەھەلدە ئۇلارنىڭ ئارقا ھويلىسىدا ئاۋۋال زۇرنىساخاننىڭ، ئاندىن كېيىن چوڭ – كىچىك ھەممىسىنىڭ داد – پەرياد كۆتۈرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. كېيىن بالىلار ئۇلارنىڭ توخۇلىرىنىڭ كېتىۋاتقان يەردە، كەپتەرلىرىنىڭ ئۇچۇۋاتقان يەردە بىر – بىرلەپ موللاقلاپ چۇشۇپ، ھارام بولغانلىق خەۋىرىنى ئەكىرىشتى. ئىسلىماخۇن مىڭىسىگىچە زىڭىلداپ چىققان پۇتىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ، كۆلكىسىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي قالدى. كۆلۈۋاتقىنىمىنى بالىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئۆرۈلۈپ تۇرغان قېلىن كالپۇكىنى چىشلىۋالدى. ئەمما، ئۇزاقتىن بېرى قوشنىسى يىغلىسا كۆلۈپ كەلگەن بۇ ئادەم قانداقمۇ كۆلكىسىنى ئىچىگە يوشۇرالىسۇن... «ھە، ئاشۇنداق – ھە، زىيان دېگەن ئاچچىق نېمە شۇنداق...» ئىسلىماخۇن ئۆز – ئۆزىگە سۆزلىگىنىچە يارىدار پۇتىنى سۆرەپ ئۆگزىگە ياماشتى. ئۇ قوشنا قۇدىسىنىڭ يىغىسىنى ئوچۇقراق

ئاڭلىماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھويلىسىنى ئۆزىنىڭ ئالقىنىنى كۆرگەندەك كۆزەتكىلى بولىدىغان بالىخانىغا چىقتى. راست دېگەندەك ئۆلۈك كەپتەرلەرنى كۆتۈرۈۋالغان سۇلايمىناخۇن ئۇيدەك ھۆركىرەپ، مېكىيانلارنى باغرىغا بېسىۋالغان زۇرنىساخان قېرى ئىنەكتەك مۆرەپ يىغلاۋاتاتتى. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان بالىلىرى دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا سالپىيىپ تۇرۇشاتتى. بالىخانىنىڭ ھاۋادىنىدىن ئوغرى مۇشۇكتەك ماراپ تۇرغان ئىسلىماخۇن كۇلكىسىنىڭ ئاڭلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى.

نىھايەتكى، بۇ يىغا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىسلىماخۇنلارنىڭ ھويلىسىدىن ئاڭلاندى. كىم بىلسۇن، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىنى كۆتۈرەلمەي قالىدىغان قويلىرىدىن يەتتىسى بىر كېچىدىلا ھارام بولغان، يەنە تۆت قوي پۇت ئېتىپ ياتاتتى. ئىسلىماخۇن بۇنى باھانىلاپ ئىششىپ كەتكەن پۇتىنى سۆرىگىنىچە خوتۇن - بالىلىرىنى تىللاپ، ئۇرۇش ئۇچۇن ئاقساپ، پالاقلاپ كەتتى. قىممەت باھادا سېتىۋالغان بۇ «ئۇزۇن قۇلاق، ئەگرى كومشا» دولان قويلىرىغا ئۆزىنى تاشلاپ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلىدى.

## 3. يولدىكى خىيال

ئىسلىماخۇن ئەنە شۇنداق ئىچى يامان، تەرسا بىر ئادەم. يۇرت ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمى چىقسىلا، ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. گەپ - سۆزلىرى سوغۇق، ئۇچرىغانلا ئادەمگە تۇڭ تېگىدىغان بۇ ئادەم ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ دىتىغا، دېگەن يېرىگە كەلتۇرۇشنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى. ئوڭ كەلمىگەن ئىشقا ھامان ئاچچىق تىناتتى. مانا بۈگۈن ئۇ ھېچ باھانە - سەۋەبنىڭ تايىنى يوقلا قىزى قېمىزخاننى ئەردىن چىقىرىمەن دەپ، غوجاخۇن ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى كاتىپنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ماڭدى. قىزىنى ئەردىن چىقىرىشنى لايىق كۆرمىگەن مىرۋانىخان تەرسا ئېرىگە

يېلىنىپ :

— «ئۇنى بۇزۇپ ئۇماچ ئىچىپتۇ، قىزنى بۇزۇپ جۇۋان» دېگەندەك، مۇشۇ ئىشقا بەك ئالدىراپ كەتمىگەن بولساملا بوپتىكەن، دادىسى. غوجاخۇنمۇ گېپى پەلپەتىشرەك، ئۆزى سەت بولغان بىلەن گەپ ـ سۆزلىرى سۇلۇق، كىشىگە يامانلىق ئويلىمايدىغان يىتىم ئىكەن... — دەپ ئەمدىلا ئىغىز ئىچىپ تۇرۇۋىدى، ئىسلىماخۇن كۆزلىرى چاچراپ چىققۇدەك ئەلپازدا:

— ماڭ، ماڭە... سەن ئەر خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىمەن دېمەي، ئۇمىچىڭنى ئەتكىنە ! — دەپ خوتۇننى سىلكىشلىۋەتتى.

ئىسلىماخۇن تالادا بىر ئادەم، ئۆيدە بۆلەكچە بىر ئادەم ئىدى؛ بولۇپمۇ ھېلىقىدەك پايدا ـ زىيان توقۇنۇشىغا دۇچ كەلگەندە، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىر قاش بولۇپ خەقكە ئۆزىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىنى كۆرسەتكىنى بىلەن، ئۆيدە ھەممىنى ئۆزۈمنىڭ دېگەن يېرىگە ئاپىرىمەن دەپ تەتۈر چۆرگىلەپ، ھېچكىمنى ئىغىز ئاچۇرمايتتى. كىزى كەلسە قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئۇرۇپ، پەشۋالاپ چۇشەتتى. بۇنداق چاغدا مىرۋانىخان ئۇنىڭ ئالدىدا ئىتنىڭ ئالدىدىكى مۇشۇككە ئوخشاش بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئانىلىق سۇپىتى بىلەن ئويلىغىنىنى دەپ باقتى:

— بىر سىلىنىڭ ئىشلىرى بولغان بولسىغۇ ئارىلاشمايتتىم. بۇ بالا ھازىر...

— ئەر خەقنىڭ ئىشىغا تولا ئارىلاشما دېدىم ! — ئىسلىماخۇن بىردىنلا تەتۈر چۆرگىلىدى. يەردىن بىر چاڭگال توپىنى ئېلىپ چاچتى. كۆزلىرىنى ئاچالماي قالغان مىرۋانىخان يىغلىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىچارە ئانىنىڭ «بۇ بالا ھازىر ئىغىربوي بولۇپ قاپتۇ» دېمەكچى بولغان گېپىنىمۇ يىغا بېسىپ كەتتى.

ئىسلىماخۇن كەتمەن كەسكەن سول پۇتىنى سۆرىگىنىچە

قېمىزخاننى ئېلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە پىيادە يولغا چىقتى. بۇ تەرسا يېلى چىقىپ ماكچىيىپ تۇرغان ھارۋىنىڭ چاقىنى ياماتقىلى ئالدىراپ قالغاندى. ئارا يولدا ئۇلارغا بوينىنى قىسقىنىچە ساقلاپ تۇرغان غوجاخۇن قېتىلدى. بۇ ئۈچ كىشى بىر يولغا پاتمىغاندەك مۇشۇنداق بىرسى ئالدىدا، بىرسى ئوتتۇردا، بىرسى كەينىدە كېتىشىۋاتاتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر توي خېتى ئالىدىغانلاردىن ئاجرىشىدىغانلارنىڭ ۋالىۋسى تولا ئىكەن، دەپ نىكاھ ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ئىشخانىنى كالتە بازارنىڭ نېرىسىدىكى گاس ـ گاچىلار ساناتورىيەسىگە يۆتكىۋەتكەنىدى. توي خېتى ئالىدىغان قىز ـ چوكانلار ئۇ يەرگە كىرگۈدەك بولسا، قورۇنىڭ ئىچىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرغان گاس ـ گاچىلار تىللىرىنى چىقىرىشىپ قىلمىغان قىلىقلىرى قالمايتتى. بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ: «ماڭا تېگىڭ» دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ كىشىنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئېگەتتى. كۆزدە پەتتىگە بارغاندا قېمىزخان ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن قورقۇپ، غوجاخۇننىڭ كەينىگە ئۆتىۋالغانىدى. غوجاخۇنمۇ مۇشتىنى تۈگۈپ ئۇلارغا ھەيۋە قىلىپ، قېمىزخاننى دالدىغا ئالغانىدى. بۈگۈن يەنە ئاشۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، ئېھتىمال ئۇنىڭ كارى بولمايدۇ. شۇ ئەمەسمۇ، ئەمدى ئاجرىشىپ، سۆزىنى ئالىدىغان خوتۇن بىلەن كىمنىڭ كارى !

قېمىزخاننىڭ ئىختىيارسىز كۆڭلى يېرىم بولدى. ئەمدى ئۇنىڭغا بەتبەشىرە گاچىلار چاقچاق قىلسىمۇ، ئېرىنىڭ كۈنلۈكى كەلمەيدۇ. قوش ئېگىكى قورسىقىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئاشۇ سۆرۈن چىراي كاتىپ پەتتىنى تارتىۋالسىلا، ئۇلار ئەر ـ خوتۇنلۇقتىن بىكار بولىدۇ. ھوي راست، ئۇلار پەتتىنى بىكار قىلسا، ئىچىدىكى سۈرەتنى قانداق قىلىدىغاندۇ؟ يىرتىۋېتەمدىغاندۇ؟ ياق، چاپلاقلىق سۈرەتنى ئۆزۈم ئاجرىتىۋالايمىكىن يا... كېيىن يالغۇز قالغاندا، ئېتىزلىقتا

ئوتاق ئوتاۋاتقاندا ئانچە - مۇنچە قاراپ كۆزۈمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغىلى لازىم بولار. ئەمما، سۇرەتكە قارىغان بىلەنمۇ، بىز ئەر - خوتۇنلۇقتىن چىقىپ كەتسەك، ھەممە نىمىمىز بىكارچى بولۇپ كېتەر ھەرقاچان! بىكارچى بولۇپ كېتىدۇ زادى، بۇ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ دادامنىڭ ئالدىدا ھازىرغىچە توي كۈندىكى ئۇششاق ئىشلار توغرا تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. ۋاي جېنىمەي، ئۇ ئىشنىڭ تەرگەپ كەتكۇدەك نېمىسى بار؟... چوڭ ئادەم دېگەن قورسىقىنى كەڭرەك تۇتسىچۇ كاشكى!

توي كۈندىكى ئىشلار ئانچە قاملاشماي قالغانىدى. يىگىتلەر كەلگەندىن كېيىن ھويلىنىڭ ئىچى باشقىچە پاتىپاراقچىلىققا تولدى. نەغمە - ناۋا، ھايت - ھۇيتلار بەگلىكنى بېشىغا كىيدى. ھېچكىم كۆزگە ئىلىپ قويمايدىغان ئۇ خىڭخىڭ سازەندىلەرنى نەدىن تاپتىكىن، داپچى، راۋابچى، ئۇسسۇلچىلار ھويلىدىن توپا - توزان ئۆرلىتىۋەتكەنىدى.

تەرسا ئادەمگە ھەممە ئىش ئەكسىچە تەسىر قىلىدىغان ئوخشايدۇ. شوخلۇقتىن جېنى ئىچىگە پاتماي قالغان يىگىتلەرنىڭ ناخشىسى ئىسلىماخۇننىڭ قۇلىقىغا جاڭگالدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشىدەك ئاڭلىنىپتۇ. پاتىپاراقچىلىقتا ھېچبىر ئىشنىڭ بېشىنى تېپىپ بولالماي ساراڭدەك پىرقىراپ يۈرگەن ئىسلىماخۇن يەنە كىملەرنىڭدۇر:

— قويۇڭلار، باللار. بىر - ئىككى پەدە ئۇسسۇلغا دەسسەپ قويايلى، بولمىسا قېمىزگۇلنىڭ دادىسى بىزنى دوك ئوخشايدۇ دەپ قالمىسۇن! — دېگىنىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلىماخۇن تەرىنى بۇزۇپ:

— نېمە ئۇ، يېنى چىقىپ كەتكەن ئۆچكىدەك توختىماي دىڭگۇسلاپ ... — دەپ يىگىت تەرەپتىكىلەركە كايىغانىمىش.

سامۇق موللام نىگاھ ئوقۇغىلى تۇرغاندا يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك چىقتى. موللام:

— جانابىي ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن رەھمەتلىك ھاشىماخۇننىڭ

ئوغلى غوجاخۇن، ئىسلىماخۇننىڭ قىزى... ئىسمى نېمە ئىدى ھازىر ئەرگە بېرىۋاتقان بالىنىڭ ... ھە خوش، قېمىزخان... قېمىزخاننى خاتۇنلۇققا قوبۇل قىلىپ ئالدىلىمۇ؟ — دەپ سورىغاندا، بەك خوشلۇقى تۇتۇپ كەتكەن غوجاخۇن گېلىنى قىرىپ ئاۋازىنى سوزۇپ:

— ئالدۇق ! — دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن قېمىزخاننىڭ چوڭ ئاكىسى ئۆمەرئىلاخۇن:

— نەچچىڭلار ئالدىڭلار؟ — دەپ ئاچچىق تەنە قىلدى.

شۇ كۈنى دۇئا بېرىشكە تەييارلانغان توي ئەھلىنىڭ ئاغزىدىن دۇئا ـ تىلەك ئەمەس، يىرتىق تاغاردىن ياڭاق تۆكۈلگەندەك، سەت خىرىلدىشىپ كۈلكە ـ مەسخىرە ياغقانىدى. گىلەمدە ئولتۇرۇپ ئىشىك ـ بوسۇغىلارغا يانپېشى ئۇرۇلۇپ يۆتكىلىۋاتقان قېمىزخان ئاغرىققا چىدىماي ھۇ تارتىپ يىغلىغاندا، يىگىت تەرەپتىن كەلگەن سۆزمەنلەرنىڭ بىرسى:

— نېمانچە يىغلايدۇ ئەرگە تېگىپ باقمىغاندەك؟ — دېسە، يەنە بىرسى قوپۇپ:

— خۇشياققانغا يىغلامدىكىن، — دېدى.

غەزەپتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ يۈرگەن تەرسا ئىسلىماخۇن بۇ گەپنىمۇ ئاڭلاپ قالغان چېغى، شۇ يەردىلا تويىنى بۇزۇپ، قىزىنى تىراكتوردىن چۈشۈرۈۋالغىلى تاس قالدى.

گېپى «داڭقانپۇتى» كۈيئو ئوغۇل قېينئاتىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدى. يۇرت ئىچىدە رەسىم ـ قائىدىگە ئايلانغان تويدىن كېيىنكى چىللاق مېھمىنىمۇ چىللاقسىز قالدى...

قېمىزخان ئالىپاساق تېرەك سايىسىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئالدىغا قارىدى. ئۆزى بىلەن بولغان ئارىلىقى يەنە يىراقلاپ قالغان دادىسى كەينىگە پۇسكىيىپ چىقىپ تۇرغان سېمىز ساغرىسىغا قول باغلاپ كېتىپ باراتتى. ئون ـ يىگىرمە قەدەم كەينىدە يەنە ئېرى كېتىپ باراتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىقىمۇ ئاز قالغانىدى.

«ھەييار غوجىۋاي ... — دەپ ئويلىدى چوكان ئۆزىچە
پىسىڭىدە كۈلۈپ، — دادامنىڭ كۆزىگە سىغمىغان بىلەن
خوتۇنغا كۆيۈمى بار، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئالغىلى ئۇستا
ئىدى ...»

— خوتۇن ... قىمىزگۈل، ماڭا قاراڭلا ! — دېگەنىدى ئۇ توي
ئاخشىمى توختىماي يىغلاۋاتقان قىمىزخاننى توساتتىن
قورقۇتۇپ، — جاھاندا بارچە قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئاق ياش، ئاق
چاپاق چىقسا، سىلىنىڭ كۆزۈڭلاردىن قارا ياش، قارا چاپاق
چىقىۋاتىدىغۇ !

قىمىزخان چۆچۈپ يىغىدىن توختىغان، ئېرى ئالدىغا
ئەكەلگەن ئەينەككە بىر قاراپلا قورقۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى،
ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېرى دېگەندەك قارا - قۇرا بىرنەرسە ئېقىپ
يۈزىدىكى ئۇپا - ئەڭلىك بىلەن قوشۇلۇپ، يۈز - كۆزلىرى
مايمۇنىڭكىگە ئوخشاپ قالغانىدى. كۆزىنىڭ چاپىقىمۇ قاپقارا
تۇرغاندەك قىلاتتى. نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغان چوكان خېلى
ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن يۈزىنى يۇدى. كېيىن ئۆزىنى
پەردازلاپ قويغان ئاداشلىرىنىڭ كىرپىكىگە سۈرمىنى زىيادە كۆپ
سۈركىۋەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، كۈلۈپ تاشلىغانىدى.

قىمىزخان توي ئاخشىمى ئېرىنىڭ ئالدىدا ئاشۇنداق كۈلۈپ
تاشلىدى. دادىسى ئۇنى «داڭقانپۇتى» دەپ ياراتمىغان بىلەن،
ئاشۇنداق گېپى چىرايلىق، سۆلۈق ئوغۇل بالا ئىكەن ئەمەسمۇ !
ئىلگىرى قىمىزخاننى ھېچكىم «قىمىزگۈل» دەپ چاقىرىپ
باقمىغانىدى. غوجاخۇن ئۇنى ئاشۇنداق چىرايلىق گەپلىرى بىلەن
كۆندۈرۈۋالدى. ئۇ توي قىلماستا ئۇزاق قىشنىڭ سوغۇق
كېچىلىرى چېلەكنىڭ سۈيى مۇزلاپ كېتىدىغان دالان ئۆيدە
توڭلاپ تىترەپ چىقاتتى. ئىچكىرى ئۆيدە ئىسسىق تام ئوچاقنىڭ
تۆۋىدە كېچىچە گۈڭگۈلدىشىپ چىقىدىغان دادىسى بىلەن
ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پۈشۈلداشلىرىنى سىزىپ ئۇيقۇسى
قاچاتتى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ تاڭ ئاتقۇزۇۋېتەتتى. ئۇ

بۇ يىل قىش ئاشۇ يامان كۈندىن قۇتۇلدى. دېگەنبىلەن غوجەكنىڭ يوتقىنى ئىسسىق ئىدى... چوكان تاتلىق تۇيغۇلار ئىلكىدە ئەللەيلەنگىنىچە ئالدىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ كەينىدىن مۇنداقلا قاراپ قويدى. دادىسى ئېتىمىزغا گۈڭ سېلىۋاتقان دورغىدەك غولاچتا بىرنى چامداپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، ئېرى كۆرۈنمەيتتى. چوكان ھەيران بولۇپ ئىككى يانغا قارىدى. بۇ مەككار خىڭخىڭ نەگە كەتكەندۇ، سۆزۈمنى بەرگۈسى بولمىسا غېپىدە تىكىۋەتتىمۇيا؟

## 4 . زەيتۇنەم يامانلىماس

زەيتۇنەم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى.

ئۇستىدىن شاخ ـ شۇمبىلار ساڭگىلاپ تۇرغان قىڭغىر چەللىنىڭ ئاستىدا يالغۇز يېتىپ ئۇخلاپ، ئۇخلاپ بولالماي ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئېغىناقلاپ يېتىپ گىژىلداپ تۇرغان چىۋىنلار بىلەن ئۇرۇشۇپ زېرىككەن تۇرامەت ھېچ ئىش خۇشياقمىغاندەك ئەلپازدا ۋەيرانە ھويلىدىن چىقتى. سۆرۈلۈپ تۇرغان ئاياغلىرى بىلەن يەرنى سىيپاپ توپا توزۇتقىنىچە كوندە بارار جايى بولغان بەگلىكتىكى ئۆتەڭگە كەلدى.

تۇرامەتنىڭ كۆزىگە بۇ ئۆتەڭ راستىلا ئاۋاتلىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۆيدە خوتۇندىن زېرىككەن پاختەك نوچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە يايىمچى، يېتىمھاتتا بولۇۋالدىمۇ قانداق، كۇنگەي مەھەللىدىكى مەمەت پوقاق، ئىلگىرى مەكتەپ ئالدىدا ئۇششاق باللارنى ئالداپ تۇخۇمغا لەڭپۇڭ سېتىپ يۈرگەن پاتەم چاپاق، يەنە باشقا كەنتلەردىن كەلگەنلەرمىكىن، ئىشقىلىپ تونۇش ـ ناتونۇش بولۇپ بىرمۇنچە كىشىلەر بۇساق چوماقنىڭ دىڭنىنىڭ ئەتراپىغا غالتەكلىرىنى تىزىپ ماكان تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلارغا ئون ـ يىگىرمە تىيىن ئۇچۇن كۇلۇپ قاراپ،

لازىملىق نەرسىسىنى ئېلىپ بېرىپ، بەرگەن پۇلىنى «ھەشقاللا» دەپ غەلىلىگە تاشلاپ، بىر ئوبدان تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈشەتتى.

«خوتۇن دېگەن ئوسمىچى شېتىلىنىڭ دېگەن گەپلىرى ئورۇنلۇقتەك قىلامدۇ، قانداق؟» بازارغا قاراپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ چاغقا قەدەر ھېچبىر ئىشقا ھەۋەس قىلمىغانلىقىنى ئويلاپ قالغان تۇرامەت بىردىنلا ئۆز سودىسى بىلەن ئالدىراش يۈرگەنلەرگە ھەۋەس قىلىپ قالدى. «بىزنىڭ ئۆي بەگلىكنىڭ يېنىدىلا، چىقىپ ـ كىرىشكە، بىرەر ئىشنى يۈرۈشتۈرۈشكە ناھايىتى ئوڭ كېلىدۇ. خوتۇنۇمنىڭ گېپىنى نېمىشقا ئوبدانراق ئويلىنىپ باقمىغاندىمەن؟ ئۇمۇ بەلكىم كۆڭلىگە بىرەر ئىش ـ ئوقەتنى پۈكمىگەن بولسا، ئۆزىچە ماڭا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گېپىنى قىلماس ئىدى، مەندىن دەككىسىنى يەپ يىغلىماس ئىدى. لېكىن...»

ئىش ـ ئوقەت قىلىپ پۇل تېپىشنىڭ شېرىن قاينىمىغا چۆككەن تۇرامەتنىڭ ئىختىيارسىز تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. بىرسى كېلىپ ئۆزىنى شىلللىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ تارتىپ چىقىرىپ، پۇل تاپقانغا، باي بولغانغا بۇرۇن ـ قۇلىقىغىچە تويغۇزىدىغاندەك، سۇبىھان توۋىسىنى بېرىپ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىدىغاندەك، خىيالچان كۆزلىرى بىردىنلا ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى...

—— ۋاي بۇ جانغا تويدۇم، ئىش ـ ئوقەت قىلغانغا، پۇل تاپقانغا تويدۇم !

ئاچچىق ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ تۇرۇپ نىدا قىلىۋاتقىنى تۇرامەتنىڭ دادىسى ئىدى. ئەترەت قورۇسىغا يىغىلىۋالغان كەمبەغەللەرنىڭ ئارىسىدا كۆز يېشىنى توختىتالماي تۇرغان ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە ئېسىلغىنىچە دادىسىنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ تۇرغان تۇرامەت ياۋۇزلارنىڭ ئالدىدا پۈكلىنىپ قالغان دادىسىنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىگە ھەربىر قامچا تەگكەندە، قاتتىق قىرقىراپ تېلىقىپ كېتەتتى. دادىسى ھوشىدىن

كەتكەندە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلايتتى.

تۇرامەتنىڭ ئاتا ــ بوۋىسى ئۇستا خالۋاپلاردىن ئىدى. ئاتىسىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ زامانلاردا بەگلىك هازىرقىدەك بىرنەچچە كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشلىنىپ تۇرغان قاغجاللىق، تاشلاندۇق ئۆتەڭ بولماستىن، بەلكى چوڭ بىر يۇرتنىڭ بەگلىكى، كۆك بىلەن بوي تالاشقان قاپاق تېرەكلەر، ئۆرۈك، ئۈجمە، سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان، ئوتتۇرىسىدىن قىشمۇ ياز سۇيى تاشقىنلاپ تۇرىدىغان چوڭ بىر ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتىدىغان قايناق بازار ئىكەنىدۇق. تۇرامەتنىڭ بوۋىسىنىڭ بازاردا كاتتا بىر زىلچا ــ گىلەم دۇكىنى بار بولۇپ، پۈتۈن بىر جەمەتتىكىلەر تۇرامەتنىڭ ئاشۇ ۋەيرانە ئۆيىنىڭ ئورنىدىكى باغىباراڭلىق كەڭرى قورۇسىدىكى كۆلەملەشكەن خالۋاپخانىدا توقۇغان گىلەملىرىنى شۇ دۇكان ئارقىلىق سۇ قىلىدىكەن. بەگلىكنى كېسىپ ئۆتىدىغان كارۋان يولى تۇران جەمەتنىڭ زىلچا ــ گىلەملىرىنى، شايى ــ ئەتلەسلىرىنى ئات، قېچىر، تۆگە ئارقىلىق يىراق ــ يىراقلارغا توشۇپ كېتىدىكەن. تۇران جەمەتىدىكى ئۈچ گۈرۈپپىغا ئايرىلغان ئۇستىلار توقۇيدىغان گىلەمگە خېرىدار چىللاش، ئەتراپتىكى خەلقتىن يۇڭ، تىۋىت، پىلە غوزىسى دېگەندەك ئەشيالارنى سېتىۋېلىشتىن تارتىپ يىپ ئېگىرىش، بوياش، توقۇش، سېتىپ چىقىرىشقىچە تولۇق يۇرۇشلەشتۈرۈپ، ئۆز كەسپىدە كۆپ ئالغا باسقانىكەن. ئۇلار يىراقلاردىن كېلىپ ــ كېتىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ نەزىرىدە ناهايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە، شۆهرەتكە ئىگە بولغانىكەن. هەر يىلى يازدا ئۈجمە، ئۆرۈكلەر مەي باغلاپ پىشقاندا ئاتلىرىغا مىنىشىۋالغان، مەيلەرگە چىقىشىۋالغان شەهەرلىكلەر بەگلىك سەيلىسىگە چىقىدىكەن. بەگلىك ئۆستىڭىنىڭ ئۇ چېتىدىكى كۆك قومۇلۇقتا ئەلنەغمە ــ مەشرەپ، چېلىشىش، دارۋازلىق ئويۇنلىرى قىزىپ كېتىدىكەن. يىراق ــ يېقىندىن كېلىپ، سەيلىگە ئىشتىراك قىلغان دېهقانلارمۇ تاماشا قىلىپ كۆڭلىنى ئاچقاچ، ئورامغا

كىرىشىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلارنى پۇختا قىلىشۋېلىش ئۈچۈن بەگلىكتىكى تۆمۈرچى ئۇستىلار سوققان ئورغاق ـ كەتمەنلەرنى سېتىۋالىدىكەن. پالتا ـ كەكىلىرىنى قاقتۇرىدىكەن. ئارىچىلار يۇلغۇن چىۋىقلىرىنى ئېگىپ، كالىنىڭ پاتىقىدا تۇجۇپىلەپ بوغۇپ تەييارلاپ قويغان ئارىلارنى، ئات، ئۆكۈز، ئېشەكلىرىنىڭ جابدۇقلىرىنى بەس ـ بەستە سېتىۋېلىپ، ئورامغا كېتەرلىك لازىمەتلىكلەرنى ئالدىن غەملىۋالىدىكەن. ئىشقىلىپ، ئۇ چاغلاردا بەگلىك يىراق ـ يېقىندا نامى بار، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلىدىغان كاتتا بازار ئىكەن. كارۋان يولىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر كەچ قالغانلىرىدا بەگلىكنىڭ دەڭ ـ سارايلىرىدا تىنىچقىنا قونۇپ، ئەتىگىنى ئۆز ئۆيىدىكىدەك ئوبدان ناشتا قىلىپ، سودىلىق بولسا ئالدىرىماي، كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزۈپ سەپىرىگە راۋان بولىدىكەن.

دادىسىنىڭ كۆز يۇمۇش ئالدىدا زەئىپ ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغان ئاشۇ سۆزلىرى تۇرامەتىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھازىرمۇ قايتىلىنىپ ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتقاندەكلا ئىدى. دادىسىنىڭ ھاياتىنىڭ قىرانلىق مەزگىلىدە دۇچ كەلگەن قىسمەتلىك كۈنلىرى، بىۋاقىت ئاخىرلاشقان ھاياتى نەچچە ئون يىلنىڭ بۇ تەرىپىدە قەلب جاراھىتى ساقايمىغان تۇرامەتنى «كىرى كەلسە پۇل ـ مال دېگەن ئاشۇنچىلىك نەرسە، ئادەم پۇل تېپىپ نېمە قىلىدۇ؟» دېگەن قاراش بىلەن ئادىمىيلىك كوچىسىغا ئېلىپ كىرگەن ھەم بۇ گۇنگە قەدەر باشلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا، تۇرامەت بۇ بەگلىكتىكى ئۆتەڭدە يايما ئاچقان، باققاللىق، ھاتتاللىق قىلغان، پۇل تاپقان ئادەملەرنى ئانچە چوڭ بىلىپمۇ كەتمەيدۇ، نەزەر ـ كۆزىگە ئىلىپ قالمايدۇ. پۇل تاپىدىغانلار تېپىۋەرسۇن! باي بولىدىغانلار بولىۋەرسۇن! بىزنىڭ جەمەتىمىز، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىمىز پۇل دېگەن نەرسىنى جىق تاپقان، جىق جاھان سورىغان. ئادەم ئۆلگەندە ناھايىتى كەلسە شۇ تۆت مېتىر خەسە لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسى ئاشۇنداق ساياق ئىتلارنىڭ بولاپ ـ

تالىشى بىلەن تۇگەيدۇ، قۇرىدۇ. ئەركەك زاتى دېگەنگە ئاشۇ بىر خوتۇنغا تېتىماقتىن، كۆڭلىنى ئۇتماقتىن باشقىسى بىكار.

— خوتۇن... ھاي، خوتۇن دېدىما! — تۇرامەتنىڭ كۆڭلىدىن خوتۇن دېگەن تۈيغۇ كېچىش بىلەن ئاستا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز زەيتۇنەم كېلىۋالغانىدى، — يات كوۋۇكتىن نېزىقىغان دەمدەرنىڭ مىدىسىدەك ئەجەب يامانلىۋالدى يا ئۇ خوتۇن! مەنمۇ بىلىپ - بىلمەي كۆڭلىگە تىك كېلىدىغان گەپ قىلىپ قويدۇممۇيا؟ بولمىسا قېيىدىماق، يامانلىماق تۇگۇل خادىغا ياماشقان ھەشقىپىچەكتەك ئادەمگە چىرمىشىپلا يۈرىدىغان بەلەن خوتۇن ئىدى ئۇ ...

تۇرامەت بىردىنلا ئۆزىنى غېرىبسىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. كۆز چاناقلىرىغا ياش پاتماي قالدى. ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقان، ئىش - ئوقەتنىڭ ئىشىنى ئويلاپ ئاتا - بوۋىسى ئېسىگە كېلىپ قالغانىدى. ھەرقانچە باغرى قاتتىق ئەر كىشىمۇ بۇنداق چاغدا بەرداشلىق بېرەلمەي قالاتتى.

— نېمانداق ئانىسىدىن ئادىشىپ قالغان كىچىك بالىدەك بەگلىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا پوتلا - ماڭقاڭلارنى ئېقىتىپ تۇرىسىلەر، تۇرامەت تۇران؟

تۇرامەت بىرسىنىڭ تۇيۇقسىز دولىسىغا شاپىلاقلىشىدىن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇستىبېشىغا ھەرە كېپىكى تۇزۇندىلىرى يېپىشقان ئېگىز بوي، ئۇستىخانلىق تۇرسۇن ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قاراپ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى ئۆتەڭدە شال ھەرىسى ماڭدۇرۇپ، بازىرى چىقىپ قالغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالغانىدى. ھال - ئوقىتىمۇ يامان ئەمەس ئىدى.

— شال تىلىدىغان ياغاچ بەك ئاۋۇپ كەتكەنىدى، بىر قولۇمنى ئىككى قىلالماي قالدىم. ئەتىگىنى - ئاخشىمى ئېتىز - ئاياغ ئىشىڭلارنى قىلىۋالغاچ قارىشىپ بەرسەڭلا، ئوبدان رازى قىلسام

بولاتتى، — دېدى تۇرسۇن گەپ - سۆزسىز تۇرغان تۇرامەتنىڭ تۇپا - تۇمان، كىر باسقان ئۇستىبېشىغا قاراپ.

— مەن ئۆتۈپ - تېشىپ سىلىگە مەدىكارچى بولامدىم؟ ! — ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان تۇرامەت تۇرسۇننىڭ ئېگىز تۇرقىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك ئۇنىڭدىن بىر ئاز يىراقلاشتى، — بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىزچۇ، خۇرجۇن - خۇرجۇنلاپ ئالتۇن - كۈمۈش تاپقان، جاھان سورىغان ئادەملەر. خەقكە مەدىكار ئىشلەپ ئەمەس، خەقنى ئىشلىتىپ، ساۋاب تاپقان. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، سىلىنىڭ داداڭلىمۇ بىزنىڭ گىلەمچىلىك داستىخانىمىزدا مايمۇندەك ھەممە يېرىنى قىزارتىپ ئولتۇرۇپ بوياقچىلىق قىلىدىغان نىمكارلارنىڭ بىرسى ئىكەنىمىشقۇ؟ ھىم !... — تۇرامەت دىمىقىنى قېقىپ يەرگە بىرنى تۈكۈردى. پۇلتىيىپ تۇرغان بۇغدىيىكىنى چىقىرىپ، كېرىلىپ ئاسمانغا قارىدى.

تۇرسۇن گەپ - سۆزسىز كېتىپ قالدى.

تۇرامەت قورسىقىنىڭ كوركىراپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا گىياھ چاغلىق نەرسە سالمىغانىدى. بەگلىكنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى كەڭرى كەتكەن ئېتىزلاردا سارغىيىپ تۇرغان زىرائەتلەر سۇيىگە قانماي ۋاشاڭلاپ قالغان، بوك - باراقسان يېشىلچىلىقتا تولغان مەھەللىلەردە يەنىلا بىر خىل غۇربەتچىلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. «بوۋامنىڭ زامانىسىدا ئاجايىپ ئاۋات بولغان بەگلىكنىڭ بازىرى مۇشۇنداق كۈنلەردە قىزىيدىغان بولغىيمىدى؟» ئاغزىنى تاتلىق ئەتكىنىچە ئاستا تۇگۈلۈپ مېڭىپ ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ جىگدە بوردىمالنىڭ يېنىغا كەلگەن تۇرامەتنىڭ بۇرنىغا مەززىلىك بىر پۇراق ئۇرۇلدى. بۇ ياغدا قورۇلغان پىيازنىڭ پۇرىقى ئىدى. بۇ مۇشۇنداق ئاچلىقتىن تۇگۈلۈپ قالغان چاغدا پۇت - قولىغا ماغدۇر بولىدىغان قىزىققىنا بىر چىنە ئاشنىڭ پۇرىقى ئىدى. « چاشقان كىرسە

يامانلاپ چىقىدىغان ئۈيدىن قانداقلارچە ياغ پۇرىقى تارقىلىدىغاندۇ؟ ! يەنە كېلىپ قولى تاتلىق خوتۇنى زەيتۇنەمنىڭ چۇچۇتكەن يېغى... ياكى «ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا، تازنىڭ كۆزى چاچتا»، دەپ قورساق ئېچىپ تۇرغان پەيتتە ئاش ـ تاماقنى ئويلاپ قالغاندىكىن، شۇنداق بىر تۇيغۇ مېنى ئالداۋاتامدۇيا؟»

زەيتۇنەم راستلا چەللىنىڭ ئاستىدىكى ئوچاقتا قازان قاينىتىپ ئولتۇراتتى. «ئۆزى كەتكەن يارىم، ئۆزى كەلگەن يارىم» ... تۇرامەت كۆزلىرىگە ئىشەنمەي هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەم هاڭۋېقىپ تۇردى. ياغ قۇيۇپ يالىغاندەك پاك ـ پاكىز تازىلانغان هويلا، سېۋەتكە تاشلانغان كۆك ئوتقا كىرىشىپ، ئاچچىق ـ ئاچچىق مەرەشتىن زوۋانى بېسىقىپ قالغان بولۇۋېدىكى ئانا ـ بالا قوي، ياغدا قورۇلغان پىيازنىڭ مەززىلىك پۇرىقى... هەممە ئىش ئۆزگىچە ئىدى. يەنە ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى جىگدە غازىڭى رەڭگىدىكى سۇس، ئۇزۇن گىرىپىتىشتىن كۆڭلىكىنىڭ ئۇستىدە ئويناپ تۇرغان خوتۇن... تۇرامەت خوتۇنىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن چەللىنىڭ ئاستىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. قىزىق خوتۇن ـ دە بۇ، خۇددى هېچنېمە بولمىغاندەك بەئەينى بوۋام زامانىسىدا يۇرت ـ يۇرتلاردىن بەگلىك سەيلىسىگە كېلىپ، يىگىتلەرنىڭ ئەقلىنى ئۆزى بىلەن بىللە بازار ئايلاندۇرىدىغان بەگلىكنىڭ لەۋەنلىرىدەك ئولتۇرغىنىنى...

تۇخۇم چېكىپ ئېتىلگەن چۆپ ئاش ئۇلۇشكۇندىن بېرى قۇرۇق نان غاجاپ شىدىنى قۇرۇپ قالاي دېگەن تۇرامەتنىڭ پۇت ـ قولىغا جان كىرگۈزدى. تاماق يېيىلىپ بولغۇچە ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن يېڭى تويى بولغان قىز ـ يىگىت بىر ـ بىرىدىن تارتىنىپ قالغاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي ئولتۇردى. داستىخان يىغىلغاندا ئوبدانلا كەچ كىرىپ قالغان بولغاچقا، ئىككىيلەن تەبىئىيلا يەنە بىر يەرگە كېلىپ قالدى.

— ئىشىك ـ دەرۋازىلارنى كۆهقاپنىڭ ئاغزىدەك ئوچۇق

قويۇپ، ھويلىنى تاشلاپ ئەشمىدە قۇشلىغىنىنى... — زەيتۇنەم دومسايغان قىياپەتتە گەپ تەشتى، — تاپىنى تۆشۈك...

— سەن بولمىغاندىكىن، يولۇڭغا چىقىپ، تاپىنىم تېشىلسە تېشىلگەندۇ !

— مەن ئۇچۇنما، ئانامنىڭكىدە كۆزلىرىمنى ياشلاپ ياتسام، كەينىمدىن بېرىپ باقمىغان ئادەمنىڭما؟

— قولۇم قۇرۇق، بارالمىدىم ! — تۇرامەتنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— مەن بۇ چاغقا قەدەر سەندىن ياغلىق چاغلىق نەرسە تەمە قىلدىمۇ؟ — زەيتۇنەم كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى، — سەن بارمىغاندىكىن، دادام: «بېرىڭ، جۇگۇرۇڭ، ئېرىڭىزنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇڭ، قىزىم» دەپ ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىرىپ ئەكېلىپ قويۇپ كەتتى.

تۇرامەت شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئوبدان ئىش قىلمىغانلىقىنى، بارغانچە ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ، مۇشۇنداق ئىشىك - دەرۋازىلارنى قولۇپلاشنىمۇ ئۇنتۇپ، تالادا يۇرگەنلىكىنى ئويلاپ قالدى.

— مېڭىڭ، ئۆتەڭگە چىقىپ باش - كۆزىڭىزنى چۈشۈرتۈپ كىرىڭ، چاچلىرىڭىز ئۆسۈپ ئوغلاق باش بولۇپ كېتىپسىز، — زەيتۇنەم ئېرىنىڭ ساقال باسقان ئېڭىكىنى سىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا يىگىرمە كوي تەڭلىدى.

— نەدىن تاپقان پۇل بۇ؟ — تۇرامەت پۇلغا قولىنى ئۇزارتماستىن، يىرگىنچلىك بىرنەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك كەينىگە داجىپ، خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

— بايا يولدا كەلگۇچە دادام بەردى. يەنە: «تولا پۇل جېدىلى قىلىپ، ئېرىڭىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتماڭ، كۇنلەر ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى.

«خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا قارىغانمۇ ئىشمۇ» دېگەنلەرنى

خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن تۇرامەت پۇلغا قاراپمۇ قويمىدى. شۇ تاپتا بۇ پۇل ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قۇتراۋاتقان ئوتلۇق ئىستەككە پەشۋا بولۇپ تەڭلىنىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— ھىم... ئالساڭچۇ، — خوتۇنى ئۇنى نازلىق تۇرتتى، — يەنە بىردەم ئۆتسە، ساتىراشمۇ دۇكىنىنى يىغىپ كېتىدۇ بىكار.

خېلى بىر ئۇزۇندا ساتىراشخانىدىن كىرگەن تۇرامەت ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك تېتىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئېڭىكىنى قىرىن داسلىغاندەك قىرىپ قىزارتىۋەتكەن ساتىراش تېخى «ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ» دەپ ئۇپا، ئەتىر چېچىپ، ئۇنى «ئىپار ـ ئەنبەر» پۇرىتىۋەتكەنىدى.

— ۋىيەي، يىگىت بولۇپ كەتكىنىنى... — دېدى ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ يورۇقىدا چالا ـ چۇشتا كىر ـ قاتلارنى يۇيۇپ قولى بىكار بولغان خوتۇنى ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە قاراپ، — ئەينەككە سەپسېلىپ قاراپ باقە، مانا! — ئۇ يەنە گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ئېرىنىڭ ئالدىغا تەكچىدىكى قوش ئالىقاندەك ئەينەكنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ئوسما قويىدىغان ئۇ نېمەڭنى نېرى ئاپار، — دېدى تۇرامەت ئەينەككە قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — يىگىتلىكتە ساڭا يارىسام، ماڭا شۇ ھېساب.

— ئەمىسە مېنىڭ دېگىنىمدەك يىگىت بولىسەن ـ ھە!

— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، دېگىنىڭدەك بولمىسام، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي!

— راست؟

— راست!

خوتۇنى بىلەن ۋەدە بىرىشكەندەك گەپ ئېيتىشىپ قالغان تۇرامەت بىردىنلا ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگى ئۇچىنىڭ نەگە، نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن دېيىشەلمەيدىغان ھېچبىر تىل قىسىنچىلىقى يوق ئىدى. شۇڭا، خوتۇنى بىلەن ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ ئوينىشىپ

كەتتى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن كۆلكە ـ چاقچاق ئىچىدە ئۇيان ئىتتىرىشىپ، بۇيان ئىتتىرىشىپ ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدى. ئۇلار ھە دەپ ئويىنىشىپ ۋىلىقلىشىۋاتقاندا، تورۇستا ئامۇتتەك ئېسىلىپ تۇرغان چىراغ بىر ئاقىرىپ ـ بىر قىزىرىپ، لاپپىدە ئۆچتى...

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كاتەكتىكى خورازنىڭ قانات كېرىپ پالاقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كاساپەت، ئۇمۇ شۇ تاپتا پۈتۈن جاھاننى ئۇنتۇپ، يېنىدىكى مېكىيانغا قانات سۆرەپ يۈرەمدىكىن...

## 5. قىسمەتلىك زەينەپ

زۇمرىخان بەگلىكتىكى ئۆمرى تۇللۇقتا ئۆتكەن دەردمەن ئايالالرنىڭ بىرسى، زەينەپ ئۇنىڭ بىر تاللا قىزى.

زۇمرىخان تېخىچە بىئارام بولۇپ قەي قىلىۋاتقان قىزىنى قاش ـ كۆزىگە، باش ـ ئايىغىغا گۇمان، ئېسەنگىرەش نەزىرىدە قارىغىنىچە باغىنىڭ كەينىدىكى يالغۇز ھويلىغا ھەيدەپ ئەكەلدى. ئۆيگە سولاپ ئىشىك ـ تۈڭلۈكلەرنى تاقاپ، ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— ئېيتقىنا، قايسى ھايۋان چېقىلىپ قويدى ساڭا، نېمە قەي قىلىسەن؟

زەينەپ بارماقلىرىنىڭ ئېتى قىزارتىپ ئېلىنغان تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يالاڭ ئاياغ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېيتقۇسىز ئازابقا تولغانىدى.

— گېپىمنى ئۇقۇۋاتامسەن، تام باسقۇر؟ قورسىقىڭدىكى قايسى نائەھلىنىڭ سۆيدىكى، دەيمەن؟! — زۇمرىخان قاراڭغۇ ئۆيئىچىدە قىزىغا بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ، بىر تەرەپتىن شەرەتلەپ ئۇنىڭغا گەپ ئۇقتۇرۇشقا تىرىشاتتى. لېكىن، زۇۋانسىز قىزدىن ھېچبىر سادا كەلمەيتتى.

زەينەپ تىلسىز بولسىمۇ ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئۇقاتتى. كۆڭلى ئوچۇق چاغلاردا گەپ قىلىشقا ئۇمتۇلۇپ : «كا... كا... كۇ... كۇ...» قىلىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى. شەرەتلەپ دېگەندەك ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى. ھالبۇكى، ھازىر ئۇنىڭ چىش يېرىپ بىرنېمە دېيىشكە زىنھار رايى يوق ئىدى.

— خۇدا ھەققىدە بولسىمۇ زۇۋان سۇرە، ئۆلگۇر ! — قىزىغا بۇساقنى چېقىلىپ قويىدىكەن دەم گۇمان قىلغان ئانا نومۇس كۇچىدىن غەزەپكە تولغانىدى، — مەن سېنىڭ گەپ ئاڭلىمىغان قۇلىقىڭنى چىشلەپ ئۈزىۋالىمەن ! تۇرۇڭ دېگەن يەردە تۇرمىغان پۇتۇڭنى، ئوشۇقۇڭنى چېقىپ ماڭالماس قىلىۋېتىمەن. قارنىڭنى بۆسۇپ، خەقنىڭ ئالدىدا مېنى شەرمەندە قىلغان نىجاسەتنى ئۇجۇقتۇرىمەن ! — ئانىسىنىڭ قولىغا داتلىشىپ كەتكەن بىر قىڭراق چىقىپ قالغانىدى.

— كا... كا... كۇ... كۇ... — زەينەپ تۇيۇقسىز كىكەچلەپ يەرگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئانىسىنىڭ ئالدىدا توغرىسىغا يېتىپ، قولى بىلەن كانىيىنى غىرداپ، «مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ» دېگەن مەندە ئىشارەت قىلدى. قىزىنىڭ قىلىقىنى، ئىپادىسىنى كۆرگەن ئانا قىڭراقنى تاشلاپ ئۆزىنى كاچاتلىدى، چاچلىرىنى يۇلۇپ زارلاشقا باشلىدى:

— ئاھ خۇدا، ئاھ خۇدا... جىندەك سەۋەنلىكىم ئۈچۈن سالغۇلۇقنى ماڭىلا سالامسەن؟ بۇ ماڭا نېمە كەلگۈلۈك؟ ئۇمۇ نېمىشقا ماڭا ئوخشاشلا قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ؟ مەن ئەمدى ئەل ـ يۇرت ئالدىدا بۇ يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟... بۇ ئىپلاسلىقنى ئاشۇ بۇساق دېگەن شەرمەندە قىلغان بولسىچۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن نومۇسىغا تەگكەن بولسا... ئاھ خۇدا ! ئاھ خۇدا ! قاراڭغۇ ئۆيدە قىزىنىڭ ھالى ئۇيان، ئانىسىنىڭ ھالى بۇيان بولۇپ كەتكەنىدى. ئانا ئاھ ئۇراتتى، پەرياد چېكەتتى. ئاق ئارىلاپ

چارلاشقان چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۆزىنى كاچاتلايتتى. ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى: نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ، ئوخشاش بىر تەقدىر ـ قىسمەت نېمىشقا ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ بېشىدىلا تەكرارلىنىدۇ؟ !...»

زۇمرىخان بىر چاغلاردا يىلىنجاپ تۇرغان ئوتتەك ئاجايىپ قىز ئىدى. تالدەك ئىنچىكە بېلىدە ئويناپ تۇرىدىغان ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ماڭغۇدەك بولسا، ئۇنى كۆرگەن يىگىتلەر ئەقلىدىن ئازاتتى. ئۇنى قولىغا كەلتۈرۈش كويىدا تېپىرلايتتى. ئارىغا ئەلچى قوياتتى. زۇمرىخان بولسا ئۆز كۆڭلىدە ھېچكىمنى ياراتمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ يۇرتنىڭ يىگىتلىرىنىڭ بىرسى تاز، بىرسى چوقۇر، بىرسى دوك، بىرسى قارىۋاي، بىرسى سېرىق، بىرسى چېقىر كۆز، بىرسى شېتىلە، بىرسى ئاتىكارچى، بىرسى تۇتامسىز، بىرسى مۆرىمەس... ئىدى. زۇمرىخان ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلماي يۈرگەن شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تەقدىرىدە تۇيۇقسىز بىر ئۆزگىرىش بولدى. ھەممىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلانغان قىز بىردىنلا ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنى، كىشىلەر نەزىرىدىكى قەدرىنى يوقاتتى.

ئۇ كۈنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يازلىق ئورام تەييارلىقىنىڭ غېمىنى قىلىپ، شەھەرگە جابدۇق ئالغىلى كەتكەنىدى.

— كەچتە شەھەردىن يېنىپ چىقىشىمىزغا ئۈلگۈرتۈپ غورا سېلىپ يوبدان ئېتىڭ، قىزىم، — دادىسى زۇمرىخانغا ئۇنى ـ بۇنى تاپىلىغاندىن كېيىن ئېشەككە ياغاچ سانجىدى، — خەت، قوتۇر !

— قورساقتا تۇرغۇدەك زاڭ ئېتىپ قويسام بولمامدۇ، دادا ؟ — قىز ئاتىسىغا كۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئائىلە ئۈچۈن زاڭمۇ ئېسىل تاماق ھېسابلىناتتى.

— زاڭ سەپەر ھاردۇقىنى باسمايدۇ. يەنىلا يوبدان ئېتىڭ، — دادىسى بىلەن ئانىسى ئىككى ئۇكىسىنى ئېلىپ شەھەرگە ئۇزاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىرھازا قاراپ تۇرغان قىز ئۆرۈكلۈك

باغدا «كاككۇك ! كاككۇك ! » دەپ سايراۋاتقان زەينەپنىڭ ئاۋازىغا بىردەم قۇلاق سالدى. كېيىن ھويلىغا يېنىپ كىردى.

زۇمرىخان دادىسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، تۆشۈكتىكى كۆك چامغۇر ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان يېڭى ئوسمىنى ئالدى. قازان بېشىدا پاكىز يۇيۇقلۇق تۇرغان چىنىنى سۇپىدىكى كىگىز ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ، چىنىنىڭ ئويسمان چۇرۇكىگە ئوسما سىقتى. ئاندىن تامدىكى تەكچىدىن ئەينەك، سۇپۇرگە ياغىچىغا پاختىنى يۆگەپ ياساپ قويغان پەلكۈچنى ئېلىپ، قېشىغا تۇجۇپىلەپ ئوسما قويدى. قاشلىرىنىڭ دەل قوشۇمىسىغا خال چەكتى. ئوسمىسى سىڭگەندىن كېيىن يۈزىنى يەنە بىر قېتىم يۇيۇۋېتىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىدى. بېغىر رەڭ ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن ئوتقاشتەك قىزىل گىلەم دوپپا ئۇنى پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان بىر دەستە گۈلگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

قىز ئەينەكتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، بىرئاز قىسقا كېلىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا كۆز قاماشتۇرۇپ تۇرغان كۆڭلىكىگە قارىدى. بۇ كۆڭلەكنى ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئانىسى بايراملىق تىكتۈرۈپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا زۇمرىخان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سەنئەت كۇرۇژۇكىدا بولۇپ، يېزا بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىسى مۇشۇنداق گىلەم دوپپا، ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ كېلىڭلار دەپ ۋەزىپە قىلغانىدى. زۇمرىخاننىڭ دادىسى ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن كوپىراتسىيەگە ئىشلەيدىغان نامرات، يوقسۇل ئادەم بولغاچقا، ئۇ مۇئەللىمىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلىيالماي، مۇسابىقىگە قاتنىشالماسلىقىدىن بەكلا ئەنسىرىگەنىدى. ئەمما، ئانىسى قىزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئۇقۇپ، دادىسىدىن خۇپىيانە ھالدا تۇخۇم سېتىپ يىغقان پۇلغا ئەتلەس ئېلىپ كۆڭلەك تىكتۈرۈپ بەرگەنىدى. شۇ يىلى زۇمرىخان بايرامدا ئۇسسۇل ئويناپ، ھەممىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن، تەقدىرلەنگەنىدى.

كېيىن ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈمىدىگە يارىشا يۇقىرىلاپ ئوقۇيالمىدى. ئەترەت ئۇنى بويىغا قاراپ ئەمگەك كۈچلىرى قاتارىغا تىزىملىتىۋالغانىدى. مانا هازىر كوپىراتسىيە چۇۋۇلغاندىن كېيىن كىشىلەر ھۆددە يېرىنى تېرىيدىغان بولدى. دادىسىنىڭ قولىمۇ ئاز - تولا پۇل كۆردى. بۇ ئىش بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشقان بولسا، دادىسى ئۇنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇپمۇ قالاتتى.

— كاككۇك، كاككۇك، كاككۇك!

زەينەپنىڭ خەندان ئۈرۈپ سايرىشى قىزنى خىيالدىن ئويغاتتى. سايرا - سايرا، تېخىمۇ شوخ سايرا، ئۇ كەلسۇن! قىز ھويلىدىن چىقىپ، باغنىڭ قاشاسىدىن تاشلىنىپ تۇرغان قويۇق ئۆرۈك شاخلىرى ئارىسىغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ياپيېشىل يوپۇرماقلار، شاخلار ئارىسىدا مارىلاپ تۇرغان ئالا غورىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. زەينەپنىڭ سايرىشى تىنىمسىز ئىدى. قىز ئۆرۈك شاخلىرىغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا قەدەم بىلەن قاشا تۈۋىگە — ئۆرۈك سايىسىغا كەلدى. «ئۇ بۈگۈن يەنە كېلەرمىكىن، — دەپ ئويلىدى قىز، — ئالدىنقى قېتىم ئازراق مۆڭدىشىۋالغاننى دېمىگەندە، ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى باغنىڭ دالدىسىدا بىرھازا قاراپ تۇرۇپ ئامالسىز قايتىپ كەتتى. ئۇ كۈنى ئۆيدىكىلەر ھېچ يەرگە مىدىرلىمىغانىدى. كەتمەن كۆتۈرگىنىچە سۇ ياقىلاپ كەلگەن دادامنىڭ كۆزلىرى ئۇنى چېلىقتۇرۇپ قالايلا دېگەنىدى. بۈگۈن...» قىزنىڭ كۆز ئالدىدا ئوتتۇرا بوي، بۇرۇتى قاپقارا، شوخ بىر يىگىت ئايان بولدى. قىز ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتخاننىڭ كېيىنكى تويىدا تونۇشۇپ قالدى. توي بەك قىزىغانىدى. يىگىت قىزنى ئۇسسۇلغا تارتىپ تۇرۇۋالدى. قىزنىڭ تەلىيىگە دادىسى سېكرېتارنىڭ قويلىرىنى قىرقىشقا چاقىرتىلغانلىقتىن، تويغا كېلەلمىگەنىدى. شۇڭا، قىز ئۆزىنى شۇنچە ئەركىن قويۇپ بېرىپ كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىدى. تويدا قارىشىپ تۇرغان يۇرتنىڭ يىگىتلىرى بولسا زۇمرىخاننىڭ پوچى بىر بۇرۇتلۇق بىلەن

بىقىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشتى. بەزىلەر ئۇ بۇرۇتلۇقنى تونۇغاندەكمۇ قىلدى. ئەمما، قىزنىڭ خىيالىغا ھېچنېمە كىرىپ چىقمايتتى. بۇ ئۇنىڭ مەكتەپتىن ئاجرىغان ئىككى يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئۇسسۇل ئوينىشى ئىدى، كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ يىگىت بۇگۇن بۇ مەھەللىگە پەقەت ئۆزى ئۇچۇن كەلگەندەك...

— مۇھەببەتخاندىن كېيىن سىزنىمۇ ئەكەتسەك بولغۇدەك ! — قىزغا بارغانسېرى چاپلىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يىگىت ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئەكېتەلەمسىز، كارامىتىڭىز بارمۇ؟ — قىزمۇ بوش پىچىرلىدى. ئۇ قىزارغان، تەرلەپ كەتكەنىدى.

— شۇڭا كەلدىم، ئۆيىڭىز قەيەردە؟

— باغنىڭ كەينىدە.

نەغمىچىلەرنىڭ ئۇنى تۇيۇقسىز ئۈچتى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى. مەھەللىدە قىزغا قانات سۆرەپ يۈرگەن ناماتمان موللىقۇربانمۇ، ئويۇن قېپى ئابدۇلئاشىقمۇ، ئىشقىلىپ بىرسى ئۇلارنىڭ «ئاپاق - چاپاق» بولۇشۇپ كەتكىنىگە چىدىماي نەغمىچىلەرگە ھۇجۇم قىلغان، مەشرەپنى بۇزغانىدى.

قىز يىگىتنىڭ «مەن سىزنى ئىزدەيمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلىيالىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىسمى نېمە، نېمە ئىش قىلىدۇ، كەتمەنگىلا قاراشلىقمۇ ياكى بىرەر ھۈنىرى بارمۇ، بۇنى بىلمەيتتى. قىزمۇ بۇ مەھەللىدىكى باشقا قىزلارغا ئوخشاش ھۈنىرى بار يىگىتلەرنى چوڭ كۆرەتتى.

— كاككۇك !

قىز چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا ھېلىقى يىگىت قاراپ تۇراتتى. قىزنىڭ خىيالى ئۈركۈگەن قۇشقاچتەك غايىب بولدى. يۈرىكى دۈپۈلدىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كېلىڭ، تىنچ تۇرۇپسىز؟
— خۇداغا شۈكۈر.
ئىككىيلەن بىرھازاغىچە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. قىز يىگىتنى يا ئۆيگە باشلاشنى، يا مۇشۇنداق تۇرۇپ پاراڭلىشىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.
— كېلىڭ، مەشەدىلا ئولتۇرايلى، — يىگىت قىزنى ئۆرۈك سايە تاشلاپ تۇرغان قاشا ئاستىغا تارتتى. ئۇنىڭ مىجەزىدە بوشاڭلىق ئالامەتلىرى يوق ئىدى.
— مەشەدىمۇ؟ — قىز ئەندىكىپ كەينىگە داجىدى، — مەھەللىدىكىلەر كۆرۈپ قالارمىكىن؟
— بۇ يەر خىلۋەت ئىكەن. قاشا، ئۆرۈك يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىغا بىركىم كۆز سالمىغۇدەك. يەنە كېلىپ كۆجۈم مەھەللە باغنىڭ ئالدىدا، بۇ يەرگە ئېزىپ قالغان قوي، توخۇ دېگەندەك جانلىقنى ئىزدەپ كەلمىسە، باشقا بىرسى كەلمىگۈدەك.
قىز يىگىتكە ياندىشىپ ئولتۇردى. قاشا تۈۋىدىن ئېقىپ ئۆتكەن ئېرىقنىڭ سۈيى بوش شوخشۇپ كىشىگە ئاراملىق بېرەتتى.
— سىز مېنىڭ يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈۋالدىڭىز، — دېدى يىگىت ئاۋۋال گەپ تېشىپ، — لېكىن تويدا كۆرۈشكەن ئاشۇ ئۈچ ھەپتىدىن بېرى بۇگۈن تېخى سىز بىلەن ئازادە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىش نېسىپ بولدى.
قىزمۇ يىگىت دېگەن گەپنى دېمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلغان، چاڭقىلداپ تۇرىدىغان ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. قىز يىگىتنىڭ شۇ كۈندىكى شوخلۇقىغا قاراپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنى — مەھەللىسىنى ئۇنتۇغان ھالدا يىگىتنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قىز غەيرەت قىلىپ يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتكە تىكىلدى. ئاق كەپكە، قىزغۇچ چاقماق كۆڭلەك ئۇنى يەكشەنبە بازارلىق بايۋەتچىلەردەك كۆرسىتەتتى. كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ

تۇرغان كۆزلىرىدىكى بىر ئاز مۇغەمبەرلىك، غالىبلىق ئالامەتلىرى بولسا ئۇنى دىتى، يۇرۇشى بار قىلىپ كۆرسىتەتتى. مەكتەپتىن چىققاندىن بېرى مەھەللىدىكى يىگىتلەرنى ياراتماي كەلگەن قىز يىگىتكە يەنە بىر قېتىم كۆز تاشلىدى. يىگىت دېگەن بەك ئۆلۈك، سولاش بولۇپ قالسىمۇ كۈنىنى ئېتەلمەيدۇ، خوتۇنىنى باقالمايدۇ. مانا بۇ قىزنىڭ كۈتكەن يىگىتى ئىدى.

قىز ئۆزىنى يىگىت بىلەن تويى بولغان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلدى. قىزىپ كەتكەن مەشرەپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەن يىگىت، قىزلار... ئاتقا مىندۈرۈلۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈش... ئۇ ئەمدى مۇھەببەتخانىغا ئوخشاش بىر چىرايلىق چوكان بولىدۇ. تويدىن كېيىن ئېرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئانىسىنىڭكىگە ئازنىلاپ كېلىدۇ... مۇھەببەتخانىمۇ شۇنداق بولدى. تېخى ئۇن نەچچە كۈن بولار ـ بولمايلا سۈتتەك ئاقىرىپ ھۆسنىگە تولۇپ، قاملاشقان چوكان بولۇپ كېتىپتۇ...

— مەڭ، بۇنى سىزگە ئەكەلدىم، — يىگىت يالتىراق خالتىغا ئورالغان بىرنەرسىنى قىزغا ئۇزارتتى. بۇ سېرىق ھېلىلە ياغلىق ئىدى.

— ھەشقاللا، — قىز يىگىتنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ياغلىقنى قولغا ئالدى، ئەمما كۆڭلى بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى. قىز سېرىق رەڭلىك نەرسىلەرنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. سېرىق رەڭلىك نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە سوپىسوپىياڭ بولۇپ كۆرۈنەتتى.

ئەتراپ شۇ قەدەر جىمجىت، ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىرىقلىشى پەسكويغا چۈشۈپ قالغان، ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا ئۆزىنى يوشۇرغان زەينەپمۇ سايراشتىن توختاپ قالغانىدى. كۆك قەرىدە تىكلىنىپ تۇرغان قۇياش جانلىقلارنى سايىغا قاچۇرغانىدى. خېلى بىرھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن قىزنىڭ كۆك ئوسما سىڭىپ قالغان نازۇك قوللىرى يىگىتنىڭ تۈكلۈك قولىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، ئۇنداق قىلماڭ! — قىز بوش ئاۋازى

بىلەن يىگىتنىڭ قىلىقلىرىنى رەت قىلدى، — مېنى قويۇۋېتىڭ!

لېكىن، يىگىت ئۇنى قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس... قىز جانسىز ھالسىرىغىنىچە تىپىرلايتتى. ئۇنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىغان، كۈچ - مادارسىز ھالدا يىگىتنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ قالغانىدى... بىرپەس خۇدىنى يوقاتقان قىز لەۋلىرىنى چىشلەپ ئىڭراپ، ياش ئېتىلىپ چىققان سولغۇن كۆزلىرىنى ئاچتى. بورانىنىڭ شەپىسى كېلىپ، جاھان قىزىللىققا تولغان؛ ئېرىقتىكى سۇ لېيىپ، يامغۇر سۇيىدەك قىزىللىشىپ قالغان؛ قاشتىكى يۇمران چىملار چەيلەنگەن... زەينەپ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ سايراۋاتاتتى. باغدىكى ئىت كىمگىدۇر زەنجىر سىلكىپ قاۋىماقتا ئىدى. قىز پۇرلەشكەن، قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئەتلەس كۆڭلىكىگە قاراپ كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى. قىزنىڭ ھالىغا قاراپ سەت ھېجىيىپ تۇرغان قۇۋ كۆزلەردە بىر خىل مەغرۇرلۇق ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى.

قىز ئالقىنى بىلەن يۈزىنى توسۇپ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىردى. ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلىدى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك قەدىرسىز ھېس قىلدىكى، گويا ئەمدىلا ئېچىلاي دەپ تۇرغان قىزىلگۈل ئېشەكنىڭ ئايىغىدا چەيلەنگەن، ئاسماندىكى ئاي توساتتىن يەرگە چۈشۈپ پاتقاققا مىلەنگەن، نۇرىنى، جازىبىسىنى يوقاتقانىدى.

كۈنلەر ئۆتتى. پاك، غۇبارسىز قەلبىگە داغ چۈشكەن قىز ئۈن - تىنسىز ھالدا ياش تۆككەچ يىگىتنى كۈتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى «ئەكېتىدىغان» لەۋزىدە چىڭ تۇرسىلا، كېيىنكى ئىشلار ئاستا - ئاستا ئىزىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. دېمەكچىلىك يىگىت يەنە كەلدى. ئۇ يازلىق ئورام ئەۋجىگە چىققان چىڭقچۈش مەزگىلى ئىدى. قىز يىگىتكە تەلمۈردى. ئۇ «خامىنى ئېلىۋېلىپلا توي قىلايلى» دېگەن گەپكە زار ئىدى. لېكىن، يىگىتنىڭ مەغرۇر كۆزلىرىدە ئۇنداق گەپتىن ئەسەر يوق،

شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ قىزغا يەنە شۇنداق قول سوزدى.

— قولىڭىزنى تارتىڭ! — قىز بۇ قېتىم كەسكىنلىك بىلەن يىگىتتىن ئۆزىنى قاچۇردى، — مەن بۈگۈن ئېغىزىڭىزدىن بىر گەپ ئاڭلاي.

— قانداق گەپ ئاڭلىغۇڭىز باركىن، ئاشنام؟ — يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە نە سەممىيەت، نە مەسئۇلىيەتتىن دېرەك يوق، قاشلىرىنى ئوينىتىپ كۈلدى. بۇنى كۆرگەن قىز تىلىغا زەھەر تەگكەندەك چۈلغىنىپ كەتتى، تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ ئاۋازى بوش چىقتى:

— نېمە دېدىڭىز؟!

قىز ئۇنىڭ گېپىنى خاتا ئاڭلىۋالغان بولماي دەپ، يەنە ياندۇرۇپ سورىدى:

— ئاشنا دېدىڭىزما؟

— ھەئە!

— ئۇنداق لاۋزىلىشىپ، مېنى تېرىكتۇرمەڭ. قاچان ئەلچى ئەۋەتىسىز؟

— ئەلچى؟ — يىگىت يەنە كۈلدى، ئاۋازى مەسخىرىلىك ئىدى.

— مېنىڭ چاي ئىچۈرۈپ قويغان لايىقىم بار، تاتلىقىم... بېشىم باغلاقلىق.

— يالغان گەپ قىلماڭ! — قىز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، — مېنى ئالدىمىغانسىز؟!

— كۆڭلىڭىزنى ئالغىنىم ئالدىغىنىم ئەمەستۇ؟

— سەن مېنىڭ قەدىر - قىممىتىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىڭ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ھايۋان!

نامەردنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. قىز ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن شاپىلاق سېلىۋەتكەنىدى.

— يىغلىماڭ، نېمە قىلىسىز يىغلاپ؟ — يىگىت يۈزىنى

سىلاپ قىزارغان كۆزىنى ئۆۋۆلىدى، — ئۆپراپ كېتەمتى يا !

— مەن سېنىڭ ئەدەپ ـ جازايىڭنى بەرگۆزىمەن، ئالا كۆڭۆل هايۋان ! ئىسمى ـ زاتىڭ نېمە؟

— شەپشەك غۆنجىنىدەك چاپچىماڭ، بۆساقجان دېسىڭىز مېنى هەممە قىزلار بىلىدۆ، — يىگىت شۆنداق دەپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئۆلار ئېرىق بويىدا بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغانىدى.

— بۆساق؟ ! — قىزنىڭ خۆشاللىقى يوقالدى. قىزلىق قەدىر ـ قىممىتى چەيلىنىپ روهى سۆنغان، تەگسىز ئازابقا مۆپتىلا بولغاننى ئاز دەپ، قورسىقىدا قالغانلىقىنىڭ بېشارىتى كۆرۆلۆۋاتاتتى.

كۆنلەر ئازاب ئىچىدە ئۆتتى. زۆمرىخان هارام بالىغا هامىلىدار بولغانلىقتىن، ئۆنىڭ ئۆرۆق ـ جەمەتى يۆرت خەلقىنىڭ ئالدىدا باش كۆتۆرگۆسىز نومۆس، ئازابقا قالدى. بېشىنى كۆتۆرەلمىگەن دادىسى بىلەن ئانىسى بىر كېچىدىلا ئۆكىلىرىنى ئېلىپ يۆرتتىن چىقىپ كەتتى. ئۆرۆق ـ تۆغقانلىرى ئۆنىڭدىن كەچتى. ئۆرۆكلەر سايە تاشلاپ تۆرىدىغان قاشانىڭ تۆۋىدە كۆن ـ كۆنلەپ زەينەپنىڭ سايرىشىغا قۆلاق سېلىپ هاڭۆېقىپ ئولتۆرىدىغان بولۆپ قالغان قىز شۆنىڭدىن كېيىن بۆساق دېگەن نامەردنىڭ تېگىدىن مۆشۆ يۆرت — بەگلىكتىن، ئەمما سىرتتا لاغايلاپ كۆن ئۆتكۆزىدىغان جاهانكەزدى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۆ، ئامالسىز دەردىنى ئىچىگە يۆتتى.

يەنە بىر كۆكلەم كەلدى. باغدا زەينەپنىڭ كاككۆكىنى تىنىمسىز چاقىرىشى ئاڭلانغاندا، زۆمرىخاننىڭ كۆزى يورۆدى. يالغۆز ئۆيدە ئۆزى تولغاق يەپ، ئۆزى تۆغقان بالىنىڭ كىندىكىنى ئۆزى كەسكەن، ئۆزى ئېغىزلاندۆرغان زۆمرىخان قىزغا «زەينەپ» دەپ ئىسىم قويدى.

خىيالدىن ئۆزىگە كەلگەن ئانا ئالدىدا يىغلاپ ياتقان قىزىغا

قاراپ ئاھ ئۇردى، پەرياد چەكتى. ئاق ئارىلاپ چارلاشقان چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلىدى. ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى: «بۇ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ، ئوخشاش بىر تەقدىر ـ قىسمەت نېمىشقا ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ بېشىدىلا تەكرارلىنىدۇ؟!»

## 6. سارىخان ئوتۇڭ يامان

سارىخان ئوتۇڭ يامان،
كۆيدۈرۈشۇڭ ئاندىن يامان.

دىمىقىدا غەزەل ئوقۇپ كېلىۋاتقان سىيىتچوڭ بازاردىن يېنىپ، بەسلىشىپ چېپىشىۋاتقان ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ بىرسىگە سۆڭگىچىنى ئارتىۋالدى. بۇ ئابدۇلئاشىقنىڭ ھارۋىسى ئىدى. شۇ تاپتا سىيىتچوڭ ھارۋىدا ئولتۇرغان بىلەن، كۆڭلى شەنبەبازاردا — سارىخاندا قالغانىدى... «موللا دادام ئاشۇنداق جاھىللىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە ئاپىرىمەن دېسە، ئاخىر ساقىلىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ قالىدۇ، — سىيىتچوڭ خىيالغا پاتتى، — مەندىنمۇ تايىنىلىق قۇتۇلىدۇ. لېكىن، ئاشۇ بىچارە ئانامنى دېسەم ئالدىراپ تەۋەككۇلچىلىك قىلغۇم كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يىغلاپ قېلىشىغا چىدىمايمەن...»

سىيىتچوڭ سامۇق موللامنىڭ كەنجى ئوغلى ئىدى. دادىسىنىڭ قىران چاغلىرىنى دورىغاندەك گىروي، ئۇستىخانلىق چوڭ بولغان بۇ يىگىتنىڭ خېلىدىن بېرى ئايىغى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ شەنبەبازاردىكى سارىخانغا كۆيۈپ قالغانىدى. شەنبەبازارغۇ بەگلىككە يېقىنمۇ ئەمەس، ئەمما «نىكاھ غايىب» دېگەندەك ئارىسىنى ئادەمزاتسىز بىر جاڭگال ئايرىپ تۇرغان بۇ ئىككى يۇرتلۇق توساتتىن بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، كۆرۈشكۈسى كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

جاھان ھۆپپىدە گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن بىر كۈنى سىيىتچوڭ جاڭگال ئاتلاپ شەنبەبازارغا بارغانىدى. ئۇ خېلىدىن بېرى شەنبەبازاردا چارۋا مالنىڭ ئەرزانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئىككى يىلچە يۇرت ـ مەھەللىدىكى ئۇلاغ ئېلىپساتارلارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، چارۋا مال سودىسىغا كۆزىنى پىشۇرغان بۇ يىگىت يېقىندىن بېرى ئۆز ئالدىغا چارۋا مال سودىسىغا كىرىشىۋالغانىدى. يۇرتتا مۇشۇنداق بىر پۇتى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىدا بولسىمۇ، بىر پۇتى بازاردا يۈرگەنلەرنىڭ ھال ـ ئوقىتى يامان ئەمەس ئىدى. بۇساقىنىڭ چومىقىدىن قورقۇپ پەقەت يەر بىلەن چارۋا مالغىلا قاراشلىق بولۇپ قالغانلارنىڭ كۈنى تەس ئىدى. سىيىتچوڭ بازار يولىغا ماڭغانىنىڭ بۇ تەرىپىدە بىلدىكى، دېھقان خەق دېگەن يەر تېرىپ، چارۋا مال بېقىشنى بىلگەن بىلەن، ئېلىپ ـ سېتىشنى بىلمىسە چاپىنى تىزىدىن، ئىشتىنى ئوشۇقىدىن ئاشمايدىغان گەپ ئىكەن. دادىسىمۇ ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغان بىلەن، بازارغا چېپىشىنى توسۇمىدى. ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشىنى قىلغاچ كۆزىنى پىشۇرسۇن دېدى. لېكىن، ئادەم قېرىغاندا ھەممە ئىشتىن ئەنسىرەپلا يۈرەمدىكىن قانداق، يىگىت بازاردىن سەللا كەچ قالغۇدەك بولسىلا دادىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. قايتىپ كەلگەندە بولسا ساقىلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ بىرمۇنچە كايىپ كەتكەن...

— قاراڭغۇدىن قورقىدىغان دەمدەردەك ئۇنىۇڭلا ئىچىڭلىگە چۇشۇپ كەتتىغۇ، سىيىت نوچى؟ — سىيىتچوڭنى ھارۋىسىغا سېلىۋالغان ئابدۇلئاشىق ئېشىككە تولا تاياق سانجىپ زېرىككەندەك، يىگىتنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى.

— قورققاندەك؟ قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، ئاشىق ئاكا. ئېشەكتەك ھاڭرىغاچ ماڭامدىم ئەمىسە؟! — ئابدۇلئاشىقنىڭ گېپى سىيىتچوڭغا ئانچە ياقمىدى. قورقۇش دېگەن سۆز بۇ ياشتىكى يىگىتلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ ئىدى.

— ھاڭرا، ھازىر ھاڭرايدىغان ۋاقتىڭ سېنىڭ، — ئاي

قاراڭغۇسىدا يىگىتنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆرەلمىگەن ئابدۇلئاشىق مىيىقىدا كۇلۇپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — جاڭگالدا ھاڭرىغان ئېشەك مەھەللىدە ھاڭرىيالامدۇ يا؟

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن يوشۇرۇن بىر مەنىنى سەزگەن سىيىتچوك جىمىپ قالدى. بۇ ئاتىقى بار، ھۇنىرى يوق مۇزدۇز ئاكام نېمانداق سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويىدىكىنە. شەنبەبازاردا سارىخان بىلەن بىللە يۇرگىنىمنى كۆرۈپ قالدىمۇ يا، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۇزدى. راست، ئۇلار بۇگۇن شەنبەبازاردا يەنە كۆرۈشتى. بازارنىڭ ئايىغىدىكى ساي ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى. كۆڭۇللىرىدىكى گەپلىرىنى دېيىشۋالدى.

كۇپىنىڭ ئىچىدەك قاراڭغۇ ئاسمانغا ئاي كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. سىيىتچوك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايغا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ بېشىدا لەيلەپ تۇرغان ئاي قېلىپتا قۇيغاندەك يۇمىلاق، كۇمۇش لېگەندەك نۇرلۇق، بىر ئۆزىگىلا نۇر بېرىۋاتقاندەك يىگىتنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى، ۋۇجۇدى تاتلىق بىر تۇيغۇدىن سۆيۈندى.

— شەنبەبازاردىن مال ئالماپسەنغۇ، نوچى؟ — ئابدۇلئاشىقنىڭ گېپى يەنە سىيىتچوكنىڭ خىيالىنى ئۇزۇپ قويدى.

— ئېپىدە مال ئاللماي قالدىم، ئاكا.

— كىشىنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۇدەك بىر غۇنىجىنىنى ئەگىپ يۇرمەمتىڭ؟

سىيىتچوك قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، بۇغداي ئېڭىزىدەك يىرىك چاچلىرىنى تاتىلاپ بۇ قوش بىسلىق سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىش ئۇستىدە ئويلاندى:

— ئەگىپ يۇرگەنىنىڭ ھەممىسى بىلەن كېلىشكىلى بولمايدىكەن. سودا قىلالمىساق، بازاردىن مۇشۇنداق قۇرۇق قوللا ياندىغان گەپ ئىكەن شۇ !

— كېلىشكەنسەن، — ئابدۇلئاشىق ئېشەكنى سانجىپ قويۇپ سىيىتچوڭغا بۇرۇلدى، — سېنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، بەگلىكنىڭ موللا ئۆلىماسىنىڭ نوچىسى تۇرساڭ. يەنە كېلىپ ئۆزۈڭمۇ قاش - كۆزۈڭ جايىدا، كېلىشكەن يىگىت بولدۇڭ.

دادىسىنىڭ تەرىپلىنىشى سىيىتچوڭغا ياقتى. لېكىن، سارىخان بىلەن بولغان ئىشىنى هازىرچە مەهەللە - چاقادىكىلەرگە بىلدۈرگۈسى يوق ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دادىسى ئۇنى قارغىۋەتمىدى، ئۇنىڭدىن باشقىسى بولدى. يىگىت ئۇندىمەي، جىممىدە ئولتۇرۇپ ئايغا باقتى. ئاسماندا پارلاپ تۇرغان ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ مېهرى بەك ئىللىق ئىدى. ئاي پەقەت ئۇنىڭ ئۇچۇنلا كۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆكتە ئۈزەتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن نۇر چاچاتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن تۈن قاراڭغۇسىنى ئايدىڭ پەيزىگە چۆمدۈرەتتى...

— هېلىقى غۇنچىنىنى سېتىپ بولدۇڭمۇ؟ — يىگىتنىڭ ئىشق - مۇهەببەت سۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلغان ئابدۇلئاشىق گېپىنى رەسمىي ئۇلاغ سودىسىغا بۇرىدى.

— قايسىسىنى، هېلىقى ئالىسىنىمۇ؟

— ياق، ئاق قاشقىلىقىنى دەيمەن.

— ساتمىدىم، ئۇنى ئۆزۈم باقىمەن.

— سېتىپ قالساڭ، خېرىدارى مەن جۇمۇ، ئۇكام. نەسلى ئاجايىپ خىل ئىكەن.

— هەئە، ياخشى يېتىشتۈرۈلگەن نەسىل... مال دوختۇرخانىسىدىكى تېخنىكلار كۆرۈپ ماختاپ كېتىشتى. نىشانلىق باشقۇرىمىز، دەپ مەخسۇس خاتىرە تۇرغۇزدى. شۇڭا، ئۆزۈم بېقىۋاتىمەن.

— يەنە بىر دەپ قوياي، سېتىپ قالساڭ مېنىڭ جۇمۇ، تېگىشلىك پايداڭنى بېرىپ ئالىمەن.

— ئۇ غۇنچىن قولۇمغا تەستە كىرگەن، هەرگىز ساتمايمەن، ئاكا !

— ھەرگىز؟

— ھەئە!

سىيىتچوڭ «ئۇ غۇنجىن مېنى سارىخانىغا ئۇچراشتۇرغان، ئۇنى سارىخانىنى كۆرگەن كۆزۈمدە كۆرىمەن» دەپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالدى.

سىيىتچوڭ قوتىنىدا بېقىۋاتقان ئاشۇ غۇنجىنىنى ئويلىسا، يۈرىكى شېرىن تۇيغۇلار ئىلكىدە سوقىقان ئاشۇ ئامەتلىك كۈننى پەقەت ئۇنتۇيالمايدۇ.

ئىزغىرىن شامال چىقىپ تۇرغان ئۇ كۈنى يەر - جاھاندىن سۈس توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. سىيىتچوڭ كىرا موتوسىكلىتى بىلەن شەنبەبازارغا كەلدى. ئۇلاغ بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۈن قوزىچۈش بولغاندا، غىلتاڭ قۇم، توپا - تۇمان ئۆرلەپ تۇرغان بازاردا ئاق قاشقىلىق بىر غۇنجىنىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ غۇنجىنىنىڭ باشبېغى چارۋا ماللىرىنى بازارغا سېلىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىشىنىڭ قولىدا تۇراتتى. غۇنجىنىنىڭ نەسلىنىڭ خىللىقىنى بايقىغان يىگىت ئەمدى ئۇنى ساتماقچى بولغان كىشىگە سەپسالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شاپاق دوپپىسىنى قىستۇرۇپ كىيىۋالغان، سىم بۇرۇت بىرسى تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ تۇراتتى. سىيىتچوڭ ئۆزىنىڭ سودىغا كىرىشكەندىكى ئادىتى بويىچە «بۇ ئادەم بىلەن كېلىشكىلى بولارمۇ؟» دەپ ئويلىدى. كېيىن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ بېقىپ، بۇ كىشىنىڭ چارۋىچى ئەمەس، ئۆزىگە ئوخشاش ئېلىپساتار بېدىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ھەم «بېدىكتىن ئۇلاغ ئېلىپ، نېمە پايدا چىقار؟» دەپ ئويلاپ بۇ سودىدىن ۋاز كەچتى. ئەمما، سىيىتچوڭ شۇ كۈنى ئوڭغۇل - دوڭغۇل بازارنى نەچچە ئايلىنىپمۇ ئېپىدە بىرەر سودا قىلالمىدى. ئەسلىدە مالنىڭ خىلىنى ئېلىپ ئۆگەنگەن يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا ئاق قاشقىلىق غۇنجىن توغرا تۇرۇۋالغان، باشقا ھەرقانداق مال ئۇنىڭ دىتىغا ياقمىغانىدى. ئۇ شۇنداق قىلىپ

ئىچى كۆيگەن مالغا پۇل سانىدى. ۋاقتى كەلگەندە بۇ مالنى ئېپىدە سۇ قىلىشقا كۆزى يەتكەنىدى.

نامازدىگەر بىلەن بازاردىن چىقىپ، كەيپى چاغ ھالدا ئۆيگە ئالدىنى قىلغان سىيىتچوك يولنىڭ ئاغزىدا بىر كېلىشمەسلىككە يولۇقتى. تىراكتورنىڭ سەت تاتاتلىشىدىن ئۈركۈپ كەتكەن غۇنچىن ئۇنىڭ قولىدىن بوشنىپ قاچقاندى. بىر مىڭ يەتتە يۈز سوم پۇلنىڭ قولىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يىگىت جېنىنىڭ بارىچە كالىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ھەممە نېمىدىن ئۈركۈپ چاپىراقلاپ قاچقان شەپشەك غۇنچىن زىرائەتلەرنى پېتىقلاپ، كەنت - مەھەللىلەرنى ئاتلاپ، كەنت بىلەن قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى بۈك - باراقسان باغباراڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. كالىنىڭ قارىسىنى كۆزدىن يىتتۈرمەي، قوغلاپ كەلگەن يىگىت ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە بۇ باغباراڭنىڭ ئىچىگە يېتىپ كەلدى.

باغدا ھۇپپىدە ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكلىرى ئارىسىدىكى ھويلىنىڭ ئالدىدا بىر قىز ئۆزىگە جىلمىيىپ قاراپ تۇراتتى. قىزنىڭ يۈزى كەچكى شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەن ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ بەرگىلىرىدىن قايتقان نۇردا جۇلالانىدىمىكىن، ئىشقىلىپ شۇنچە سۈزۈك ھەم نۇرلۇق ئىدى. يىگىت قوغلاپ كەلگەن كالىسىنى ئۇنتۇپ، مەڭدەپ قېتىپ قالدى. باش - كۆزىدىن، پۈتۈن ئەزايىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى. يىگىتكە بىرپەس قاراپ تۇرغان قىز بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلدى - دە، ھويلىدىن بىر نوگاي سۇ كۆتۈرۈپ چىقتى. كۈپتە سوغۇتقان مۇزدەك سۇ جىسمىغا قايتىدىن كۈچ بەخش ئەتكەن يىگىت «بۇ پەرىشتىمىدۇ، ئادەممىدۇ؟» دەپ قالدى.

قىز يەنە كىرىپ كېتىپ غۇنچىنىنى يېتىلەپ چىقتى ھەم باشبىغىنى يىگىتكە ئۇزارتىپ:

— بۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تالاغا ئاچىقماي باقىقان مال، شۇڭا ئۈركۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى.

قىزنىڭ ئاۋازى تولىمۇ سۇزۇك، زىل ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالغان يىگىت يەرنىڭ تېگىدە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا:

— سىزنىڭ باققان مىلىكىڭىزمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، بىزنىڭ قوتاندا تۇغۇلغان. دادام ئازراق پۇلغا ھاجەت بولۇپ قېلىپ، ئەتىگەن تېخى بازار يولىدا بىر كىشىگە ساتقانىدى.

— شۇڭا، مۇشۇ ھويلىغا قىچىپ كەپتىكەن - دە! نېماندداق ئەقىللىك كالا بۇ!

— راست، بەك ئەقىللىك. دادام رايىمغا باققان بولسا ساتقۇزمايتتىم، — قىز قىيالمىغاندەك كالىغا قارىدى.

— نېمىشقا؟

— ...

قىز جاۋاب بەرگۈچە ئۇنى بىرسى تۇۋلاپ قالدى. ئاۋازىدىن قارىغاندا ئانىسىدەك قىلاتتى.

— ھەي... ھەي... ئىسمىڭىز نېمە ئىدى؟ — يىگىت ئاپپاق چېچەكلەر ئارىسىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ ئاۋازىدىن «سارىخان» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى.

قىزنىڭ سىيماسى كۆرۈنمەي قالدى. شەپەق نۇرى ئۆچتى.

شۇ كۈنى يىگىت تولىمۇ ھارغىن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

يىگىت غۇنجىنىغا قاراپ سارىخاننى ئويلايدىغان، ئۇنى سېغىنغاندا ئاتايىن قوتانغا كىرىپ غۇنجىنىغا قارايدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇ غۇنجىنىغا «سارىخان» دەپ ئات قويۇپ قويدى. لېكىن...

## 7. قوناق پۆپۈكى

قوناق پۆپۈك تارتسا ياش باللارنىڭ كۆنى تۇغۇلىدۇ.

ياپسا پۆپۇك تارتىپ، ئاتىلىقى بىلەن ئانىلىقى ئايرىلغان قوناقلىق كىشىنىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىز ئوتلۇق ئىستەكلەرنى قوزغايتتى. قوناقلىق سەھرا ياشلىقىنىڭ جازىبىسى، ياق، قوناقلىق ئازغۇن بەندىلەرنىڭ جەننىتى. مەھەللىلەردىن – مەھەللىلەرگە تۇتىشىدىغان كەڭرى قوناقلىق ئاجايىپ ھېس – تۇيغۇلارنى ئۆز قوينىغا يوشۇرغان بولاتتى.

قوپەك ياپسا پۆپۇك تارتقان قوناقلارغا قاراپ: «ھېلىتىن بوي چۆككۇدەك بولۇپ كەتكىنىنى» دەپ غۇدۇراپ قويدى. ئۇ بالا چاغلىرىدا مۇشۇنداق ئېگىز قوناقلىقتا ئۇچرىتىپ قالىدىغان سۇنۇق تارغاق، پۇچۇق ئەينەكلەردىن ئۆلگۇدەك قورقاتتى. بوۋىسى دېدىمۇ ياكى مومىسى دېدىمۇ، ئىشقىلىپ بىرسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەر سېغىنىپ كەتكەن چىشى ئالۋاستىلار ئاشۇنداق پۆپۇك تارتىپ بوي چۆككۇدەك بولغان قوناقلىقلاردا، ئېچىق – ئازگاللاردا ئولتۇرۇپ چاچ چۇۋۇپ، چاچ تارارىمىش، ئەينەك كۆرەرىمىش. شۇڭا، ئالۋاستى چاچ تارىغان يېرىدە تارغىقىنى ئۇنتۇپ قالارىمىش. قوپەك بۇنداق ئالۋاستى تارغىقىنى كۆرگەن ھامان قورققىنىدىن بەدەر قاچاتتى. نەچچە كۈنگىچە قوناقلىقتىن تېنى ئەيمىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەمدى ئۇنداق يەرگە ئىككىنچى يېقىن يولاپ قالماسلىقىنى تىلەيتتى. ئەمما، ئۇ بىر چاغلاردىكى بالىلىق ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ئاشۇ تۇيغۇلار، قورقۇش كەيپىياتى بىلەن قوناغلىقتا كىرمەي تۇرالايتتىمۇ؟ قوناقلىقتا كىرمىسە، قوناق ئۇلايدىغان، سۇ تۇتىدىغان، قوناق ئورۇدىغان تالاي ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ قوپەك ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ يېتىمچىلىك، جاپا – مۇشەققەتنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. دادىسى ئېشەك ھارۋىسىنى غىچىلدىتىپ يۇرۇپ ھاشار – سېلىقلارغا ئىشلىسە، ئۇ ئۇپراپ بىسى قالمىغان كەتمەننى كۆتۇرۇپ ئېتىزلىقتا چىقتى، قولى قاپاردى، تاپىنى تېشىلدى. ئۇ قايسى يىلى ئورۇقلۇق قوناقلارنىڭ پۆپۇكىنى ئېلىۋاتقاندا، تام

قوشنىسى قۇرۋانخانىنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان بىر ئالۋاستىنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئالۋاستى قوناقلىقتىكى دىمىق ئىسسىققا چىدىيالماي قالدىمۇ، قانداق، تۇغانىنىڭ ئايىغىدىكى تېز چۆكمەيدىغان توختام سۇدا قىپيالىڭاچ ئولتۇرۇپ بويىنى سۇغا سىلىۋاتاتتى. قوناق ساقىلىدەك سارغۇچ چېچىنى تارىغاچ پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ، موزىيى تولا ئېمىپ ھالىنى قويمىغان ئىنەكنىڭ يېلىنىدەك سالپىيىپ تۇرغان ئىككى ئەمچىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۈپكۆچلەۋاتاتتى. قوپەك بۇنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، قاچماقچى بولۇپ بەدەر كەينىگە بۇرۇلدى. بىراق، قارا باسقاندەك قوناقنىڭ مۇندىسىغا پۇتلىشىپ يىقىلدى. بۇ پالاكەتچىلىكتىن چۆچۈپ كەتكەن ئالۋاستىمۇ قوپەكنى كۆرۈپ، ئۇياتلىق يەرلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن ياپقىنىچە كۆزلىرىنى يال - يۇل قىلىپ قالدى.

قوپەك يىقىلىپ - قوپۇپ ئاران قېچىۋالدى. ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە، بىۋاقىت غۇسۇل قىلىۋاتقان كەنت مۇدىرى بۇساق چوماقنى كۆردى ھەم ھاسىرىغىنىچە ئۇنىڭغا دېدى:

— ئاكا، ئاكا... بوساق ئاكا، مەن... مەن ئالۋاستى كۆردۈم !

— نېمە، ئالۋاستى دېدىڭما؟ — بۇساق ئالمان - تالمان ئىشتىنىنى يۇقىرى ئېتىپ كەمرىنى چىگىتتى.

— ھەئە، بىزنىڭ قوناقلىق بىلەن قۇرۋانخانىنىڭ قوناقلىقىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېرىقتا...

— قانداق ئالۋاستى ئىكەن؟

— قۇرۋانخانىنىڭ سىياقىدىكى ئالۋاستى... ئېرىقنىڭ ئايىغىدىكى ئازمىدا قىپيالىڭاچ ئولتۇرۇپ بويىنى سۇغا سىلىپ، چېچىنى تاراۋېتىپتۇ !

— ماڭ، ماڭە، بىئەمان گەپ قىلماي، — بۇساق قوپەكنى قوغلىدى، — ماڭا قارا، بۇنداق ئەپقاچتى گەپنى ئىككىنچى بىرسىگە تىنىغۇچى بولما جۇمۇ، بولمىسا ئاشۇ ئالۋاستى

ئاخشاملىرى كېلىپ سېنى بوغىدۇ!

قوپەك قاچتى، بۇساق مۇغەمبىرانە كۈلگىنىچە قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوپەك قۇرۋانخاننى كۆرگەن ھامان قاچىدىغان بولۇپ قالدى. قۇرۋانخان بولسا خۇدۇكسىرىگەن كۆزلىرىنى ھەر يان ئۇچۇرۇپ: «بىركىمگە دېگۈچە بولما جۇمۇ، ئۇۋا تەگكۇر تاز» دېگىنىچە قالاتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن قوپەك كەنت مۇدىرى بۇساقنىڭ قۇرۋانخان بىلەن تامنىڭ كەينىدە، قوناقلىقلاردا مارىشىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى ھەم ئالۋاستىنىڭ ھېكايىسىگە تازا ئىشەنمەس بولدى. ھالبۇكى، قوناقلار مۇشۇنداق پۈپۈك چىقارغاندا، ئۇنىڭ كۆز ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن ئالۋاستى سىياقىدىكى قۇرۋانخان قوناقلىقتا تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالىدىغاندەك تىترىمەيمۇ تۇرالمايتتى.

قوناقلىق، ئالۋاستى توغرىسىدىكى خىياللارغا غەرق بولغان قوپەك بىر ئاز ئەيمىنىش تۇيغۇسىدا جىمجىتلىقتا چۆككەن قوناقلىققا ئاستا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۇ شۇنچە ئاۋايلاپ ماڭسىمۇ ھەربىر قەدەم چامدىغاندا، غولاچ كېرىپ تۇرغاندەك ھەر يان تاشلىنىپ تۇرغان قوناق قولاقلىرى شار ـ شۇر ئاۋاز چىقىراتتى. ئەگەر شۇ تاپتا قوناقلىقتا ئالۋاستى بولسىمۇ شەپىدىن ئۈركۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. قوپەك شۇ مېڭىشىدا قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتتى، مېڭىشتىن توختاپ، ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر جۈپ ئالۋاستى جىمجىت ئولتۇراتتى. قوپەك يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي بۇتتەك قېتىپ قالدى. ئايەت ئوقۇماقچى بولغان تىلى كالۋالاشتى. ئالاقزەدە بولغان ئالىغاي كۆزلىرى ئاستا ئۆزىگە بۇرۇلۇپ قارىغان ئالۋاستىدا قېتىپ قالدى. ئالۋاستى گويا ئۇنى مەنسىتمىگەندەك قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ زەڭگەر كۆزلىرىنى مىدىرلىتىپ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئۇقۇپ ھۆرۈۋاتقان قوپەككە

قادالدى:

— مېنى ماراپ كەلدىڭمۇ، قىلىقى سەت ھاڭۋاقتى؟

قوپەك دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، كىر - قاسماقلار ئىچىدە سالپىيىپ تۇرغان قولىقىغا، كۆز ئالدىدا ئولتۇرغان خوتۇنىنىڭ يېلىم چۆچىكىدەك يوغىناپ كەتكەن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ئاستا شىۋىرلىدى:

— بۇ... بۇ سەنمۇ، مەينىسا؟

— مەن ئەمەسمىكەنمەن؟ — مەينىسا ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى، — قۇرۇۋانخانىنىڭ سىياقىدىكى جىنمىكىن دېگەنمىدىڭ يا؟

— ياق، ياق، سەن بولساڭلا مەيلى، — قوپەكنىڭ ئۇنى تېخىچە پەس چىقاتتى. ئۇ بايىقىدىن بىرئاز ئېسىگە كېلىپ، قۇرۇۋانخان توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگىنىگە پۇشايمان قىلدى. «خوتۇن خەقكە كۆڭلىدىكى گەپنى دەپ قويسا، پۇرسەت كەلگەن ھامان ئەر كىشىنىڭ ئاجىز يېرىدىن تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنىدىكەن» دەپمۇ ئويلىدى.

— «سەن بولساڭلا» دەپ كەتتىڭغۇ، بۇ قوناقلىقتا سەن باشقا بىرسىنىمۇ كۆرگەنمىدىڭ؟

— ئۇ ... ئۇنى سورىما، ئىشقىلىپ قوناقلىقتا تىمىسقىلايدىغان خوتۇن ياخشى خوتۇن ئەمەس ! — قوپەكنىڭ بىردىنلا تىلى چىقىپ قالدى.

— ئۆلۈمتۈك ھاڭۋاقتى ! سەن مېنى ئوخشاتمىغان ئاشۇ قۇرۇۋانخان قالدىمۇ؟ دېگىنە، قوناقلىققا مەن كەلمىسەم، بۇ ئىشلارنى قايسى يەتمىش پۇشتۇڭ قىلىدۇ؟ — مەينىسا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، خورازغا ئېتىلماقچى بولغان كۇرۇك مېكىياندەك قوپەككە ھۇرپەيدى.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتىمە، بولمىسا سېنىمۇ كونا تام بېسىۋالدۇ ! مەن ساڭا دەپ بەرگەن ھېلىقى ئىشتىنىنىڭ بېغى بوش

قۆرۋانخاندەك... — قويەكنىڭ ئەلەسراق كەلگەن كۆزلىرى ھازىرلا بىر ئىش بولىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتتى.

— گېپىنىڭ شىرىسى يوق ھاڭۋاقتى، مېنى تولا قورقۆتمىغىنا !

— ھاڭۋاقتى، ھاڭۋاقتى... ھېلى مەن ئوبدان ھاڭۋاقتۆرۆپ قويماي سېنى ! — قويەك تېخچە ئۆزىگە سوغۆق قاراپ تۆرغان خوتۆننىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— مۆنۆ، مانى ھاڭۋاقتۆراسەن !

— كېلە ئەمىسە، مۆشۆ پۆپۆك تۆپىسىدىلا، — قويەك خوتۆننى مۆرىسىدىن تۆتۆپ قۆچاقلىماقچى بولدى. خېلىدىن بېرى مەينىسا ئۆنى يېقىن كەلتۆرمەي تۆراتتى.

— بېشى ئىششىپ قالغان ھاڭۋاقتى، ئۆينى كىم بەرمىدى ساڭا؟ — مەينىسا ئېرىنى سىلكىشلەپ، ئۆنىڭدىن ئۆزىنى قاچۆردى، — مەن سېنىڭ قوناقلىقتا باسماقدايدىغان چۆشۆڭدىكى ئالۋاستىلىرىڭمىدىم يا؟

— ئەمىسە سەنمۆ قوناقلىققا چىقىپ چاچ تارىمىغانسەن قۆرۋانخاندەك...

— ئۆلە، بېشىڭنى يەيدىغان گالۋاڭ !

— ما ئالۋاستىنى ! — قويەك ئىتىنىڭ كاللىسىدەك مۆشتىنى تۆگۆپ خوتۆنغا ھەيۋە قىلدى، — بوش تۆرسام، مېنى ياۋاش كۆرۆپ ياراتمايۋاتامسەن؟

قورقۆپ كەتكەن مەينىسا توشقاندەك قاچتى، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قالغان ئېرىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.

— ۋىيەي، خوتۆنۆممىكىن دېسەم، راست ئالۋاستىغا يولۆقۆپ قالدىممۆ نېمە، — قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ چەكچىيىپ قالغان قويەك ئۆز - ئۆزىگە غۆدۆردى، — ئەجەب بىر پىرقىراپلا غايىب بولدىيا ... ناۋادا ئۆ ئالۋاستى بولۆپ قالسا، خوتۆنۆم نەگە كەتكەندۆ؟ ئېتىزلىقتىكى ئانىلىق قوناقنىڭ

پۆپۈكىنىمۇ ئالماپتۇ، ئانىلىق پۆپۈكنى ۋاقتىدا ئالمىسا، ئاتىلىق قوناق پۆپۈكى بىلەن چاڭلىشىۋېلىپ ئارغۇن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىن ئۇ مېكىجىن؟ — قوپەكنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدىكى تېجىمەللىك بەزىدە مۇشۇنداق بىراقلا ئاشكارا بولاتتى. خوتۇنى مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ كېتەتتى.

## 8. قەدىرسىز ئالمىخان

«سەتىنىڭ ھالى يامان، چىرايلىقنىڭ دەردى» دەپ ئالمىخان ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىغا كۆڭلىدىكىدەك ئەرگە تېگەلمىدى. «ئامەت نەگە، دوقا ماڭلايغا» دېگەن شۇ ئىكەن، ھەممىنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلغان ئالمىخان شاختىكى ئالما لايىغا چۈشكەندەك ھېچكىمنىڭ چۈشىدە يوق سەيداق دوقىغا نېسىپ بولدى. بۇساق چوماقىنىڭ بۇ دوقىسى بويى پاكار، پېشانىسى قايناپ چىققاندەك ئالدىغا پۈلتىيىپ تۇرىدىغان، دوپپىسى بېشىدا تۇرماي گەدىنىگە كىيىپ يۈرىدىغان كۆرۈمسىز بىر خاراباتىي. يېشىمۇ ئالمىخانىڭكىدىن پەرقلىق چوڭ كۆرۈنەتتى. سەيداق دوقىنىڭغۇ ئالمىخاننى ئۇندەككە كەلتۈرگۈدەك نە پەمى، نە تاتلىقىنا ئىككى ئېغىز گېپى يوق، ئەمما بۇ ئىشنى قولاشتۇرۇۋالغىنى سەيداقنىڭ ئاشۇ چېپىلغاق «ھۆ - ھۆ»چى دادىسى. پەيلى يامان بۇساق چوماق يۇرتتا ھەممە ئادەمنى باشقۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرغانغا ئوخشاش، ئوغلىنى ئۆيلەشتىمۇ كىشىنىڭ قۇرتلۇق جىگدىسىگە چاڭگال سالغاندەك ياكى يولدا ئۇلاغ سودىسى قىلغاندەك ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ ئىشنى پۈتكۈزدى، ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز دوقىسى ئۈچۈن بەگلىكتە ھەممىنىڭ كۆزى چۈشكەن ئالمىنى ئۈزۈۋالدى.

— سىلىنىڭ ئالمىخان بىلەن بىزنىڭ سەيداقجاننىڭ بېشىنى

باغلاپ، بىر ئۆيلۈك قىلىپ قويساق، — دەپتۇ بازاردىن يېنىپ كېلىۋاتقان بوساق چوماق ئالمىخاننىڭ دادىسىغا تويۇقسىز گەپ ئېچىپ.

ئېشىكى ماڭغىلى ئۇنىماي، ئاچچىقتا ئېشەك دومبالاۋاتقان ئالمىخاننىڭ دادىسىغا بوساقنىڭ گېپى «ئېشىكىڭىزنى مەن سۇ قىلىپ بېرەي» دېگەندەك تويۇلۇپتۇ. خوي چىقىرىپ ماڭماس بولۇۋالغان موشو مىدىدىن قوتۇلغىلى بولىدىغان ئىش بولسا، ئالمىخاننىڭ دادىسى ئۇنىڭ پۇلىغا ئازراق پۇل قوشۇپ توزۇككىنە هاڭگىدىن بىرنى ئالالايتتى. ئەگەر بۇ ئېشەكنى سۇ قىلغىلى بولمىسا، قىشچە ئېشەك گۆشى لازىم بولۇپ شەھەردىن چىققان ناتونۇشلارغا ئېلىشىچە ساتماقتىن ئۆزگە چارە يوق. ئەمما، بوساقنىڭ نەزىرى چوشكەن ئېشەكنىڭ قولدىن چىقىشىدا گەپ يوق. ئۇنىڭ قولىغا چوشكەن ئېشەك بازارغا كىرگۈدەك بولسا، هاڭراپ بازارنى بېشىغا كىيىدۇ. بوساقنىڭ ھەممە ئىشقا ئەپچىل، پەملىكلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىچە ئېشىكىنى سانجىپ، قىزىغا سۆز سالغان بۇ يوغان باشلىقنىڭ ئاتھارۋىسىنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەلگەن ئالمىخاننىڭ دادىسى يەنە ئۇنىڭ سۆزىگە قولاق سالپتۇ.

— ئاداش ھەي ... گېپىم مىجەزىڭلىگە يېقىۋاتامدۇ، قانداق؟

— بۇ گەپنىڭغۇ ياقمايدىغان يېرىمۇ يوق، — دەپتۇ ئالمىخاننىڭ دادىسى چىش قالمىغان ئاغزىنى ئۇمەللەپ، — ئەمما بۇ ئۇلاغ سودىسى بولمىغاندىكىن، ئېپى كەلگەن بىر كۈنى ھەرەمخاننى ئېلىپ كەلسىلە، ئۆيدە داستىخان يوزىدە ئولتۇرۇپ چىرايلىق مۇڭداشقان بولساق.

— بۇنچىلىك گەپنىڭ داستىخاندا دېيىشكۈدەك نېمىسى بار، — دەپتۇ بوساق ئېتىنى ئاستىلىتىپ، — توي ئىشىدا ھۆسۇلە - پۆسۇلە گەپ بەك ئاۋۇپ كەتسىمۇ، ئىككى تەرەپنىڭ قولاشمىقى تەسكە توختايدۇ، — ھېسابقا ئۇستا بوساقنىڭ ئوي -

خىياللىرىمۇ پايدا ـ زىيان بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەنمىكىن قانداق، ئۇ يولدا كەلگەچ بۈگۈنكى كۈندە توي ئۈچۈن بولىدىغان باردى ـ كەلدىلەر چىقىمىنىڭ ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئالىمخاننىڭ دادىسىنى قورقۇتۇپ بىرمۇنچە ھېساب چىقىرىپ بېرىپتۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. ئوغۇللۇق قىزلىققا سۆز سېلىش، ئۈچۈر ئېلىش، ھەشقاللا قىلىش، نانلىق ئەكېلىش، تويلۇق ئەكېلىش، مەسلىھەت چېيى، توي دېگەندەك باردى ـ كەلدىلەردە «ئېشىكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى ئون بەش تەڭگە» چۈشۈپ، تويلۇق ئېغىر كېلىپ دوق قىلسا، قىزلىقلار «ئەكەلگەن تويلۇقنى يەپ بولدى» دەپ بېلىنى رۇسلىغۇدەك ماجالى قالمايتتى. ئالىمخاننىڭ دادىسىمۇ چوڭ بولۇپ قالغان قىزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، ئۇنى تالالىق قىلغۇچە بېلى پۈكۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. بۇساقنىڭ «يول سودىسى» ئالىمخاننىڭ دادىسىنىڭ دىتىغا خوپ كەلگەن چېغى، ئۆزى ماڭغىلى ئۇنىمىغان بىلەن تۈك تاشلاپ پارقىراپ قالغان مىدىسىنىڭ سۆڭگىچىگە قاراپ، «بۇ قوتۇرمۇ كۆيلەپ قاپتىمۇ نېمە» دەپ ئويلاپتۇ.

— قانداق، گېپىم ياقتىمۇ؟ — دەپتۇ بۇساق چوماق چالا ھەجىيىپ، — يولدىلا پۈتۈشۈپ قالساق، سىلىمۇ ئەلچىگە دوڭغاسلايمەن دەپ ئاۋارە بولمايسىلە.

— بۇ... بۇ... — ئالىمخاننىڭ دادىسى دۇدۇقلاپ قاپتۇ، — بۇ گەپنى بالىلارنىڭ ئانىسىغا مەسلىھەت سالماي، يولدىلا پۈتۈم قىلساق، كېيىن ئىش بۇزۇلۇپ كەتمەسمۇ؟

— بىر خوتۇننىڭ ئېرىدەك گەپ قىلىڭلا، ئاداش، — دەپتۇ بۇساق ئالىمخاننىڭ دادىسىنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ، — مەزلۇم خەقنىڭ سەمىگە سالىدىغان تامبال يامايدىغان ئىشمىدى ئۇ؟

— تامبال يامايدىغان ئىش بولسىغۇ مەيلى ئىدى، — دەپتۇ

ئالمىخاننىڭ دادىسى يولدا ئۆتۈشۈۋاتقانلار نېمە دېيىشكىنىمىزنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — خوتۇنۇم ئۆز نېسىۋىسىنىڭ تامبالنىڭ تېشىغا چىقىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ بولسىمۇ، مېنى ئېغىز ئۆمەللىگىلى سالمايلا ياماپ بېرەتتى. ئەمما، ماۋۇ كىچىك ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىم ئالمىخان...

— ئالمىخاننىڭ ساقال تارايدىغان قىلىقى يوقتۇ، — دەپتۇ گەپدان بۇساق يەنە گەپكە باش بولۇپ، — سىلى ماقۇل دېسەڭلا، ئالمىخان نېمە دېيەلەيتتى.

ئالمىخاننىڭ دادىسى گەپ قىلمىغاندىن كېيىن ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق بېسىپتۇ.

— ھەشقاللىسى، نانلىق، تويلۇق، ئاش ـ سۇيىگە ئۈچ مىڭ كوي بەرسەم، بولامدۇ؟ — دەپتۇ بۇساق توساتتىن ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ. ئۇ ئادەمنىڭ قىزىشىپ تۇرغان ھالىتى، باھا قويۇشلىرى بەئەينى مال بازىرىدا قوي ـ كالا سودىسى قىلىۋاتقاندەك، كۆز ئالدىدىكى بىرەر غۇنچىنىغا باھا قويۇۋاتقاندەك قىزىق ئىكەن.

ئالمىخاننىڭ دادىسى مەڭدەپ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ بۇساققا بىرەر موزىيىنى ساتماق بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇنچە تەڭقىسلىقتا قالماس ئىكەن.

— ئاز كۆردۈڭلا ـ ھە ... بولدى، بولدى، مەندىن كەتسە سىلىگە كەتتى. يەنە ئۈچ يۈز كوي قوشتۇم، ئەكېلىڭلا قولۇڭلانى! — بۇساق چوماق ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ يەرگە شاپىلاقلاپتۇ. ئالمىخاننىڭ دادىسىنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىنى سىقىپتۇ. قاتلىشىپ تۇرغان بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ، باش بارمىقىنى تىلىغا تەگكۈزۈپ نەمدەپ ساناپتۇ. ئۈچ يۈز سوم پۇلنى ئالمىخاننىڭ دادىسىنىڭ تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ـ دە، — بۇ پۇل زاكالەت بولۇپ قالسۇن، لەۋزىمىز

ھالال، يازلىق پىلە غوزىسىنى يىغىۋېلىپلا توي قىلىمىز، — دەپتۇ.

ئالىمخان ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن ئۆزىنىڭ بوساق چوماقنىڭ ئوغلى سەيداق دوقىغا ياتلىق قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا:

— مەن ئولتۇرۇپ - قوپۇپلا سېتىپ پۇل قىلىدىغان قوتاندىكى قوزا، ئوغلاقمىكەنمەن؟! — دېدى ئەلەم بىلەن چالۋاقاپ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئانىسى ئالىمخاننىڭ چۇۋۇلغان چېچىنىڭ ئۇچىنى ئۆرۈپ تۇرۇپ، — ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردىكى خوتۇن خەقنىڭ كۆنى ئاشۇ ئۇلاغ - ئىلمەكنىڭكىدىن پەرقلەنگىنى يوق، قىزىم.

— گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى، — ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ نارازىلىقى قولىقىغا كىرىپ قالغان ئالىمخاننىڭ دادىسى ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى، — كۆتۈمدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بوۋى دەپ، ئۆزىگە توپا يۇقتۇرماي ئۇچۇپ يۈرگەنلەردىن مىڭ مەرتەم ياخشى.

قىز ياندۇرۇپ گەپ قىلمىدى. ئەمدى گەپ قىلغان بىلەنمۇ بىكار ئىدى. ئۇ شۇ چاغقا قەدەر دادىسىنىڭ ئالدىدىن ئۇدۇل چىقىپ باقمىغانىدى.

ئالىمخان باغلاقا چۇشۇپ بازارغا ئېلىپ مېڭىلغان ئۇركۇگەك غۇنچىدەك سۇرۇلۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە توي خېتى ئېلىشقا ئاپىرىلدى. زادى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك، سەيداق دوقىغىلا تېگىش پېشانىسىغا پۈتۈلگەندەك ھاپىلا - شاپىلا تويى قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىز كۆچۈرۈلىدىغان تىراكتورىغا چىقىرىپ قويۇلدى...

## 9. ئوغۇل

گۆلھەسەلخاننىڭ دىلى ناھايىتى ئازار يېدى، ئادەم بالىسى

باققىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ ھەرقانچە يۈرەك ـ باغرىنى كۆيدۈرسىمۇ مەمەتتىن ئەمدى ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. مەمەت ئۇنىڭ ئارزۇلاپ باققان ئىككى بالىسىنىڭ بىرسى ئىدى.

— ئانا، خوتۇن ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرسۇن دەيدۇ،

ئانا ئەندىكىپ كەتتى. تۇتاش ـ تۇتاش قورۇقلار ئەسىر قىلغان گۆشگا كۆزلىرىنى مەمەتكە تىكتى.

— ئۆيۇڭلارنى بىر ئۇبدان جابدۇپ بەردۇققۇ، مەمەتخان بالام؟

— مۇنداق بوسۇغىسى باشقا، مورىسى باشقا ئۆي دەۋاتىمەن، — مەمەتنىڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ يۇمۇق كۆزلىرىنىڭ قارىقى تارتىشىپ كەتتى. كانىيى كۆچىنىپ لاتا يىرتقاندەك ئۈنلىدى.

— بىز بىلەن ئولتۇرساڭلار نېمىدىن تەڭلىك تارتىپ قالدىڭلار، بالام؟

— تەڭلىك تارتمىدۇق...

— ئەمىسە نېمىدىن خاپا بولدۇڭلار؟

— خاپا بولمىدۇق، قېيىنئانام خوتۇنۇمغا: «قېيىنئاناڭ بىلەن ئولتۇرما» دەپتۇ.

— قېيىنئانىڭىز ئۇنچىلىك يامان خوتۇن ئەمەستۇ، بالام؟ — ئانا ئۇمىدسىز كۆزلىرىنى مەمەتتىن ئۈزدى.

— دېسە ـ دېمىسە، مېنىڭ كارىم يوق، خوتۇنۇم شۇنداق دېدى، — مەمەت پېشىنى قېقىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— ئاغزى يىرتىق گۆلەش ! — ھۇجرا ئۆيدىن مەمەتنىڭ خوتۇنىنىڭ كوتۇلداشلىرى ئاڭلاندى، — كىم سېنى ئانام ئېيتقان گەپلەرنى دە، دېدى؟

— مېنى دۆشكەلىمەڭلا، خوتۇن ! شۇنداق دېمىسەم، ئانام بىزگە ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرەمتى؟

— ئۆي تۇتۇپ بەرمەي بىزنى چېكىسىگە تاڭامدۇ ئەمىسە !

— چېكىسىگە تاڭمىسىمۇ قانداق ئادەم يالغۇز ئوغلىغا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىدۇ؟

— ئاغزىنى كۆپۈشتۈرۈپ «يالغۇز ئوغۇل» دەپ كەتكىنىنى سەت گۆلەشنىڭ... ياكى سەن ئۇلارنىڭ ئۆز بالىسى بولمىساڭ؟

مەمەت خوتۇننىڭ بۇ گېپىگە جىممىپ قالدى. كېيىن بوغۇلۇۋاتقاندەك دىمىقىدا غىڭشىدى:

— سەن بولساڭمۇ ئۇنداق دېمىگىنە، گېپى يامان ئوۋا! — تېخىچە ھويلىدا گەپ تىڭشاپ تۇرغان ئانا مەمەتنىڭ خوتۇنى ئالدىدا كىچىك بالىدەك ئۇمچىيىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندەك كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى.

— ھازىر دېمىسەممۇ، كېيىن بىلىپ قالىسەن، — دېدى خوتۇنى ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — بۇ جاھاندا ئۆگەي بالىغا كىمنىڭ كۆيۈمى بولاتتى؟ ئۇلار ساڭا ئاغزىدا «ۋاي بالام» دەپ قويغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە سېنى كالىدەك ئىشلىتىپ كۈچۈڭدىن پايدىلانغانغا خۇش!

— يالغان ئېيتماڭلا، خوتۇن. ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — مەمەتنىڭ ئاۋازى ئەمدى يىغلىغاندەك چىقتى.

— مەن سېنىڭ ئۆز خوتۇنۇڭ تۇرۇپ يالغان ئېيتامدىم، گالۋاڭ؟

— ئەمىسە ئۇلار بالىمىزغىمۇ ئامراققۇ؟ ھەمىشە يانچۇقىدا گۇلە، قاق ساقلاپ بېرىپ ئەركىلىتىپ باقىدىغۇ!

— ئۇنچىلىك قىلسا قىلار، سەن كونا زاماندا سېتىۋالغان قۇلدەك ھاشىرىغا ئىشلەۋاتقاندىكىن!

— شۇنداق بولۇۋاتامدۇ يا؟ — مەمەتنىڭ ئاۋازىغا بىردىنلا جان پەيدا بولدى، — مەن ئەجەب بىلمەپتىمەنا، ناۋادا ساڭا يولۇقمىغان بولسام، ھەرگىز ئەقلىمگە كېلەلمەي، بۇ ئىشنى ئۆلگۈچە بىلمەي قالار ئىكەنمەن، ئاشىگۈل!

— ئەمدى زېھنىڭ ئېچىلدى، ئەقلى قويۇق گەلدەڭ. ئايرىم ئۆي تۇتساقچا - ھە، نېمە ئىش قىلغۇمىز كەلسە، شۇنى قىلىمىز. بىركىم قارىغوجىدەك بېشىمىزدا قاراپ تۇرۇپ: «بۇگۇن خامانغا چىقايلى، ئەتە ئېگىز ئورنىغا قوناق تېرىيلى...» دەپ دورغا بولمايدۇ. ياتقۇمىز كەلسە ياتىمىز، قوپقۇمىز كەلسە قوپىمىز.

— خۇشىمىز تۇتسا ئىشلەك، تۇگۈلۈكلەرنى دۈملەپ قويۇپ... ھە؟

— ھەئە، قانداق چاغدا تاۋىمىز تارتسا شۇنداق چاغدا...

ئانىنىڭ بېشى قايدى. ئۇ ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئاغزى بېسىقىپ «ئە، ئىم» قىلىشىپ قالدى. ھويلىدا تۇۋرۇكتەك قېتىپ تۇرغان ئانا نومۇس دەستىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، دالان ئۆيگە يېنىپ كىردى. ئارزۇلاپ باققان ئوغلىنىڭ قانات - قۇيرۇقى تەڭشىلىپ بىر خوتۇنغا ئەر بولغاندا، خوتۇنىنىڭ سىزىقىنى بويلاپ، شۇنچە چوڭ ھويلىغا پاتمىغاندەك ئۆزلىرىگە كەينىنى قىلغىنىغا يۈرىكى ئېچىشتى. بالا دېگەننى نېمىدەپ باقىدۇ؟ ئەتىگىنى - ئاخشىمى ھەمراھ بولامدىكىن، ئاچقان يېرىمىگە بارامدىكىن، ئۇسسىغاندا بىرەر يۇتۇم سۇ بېرەرمىكىن دەپ باقىدۇ.

ئانىنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش قەترىدە سۇس جىمىرلاپ تۇرغان ئۇمىد مەمەتكە باغلانغانىدى. ئۇنى ئوبدانراق يەردىن ئۆيلەپ، كېلىنىنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ، چۆلدە ئۇسسۇزلۇقى قانمىغان ساياقتەك بالىغا تەشنا بولۇپ ئۆتكەن يۈرىكىنى پەپىلىمەكچى بولغانىدى. شۇ ئارزۇسىغا مۇناسىپ ھالدا ئوغلىنىڭ كاتتا خېرىدارلىقىنى قىلىپ، مۇھەببەتخانىنىڭ چوڭ نەۋرە قىزىنى كېلىن قىلىپ ئەكىردى. ئەمما، ئۇنداق بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان، ئون توققۇز ياشقا كىرەر - كىرمەي توپاقتەك ئۇستىخان سالغان، قارا كۆچى مانا مەن دەپ تۇرىدىغان مەمەت

يۈزى تۆۋەن، چۈغۈندەكتەك نازۇك كەلگەن كىلىنچەكنى تويىنىڭ باردى ـ كەلدىسى تۈگىگۈچە ئۈركۈتىۋەتتى. ئانا قۇدىلىرىنىڭ ئالدىغا يوسۇرلاپ بىرىپ، مەمەت ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ ـ تاتىرىپ، نەچچە قېتىملاپ كىلىن ئەكەلدى. بىچارە كىلىنچەك بولسا مەمەتنىڭ قولىدا ئولتۇرۇشقا رايى يوق، كۆزىدىن ياش قۇرۇماي ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يامانلاپ ئولتۇرۇۋالدى. ئانا تالىپ بىلەن نىمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، مەمەت بازارغا ئۆگىنىۋالدى. كىيىن بۇ «كۆيۈملۈك» خوتۇننى ئەگەشتۇرۇپ كەلدى. ئانا مەمەتنىڭ بۇ بىرنىمىسىنىڭ جابدۇنۇشلىرى، توڭ ئەينۇلىدەك ئالا كۆزلىرىگە قاراپ قانداقتۇر بىر ئىشتىن ئەنسىرىگەندەك تەشۋىشلىنىپ قالدى. مەمەت بولسا شۇنى ئالمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئانا مەمەتنىڭ رايىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ نەسىھەت قىلدى:

— تاينى بايتالغا تېگىشەمسىز، يىگىت بالام؟

— نىمە ئىدى ئۇ «تاي»، «بايتال» دىگەن، — مەمەت خۇيى تۇتۇپ ئانىسىغا گۆلەيدى.

— خوتۇنىڭىز بىلەن بۇ چوكاننى سىلىشتۇرۇپ بىقىڭا مۇنداق !

— سىلىشتۇرۇپ نىمە قىلاي؟ ھەممىسى تۆشۈك مونچاققۇ ! — مەمەت بىشىنى ھەرە چاققاندەك غودۇڭشىدى.

— ئەقلىڭىزنى ئىچىڭ، بالام. مەن سىزگە خوتۇنىڭىزنى چىكىپ تاللاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنى خىللاپ، بەگلىكنىڭ يىگىتلىرى — نۇرئەلى، تۇرامەت، غوجاخۇن، قوپەك، سىيىتچوڭدەك ئاداشلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇيىڭىزنى قىلىپ تويلاپ بەرگەن. مۇنداق سەپسىلىپ بىقىڭا، يۇرت ئىچىدە قايسى ئادىشىڭىزنىڭ خوتۇنى سىزنىڭ خوتۇنىڭىزدەك يۈزى تۆۋەن، كىمنىڭ قىزى ئاشۇ خوتۇنىڭىزدەك ئاپپاق؟

— ئاپپاق ئىمىش ... قويۇڭا، ئانا ھەي، ئۇنداق ئاپپاقنى.

چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولامتى يا؟ مەن بېسىپ ئولتۇرۇپ قويىدىغاندەك، يېقىن كېلەي دېگۈچە چىرقىراپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىدۇ. ئەتىگىنى ئورنىدىن قوپالماي ئۆلىدىغاندەك ياتىدۇ. ئاندىن قاتتىقراق گەپ قىلسام، كەچكىچە مىشىلداپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ ماڭىدۇ!

گۈلھەسەلخانىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەمەتنىڭ گەپلىرىدىن نومۇس قىلىپ تالاغا قېچىپ چىققۇدەك بولدى. كۆڭلىدە ئۇنى «يۈزى ئېچىلىپ كېتىپتۇ» دەپ قالدى. شۇنداق ئويلاپ بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا چۈشەندۈردى:

— خوتۇنىڭىز سىزدىن خېلى بەك كىچىك، ئۇنداق قوپاللىق قىلماي، ئالداپ ـ سىلاپ كۆندۈرۈۋالسىلى، بالام.

— مەن ئۇ جىن قوشۇقىنى ئۆيدىكى مۈشۈكنىڭ ئاسلىنىنى ئەركىلەتكەندەك كۈندە ئالداپ ـ سىلاپ پەپىلەپ يۈرەمدىم؟

— ئەر ـ خوتۇنچىلىق دېگەن شۇنداق بولىدۇ، بالام.

— قويۇڭا، ئانا! ئۇ بىرنېمىنىڭ مىشىلداشلىرىغا قاراپ پەقەت مەيلىم قالمىدى. چىرايىغۇ ئايدىن قېلىشمايتتى بولمىسا... چىرايى چوڭ ئانىسى مۇھەببەتخاننى تارتىپتىكەنمۇ دەيمەن!

ئانىسى مەمەتنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يالۋۇرغاندەك بىر ئاھاڭدا دېدى:

— ئەمىسە بىرنەچچە ۋاق نەپسىڭىزنى تاقىلداتماي تۇرۇڭ، خوتۇنىڭىز بىلەن ئۇزلىشىپ كەتكەندىن كېيىن دادىڭىز ئىككىمىز يۇرت ئىچىگە يەنە بىر كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى، ئالدى ـ كەينىمىزگە قاراپراق بىر ئىش قىلارمىز. ئاڭلىسام ئىسلىماخۇنلار قىزى قېمىزخانىنىڭ خېتىنى ئالغىلى ماڭغانىمىش. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئاشۇ قېمىزخانىنى...

— قېمىزخانىنى؟ كۈندە ئاخشىمى ئانىسىنىڭ ئۆيىنىڭ

كەينىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ھېلىقى خىڭخىڭنىڭ يولىغا قارايدىغان ئاشۇ مىس ـ مىسىنما؟! ئۇنچۇۋالا قىلىپ ئۆزىڭىزنى كايىتماڭا، ئانا. ئالسام ئاشىگۈلنى ئالىمەن، بولمىسا خوتۇن سېزىكىگە قالىمدىم! — مەمەت چاپىنىنىڭ پېشىنى قېقىپ «ئاشىگۈل» ساقلاپ تۇرغان يەرگە ماڭدى. ئانا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب تىلەپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى.

## 10. قىز خوتۇن

توي كۆچۈرگۈچە گۈلئىمىنىخاننىڭ پاتىمچۇق جاڭگىلىدا رومىلى ئۇچۇپ كەتكەن، بوران دەستىدىن قۇم ـ توپا تىقىلغان كۆزلىرى جىنچىراغ يورۇقىدا قاپاق مۇچتەك قىپقىزىل قىزىرىپ قالغانىدى. توپا ـ تۇمانغا كۆمۈلۈپ رەڭگىنى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن چاچلىرى زىغىر پاخىلىدەك چۇۋۇلۇپ، سېغىز لايغا ئايلىنىپ قالغان يۈزىنى تۇسۇۋالغانىدى. ئۇ ئەمدى مۇنىسەگە ئانا بولاتتى. بوراندا كالىلىباشتاق بولۇپ كەتكەن كىشىلەر تاڭ سۈزۈلەرگە يېقىن بەگلىككە قايتىپ كېلىشىپ، ئۆي ـ ئۆيلەرگە تارىغان، قىز كۆچۈرىدىغانلار نەدە قالدى، ئۆيگە مۇنىسە ئىككىسىلا كىرگەنىدى. مۇنىسە كۆڭلىدە ئۇنىڭغا شۇنچە قىزىقىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر قارىغۇسى كەلسىمۇ، قارىيالمىدى. قىز بايتالنى يېتىلەپ تالىپ ھاجىنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ كەتكەن دادىسىنى پاتراق كىرسە ئىكەن دەپ تىلىدى. توك بولمىغاچقا، جىنچىراغنىڭ پىلىكىنى چىقىرىپ تۇرغان قىزنى ۋەسۋەسىگە سالغان ۋەھىمىلىك ئاۋاز ئاخىر ئاڭلاندى:

— قېشىمغا يېقىن كېلە!

قىز تىترەپ كەتتى، يەر تېگىدىن گۈلئىمىنىخاننىڭ چۇۋۇق چاچلار ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغان كۆزلىرىگە قاراپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى:

— مەنمۇ؟
— ياق، ئاۋۇ ئالۋاستىنى دەۋاتىمەن !
قىز قورقىنىدىن كەينىگە — ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قاراڭغۇلۇققا قارىدى، ئۆزىمۇ سېزەر ـ سەزمەي گۈلئىمىنخاننىڭ يېنىغا كېلىۋالدى.
— سەت شۇم، بۇ گۆرخانىدا سەندىن باشقا كىم بار مۇشۇ تۇرقىدا؟
— مە... مە... مەن...
— مۇشۇكتەك مى... مى... قىلماي، ماڭا قارىغىنا، — گۈلئىمىنخان يېقىمسىز قولى بىلەن قىزنى ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى، — دېگىنە، مەن نېمەڭ؟
قىز تەمتىرەپ قالدى. بىچارە قىز ئۇنى قانداق ئاتاش توغرۇلۇق ھېچنېمە ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، قىسقا ئويلىنىشتىن كېيىن ئاغزى ئېچىلدى:
— ئاچا... ياق، ئانا... ئانام.
— سەت قاشاڭ شۇم، ئاناڭ نەدە ئىكەن سېنىڭ ! ئانام ـ ئانام دەپ مېنىمۇ قېرىپ ماكچىيىپ ئۆلسۇن دەۋاتامسەن؟
— ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس... — قىز ئۆتۈنۈش ئىلكىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.
— مېنى «خان ئاچا» دە !
— ماقۇل، ماقۇل خا... خان ئاچا، — قىز مېنى زاڭلىق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ، ئۇنىڭغا بەكرەك سەپسالدى، قوم توپا يېپىشقان بۇ چىراي ناھايىتى سوغۇق كۆرۈنەتتى.
— ئېتىڭ نېمە؟
— مۇنىسە.
— مۇنى... نېمانداق ئادەمنىڭ ئاغزى كەلمەيدىغان سەت ئىسىم بۇ؟ ياق، سەن مۇنىسە ئەمەس پاتىمچۇق بول ! ھى ـ ھى ـ ھى... — گۈلئىمىنخان ئاغزىنى بۇلۇڭدىكى چاشقان كامىرىدەك

ئېچىپ كۈلدى.

قىزنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. زەيكەش بويىدىكى شور قۇم ئاراچلىرىدا، ياۋا قومۇش تۈۋىدە ئىسسىقتا چىدىمىغانىدەك ھالسىراپ تۇرغان پاتمىچۇقلار كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇ پاتمىچۇقلار نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە ! ئۇلارنى «خان ئاچىسى» ئاشۇ يەرگە قوغلىغان بولغىيمىدى؟

ــ مېنى ئۆگەيلىمە جۇمۇ ! ــ گۈلئىمىنىخان قىزنىڭ ئېڭىكىنى قويۇۋەتتى، ــ ماڭە، يوتقان سال.

خان ئاچىسىنىڭ ئەلپازى يامان، ئۇنىڭ زۇلۇم بىلەن چىقىۋاتقىنىنى كۆرگەن قىز ئۇنىڭ قىزىلمۇچتەك كۆزلىرىگە ئىككىنچىلەپ قارىيالمىدى. گۈلئىمىنىخان ئايىغى سۆرۈلۈپ تۇرغان گىرىپتىشىن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ قىزىل تاۋار تامبىلىنىڭ بېغىنى يەشكىنىچە تالاغا ماڭدى، ھايالشىماي ھويلىدىن يېنىپ كىرىپ يەنە ئاغزىنى مىتىلداتتى:

ــ مەن بىلەن ئارقىغا ھاجەتكە بىللە چىققىنا بولمىسا، قورقۇم كېلىۋاتىدۇ.

ئارقىغا ئۆتە ـ ئۆتمەي گۈلئىمىنىخاننى ھۆ تۇتۇپ كەتتى. ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغانىدەك قىينىلىپ ھۆ قىلاتتى. قىز ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، دادىسىنىڭ يولىغا قارىدى، ئۇنىڭ قايتىپ كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

ــ ھۆ قىلغىنىمنى داداڭغا دېمە جۇمۇ ! ــ ئايال تۇساتتىن قىزغا شۇ گەپنى قىلدى.

ــ دەپ نېمە قىلاي؟ ــ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقى قىزغا نائېنىق بولمىسىمۇ، ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.

ــ ئاغزىمنى غېرىچلىماي، ماقۇل دېسەڭ بولدى ! خۇدا سەتتى شۇم !

«ئۆھۇ، ئۆھۇ...» بىرھازا ئۆتكەندە موللىقۇناخۇننىڭ يۆتەلگەن

ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا بوران پەسىيىپ قالغان، ئۇزاق كېچىمۇ ئۆتۈپ كېتەي دېگەنىدى... قىزنى ئۇيقۇ باسقانىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا يەنە نېمە گەپلەرنىڭ بولۇنغانلىقىنى ئاڭقىرالمايتتى. ئىشقىلىپ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆي ئايرىپ بېرىلدى، ھويلىدىكى «يېڭى ئۆي» دېيىلىدىغان كالتە كۆسەي نەرسىلەر تاشلاپ قويۇلىدىغان ئۆيدە ئايرىم يېتىشقا تەرەددۇت قىلدى.

## 11. مۇھەببەتخاننىڭ كۆڭلى

مۇھەببەتخان مەختىتىن ئۈمىد ئۈزەلمەيلا قالدى.

بەگلىكنىڭ قوينى شۇنچە كەڭ، باغرى شۇنچە كۆتۈرۈشلۈك. ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا كىملەردۇر ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، بىرمەھەل تىرىكچىلىك قىلىپ، چۆنتىكىنى تولدۇرۇپ يەنە غايىب بولۇشىدۇ. كىملەردۇر ئۇن زاۋۇتى چۆرۈپ، نەچچە يىلدا يېنىنى ئوبدانلا تومپايتىپ، زاۋۇتنى سېتىۋېتىپلا ئۈن - تىنسىز كەتسە؛ كىملەردۇر ئۆرۈك ئىسلاپ گۈلە قۇرۇتۇپ، ماشىنا - ماشىنىلاپ گۈللەرنى يۆتكەپ مېڭىشىدۇ. بۇ ئىشلار ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ، پەرۋايىغا كەلمەيدۇ.

مۇھەببەتخاننىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان مەختىمۇ پادىدىن ئېزىپ قالغان كالىدەك كەنتكە ئەنە شۇنداق پەيدا بولدى. گۈلە قۇرۇتقانلارغا كۈنلۈك ئىشلەپ يۈردى. كېيىن گۈلە قۇرۇتىدىغانلار مېلىنى ئېلىپ كەتتى، ئەمما مەخەت قالدى. ئۇ ئەمدى خەقنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشىپ، كۈنلۈك ئىشلەپ، نەدە كۈن كەچ بولسا شۇ يەردە قونۇپ، شۇ ئۆيدە نېمە پىشسا شۇنى يەپ، جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرەتتى. شۇنداق يۈرۈپ ئۇ مۇھەببەتخاننىڭ ئېتىزلىقىغا كېلىپ قالدى. يېرى كۆپ،

ئەمگەك كۆچى ئاز، ئوغۇللىرىدىن ئاغرىنىپ باتناپ يۈرگەن مۇھەببەتخانغا بۇ يىلتىزى يوق يېتىمچى ئوبدانلا يېقىپ قالدى.

— خۇدايىم مېنىمۇ يېڭىباشتىن چوكان چاغلىرىمغا ياندۇرۇپ قويغان بولسا، ئاشۇ كەتمەننى گۈرسىلدىتىپ چاپقان بولسام-ھە! — مەخەتنىڭ كەينىدىن قوناقلىقتا ئاش كۆتۈرۈپ چىققان مۇھەببەتخان ئۇنىڭ شوخلا چۆپنى شالاپشىتىپ يېيىشلىرىگە، ئاسما مايكا ئىچىدىن يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېيىقنىڭكىدەك ھەم تۈكلۈك، ھەم قاپقارا ئۇستىخىنىغا كۆز سالدى.

— سىلى مەندىن ئاشۇرۇۋېتىپلا ھاي، — دېدى مەخەت ئۆي كۆزلىرى بىلەن مۇھەببەتخاننىڭ ناۋات رەڭ گىرىپتىشىن كۆڭلىكىگە پاتماي قالغان مىلىق-مىلىق كۆكسىگە قاراپ قويۇپ.

— قانداقسىغا؟ — دېدى مۇھەببەتخان ئۇنىڭ شەھۋەتلىك كۆزلىرىگە تىك قارىيالماي.

— قىرانىغا يەتكەن چوكاندەك تۇرسىلا، — مەخەت گەپچى، تېگىدىن ئىش كۆرگەندەك قىلاتتى.

— ئاشۇنداق ياش كۆرۈنەمدىكەنمەن؟ — مۇھەببەتخان نامازشامگۈلدەك ئېچىلىپ، يالىقى يېيىلىپ كەتكەندى.

— شۇنداق بولماي ئەمىسە، يەنە تېخى گۈلدەك چىرايلىق تۇرسىلا، — ئىككى يالماپلا قاچىنى بىكارلاپ بولغان مەخەت گارت-گۇرت قىلىپ كېكىرىپ قويدى.

ۋىيەي، نېمانداق كۆزلۈكتۇ ماۋۇ قارىغۇ... ناۋادا ئىككىلى كۆزى ساق بولغان بولسىزە...

— دەپ باققىنا، ساڭا زادى قەيىرىم چىرايلىق، قەيىرىم ياش كۆرۈنىدۇ؟

— تىلىم بارمايدۇ؟ — مەخەت كولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ كۆزلىرىدە بىر خىل ياۋۇزلۇق ئالامىتى ئەكسلىنىپ تۇراتتى. ئەمما، مۇھەببەتخاننىڭ كۆزلىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

— بىر دېگىنە ئاشۇ ئەركەك ئاۋازلىق بىلەن.
— دەۋېرەي ئەمىسە... مېنىڭ كۆزۈمگە ئاشۇ قاشلىرىدىكى ئوسمىلىرى بىلەن تېقىملىرىدىكى ئۇزۇن چاچلىرى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازلىرى بىلەن مەيدىلىرىدىكى بىر جۈپ ئالمىلىرى ياش كۆرۈنىدۇ. يەنە...
مەختەتنىڭ قاپاق ھەرىسىدەك غوڭۇلداشلىرى جۇۋانغا ئەرزىپ كەتتى.
— ۋىيەي، ھوي ھەييار قارىغۇ... ھوي كۆزلۈك قارىغۇ! ۋىيەي ـ ۋىيەي، ما قارىغۇنىڭ يامانلىقىنى...
مۇھەببەتخان قوناقلىقنى چاڭ كەلتۈرۈپ شۇنداق كۈلدىكى، قۇشقاچلار ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى. قۇرت ـ قوڭغۇزلار مىدىرلاپ، ئۇۋىسىدا تۇرالماي قالدى. مۇھەببەتخان مۇشۇنداق ئىدى. ياش ۋاقىتلىرىدا ھازىرقىدەك كۈلۈپ قوناقلىقنى بېشىغا كىيەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاپ كۆنلۈكى تۇتقان، ئاچچىقى كەلگەن رەھمەتلىك ئېرى: «نېمە قوناقلىقتا كۈلىسەن؟» دەپ چىۋىق بىلەن ساۋىغىلى تۇراتتى.
— توۋا، مۇشۇ خوتۇن خەق ئۆزى قېرىسىمۇ ئەجەب ئاۋازى قېرىمايدىكىنە؟! — نېرىقى ئېتىزدا قوناق ئوغۇتلاۋاتقان قوپەكنىڭ دادىسى قۇناخۇن كەتمەننى قويۇپ، مۇھەببەتخاننىڭ كۈلكىسىگە قۇلاق سالدى، — بۇ جۇۋان ياش ۋاقىتلىرىدىمۇ بەگلىكنى بېشىغا كىيىپ مۇشۇنداق تاتلىق كۈلەتتى. يېقىملىق غەزەل ئوقۇيتتى. ئەمدى مۇشۇ ياشقا كىرگەندىمۇ ئاۋازى قىز چاغلىرىدىكىدەك... ئۆزى ئەللىك ياشتىن ئۆتتى بولمىسا. مەن ئىش ـ ئەمگەكلىرىنى قىلىپ بەرگەنىدىغۇ قاپىقىنى ئېچىپقىنا بىر قاراپ باققان يېرى يوق، لېكىن ئۆزىنىڭ ئوغلىچىلىك كېلىدىغان مەختەت قارىغۇغا ئەجەب بىر ئېچەركىشىپ كەتتى!
قۇناخۇن خوتۇنىدىن قېلىپ، قىيىنىلىپلا قالدى. بۇنى ئاز دەپ، قوپەك بىلەن مەينىسا تولا ئۇرۇشۇپ ـ تالىشىپ،

كېلىنىنىڭ ئايىغى ئىسسىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىچارە قۇناخۇن ساقىلىنى سۈرەپ قازان بېشىغا كېلىدىغان تەس كۈنگە قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بىچارە بوۋاي مۇشۇ كۈنلەردە مۇھەببەتخانىنى خىيالىدىن نېرى قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتىپ يېڭىياچە يىگىت ئاتالغان چاغلىرىدا بىر ئىشىكتە چوڭ بولغان چىرايلىق مۇھەببەتخانغا كۆيگەن. تۇمۇچۇقتەك چاڭىلداپ ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان، ئاسانلىقچە ئادەم ياراتمايدىغان ئاشۇ قىزنىڭ ئىشقىدا يۈرەك ـ باغرى پۇچىلانغان. ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ قىزنىڭ ھويلىسىغا بويۇنداپ مارىلىغان، ئەمما كىچىكىدىن يوقسىزلىق دەردىدە چوڭ بولغان قۇناخۇن بۇ چىرايلىقنا ئىغىز ئاچالمىغانىدى. كېيىن مۇھەببەتخان جىق ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ، دېگەندەك ئۇيان چۆرگىلەپ، بۇ يان چۆرگىلەپ يېشى ئۆزىنىڭكىدىن چوڭ، ئىككى خوتۇننى پادىغا قوشقان قاسىم سوكسوكقا تەگدى. قۇناخۇننىڭ ھازىرقىدەك كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ: مۇھەببەتخاننىڭ تويى بولغان كۈنى كەچ ئۇ ئۆزىنى ئازمىغا تاشلاپ كېچىچە مۇزدەك سۇدا ياتتى. ئىچ ـ باغرىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ھەسرەتلىك يۈرىكىنى سەگىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇناخۇن مۇھەببەتخاننى يۈرىكىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتى، ئەمما مۇشۇ كۆڭۈل دېگەن نەرسىنى ئىلاھىم... كۆزگە يېقىن كۆڭۈلگە يېقىن دېگەن شۇمىكىنتاڭ، قۇناخۇن ساقال قويۇپ، ياشلىقىنى تاشلىغاندىمۇ مۇھەببەتخاننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. بۇگۈنكى كۈنلۈكتە بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرسى خوتۇندىن، بىرسى ئېرىدىن قېلىپ ھېلىقى بېشى باغلاقسىز، پۇتى چېتىقسىز يىللاردىكىدەك ئەركىن ـ ئازادە قالدى، بىردىن ئۆيىنى بېشىغا كىيگەن بالىچاقىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ غېمىدە يۈرۈشىدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ ساقىلىنى ئاق ئارىلاپ، ئاغزىدا چىشى قالمىغاندا، بىر خوتۇن كىشىنىڭ ئالدىغا

بېرىپ سىزنى ئالسام بولاتتى، دېمەك يامان تەس ئىكەن دېسە...

قۇناخۇن خىيال ئىلكىدە مۇھەببەتخاننىڭ قوناقلىقىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. بۇ چېھرى ئىسسىق جۇۋان كەنت مۇدىرى بۇساقئاخۇنغا نېمىدەپ ئۇچۇر بەرمىدىكىن؟ ئىشقىلىپ، كەنت مۇدىرى دېگەن يۇرتنىڭ بېشى، ئۇ كىشى ھە ـ ھۇلىرى بىلەن تۆت ئېغىز گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلىپ، بۇ ئىشنى ھامان بىر يەرگە قولاشتۇرىدۇ. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، قاپاق تېرەكتەك جەگىسى بار، جەدە بايتالدەك يورغىسى بار، تۇمۇچۇقتەك ئۇنلىشى بار، بۇدۇشقاقتەك كۇنلىشى بار، ئاق پاختىدەك مىلىق ـ مىلىق، شېكەرشىنىدەك تاتلىق مۇھەببەتخان ئاخىر مېنىڭ بولىدۇ... قۇناخۇن قويۇق ساقال ـ بۇرۇتلار ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغان ئاغزىنى تەمشىتىپ، بەئەينى تەمى تىلنى يارىدىغان تاتلىق شېكەرشىنىنى يەۋاتقاندەك تامىقىنى چېكىپ قويدى.

— مەن تېخى ئەتىدىن ـ كەچكىچە تەرلەپ ـ پىشىپ كەتمەن چېپىشىڭىزغا قاراپ، خىش قۇيىدىغان گاچىدەك ئىش ـ ئەمگەكتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ھەتەمتەي ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، مەخەت، سىنى.

مۇھەببەتخان بىلەن مەخەتنىڭ قوناقلىقتىكى مۇڭدىشىشى تۇگىمىگەنىدى. قۇناخۇن ئۇلارنى يەنە نېمىلەرنى دېيىشىدىكىن دەپ، بولۇنۇۋاتقان پاراڭغا قۇلاق سالدى.

— مېنى كەتمەن بىلەن زاغرىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان مەدىكارچىمىكىن دېگەنما؟ — مەخەت پاخپىيىپ تۇرغان چۇۋۇق چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تارىغاچ جۇۋانغا سىڭار كۆزىدە شەھۋەت بىلەن تىكىلدى.

— بېغىدا پىشىپ قالغان سەت قارىغۇ، — مۇھەببەتخان مەخەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تەلمۈردى، — ئەمگۇسى كەلگەن بالىدەك خەقنىڭ قىلغىنىڭ بىلەن، كۆزگىچە مەدىكار ئىشلەپ

چۆنتىكىنىڭ پۇلغا تولغاندا، پوق ئىستىگەن قاغىدەك غايىب بولىسەن شۇ !

— سىلى قوغلىمىسىلىرى، قىشۇياز پېشايۋانلىرىدا ئۇۋۇلاپ قالغۇم بار.

— قانداق بولاركىن؟ ئىتتى - مىتتى، قولام خىمرتى دەپ، كۆتۈڭنى قىرغا تارتارسەنمىكىن؟

— ئۆزلىرىدەك مىلىق - مىلىق، سۇلۇق، جاننىڭ تاتلىقىنى تاپقاندا نەگە كېتەتتىم !

— خان ئاچىسىنى نېمانچە خۇش قىلىدىغاندۇ ماۋۇ يامان قارىغۇ ! لەۋزىڭ راستمۇ زادى؟

— لەۋزىمدە تۇرمىسام، ئۆلۈكۈمنى ئىت يېسۇن !

قۇناخۇننىڭ چىرايى تاتاردى، بېشى چۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، قېرىغىنىنى تۇيغان مۇھەببەتخان ئەمەس، بەلكى بىر چاغلاردىكى خىيالپەرەس، ئۇدۇل كەلگەن يولغا مېڭىۋېرىدىغان، كۆڭلى تارتقىنىنى قىلىدىغان يەڭگىلتەك مۇھەببەتخان پەيدا بولدى. توۋا خۇدايىم، توۋا... قۇناخۇن ئېرىدىن قېلىپ كۆڭلىگە شەيتان ئارىلىشىۋالغان، يەنە ئېرىنىۋاتقان بۇ جۇۋاننىڭ كۆڭلىگە ئىنساب، دىيانەت، پاكلىق تىلىدى...

## 12. بۇزۇلغان يامان

يامانلاپ ئولتۇرغان ھەلىمىخان پۇتى كۆيگەن توخۇدەك دىڭگۇسلاپ قالدى. ئېرى ئابدۇلئاشقىنىڭ گۇلىپاتىنىڭ جايىدا ئۇۋىلاپ يۇرگەنلىك خەۋىرى پۇتۇن بەگلىككە بىر كەلگەننىدى.

— قېرىغىنىنى تۇيمىغان قوتاز ! — دېدى ھەلىمىخان موللىقۇناخۇننىڭ ھېلىقى يېڭى خوتۇنى گۇلئىمىنىخانغا ھال دادلاپ، — قىزلىرىڭنى ئاللىقاچان تالالىق قىلىپ، ئوغلۇڭغا

خوتۇن ئېلىپ بەرگۈدەك بولغاندا، بۇزۇلغىلى بىر كىم كۆتۈكىگە ئىسرىق سالدىمۇ !

— سىزمۇ ئۆزىڭىزنى بەك تاشلىۋېتىپسىز، — دېدى گۈلئىمىنىخان ھەلىمىخاننىڭ كۆڭلىنى ئېچىتىپ، — مۇشۇ ئەر خەق دېگەنگە چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتكۈلۈك ئەمەس. ئۆيدە قىچقارسا ئارقىدا ئۇ بېرىپ، مۇنۇ دېسە، ئەنە دەپ جېنى ئىچىگە پاتمىغان بۇقىنى بۇرنىدىن مۇرۇۋۋەت ئۆتكۈزۈپ قوشقا قاتقاندەك جايلىمىسا، ئاشۇنداق ئوخو ـ جوخوسىنى خوتۇنغا ئارتىپ ئېشەك ئېتىپ مىنىدۇ. خوتۇننى قورقۇتۇۋالغان ئەر خەق دېگەن ئېرىڭىز ئابدۇلئاشىقتا ئوخشاش خالىسا خوتۇن قىلىدۇ، خالىمىسا ئۇرىدۇ، خالىسا ئالدايدۇ، خالىمىسا كۆتىگە تېپىپ ھەيدەيدۇ.

— ئانچە ـ مۇنچە ئىش ئۆگىتىڭا ماڭا، مەن قانداق قىلسام بولىدۇ، گۈلئىمىنىخان؟ — ھەلىمىخان تولا يىغلاپ چاپاق باسقان كۆزلىرىنى باش ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

— چىرايلىق كىيىپ، ئۆزىڭىزنى تۈزەڭ. قاش ـ كىرپىكىڭىزنى تېرىپ، چېچىڭىزغا خېنە قويۇپ بوياڭ. يوقىلاڭ چېچىڭىزنى ئۆرۈپ ئېشەك قامچىسىدەك قىلىۋالماي، ئاتتۇرۇپ بۇدۇر قىلدۇرۇڭ. يەنە دورا ئېلىپ يەپ سەمرىڭ.

— سەمرىڭ؟ — ھەلىمىخان كۆك ئوتتا ئوسما سىققاندەك بولۇپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئاغزىنى تۇتقىنىچە گۈلئىمىنىخاننىڭ ئويناق كۆزلىرىگە قارىدى، — ھوي، تېلېۋىزوردا ساپلا ئورۇقلاپ كىچىكلەشنىڭ دورىسىنى ئېلان قىلىۋاتسا، سەمرىشنىڭ دورىسىنى نەدىن تاپىمەن؟ ئۆزۈممۇ ئۇزاقىنغىياقى بىر سەمرىسەم دەيتتىم بولمىسا...

— «جان بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن، — گۈلئىمىنىخان لەۋلىرىدىن چىقىپ تۇرغان ئىككى تال ئۇزۇن چىشىنى ھىڭگايتىپ كۈلدى. دېگەنبىلەن بۇ جاڭگاللىق كېلىنچەك بوش

ئەمەستەك قىلاتتى، — ھېلىقى قىزىل كويچەن بولىدىغان بولسا، ئىگەكىم...

— ھە دەڭا، چاققان دەڭا!

— مەنمۇ قارىسام، ئۆيدىكى ناماتمان ئوغرى ھۈنەر قىلغانسېرى ھۈنەرگە ئۈستىلىشىپ قالغاندەك بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، مۈنسە دېگەن يېتىم ئوغلىقىنى تاشقىرى ئۆيگە چىقىرىۋېتىپ، پوكىنىمغا كىرىۋېلىپ يوتقاننى بىر قىلىۋالدى. ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالماي ئانامنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىپمۇ باقتىم. «ئابدال يامانلىسا خۇرجۇنغا زىيان» دەپ مەن ئانامنىڭكىدە ئولتۇرسام ئۇ ئوغرى يەنە غېمىدە يوق شاپاق دوپپىسىنى قىرلاپ كىيىپ، خەقنىڭ ئۆيىدە كىگىز پىشۇرۇپ يۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن «مۈنسەگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى» دەپ غىپپىدە يەنە كېلىۋالدىم.

— كەلسىڭىز يەنە شۇ چاپلىشىۋالغاندۇ؟

— چاپلاشتى، چاپلاشقان بىلەن مەنمۇ ئوبدان ئەپلىدىم.

— قانداق ئەپلىدىڭىز؟ — ھەيران بولغان ھەلىمىخاننىڭ قوي كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى.

— قانداق ئەپلەيتتىم، توخۇ كاتىكى، قازان بېشى، ئوچاق، كۈلۈك ئۆزۈمنىڭ بولغاندىكىن، كۈنلۈكى ئۈچ - تۆتتىن توخۇمنى قوقاسقا كۆمۈپ يىلتىپ ئىچتىم. يەنە ئۆتەڭگە توخۇم ئاچىقىپ سېتىپ، پۇلىغا دورا دۈكىنىدىن سەمرىتىدىغان دورا ئېلىپ يېدىم، ھا - ھا - ھا... — گۈلئىمىنىخاننىڭ كۈلكىسى قوناقلىقنى لەرزىگە سالدى.

— ھە، مۇنداق دەڭا تېخى، سىزنى نېمانداق توي قىلغىلى ھېچقانچە بولمايلا قورسىقى چوڭىيىپ قالدىكىن دەيمەن تېخى.

گۈلئىمىنىخاننىڭ چېھرى سەللا تۇتۇلۇپ، يەنە ئەسلىگە كەلدى:

— سېمىزلىك بۇ، خېنىم... دورىنىڭ كارامىتى.

— ۋىيەي، بەك قۇۋۋەتلىك دورا ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ ئەت ـ يېنىنى كېۋەز تىققان خالتىدەك مىلىق ـ مىلىق قىلىپ...

— ۋايجان، ئەجەب كۆزىڭىز ئاچ ئىكەن خۇدى... تۇزۇك ئوخشىتىڭا، خېنىم، ئادەمنى !

— ۋۇي ئاغزىمغا... ئاق بولۇتتەك، ماموقتەك دەي ئەمىسە.

— ھە... مۇنداق ـ ھە، ئادەم دېگەننىڭ گېپىنىڭ شىرىسى بولىدىغان مۇنداق !

— ھە ماقۇل، شۇنداق قىلىپ ئاشۇنداق قىلىمەنما؟

— شۇنداق قىلىڭ، دورا يەپ سەمرىڭ، ئەركىشىمۇچۇ، ساق بولسا خوتۇن قىلىدۇ، بولمىسا كورسۇككە چۈشكەن ئىتتەك نەمۇنە خوتۇن ئىزدەپ ماڭىدۇ.

— شۇندا قىلاي، — ھەلىمىخان ئۆيگە كەتكىلى ئالدىراپ قالدى، — ئېرىنى ھەرقانچە ئەسكىلىك قىلدى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ تۇتقان ئۆيىگە، پات ـ پات يات خوتۇنلارغا «ئاشىق»لىقى تۇتۇپ قېلىپ، بۇزۇلۇۋالىدىغان ئېرىگە يەنىلا كۆڭلى بار ئىدى.

— ھاي، ھاي ! قىلغىلى گەپ تاپالماي قالغان ئەر ساراڭلىرى !

قوناقلىقتىن بىرسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋايجان، ئۆيدىكى ئوغرى گەپلىرىمىزنى ئاڭلاپ قاپتۇ ! — ئىككى جوۋان ئوتىغۇچىلىرىنى ئۇنتۇپ كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆتۈرگىنىچە قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە بەدەر قاچتى.

ھەلىمىخاننىڭ بىر ئاز كۆزى ئېچىلغاندەك بولدى. ئايغىنى يېنىك، قولىنى چەپەر قىلىپ، كونا پاتقۇچە ئىشلىرىنى خېلى ئاۋۇتتى. لېكىن، ئىشنى يىغىپ ئۆيگە ماڭىدىغان چاغدا بېشىغا يەنە غەم چۈشتى. ناماتمان ئۇستىنىڭ ئۇ سېرىق مۇشۇكى بىرمۇنچە تاتلىق گەپلەرنى قىلغان بىلەن، ئابدۇلئاشىق ھازىر بەئەينى بىر ياۋا توڭگۇزغا ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ ھەلىمىخانغا

خىرىس قىلغىنى قىلغان، ئۆرۈپ ـ پەشۋالىغىنى پەشۋالىغان. بىچارە ھەلىمىخان تاغىرىنى يۇدۇپ مىڭبىر غەم ئىچىدە مەھەللىگە كەلدى. توخۇلار چىپچىپ رەسۋا قىلىۋەتكەن ھويلىدا بىردەم قاراپ تۇردى. كېيىن گۈلئىمىنىخاننىڭ گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بۆلۈپ ئېلىۋالغان سەمرىتىش دورىسىدىن ئىككى تالنى سوغۇق سۇ بىلەنلا يۇتتۇۋەتتى. ئاندىن ئوچاققا ئوت قالاپ چۆگۈنگە تۇخۇم سالدى.

بوران چىققاندەك توپا توزۇتۇپ، ھويلىنى سۈپۈرۈشكە باشلىغان ھەلىمىخان ئويلاپ قالدى: « قىزىم ياقا يۇرتتا ئەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئىككى ـ ئۈچ كۈننىڭ ياقى بۇ جېدەل ـ ماجىرادىن خەۋەرسىز ئوخشايدۇ. ئوغلۇم ئابلىمىت ئۈستىسىنىڭ كەينىدە دىلكالىق قىلىپ يۇرۇپ ئۆيگە كەلمەپتۇ. دادىسىنىڭ بېشىغا سەۋدا چۈشۈپ ئۆيدە ئولتۇرالماس بولۇپ قالغىنى راست ئوخشايدۇ. نېمە بولغاندۇ بۇ ئادەمگە؟... ئەمدى گۈلئىمىنىخاننىڭ دېگىنىدەك قىلىمەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭكىگە يامانلاپ كەتسەم، ئۇلار ھەرقانچە ياخشىلىق قىلسىمۇ يەنىلا قىسىلىدىكەنمەن، بىر چىشلەم بولۇپ كېتىدىكەنمەن. «ئۆز ئۆيۈڭنىڭ خۇشلۇقى، پۇت ـ قولۇڭنىڭ بوشلۇقى» دەپ ئۆز ئۆيۈڭ بولسا نېمىدېگەن ئوبدان».

ھەلىمىخان ھويلا ـ ئارامنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، چىنىدەك قىلىۋەتتى. مۆرىشىپ، مەرىشىپ تۇرغان كالا ـ قويلارغا ئوت ـ چۆپ سالدى. بۇرۇندىنلا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يېتىپ قوپىدىغان دالان ئۆيگە يوتقان ـ كۆرپە سېلىپ ئورۇن تەييارلىدى. تۇخۇم يىلتىپ ئىچىپ بولۇپ، چۆگۈنگە يەنە ئېرىگە ئاتاپ تۇخۇم سېلىپ، ئېرىنى ساقلاپ ئولتۇردى. ئەلياتقۇ بولغاندا تاقالمىغان دەرۋازا داراڭلاپ ئېچىلدى.

— نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟! — دەلدۈگۈنۈپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەن ئابدۇلئاشىق كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ

خوتۇنغا ئالايدى.

— ئەتىگەنىنىڭكىياقى ئوت ئوتاپتىمەن، ئەمدى سىزنى قاياندىن كېلىدىكىن دەپ يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ ... — چىراغ يورۇقىدا يۈزى پارقىراپ كەتكەن ھەلىمىخان ناماتمانىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ كۈلۈپ ئېرىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— پەرداز پۈرايسەنغۇ؟ — ئېرى بۇرنىنى پۈرۈشتۈردى.

— ئەمدى شۇ سىزنى دەپ ... — ئايال بىرئاز خىجىل بولۇپ ئېرىنىقىنى تاتىلىدى، — سىزنى دەپ ئانچە - مۇنچە پەرداز قىلغان.

— كۆزۈمگە چىققان يىڭناسقۇ ! — ئابدۇلئاشىق مەست ئىدى، — پوچىلىق قىلىپ تۇغقانلىرىنىڭكىگە كەتكەندىكىن، ياتساڭ بولمامدۇ شۇ يەردە؟!

— ئۇنداق دېمەڭ، دادىسى. مەن يېتىمۋالسام، سىزگىمۇ تەس ...

— مېنى خوتۇن تاپالمايدۇ دەپ قالدىڭما؟ — دېدى ھېچ تۇتۇۋالغان ئابدۇلئاشىق ھازىرلا ياندۇرۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا.

— مەست بولۇپ قاپسىز - ھە، ئاشىقاخۇن؟ ... «ئوشۇق گەپ ئېشەككە يۈك» دەپ نەدىكى گەپنى قىلماڭا. مە كېلىڭا، مەگە. ئېگىنىڭىزنى سالدۇرۇپ، ئۇستىخانلىرىڭىزنى تۇتۇپ قوياي، يېڭى يوتقان كۆرپىنى سېلىپ قويدۇم بىر ئوبدان... يەنە تۇخۇم يىلىتىپ قويدۇم.

— مېنى ئېشەك دېدىڭما؟ — ئابدۇلئاشىقنىڭ ساراڭلىقى تۇتتى، — سە... سەن پەلچۈڭ قېرىنىڭ زا... زادى ئاغزىڭ سېسىق ! تاتلىق گەپ قىلىمەن دېسەڭمۇ ئاغزىڭنىڭ بۇرجىكىدىن يامان گەپ تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، — ئابدۇلئاشىق تامغا يۆلەكلىك تۇرغان ئېشەك تايىقىنى قولىغا ئالدى. ئەلپازى تاپتىن چىققان بۇقىنىڭكىدەكلا يامان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە

گۈلپاتىنىڭ ناز ـ كەرەشمىسىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ھەلىمىخان ئېرىنىڭ پەيلىگە قاراپ كەينىگە داجىدى. ئېرى ئوتۇنى قاياقـقا ماڭسا شۇ تەرەپكە قىستاپ كېلەتتى. ئاسمان زۇلمەتتەك قاراڭغۇ، ھويلا، ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ياندۇرۇقلۇق. «ئەر كىشى بۇزۇلسا، ھەممە نېمە بۇزۇلىدۇ» دەپ ھويلىنىڭ ئىچى بىردەمدە ئوڭتەي ـ توڭتەي بولدى. ئېرىنىڭ ئالدىدا قېچىپ يۈرۈپ ھارغان، چىرايلىق گەپ، ياخشى خۇلق بىلەن ئېرىنى پەيلىدىن ياندۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن ھەلىمىخان ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— بوش تۇرسام، نېمانچە قىلىسەن، ئېشەك سۈيدۈكى دورا بولغان قىزىل كۆز؟ گۈلپاتى دېگەن باداڭ ئىسسىتقۇ قىلىپ بېشىڭنى ئايلاندۇرۇۋالغان ئوخشىمامدۇ؟!

— شۇنداق قى ... قىلغۇچىلىكى بار ئىكەن، قىلدى قانداق ... ھۆ... ھۆ... — ئابدۇلئاشىق ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ چىققان ھۆنى توختىتالماي، بۇلۇڭغا قاپسىلىپ تۇرغان خوتۇنىنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە غارقىرىتىپ قوسۇۋەتتى.

— ھۇ، ئىمانسىز ! گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇر... ۋايجان ـ ۋايجان، نېمە سېسىق بۇ، پاتەك باداڭ سېنى مەست قىلىپ قويۇپ شوۋا ئىچۈردىمۇ، قانداق؟!

— زۇ ... زۇۋانىڭنى يىغ، جىن سوقۇۋەتكەن پەلچۈك ! چى ... چىرايلىق بولسا، نېمە ئىچۈرسە تېتىيدىكەن ئادەمنىڭ ئاغزىغا... — ئابدۇلئاشىق قۇسۇقىنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. ياندۇرۇپ بولالماي بۇقىدەك ھۆركىرەپ، ئىچ باغرى ئاغزىدىن كەپلىشىپ چىققۇدەك بولدى.

— ۋايجان، ۋايجان، نەپسى تويماس ئوغرى، قىلغان قىلىقىنى سەل ـ پەل يوشۇرماقتا يوق، يۈزىنى داپتەك قىلىپ ئاشۇ بۇزۇقنى ماختاپ كەتكىنىنى. تويارسەن ھوي، تويارسەن، قارىسام سەندەكتىن ئىككى ـ ئۈچ چىقىدىكەن ئۇ باداڭ. بىر ئەمچىكىنى

تەكىيە قىلىپ بېشىڭغا قويارسەن، يەنە بىر ئەمچىكىنى پوقاق ئېتىپ بوينۇڭغا ئاسارسەن... توختىغىنا بولمىسا، مەن نېمىشقا بىر ئوبدان ئېرىمنى، تۇتقان ئۆيۈمنى خەقكە بىكارلاپ بېرىمەن، نېمىشقا ئېرىمنى بۇزغان ئاشۇ بۇزۇق بىلەن ئۇرۇشمايمەن !

ھەلىمىخان كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى بېلىغا تۈرمەكلىدى، ھاڭدەك ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېزا بازىرىغا قاراپ يۈگۈردى. تەڭ كېچە بولاي دېگەندە تەرلەپ ئۇستىبېشى چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەن ھالدا گۇلپاتىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھوي، خەقنىڭ ئېرىنى ئۆگىتىۋالغان ئەسكى باداڭ، مېنى ئۆيۈمنى تۇتۇپ، بالىلىرىمنى باققىلى قويامسەن - قويمامسەن؟

چالا مۈگدىگىنىچە دۇكان يىغىشتۇرۇۋاتقان گۇلپاتى چاچلىرى چۇۋۇق، تەرى بۇزۇق ھالدا ئۆزىگە ھۇرپىيىپ ئىشىكتە قاراپ تۇرغان ئايالنى كۆرۈپ، بىرئاز مەڭدەپ قالدى. بۇ ئايالنىڭ نېمە دەپ كەلگەنلىكىنى پەملەپ، پېتىنى بۇزماي تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— نېمە دەيدۇ، ما جىن تەپكەن ساراڭ ئۆتەڭلىك ! — گۇلپاتى شەھەرلىكتەك سۆزلەيتتى.

— نېمە دېگىنىمنى بىلمىدىڭما، پوپوش؟ ! — ھەلىمىخان گۇلپاتىگە يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ يارمىغان كۆتەكتەك ئەپتىگە قاراپ، «ئېرىمنىڭمۇ كۆزى يوق ئىكەن، بۇ بىرنېمە بىر قارىسا ئەر كىشىدەكلا كۆرۈنىدىكەن. قانداق يېرىگە ئىچى كۆيدىكىنتاڭ؟» دەپ قالدى.

— كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەنوي، مايماق؟ — گۇلپاتى قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ، ھەلىمىخانغا يۈزلەندى.

— ساڭا، گۇلپاتى دېگەن داڭدار سەن شۇغۇ؟

— خان ئاچاڭ مەن شۇ، — گۇلپاتى كۆزىگە كىرىشىۋالغان بۇدۇر چېچىنى كەپشەردەك ئۇزۇن سىلىۋالغان بارماقلىرى بىلەن ئوڭشىۋالدى، ئېقى يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭ ئېچىلدى، —

ئۆزۈڭ قايسى خامىنىڭ ئالۋاستىسى؟

— كۆزۈڭگە ئالۋاستى كۆرۈنۈپ قالدىما؟ — ھەلىمخان تەرمەچتەك قوللىرىنى بېلىگە تىرىدى، — مەن بارغۇ، سەن ئۆزۈڭگە ئۆگىتىۋالغان ئاشىقاخۇنىڭ خوتۇنى!

— ھا - ھا - ھا! ... — گۈلپاتى تۈن قويىنىنى ۋەھىمىگە سېلىپ كۈلدى، ئاۋازىمۇ بوم ئىدى، — ۋاقتىدا كەپسەن... كېلە، سۇ ئىسسىتىپ، باش - كۆزۈمنى، بويۇمنى بىر يۇيۇپ قويە!

— ۋايجان - ۋايجان، ۋاي پاسىق، مۇشۇ تۇرقىدا جۇنۇپمۇ سەن؟! — ھەلىمخان يۈزىنى تۇتۇۋالدى، — ۋاي ئىسىت، بۇ پاسىقلارنىڭ يۈزىگە قاراپ، يۈزۈمگە داغ چۈشۈپ قالىدىغان بولدى!

— سەت چارچۇكنىڭ دېگەن گېپىنى... ھوي، قايسى بىر چىرايلىق يۈزۈڭگە داغ چۈشىدۇ، ئېشۇ سەپكۈن يۈزۈڭگىمۇ؟!

— گەپ قىلما، سېرىق! بەگلىكنىڭ ھاڭگىلىرىنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋالغان چىرايلىق سېرىق!

پالاق - پۇلۇق قىلغان ئاۋازلار بىلەن ئىككى ئايال قىيا - چىيا بولۇشۇپ كەتتى. ھەلىمخاننىڭ قورسىقىغا مىنىۋېلىپ چاچلىرىنى يۇلۇۋاتقان گۈلپاتى ئۇنى ھە دەپ تىللايتتى:

— ئېرىڭنى جايلىيالماي مەن بىلەن چاچ يۇڭداشقىلى كەلدىڭمۇ تېخى، تايىنى يوق ئەسكى كۆرپە! ئاشىقجان مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن يىگىرمە يىلنى قانداق ئۆتكۈزگەندۇ؟ قېشىڭغا يېقىن كەلگەن ئادەمگە مۇشۇنداق ئەچكۈنىڭ ئۇشۇقىدەك سۆڭەكلىرىڭ پېتىپ تۇرسا، كىم سېنى خوتۇن ئېتىدۇ؟... بىچارە ئابدۇلئاشىقنى نېمانداق ھەر كەلسە، ئۈچ رومكا ئىچە - ئىچمەيلا بوينۇمغا گىرە سېلىپ يىغلايدىكەن دېسەم تېخى...

— تۆپەمدىن چۈشە، گۆش تاغىرى! ھېلى بىكار ئورنۇمدىن تۇرۇۋالسام، مەنمۇ سېنىڭ تۆپەڭگە چىقىپ ۋايجان قىچقارتىمەن. ئېرىمنى ئۆگىتىۋالغان يېرىڭگە راسا سېلىپ پۇخادىن

چىقىرىمەن !

— پەيلىڭ يامان ئوخشىمامدۇ، ئەر سارىڭى جىرتاق؟ تايىنلىق تويه مانا، هه، ئەي ... ئەي ... — گۇلپاتى كۇپتەك ئەپتى بىلەن هەلىمىخاننى تېخىمۇ مەهكەم بېسىۋېلىپ، يۇز - كۆزىگە مۇشتلىغىلى تۇردى. تاياققا چىدىمىغان هەلىمىخان تۇن قويىنىنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ چىرقىراپ كەتتى:

— ۋايجان - ۋايجان... ئادەم ئۆلدى، ئادەم ئۆلدى !

يەكشەنبە بازار ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغاندى. دۇكانچىلار، بازاردا تۇنەپ قالغانلار چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ ئىچ كىيىم، كالتە ئىشتانلار بىلەن ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە — گۇلپاتىنىڭ ئىچىملىك دۇكىنى تەرەپكە يۇگۇرۇشتى. تولا چىرقىراپ هالىدىن كەتكەن هەلىمىخاننىڭ ئۇنى ئۆچتى.

ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئەنسىز سىگنالى ئاڭلاندى.

## ئۈچىنچى باب

# ئىزنىقۇ

### 1. كۆننىڭ سىرىقى

ئىرىنىڭ يولىغا قاراپ، مەسئۇدىخانىنىڭ كۆزى تېشىلگۈدەك بولدى. تاشاخۇن يەكشەنبە بازارغا كەتسە ھەرقانچە كەچ قالغان تەقدىردىمۇ زاۋال چۈشكۈچە ئۆيگە پەيدا بولاتتى. بۇگۈن ئەجەب ... بۇساق چوماقنىڭ ھە دېگەندە تولا سورۇشتۇرۇپ كېتىشلىرى ئاندىن...

ئىشىك ئالدىدىن ئۆتەڭگە چىقىپ، بازار تەرەپكە تەشۋىش بىلەن قاراپ تۇرغان مەسئۇدىخان ئامالسىز ئۆيگە يېنىپ كىردى. چىراغنىڭ يېپىنى تارتىپ بېقىپ توك بولمىغاندىكىن، مورا بېشىدىن سەرەڭگىنى سىيپاشتۇرۇپ تېپىپ قارا چىراغنى ياقتى. ئەمما، يېغى تۈگىگەن چىراغ پىلىلداپ ئۆچكىلىۋاتاتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆڭلى تېخىمۇ بىسەرەمجان بولغان ئايال قازان بېشىدا قاچا يۇيۇشقا تەمشىلىۋاتقان قىزىنى ياغقا بۇيرۇدى:

— بۇۋىخىلىچ، مۇھەببەتخان ئاناڭنىڭ ئۆيىگە چىقىپ باققىنا جۇگۇ، چىراغ يېغى بولسا ئازراق بەرسۇن.

قىز قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ تالاغا ماڭدى.

— ھەي... ماۋۇ دۇۋەتنى ئېلىۋال، ئۈچۈمىغا تولىلاپ ئەكىرەمتىكى كىرسىنىنى... ئا تالادا ئويناۋاتقان ئۇكىلىرىڭنىمۇ قىچقىرىۋال، ئۆيگە كىرىپ قارنىغا ئاش ئىچسۇن !

— ماقۇل.

مەسئۇدىخان جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تەشۋىشلىك

كۆزلىرىدىن كىرگەن قاراڭغۇلۇق پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى.

غۇۋا چىراغ يورۇقىدا بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ، يوتقانغا سولىغان ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئېرى تاشاخۇن ھېلىدىن ـ ھېلى دەرۋازا قېقىپ قالىدىغاندەك، بۇۋىخىلىچىنىڭ پۈتىغا ئاياغ، چىراغقا ياغ كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە بىر خۇشاللىقنى ئېلىپ كىرىدىغاندەكلا ئىدى. ئۇ يەنە بازاردىن ئاز ـ تولا تاتلىق ـ تۈرۈم ئېلىپ كېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدىغان ئادەم ئىدى. بالىلىرىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ھاڭدەك ئوچۇق تۇرغان دالان ئۆينىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىدىن ھويلىغا — دەرۋازىغا قادىلىپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى. ئايال ئېرىنىڭ يوقسىزلىقىغا قارىماي، كۆيۈمى بارلىقىدىن خۇش ئىدى.

ئەل ئايىغى بېسىقتى.

باش توخۇ چىللىدى.

ئىتلارنىڭ قاۋىغان، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— داڭ ـ داڭ ـ داڭ ! ...

مەسۇدىخان چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى. چۈش كۆردۈممىكىن دەپ تۇڭلۇكتىن ئاسمانغا قارىدى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان، ئادەملەرنىڭ دۈپۈرلەشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئېرىنىڭ يولىغا قاراپ كېچىچە ئۆرە ئولتۇرغان ئايالنىڭ تاڭ سۈزۈلەرگە يېقىن كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغانىدى. ئايال چالا ئەسنىگىنىچە ھويلىغا چىقىپ ئېرىنىڭمۇ، ھارۋىنىڭمۇ، كالىنىڭمۇ يوقلۇقىنى بىلدى. قورقۇنچ، ئەندىشىسى كۈچىيىپ ھويلىنىڭ تۆت تېمىغا چەكچىيىپ قاراپ كەتتى.

مەسۇدىخان كېپىشىنى پالاقلاتقىنىچە يۈگۈرۈپ ئۆتەڭگە چىققاندا، نەچچە كۈندىكىدەك ھەممە ئادەم يىغىلىپ بولغان،

بۇساق چوماق غەزەپ بىلەن تەكرار داڭ ئۇرۇۋاتاتتى.

— ئېرىڭ يەنە يوتقاننىڭ ئايىغىدا قالدىمۇ، مەسۇدەك؟ — دېدى بۇساق داڭ ئۇرۇشتىن قولىنى يىغىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىماققا مۇلايىم، ئەمما بىلگەن ئادەمگە تەئەددىلىك ئىدى.

چالا ئۇيقۇچىلىقتا مەڭدەپ ئاران ئۆرە تۇرغان ئايال گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بىرنېمە دېيىشكىمۇ رايى يوق ئىدى.

— مەن سەندىن ئېرىڭ نېمىشقا يوقلامغا چىقمايدۇ، دەپ سوراۋاتىمەن، مەسۇدەك ! — ئەتراپنى ئايلىنىپ تۇرغان قارا غامبۇر ئىت ئىگىسىنىڭ كەيپىگە قاراپ تېپىرلاپ كەتتى.

مەسۇدىخان زۇۋان سۇرمەي تۇردى. بۇساق چوماقمۇ خىرە - شىرە يورۇقلۇق ئىچىدە قاشلىرىنى ھىمىرىپ ئايالغا قادىلىپ تۇردى. شۇنچە ئادەم يىغىلغىنىغا قارىماي، ئەتراپنى سۈكۈت قاپلىغانىدى. بۇ خىل جىمجىتلىقتىن تاقەتسىزلەنگەن، بىزار بولغان كىشىلەر بىردە بۇساققا، بىردە بۇتتەك قېتىپ تۇرغان مەسۇدىخانغا قارىشاتتى. ئۇلار بۇ تاقەتسىز دەملەردىن بوشاپ چاي قاينىتىپ ناشتا قىلىشى، ئۇلاغ - ئۇلمەكلىرىگە ئوت سېلىشى، كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ ئېتىزغا چىقىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ...

— خۇدا ھەققىدە بولسىمۇ گەپ قىل، مەسۇدىخان !

مەسۇدىخان ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئېرىم ئۆيدە يوق !

— نېمىشقا يوق؟ ئابدۇلئاشىقتەك ئاخشام ئاشىنىسىنىڭكىدە كەچلەپ قالمىغاندۇ، مەسۇدەك؟ !

مەسۇدىخان «بىر مو يەرگە قىغ بولىدىغان» گەپلىرىدىن بىرەر ئېغىز بولسىمۇ قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە، كۆزلىرى يولدا ئىدى.

— مەن بىلەن مېڭىڭلار ! — بۇساق چوماق بىردىنلا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، قارىشىپ تۇرغانلارغا بۇيرۇق قىلدى. يېنىدا تېپىرلاپ تۇرغان قارا غامبۇر ئىتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا

مېڭىشقا تەمشەلدى، ـــ بۈگۈن تاشاخۇننىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويىمىز !

بوساق ئالدىدا، قارا ئىت بىلەن ھېسابچى تۇرسۇنىياز ئۇنىڭ كەينىدە، ئاخىرىدا ناخۇش بىر ھالدا ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەر مەھەللە تەرەپكە قاراپ سىلجىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سوزۇلۇپ قېلىشىدى، بۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن بوساق بۇيرۇق قىلدى:

ـــ ھەممەيلەن مېڭىڭلار، بولمىسا ئۇخلاپ قالغانلارنىڭ ئۇيقۇسىنىڭ قانداق ئېچىلىدىغانلىقىنى كۆرەلمەي قالىسىلەر !

ئادەملەرنى كەينىگە سالاشتۇرۇپ پاكار چىت تاملىق ھويلىغا كىرىپ كەلگەن بوساق چوماق ھويلىدىكى بىر ئىۋرىق سۇنى كۆتۈرۈۋالدى ھەم ئىتتەك شەپىسىز چامداپ دالان ئۆيگە كىردى. تاشاخۇننىڭ بۆكى يوتقاندىن چىقىپ تۇراتتى. بوساق ئۇدۇل كەلگىنىچە ئاشۇ بۆكنى نىشانلاپ ئىۋرىقتىكى سۇنى شارقىرىتىپ قويۇۋەتتى. بىرسى ئەندىكىپ يىغلىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ دادىسىنىڭ بۆكىنى كىيىپ ياتقان مەخمۇت ئىدى.

ـــ قىلىقى سەت، ـــ دەپ تىل سالدى مەسۇدىخان بوساققا، ـــ يۇرت ـ مەھەللىدە قىلمىغان مۇشۇ قىلىقىڭ قالغان سېنىڭ !...

ئۆيگە قىستىلىشىپ كىرگەنلەر خىرىلدىشىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۆتكەن يىلى يازدا بوساق داڭغا ئۇلگۈرەلمەس بولۇپ قالغان قوپەكنى سەگىتىپ قويىمەن دەپ، كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ قاق ئەتىگەندە ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ھويلىدىن تاپالمىغاندىن كېيىن خامىنىغا باردى ھەم بېشىنى يوتقانغا چۈمكەپ ئۇخلاۋاتقان قوپەكنى چۆچۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن يوتقاننى بىر تارتىپلا ئۆرۈۋىدى. ئاخشىمى بۇ لوقما ئىسسىققا چىدىماي، يېشىنىپ خامانىنىڭ يېنىدىكى ئۆستەڭگە چۆمۈلگەن. كېيىن سۇدىن چىققانچە يوتقانغا كىرىپ ئۇخلاپ قالغان بىغەم قوپەك يوتقان ئۆرۈلۈش بىلەن تەڭ چاچراپ ئورنىدىن قوپتى. كىشىلەر باشقا ياققا قارىۋېلىشتى. چۈنكى، قوپەك قىپيالىڭاچ بولۇپ، مەڭدەپ قوپۇپ ئىشتان،

كۆڭلىكىنىمۇ تاپالماي قالغانىدى. «سايمان كۆرمىگەنىدەك خۇيىڭىز بار ئىكەن خۇدى بۇساق ئاكا، ھەي ! ...» خۇيى تۇتقان قويەك بۇساقنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. بۇساق كەينىگە داجىدى. ئۇ خەقكە ئېرەن قىلىمەن دەپ ئۆزى كۈلكىگە قالغىنىغا پوكاندەك قىزىرىپ گەپ قىلالماي قالغانىدى...

كۈن قوزىچۇش بولدى. كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ كىچىك بالىنىڭ ئويۇننى ئويناپ يۈرگەن بۇساق چېچىلىپ كېتەي دېگەن كىشىلەرنى مەجلىس ئاچىمەن، دەپ يەنە ئۆتەڭدىكى داڭىنىڭ چۆرىسىگە يىغدى. تاشاخۇن تەشكىلسىزلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك قىلىپ نەچچە كۈنلەپ يوقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇرنى – قۇلىقىغىچە تويغۇزىدىغانلىقى توغرىسىدا پوپوزا قىلدى.

كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇرغان ئۇچلۇق ئېگەكتىكى كۆپۈشۈۋاتقان، تۈكۈرۈك چاچرىتىۋاتقان، ھۆركىرەۋاتقان، تەھدىت سېلىۋاتقان كامارەدەك ئېغىزغا؛ قىزارغان، ئالايغان، ھەر يان چاچراپ تۇرغان كۆزلەرگە؛ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزىدە، بېشىدا، شىلىلىسىدە ئويناۋاتقان، پۇلاڭلاۋاتقان چوماققا قاراپ، بۇ بىچارە بەندىلەرنىڭ كۈندىكىدەك دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. قىپقىزىل كۆزلىرىنى ئۆزلىرىگە تىكىپ سوغۇق قاراپ تۇرغان قارا غامبۇر ئىتنىڭ ئالدىدا جىممىدە ئولتۇرغان كىشىلەر يۈزلىرىگە، بويۇنلىرىغا چۈشكەن كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپتىن قىمىلداپ، قوللىرىنى پېشانىسىغا سايىۋەن قىلىپ كۆزلىرى قىسىلغان ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچقان قوي، كالىلىرىنىڭ زۇۋانى بېسىلماي مەرەشلىرى، مۆرەشلىرى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى. ئېتىزلىقتا يەنە ئوغۇتلاپ سۇ قۇيىدىغان قوناقلىرى، گەجگە سۇيىگە تەشنا بولۇپ تۇرغان كېۋەزلىرى مۇڭلانغاندەك بىر خىلدا سولىشىپ تۇراتتى. ئەمما، بۇساق ئۇلارنى قويۇپ بەرمەيتتى. بۇساق ھەر كۈنى مۇشۇنداق قىلاتتى. ئۇ بۇ بەندىلەرنى مۇشۇنداق توخۇنىڭ چۈجىسىنى چۈكۈلداتقاندەك چۈكۈلدىتىشقا خۇشتار ئىدى. شۇندىلا ئۇنىڭ

كۆڭلى ئەمىن تاپاتتى.

بەگلىك يولىنىڭ كۆز ئىلىنىشقۇدەك يېرىدە بىر كۆلەڭگە كۆرۈندى. كىشىلەر تاشقى دۇنيادىن كېلىۋاتقان بىر يېڭىلىقنى كۆرمەكچى بولغاندەك دىققىتىنى يىغىپ يولغا بويۇنداپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھەيدىگۈچىسى يوق بىر قۇرۇق ھارۋىنى كالىمۇ، ئادەممۇ، ئىشقىلىپ بىر جېنى بار مەخلۇق سۆرەپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

قۇرۇق گەپتىن زېرىككەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى كېلىۋاتقان كۆلەڭگىگە مىختەك قادالدى. يىراقتىن ھەققەتەنمۇ ئۇلارنىڭ كۆزىگە سېنى ئېگىز، ئورۇق بىر كالا ھارۋىنى ئاستا سۆرەپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ھارۋا يېقىنلىغانسېرى ھارۋىدىكى كالا ئاستا ـ ئاستا ئادەم سىياقىغا ئۆزگىرىپ، بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەي بىر خىل مېڭىشتا يېقىنلاپ كەلدى.

— ھاۋ ـ ھاۋ ـ ھاۋ ! ... — كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قورۇقچى بولۇپ تۇرغان غامبۇر ئىت كەلگۈچىگە قاراپ ئېتىلدى.

— تاشاخۇن ! — توپنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان مەسۇدىخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھارۋىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، — بۇ سىلىمۇ، تاشاخۇن؟

كىشىلەر گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تاشاخۇننىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا راستىلا ھارۋىنىڭ شوتىسىدىكى بويۇنتۇرۇقنى مۈرىسىگە، بەلباغنى ئېغىزمىنىغا، قوشغۇننى تېقىمىغا ئارتىۋالغان تاشاخۇن ناھايىتى ھارغىن، سولغۇن ھالدا ئۆزىنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھارۋىسىنى سۆرىگىنىچە كېلىۋاتاتتى. بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ جاپاسىنى تارتىدىغان، ئېغىرىنى يېنىك قىلىدىغان قېرى كالىسى قېنىكىنە؟

— ئۈي قېنى؟ — دەپ سورىدى تاقەتسىزلەنگەن مەسۇدىخان ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، — بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغۇدەك نېمە ئىش بولدى؟

كىشىلەر تاشاخۇننىڭ ئاغزىغا قاراشتى. بۇساقمۇ كەلدى، ئۇنى ئايلىنىپ قاۋاۋاتقان ئىتمۇ بىرئاز پەيلىدىن يېنىپ، تىلىنى ساڭگىلىتىپ بۇ ئادەمگە تىكىلىپ تۇراتتى. تاشاخۇن زوۋان سۇرمەي يولىنى داۋاملاشتۇردى. مەسۇدىخان يەنە ياندۇرۇپ سورىدى:

— گەپ قىلساڭلىچۇ، ئۇينى دەۋاتىمەن!

— ئۇي ... ئۇي هارام بولدى! — دېدى تاشاخۇن ئۆزىنى چۆرىدىشىۋالغانلارنىڭ ئارىسىدا توختىمايلا ئۆيى تەرەپكە ئەگىپ.

— هارام بولدى... ئۆلۈپ قالدىما؟

— هىم!

— نېمە بولۇپ ئۆلدى؟ — مەسۇدىخان ئېرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگىنىچە يىغا سالدى، — بىز ئەمدى جېنىمىزنى قانداق باقىمىز - هە ... قانداق تىرىكچىلىك قىلىمىز؟...

— ياراتقان خۇدايىم بىر يولدا قويىدۇ! — تاشاخۇن كەينىگە قايرىلىپمۇ قويماستىن، ئۇدۇل كەلگەن پەدىدە هارۋىسىنى سۆرىگىنىچە ئۆيى تەرەپكە كەتتى. خوتۇنى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك يۈگۈرگىنىچە هېلى ئۇنىڭدىن ئوڭ يېنىغا، هېلى سول يېنىغا ئۆتۈپ بىرنېمىلەرنى سورايتتى. ئەمما، تاشاخۇن بەئەينى هالسىرىغان قېرى ئۇيدەك ئۇنىڭ پەرۋانە بولۇشلىرىغا پەرۋاسىز ئىدى.

تاشاخۇننىڭ گەپ قىلماسلىقى پەرۋاسىزلىقتىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچى خاپىلىقتا توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى روزىغارنىڭ كوزىرى بولغان كالىسى ئۆلۈپ قالدى. تۈنۈگۈن ئاخشام هېلىقى تۆز باشقۇرغۇچىلار «جەرىمانە تۆلىمىدىڭ» دەپ كالىنى سولىۋېلىشقان، تاشاخۇننى سىرتقا قوغلاپ قورۇغا قۇلۇپ سېلىپ كۆزدىن غايىب بولۇشقانىدى. ئامالسىز قالغان تاشاخۇن كالىسىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق ساقلىدى. كېچىچە شۇ يەردە تۈنەپ چىقتى. بىر كېچە ئۆتۈپ ئەتىگەن ئۇلار پەيدا بولۇشىغا كالىنى قايتۇرۇپ بېرەمدىكىن

دەپ، ئۇلارغا يالۋۇرۇپ قورۇغا كىردى. كىردى ـ يۇ، تۇرغان يېرىدە داڭ قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كالىسى هارام بولغان، هارۋىدىكى ئېغىر تاشتۇزلار دۈمبىسىگە سىيرىلىپ چۈشۈپ بىچارە كالىنى يەرگە مىجىپ قويغانىدى!
تاشاخۇن پېشانىسىنى تۇتۇپ كالىغا بىرهازا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ بۇ قېرى ئۆيى هېرىپ ماجالىدىن كەتكەندىمۇ خۇي چىقىرىپ ئىگىسىنى ئۇسىمەي، تەپمەي زۇۋانسىز هالدا قوشقا ماڭاتتى، سۆرەم سۆرەيتتى. خامان تېپەتتى. هارۋا سۆرەيتتى...

## 2. يار يولىدا كۆرگۈلۈك

زاۋال چۈشتى، گۈگۈم پەردىسى پۈتۈن بەگلىكنى ئۆز قوينىغا ئالدى. بالا ئىزدەپ مەهەللە ئىچىنى قېزىۋەتكەن نۇرئەلى قېيىنئاتىسى سۇلايمىناخۇننىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى.
— نۇرمەمەت، نۇرمەمەت! — نۇرئەلى بالىدىن ئەنسىرەپ خۇدىنى يوقىتاي دېگەنىدى. ئۇ بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن هويلىغا كىردى.
— تۇتە، ئوغرىنى! — سۇلايمىناخۇن ئۇنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغانمىكىن قانداق، ئوغۇللىرى بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. تاياق ـ توقماقلار بىلەن نۇرئەلىنىڭ باش ـ كۆزىگە ئۇرۇپ يىقىتىپ ئارقا هويلىدىكى سامانلىقتا سۆرەپ ئەكىردى. قۇربانلىق قىلىدىغان قوچقارنىڭ ئايىغىنى چۈشىگەندەك، كۆيۈ ئوغلىنىڭ باش ـ ئايىغىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇقتا ئەسىر بولغان هويلىدا ئۆزىنىڭ نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭقىرالمايلا بۇ هالغا كېلىپ قالغان نۇرئەلى تېپىرلاپ ياتاتتى.
— هە نۇرەك ئوغرى، بۈگۈن ئاخىر تۇتۇلدۇڭما؟ — كاتتا بىر يىڭىشتىن كېيىن غالىبلىقى تۇتۇپ كەتكەندەك كېرىلىپ

تۇرغان قىيىنئاتىسى تۇگۇلۇپ ياتقان نۇرئەلىگە تىل سالدى، — سىيىق چار پاقىمۇ بىر سەكرەپ، ئىككى سەكرەپ بىرىپ ئاخىر ئورىغا چۈشىدۇ. سەنمۇ مۇشۇنداق ئورىغا چۈشۈشۈڭنى بىلەر بولغىيدىڭ ھەرقاچان؟

— مەن ئوغرى ئەمەس ئاتا...

— ئاتا دېدىڭما؟ ماڭ بىرىپ ئاتاڭنى تېپىپ ئاتا دە، ھۇ قارا يۈز ئوغرى!

— مەن ئوغرى ئەمەس، نۇرمەمەتنى ئىزدەپ ... — باش - كۆزى قانغا بويالغان نۇرئەلى ئۆزىنى ئاقلىدى، — ئادەمگە بۇنداق قارا چاپلىمىسىلا.

— قارا چاپلىدى دەمسەن؟ ماڭا قارا، قارا كىگىزنى كۆچانىڭ سوپۇندا يۇساڭمۇ ئاقارمايدۇ. بۈگۈن ئاخىر قولۇمغا چۈشتۈڭ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماۋۇ ھويلىدىن ئوغرىلانغان توخۇ، قوي - قوزا، كىگىز - كېچەكلەرنى سەن ئوغرىلاپ سېتىپ خەجلىدىڭ. يەنە زورىخانىنىڭ ئالتۇن زىرىسى، زۇرنىساخانىنىڭ كۈمۈش بىلەزۈكىدىنمۇ تانالمايسەن. ئەمدى قاراڭغۇ تۇرمىنىڭ تاش تېمىغا بېشىڭنى مىڭ ئۇرساڭمۇ بىكار!

— ياق، ياق! — نۇرئەلىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. باغلاق ئىچىدە تولغىنىپ ھەر يان تېپىرلىدى. بېشىدا دېۋەيلىشىپ تۇرغان قېيىنئاغىلىرىغا مۆلدۈرلەپ قارىدى. لېكىن، ئاقتامىلىقنىڭ چالمىسىدەك قېتىپ كەتكەن بۇ چىرايلاردىن، مۇزدەك سوغۇق كۆزلەردىن قىلچە شەپقەت تۇيغۇسىنى بايقىغىلى بولمايتتى. نۇرئەلىنىڭ كۆزلىرى يەنە كىمنىدۇر ئىزدىدى. بىرەر شەپە بىرىپ ئۆيدىكىلەرنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويارمىكىن دەپ تەمە قىلدى. ئەمما، ئۈمىدلەنگەن كۆزلىرى ئۈمىدسىز قالدى. زورىگۈل ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

— ھەي سەممەتاخۇن، بۇ ئوغرىنىڭ ئاغزىغا پايتىما كەپلىۋېتىڭلار، بولمىسا ساقچىخانىغا ئاپارغۇچە يولدا ۋارقىراپ - جارقىراپ ئاۋارە قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ!

— ياق، ياق ! ماڭا بۇنداق خۇدايىمنىڭ كۆزىچە ئۇۋال قىلماڭلار ... قېيىنئاتا، مەن ئوغرى ئەمەس !

سەمەت دورغىنىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى. ئۇنىڭ قوناقلىقتا مەيىنسانى ئالداش ئۈچۈن كۆچۈكلەنگەن چاغدىكى ئوتتۇز ئىككى چىشىنى چىقىرىپ ھىجىيىشلىرىدىن قىلچە ئەسەر يوق، دادىسىنىڭ بۇيرۇقىنى چاقماق تېزلىكىدە بەجا كەلتۈردى... نۇرئەلىنىڭ ئاغزىغا ئەسكى لاتا ـ پېتىلەر تىقىۋېتىلدى. بىچارە كۈيۇ ئوغۇلنىڭ ئۈنى ئۆچتى.

— ھا ـ ھا ـ ھا !... — سۇلايىمىناخۇن تېشىغا چىقىپ كېتىۋاتقان كۈلكىسىنى ئاران ـ ئاران باستى، — خۇدايىمنى شېپى كەلتۈرگىنىنى ما ھىندىنىڭ ! سەن قىزىمنى قىيناپ زۇلۇم سالغاندا، ئەجەبا خۇدانى ئويلاپ قويغانمىدىڭ؟ ماۋۇ مېنىڭ خوتۇنۇم ئىكەن، ئۈچ بالامنىڭ ئانىسى ئىكەن، تەرىتىمگە سۇ ئىسسىتىپ بەرگەن خوتۇنۇم ئىكەن دېمەي، ئۇرۇپ ـ پەشۋالاپ يۈز ـ كۆزلىرىنى ئىششىتىپ پوزا چىقارغان ۋاقتىڭدا خۇدانىڭ ئالدىدا خىجىل بولغانمىدىڭ؟ ھۇ ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان ماز پايىنەك ! خوتۇن ـ بالىلىرىغا ئىگە بولالمىغان قوڭالتاق !

دادىسىنىڭ، ئاكىلىرىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ئىچكىرى ئۆيدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان زورىگۈل ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. ئارقا ھويلا تەرەپتىكى ھاۋادادىن ئوچۇق ئاڭلىنىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ، نۇرئەلىگە بىرنېمە بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى.

زورىگۈل شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ ئۆي — ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۈنسىز ياش تۆكۈپ كەلدى. قوشنا قۇدىلار ھېلىقى كەچ كۈز پەسلىدە ئېتىزلىقتا بىر ـ بىرىگە كەتمەن كۆتۈرۈپ قان چىپچىشقا ئازلا قالغان ئاشۇ كۈندىن بېرى ئۆ يامانلاپ ئولتۇرغانىدى. ئارىلىقتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، يۇرت چوڭلىرى ئارىلىشىپ زورىگۈلنى نۇرئەلىگە قوشۇپ قويدى ھەم يېڭى تام سېلىپ ئۆي ئايرىپ بەرمەكچى بولدى. ئەمما، قوشنا

قۇدىلار ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە سۈركىشىپ تۇرىدىغان مەنپەئەت توقۇنۇشى كېلىنىنىڭ ئايىغىنى ئىسسىتىپ ئۆتمىدى. ئىسلىماخۇنلار بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالغۇدەك بولسىمۇ، ھە دېسىلا ئوڭ كەلمىگەن ئىشنى كېلىنىدىن كۆرەتتى. «بۇ كېلىن بىزگە ياراشمىدىيەي، ئايىغى قۇرغاق چىقىپ قالدىيەي، غىت قىلدى ـ يۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىۋالدىيەي، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە توشۇپ كەتتىيەي، ئايىغى ياراشمىدىيەي» دېگەندەك سۆز ـ چۆچەكلەر ئۆكسۈمەي، چوڭلار ئارىسىدىكى يىرىكچىلىك كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. بېشى ساقىيىپ ئۆتمىگەن نۇرئەلى بارا ـ بارا ئاچچىقىنى زورىگۈلدىن ئالىدىغان، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يۈز ـ كۆزلىرىنى كۆكەرتىپ قويىدىغان بولۇۋالدى. قىزنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدىكى مۇشت ـ پەشۋا ئىزىنى كۆرۈپ ئوبدان دەستەككە ئېرىشكەن سۇلايمىناخۇن سوتقا ئەرز سۇندى. قىزنىڭ ئىسلىماخۇنلارغا كېلىن بولۇپ كىرگەن يەتتە يىلچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمگەك ھەققى، سۈت ھەققى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئون سەككىز مىڭ يۈەن بېرىپ ئاجراشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. سوت ھەر ئىككىلى تەرەپنى چاقىرتىپ بۇ ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ دەۋاغا قاراپ چىقىپ نۇرئەلىنى زورىگۈلگە تۆت مىڭ يۈەن بېرىپ خېتىنى بېرىشكە ھۆكۈم چىقاردى. تۆت مىڭ يۈەننىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ ئىسلىماخۇن قۇيۇندەك تەتۈر چۆرگۈلىدى:

— تۆت مىڭ كوي دېگەنگە قىز كېلىدۇ، قىز! ئاۋۇ بۇساقاخۇنمۇ ئۈچ مىڭ كوي خەجلەپ ئالمىخاننى سەيداققا ئېلىپ بەردى. مەن نېمىشقا بۇ خەقكە تۆت مىڭ كوي بەرگۈدەكمەن؟ شۇ بىر نېمىنىڭ ئۆيۈمنى بىكارلاپ بەرگىنى ئۈچۈنما؟

شۇنداق قىلىپ، قېيىنئاتىسى تۆت مىڭ سوم بەرمەي، دادىسى ئۈندۈرۈۋالىدىغاننى ئۈندۈرۈۋالالماي بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. زورىگۈلمۇ يامانلاقلىق خوتۇن بولۇپ ئولتۇرىۋەردى. سوت

نۇرئەلىنى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا چاقىرىق قىلىۋىدى، ئۇ دادىسىنىڭ گېپى بويىچە «پۇلغا ئىشلەۋاتقانلىقىنى، تاپقاندا بېرىدىغان» لىقىنى ئېيتىپ، ھۆكۈمنىڭ ئاغزىغا جىگدە سالدى.

ئۆتەڭدىكى ئازنا مەسچىتتە خۇپتەن نامىزى ئۆتەپ يانغان جامائەتنىڭ ئايىغى بېسىقتى. مەھەللە - كويلار ئاستا - ئاستا جىمجىتلىق قوينىغا سىڭىپ كەتتى. سۇلايمىناخۇن ئەلياتقۇدىن كېيىنكى مۇشۇ جىمجىتلىقنى كۈتۈپ دەككە - دۈككە، تاقەتسىزلىك ئىلكىدە كۈننى كەچ قىلدى. ئەمما، بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقتىن كېيىن پۈتۈن مەھەللە ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، قوشنا ھويلىدا چىراغ ئۆچمىگەنىدى. قارىغاندا ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ، ئىسلىماخۇنلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەندەك قىلاتتى.

باش توخۇ چىللىدى. ئىسلىماخۇنلارنىڭ چىرىغى ئاخىر ئۆچۈپ ھويلىدا گەپلىشىۋاتقان، تاراق - تۇرۇق قىلىشىۋاتقان، ئىشىك - دەرۋازىلارنى ئاچقان، ياپقان ئاۋازلار جىمىپ قالدى. پۈتۈن ئەس - يادى شۇلاردا قالغان سۇلايمىناخۇننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، ئوغۇللىرىنى ئىما - ئىشارەت بىلەن ئىشقا بۇيرۇدى. دادىسىنىڭ رايىغا كۆنۈك چوڭ بولغان ئىككى ئوغۇل باش - ئايىغى بىر يەرگە كېلىپ قالغان نۇرئەلىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئالدىن جابدۇپ قويغان ھارۋىغا باستى. ئارقىدىن تامدىن سۆكۈپ ئېلىپ تۇرمەكلەپ قويغان گىلەم، شىرداق، تېلېۋىزور ... ئىشقىلىپ ئۆيدىكى ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك، پۇلغا يارىغۇدەك لازىمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ سۆرەپ چىقىپ، ھارۋىدا تېپىرلاپ ياتقان نۇرئەلىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئاخىردا ئېغىلدىكى قوي - كالىلارنى ھەيدەپ چىقىپ، باشبېغىنى ھارۋىنىڭ كەينىگە چاتتى. ئوغۇللىرىنىڭ ئىشىغا قاراپ تۇرغان سۇلايمىناخۇن ئۆتەڭدىن ئۇزىغۇچە بىركىمنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقىنى تىلىدى.

قېچىرنى توختىماي قامچىلاپ، ئىككى ئوغلىغا ھارۋىنىڭ كەينىدىكى چارۋا ماللارنى توراپ ھەيدىتىپ كېلىۋاتقان

سۇلايمىناخۇن قەدىمىنى يېزا بازىرى تەرەپكە بۇرىدى. يېزا بازىرى يۇرتقا يىراق بولۇپ، ئۇلاغلىق ماڭغان كىشىگە ئوبدان بىر ئاش پىشىملىق يول ئىدى. بۇ يولدا كېتىۋاتقان سۇلايمىناخۇننىڭ كۆڭلىدە زادى نېمە چوت سوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ھەتتا غولىنى قورۇپ تۇرغان كىچىنىڭ سوغۇقىدا مۇگدەشكىنىچە كېلىشىۋاتقان ئوغۇللىرىمۇ دادىسىنىڭ تۇن قاراڭغۇسىدەك كۆڭلىدە زادى نېمە خىيال بارلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى. ئۇلار قويۇق دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىكى شېغىللىق يولنىڭ دۆڭ، چوڭقۇرىنى پەرق ئېتەلمەي، قەدەمدە بىر مۇدۇرۇلۇشكىنىچە ئىسسىق يوتقاننى خىيال قىلىشاتتى.

كۆز ئاران ئىلىنىشقۇدەك يەردە قىپقىزىل بىر توچكا جىمىرلىغاندەك قىلدى. يوپۇرماقلىرى يولنى قاراڭغۇلاشتۇرغان ئېگىز تېرەكلەرنىڭ ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ - بىر كۆرۈنمەي پىلىلداپ تۇرغان بۇ توچكا مۇگدەكتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ھارۋىنىڭ رابىنىدا پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان سۇلايمىناخۇننىڭ كۆزلىرىنى ئوينىتىۋەتتى. غىل - پال يېنىپ تۇرغان ئاشۇ توچكا گويا ئۆزىنى ئەرشكە چىقىرىدىغاندەك ھاياجان ئىلكىدە كەينىگە — ھارۋىدىكى پوملاپ بېسىلغان يوڭ - تاقلارنىڭ ئارىسىدا ئىنجىقلاپ ياتقان كۆيۈ ئوغلىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، قېچىرغا قامچا سالدى. بارغانچە ئېنىقلىشىۋاتقان توچكىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، خېلىدىن بېرى باش قاتۇرۇپ تۈزگەن پىلانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن خۇش بولدى. قېچىر تارتىپ بولالمايۋاتقان ھارۋىنى ئۆزى سۆرىگۈدەك كۈچكە كەلدى.

سۇلايمىناخۇن خۇدۇكسىرەپ قالدى. بوشلۇقتا توختاۋسىز پىرقىراپ ھەر يان نۇر چېچىپ، يېزا بازىرىنى يورۇتۇپ تۇرغان قىپقىزىل چىراغ نۇرى قورسىقىدىكى چۈتۈرىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغاندەك ھېس قىلدى. كۈچلۈك قىزىل نۇر تەپتىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى يېزىلىق ساقچىخانا دەرۋازىسى بېشىدىكى

ئاشۇ چىراغدەك پال - پۇل قىلىپ ئادەمزاتسىز يېزا بازىرىغا تىكتى. خۇداغا شۈكۈر، بۇ يەردىكى خەقمۇ كېچىسى ئۇخلايدىكەن، ھېچكىممۇ ئۇچراپ قالمىدى.

ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەن نۆۋەتچى ساقچى تۆمۈر دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكىنى تەستە ئاچتى. كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئۇۋۇلاپ، ئالدىدىكى ئادەملەرگە قارىدى، كېرىلىپ چالا ئەسنەپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟ تەڭ كېچە بولغاندا بىرىكىمنىڭ ئۇۋىسىغا سۇ كىرىپ كەتتىمۇ؟

— ئاۋۋال بىزنى ئىچكە باشلىغان بولسىلا، ئاندىن مۇڭداشساق، — سۇلايمىناخۇن ھارۋىغا، ھارۋىنىڭ كەينىدىكى ماللىرىغا، ئوغۇللىرىغا قاراپ قويۇپ، قىزىل چىراغ نۇرىدا قىزىرىپ كەتكەن قۇۋ كۆزلىرىنى ساقچىغا تىكتى. ئۇنىڭ سۆزىدىن بىرنەرسىنى پەملەپ ئۈلگۈرگەن ساقچى دىجورنىخانىنىڭ ئىشىكىدە مۈگدەپ تۇرغان ئامانلىق قوغدىغۇچىغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلىماي، دەرۋازىنى ئاچە !

ئۇلار ساقچىخانا قورۇسىغا كىرىشتى. ھارۋىنى بىر ياندا توختىتىپ، سۇلايمىناخۇننىڭ ئاغزىدىن گەپ ئاڭلاشقا تەمشىلىپ تۇرغان ساقچىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشتى. كۆزلىرى يوگۈرۈك مەر - مەر تاشتەك غىلدىرلاپ تۇرغان سۇلايمىناخۇن كەينىدە تۇرغان ئوغۇللىرىنى ھارۋىغا قاراشقا بۇيرۇپ، ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ياپتى.

— ئايىغى قۇرغاق، يامان ئوغرىدىن بىرنى تۇتۇپ ئەكەلدىم، ساقچى ئۇكام...

— نېمە، ئوغرى تۇتۇۋالدىم؟ — تاماكىسىغا چاقماق چېقىۋاتقان ساقچى ئۇچىسىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن چاپىنىنى يۇقىرى ئەتكەچ، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قىزارغان كۆزلىرىنى ئالدىدىكى ناتونۇش ئادەمنىڭ قويۇق ساقاللار ئارىسىدىكى ئاغزىغا تىكتى، — تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك

گەپنى قاق بىلىدىن باشلىماي، باشتىن سۆزلەڭا، باشتىن ...
ئۆزىڭىز نەدىن، ئىتىڭىز نىمە، نىمە ئىش قىلىسىز، مۇنداق ـ
هە ...

— ئوبدان ئۇكام، ئوبدان ... — سۇلايمىناخۇن ئورۇندۇقتىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ، بېشىنى ئېگىپ قويدى، — مەن يېزىمىزنىڭ بەگلىك كەنتىدىن، ئۆزۈم داخان...

— نىمە، داخان؟ پىر ئوينىتىدىغان؟

— ياق، ئۇكامەي، كەتمەن چاپىدىغان داخان، دادىمىز رەھمەتى كەتمەن چېپىشتىن باشقىنى ئۆگەتمەپتىكەن بىزگە.

— دېهقان دېمەمسىز ئەمىسە ... هە ـ هە، ئەسلىي گەپكە كېلىڭا.

— ئوبدان، ئوبدان... مېنى ئوغرى خاپا قىلغىلى تۇرغىلى خېلى بولغان دەڭا، بۇگۈن جۇمەدە ئولتۇرسام سول قاپىقىم تارتىۋەردى، جۇمەدىن يېنىپ كۆڭلۈم هېچبىر ئەمىن تاپماي كۈننى كەچ قىلدىم. خوتۇن ـ بالىلىرىمغا يەنە بىر كېلىشمەسلىك بار ئوخشايدۇ دەپ، غەملىك بولۇپ قالدىم. ناماز خۇپتەندىن يېنىپ كۆزۈمگە يەنە ئۇيقۇ كەلمىدى، شۇنداق ياتسام بىر چاغ بولغاندا ئۆگزىدە بىر شەپە ئاڭلاندى. «ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى» دەپ غىڭ قىلالماي ياتسام، بىرسى شوتىدىن هويلىغا چۈشۈپ، ئاۋۋال دەرۋازىنىڭ لوككىسىنى كۆتۈرۈپ ئىككى قانىتىنى هاڭدەك ئېچىپ قويدى. ئاندىن كېيىن ئېغىلدىن قېچىرىنى ئاچىقىپ هارۋىنى قوشتى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىنى كۆچۈرۈۋاتقاندەك خىرامان هالدا مېهمانلىق ئۆيگە كىرىپ تامدىكى گىلەم، سۇپىدىكى شىرداق، شىرەدىكى تېلېۋىزور دېگەندەك پۇللۇق نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئاچىقىپ، هارۋىغا باستى. ئاخىردا ئۇنىڭغىمۇ تويماي، ئېغىلدىكى موزايلىق كالا، قوي ـ قوزىلارنى هەيدەپ چىقىپ هارۋىنىڭ كەينىگە چاتتى. يۈگۈرۈپ چىقىپ ئالدىنى توسۇي دېسەم، قورقتۇم. كونىلاردا «ئوغرى بىلەن تەڭ بولما» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.

راسا قارا بىستىن بىرسى بولۇپ قالسا كېچىدە ئالىمادىس ئۆلىدىغان يېرىمگە بىرنى قويۇپ ئالىدىغاننى ئېلىپ قاچىمسۇن، دېدىم. ئاشۇنداق تېشىمغا چىقىرىپ تىنالماي ئاچچىق يۇتۇپ ياتسام، ئىنەك بىر مۆرىمەسما، ئېغىلدا تۇرىدىغان ئىنەك هويلىدا مۆرىگەندىكىن، ئوغۇللىرىم تۇيۇپ قېلىپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن ماڭمۇ جان پەيدا بولۇپ چاچراپ قوپۇپ، چىراغنى ياندۇرۇۋەتتىم. ئاڭغىچە قالغانلار ئويغاندى. دادا ـ بالا ئۈچىمىز يوپۇرۇلۇپ بېرىپ ئۇ قاپ يۇرەكنى باسماقداپ تۇتۇۋالدۇق. گۇلدۇر ـ پالاق ئاۋازىنى ئاڭلاپ خېمىر يايىدىغان نوغۇچ، زاڭ قوچىغۇچ، قىسقۇراقلارنى كۆتۈرۈپ چىققان ئاياللار يۇلقۇنۇپ بوي بەرمەي تۇرغان ئۇ نىجىس ئوغرىنىڭ باش ـ كۆزىگە ئۇرۇپ كەتتى. ئوغۇللار بىلەن ئۇ ئوغرىنى پېتىنقلاپ باغلاپ ئوغرىلىغان مېلى بىلەنلا ئۇدۇل مەشەگە ئەكېلىشىمىز.

ئۇيقۇسىراپ تۇرغان ساقچى ياندۇرۇپ گەپ سورىمىدى. سولايمىناخۇننىڭ سۆزلىرىدىن قىسقىچە خاتىرە قالدۇرۇپ، قەلەمنى قويغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— ئوغرىنى مېلى بىلەن تۇتۇۋالغىنىڭلار قالتىس ئىش بوپتۇ، لېكىن يېزىمىز تەۋەسىدە ئوغرىلىق قىلمىشى يۇز بەرمىگىلى تۆت ـ بەش يىل بولغان، لېكىن بۇ بەگلىكتە قانۇنسىز ئىشلار نېمىشقا توگىمەيدۇ؟ !

— بىزنىڭ يۇرت يېزىلىق هۆكۈمەتتىن، ساقچىدىن يىراق ئۆتەڭ ئەمەسما، شۇڭا...

ساقچى يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى، راسا قېنىپ ئىككى شورىۋالغاندىن كېيىن سائىتىگە قارىدى:

— هازىر كېچە سائەت ئۈچكە ئاز قاپتۇ، بۇ ئىشقا ئەتە دېلو تۇرغۇزايلى. سىلى ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ كېتىپ تۇرسىلا.

— ئوبدان، ئوبدان ئۇكام، — سولايمىناخۇن بېشى ساقچىغا ئېگىلگەن، ئۆزى كەينىچە ماڭغان هالدا ئىشخانىدىن چىقىپ، دىكىلدىغىنىچە هارۋا تەرەپتە ماڭدى.

— هوي، نەگە بارىسىز، ئاكا؟!

— ئوغرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قېچىرنى، هارۋىنى، مال ـ مۈلكىمنى ئەكېتەرمەن.

— بېشىڭىز چۆرگۈلەمدۇ سىزنىڭ! ئۇنى ئەكەتسىڭىز پاكىت يوق بولامدۇ؟... مېڭىڭ، كېتىڭ ـ كېتىڭ!

— هاي ـ هاي، بۇ...

ئوغۇللىرى بىلەن ساقچىخانىدىن چىقىرىۋېتىلگەن سۇلايمىناخۇن تۇمۇر دەرۋازا سىرتىدا هارۋىسىغا، مال ـ مۈلكىگە بىردەم قاراپ تۇردى. كېيىن پىيادە ماڭغانچە دەرۋازا تۈۋىدىن يىراقلىشىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

* * *

نۇرئەلى سولاقخانىدا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئوغرىلىغان مېلى بىلەن قولىغا چۈشكەنلىكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. خوتۇنى بىلەن ئۈچ بالىسىنى ئۆيگە پاتۇرماي، سوت خوتۇنىغا بۇيرۇپ بەرگەن پۇلنى تۆلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يەنە قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا چۈشىدىغان مۇنداقمۇ كۆيۈ ئوغۇلنىڭ بارلىقىغا هېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

سولاقخانا سىرتىدا يوشۇرۇن كۆچ ئېلىنىش باشلاندى.

— بۇ قارا نىيەت، مەرەزلەرنىڭ ئويلاپ تاپقان هىيلىسىنى، — دەيتتى ئىسلىماخۇن جايىنامازدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، — بىر كىشىدە هەرقانچە چوڭقۇر ئۆچى بولسىمۇ، مۇشۇنداق قاپقان قۇرۇپ ساقچىغا سولىتىۋېتەمدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداقمۇ ئۇرۇپ پېتىقلىۋېتەمدۇ؟! قەستلەش دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى مەن ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويىمەن...

ئىسلىماخۇن هېلىقى ئاخشىمى ئوغلى نۇرئەلىنى بەك ئىزدەپ كەتكەن، ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئۇيان چېپىپ ـ بۇيان چېپىپ

كـــرپىك قــاقــماي تاڭ ئــاتــقۇزۇۋەتكــەنــدى. ئۈچــىــنچى كــۈنــى ئوغلىنىڭ ساقچىخانىغا سولىنىپ قــالغانلىــقىدىــن خەۋەر تاپتــى ھەم ئــۇنىڭ بىــر كاللەك خــېمىــردەك تــۈگــۈلۈپ يــاتــقان بىــچــارە ئەپــتىنى كــۆرۈپ يۇم ــ يۇم ياش تــۆكتى. ئــىشنىڭ جــەريانــىــنــى ئۇقۇپ غەزىــپىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي قالدى. ئاچچىقتا ساقچــىــلار بىلەن تىركەشتى:

ـــ ئاجايىــپ گەپ ــ دە، بۇ ! يۈز ــ كــۆزىدىن پــىــت ئۆمــلــەپ تۇرغان ئاشۇ قىزىلمۇچىنىڭ گېــپىگــمۇ ئىشــەندىلــىمۇ، ساقچــى ئۇكام؟

ـــ نىمــىــسى ئاجايــىــپ ئــىكــەن بۇ ئــىــشــنىڭ؟ مــېلى بىــلــەن تــۇتۇلغان ئــوغرىنى كــۆرۈپ تۇرۇقلۇق كــۆزىــمىزنــى يۇمۇۋالــساق بولامــتى ئەمــىسە؟!

ـــ مېنىڭ بالامنىڭ قولى ئەگرى ئەمەس !

ـــ مــال ئــىــگــىــســىــدىــن ئــوغــرى كــۈچــلــۈك دەپ، بــوشــراق ھۆركىــرىمەمسەن، ئاكا ! ـــ نۇرئەلىنى ســولىغان ھــەم بۇ دېلوغــا مەسئۇل بولغان ھېلىقى ساقچى ئاچچىق تــوۋلىــدى. ئۆپكىــسىنــى باسالماي قالغان ئىسلىماخۇننىڭ قولىدىن تۇتۇپ كىچىك بالىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ زاڭ مــال بېســىلغان، چارۋا مــاللار سولانغــان بــۆلۈكــدىكــى ئۆيىنــى كــۆرسەتتــى، ـــ مــانا ماۋۇ نــېمــە ئــىكــەن، كۆزۈڭــنــى يوغان ئېــچىــپ ئوبــدان قارا ! تېخــى نەچچە ۋاقــىــتــتــىــن بېرى ئوغلۇڭ ئوغرىلاپ بەرسە ساقلاپ بەرگەن زاڭ مــالــلىرىڭــنىمۇ ئويلىــشىــپ قوي !

ساقچىنىڭ پەيلىگە قــاراپ، ئىسلىــماخــۇننىڭ پــېتى بوشــاپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، پۈتۈن كۈچ ــ مادارىنى ئاغزىغا يىغىپ نىــدا قىلدى:

ـــ ياق، ســاقچى ئۇكــام. بۇ خەق ئولــتۇرۇپ قالغــان قىزنــى ئالغان گۇناھى ئۈچۈن ئوغلۇمغا قارا چاپلاپتۇ، تۆھــمــەت قىپتــۇ ! ـــ ئىسلىماخۇن كۈچ ــ مادارسىز بولسىمۇ، ئاۋازى ئوتۇن يارغاندەك كۈچلۈك، تەئەددىلىك ئىدى. كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا

نىسبەتەن ئىشەنمەسلىك ھېسسىياتىدىن ئۆرغۈپ چىققان گەپلەر خۇددى ئۈستەلدە ئولتۇرغان تاۋۇز قورساق ساقچىنى تىللاۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى.

— ئاكا، سىنىڭمۇ ئوغرىغا شېرىك بولۇپ، تۈرمىدە ياتقۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟!

— بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ، ئۇكام؟ — ئىسلىماخۇننىڭ ئەلەملىك كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى.

— بەك ھۆركىرەيسەن، شۇڭا دەيمەن.

— ناھەقچىلىككە يولۇققاندا ئەمدى...

— ناھەقچىلىك ! — ساقچىنىڭ يەنە كەيپى بۇزۇلدى، — قاغا ئاسماندا ئۇچقان بىلەن، ھەمىشە تۇخۇم، چۈجە سوقۇپ، باش قوناق، ياڭاق ئوغرىلاپ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. يەنە تېخى ئۇ قاپقارا بالىسىنى ئاق دەيمىش... سەنمۇ بالاڭنى تۈزۈك تەربىيەلىمەي، ماڭغان - تۇرغىنىغا ئىگە بولماي، مانا ئەمدى كۆتۈڭگە پوق ئۇسكەن چاغدا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئاقتى - كۆكتى دەپ بەرمە، بولامدۇ؟! — بۇ ساقچىنىڭ بويىغا قارىغاندا ئاچچىقى يامان ئىدى، — ھازىر بىراۋنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن بىر ئادەمنى سولاپ قويغىلى بولىدىغان، يەنە بىر بىراۋنىڭ گېپى بىلەن قويۇۋەتكىلى بولىدىغان زامان ئەمەس. قۇداڭ ئوغرىنى تۇتقاندا مېلى بىلەن تۇتقان. سولىغاندا پاكىتى بىلەن سولىغان. ئەمدى بۇ ئىشقا ئالدىرىماي، ئاستا - ئاستا بىر - بىرلەپ دېلو تۇرغۇزۇپ، ئاق بولسا ئاق، قارا بولسا قارا بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز. سەن ماڭا رودۇپايدەك چاپلىشىۋالماي، ئاستا ئۆيۈڭگە كېتىۋال. تېخى تەلىيىڭ بولسا ئوغلۇڭغا شېرىك چىقىپ، سەنمۇ تۈرمىدە ياتامسەن تېخى !

— تۈرمىدە؟... كېتەي - كېتەي... — ئىسلىماخۇن باش چايقاپ بەدەر كەينىگە ياندى. ئوغلى نۇرئەلى تۈگۈلۈپ يېتىپ

قالغان سولاقخانىغا ئەلەم بىلەن قاراپ قويدى. ئىشخانىنىڭ بىرىسىدە ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان چوڭ ئوغلى ئۆمەرئېلىنىڭ پېشىنى تارتىپ سىرتقا ماڭدى. دەرۋازا ئالدىدىكى مومىغا باغلاپ قويغان ئېشىكىنىڭ باشبېغىنى يەشتى.

— قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقمايدىغاندەك قىلىدۇ، دادا.

ئىسلىماخۇن ئۆيگە ئۆزىدىن بەكرەك ئالدىراپ سوكسوكقا چۈشكەن ئېشەكنىڭ ئالدىغا شىڭتايغان قۇلىقىدىن كۆزىنى ئۈزمەي جىممىدە ئولتۇردى. ئوغلى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ قىزىلمۇچىلار ئاللىقاچان بۇ تاۋۇز قورساقنىڭ ئىچىگە بىر نېمە تىقىپ بولغاندەك تۇرىدۇ.

— قانداقسىغا؟

— گېپىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ! — ئالدى رابەندىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ئۆمەرئېلى ھارۋىغا يۇقىرى چىقىپ، ئاغزىنى دادىسىنىڭ قۇلىقىغا ياقتى، — بولمىسا ئاشۇ خەقنىڭلا دېپىنى چالماي، بىزنىڭ گېپىمىزگىمۇ قۇلاق سالاتتى، ئەلۋەتتە! ساقچى دېگەنىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپتىن گەپ سوراپ خاتىرە يېزىپ، ۋەقەنىڭ ئالدى - كەينىنى دەڭسەپ بېقىپ ئاندىن بىر نېمە دېگىنىنى ئاڭلىغانمەن.

— مەنمۇ تېخى چىن گەپنى دېسەكلا قويۇپ بېرىدۇ، دەپ خام خىيال قىلىپ قاپتىمەن.

— يامان قىلمىسۇن، يەنە... مېنىڭ گۇمانىمچە، بۇ قىزىلمۇچىلارنىڭ تۆزى ئېغىر كەلگەن گەپ. بولمىسا بىز بۇنداقلا مىخقا ئۇسۇۋالماستۇق.

— قانداق قىلساق بولار؟ — ئىسلىماخۇن تەر ئۆرلەپ كىرلىشىپ كەتكەن بۆكىنى قولىغا ئېلىپ بېشىنى تاتىلىدى. باش قېتىنچىلىق، خاپىچىلىقتا ئۇنىڭ چارلاشقان چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

— بىزنىڭمۇ قولىمىز تاش ئاستىدا بولمىغاندىكىن، ئاۋۇ

يوغان قورساقنىڭ ئىچىگە بىر نەرسە تىقايلى ... ئاڭلىسام، ئۆيى شەھەردە دەيدۇ.

— ھە... ھە... شۇنداق قىلساقمۇ قىلىلى، مۇشۇ تۇرقىدا نۇرئەلىنى كەستۇرۇۋەتسە، بولسا ئاتتۇرۇۋەتسە، دەردى يوق ئا خەقنىڭ !

— شۇ... شۇ... ئاشۇلارنىڭ دېگىنىدەكلا ئىش بولىدىغان بولسا، خۇشلۇقتىن ئىشتىنىغا پاتماي قالار ئۇ قىزىل كۆز جوھۇتلار!

— يەنە تېخى ئۇلار ساقچى بىلەن يېقىنلىشىۋالسا، بىزگە ئارامچىلىق يوق.

— ئەمىسە بىزمۇ تېزرەك قوشىمىزنى كۆتۈرەيلى.

ئىسلىماخۇنلار «قوشنى تېزرەك كۆتۈرمەكچى» بولۇۋاتقاندا، سۇلايمىناخۇنلار ئاللىقاچان ساقچى بىلەن «تۇغقان» بولۇشۇۋالغانىدى...

سۇلايمىناخۇن ئېگىز پەشتاقلاردىن تەستە ئۆرلىدى. ئۇ خالتىسىغا نىقتاپ تىقىلغان پۈتۈن - سۈرۈك قوچقارنىڭ گۆشى ئۇنىڭ قەددىنى ئېگىپ، مۈرىسىنى تالدۇرۇپ تۇراتتى. ئادەمنى ھالسىرىتىپ ئۆپكىسىنى ئاغزىغا تىقىلدۇرۇپ قويىدىغان بۇ پەشتاقلار سۇلايمىناخۇنغا خېلى تونۇشلۇق بولۇپ قالغانىدى.

سۇلايمىناخۇن چوتنى خاتا سوقۇپ قالغانلىقىنى تۇيدى. ئۇ «مېلى بىلەن تۇتۇلغان ئوغرى»نى ساقچىغا ئاپارغاندىن كېيىن، ساقچى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئوغرىنى ئىتتىك بىر تەرەپ قىلىپ بەرمىدى. بۇ ساقچى «ئوغرىلانغان» مال - مۈلۈكلەرنى ھازىرغىچە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاننى ئاز دەپ، ھە دېگەندىلا ئوغرىغا يان بېسىۋاتقاندەك گەپلەرنى قىلىپ، بۇ ئىشنى ئەكسىچە ياندۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، سۇلايمىناخۇن بىلەن ئوغۇللىرىغا تۆھمەتخورلۇق جىنايىتى ئارتىلىدىكەن. ساقچىخانىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مال - مۈلكىدىنمۇ ئايرىلىدىغان گەپ ئىكەن. يەنە تېخى ئۇرۇپ -

دۇمبالاپ خېمىر قىلىنىۋېتىلگەن نۇرەكنى داۋالىتىش، ئىش ـ ئەمگەكتىن قالغان كۇنگە، روھىي جەھەتتىن تارتقان زىيىنىغا دەمدۇ خۇدايىم، ئىشقىلىپ بۇنىڭغا بىرمۇنچە تۆلەم كېتىدىغان گەپ ئىكەن. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا سۇلايمىناخۇننىڭ مادارى قالمىدى. تۇزگەن پىلانىنىڭ، قىلغان ئىشىنىڭ ئانچە پۇختا بولمىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى، مۇلاھىزە قىلدى. قول ـ ئىلكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان پۇل ـ مېلىغا، ئىقتىسادىغا قاراپ، يۇرەك ـ باغرى ئاغزىدىن ئاستا ـ ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك ھالسىزلاندى. روھىي جەھەتتىن تۇگىشىپ كەتتى. ئەمما، بۇ بەل قويۇۋېتىدىغان چاغ ئەمەس ئىدى. ھەرقانچە پوقىقى ئۇزۇلۇپ چۇشكۇدەك ئىش بولسىمۇ، چىدىمىسا، مۇشۇنداق چاپمىسا بولمايتتى. مۇشۇ پەيتتە ئاشۇ تاۋۇز قورساقنىڭ بىر ئېغىز گېپى سۇلايمىناخۇننىڭ چۇشەكەپ ئولتۇرۇپ ئاتقان ئوشۇقىنىڭ ئال ياكى چۇ چۇشۇشىنى بەلگىلەپ قويۇشى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، سۇلايمىناخۇن يەنە يول ئىزدىدى، تىمىسقىلىدى. ساقچىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ مۇشۇنداق كېچىلەردە تىنىمسىز قاتراشقا باشلىدى. ساقچى ئىشخانىسىدا سۇرلۇك بولغىنى بىلەن، ئۆيىدە ئوچۇق ـ يورۇق، ھالى يوق كىشى ئىكەن. «سۇلايمىنىكا»سىنىڭ كايىپ ـ جوۋاپ كەتكەنلىكىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى. پوزىتسىيەسى يۇمشاپ، بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. ئەمما، زادى قانداق مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى، نۇرەكنى سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ـ بەرمەيدىغانلىقىنى دېمىدى...

سۇلايمىناخۇن مىڭ بىر جاپادا بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ، مۇرىسىدىكى ئېغىر يۇكنى رېشاتكىغا ئارتتى. قاچانلا قارىسا دۇملىنىپ تۇرىدىغان بۇ قوڭغۇر رەڭلىك تۆمۇر ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپ بىردەم دېمىنى ئالدى. كۆڭلىدە كەپتەر كوۋۇكىدەك قەۋەت ـ قەۋەت ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ بېشىغا چىقىپ ئۇخلايدىغان شەھەرلىكلەرنى تىللاپ

قالدى. تېگىدە ــــ ئاستى قەۋەتتە ئولتۇرۇپ قالغانلارنىغا «نەس باسامدىغاندۇ» دەپ ئىچ ئاغرىتتى. ئەمما، بۇ تاۋۇز قورساقنىڭ مۇشۇ قەۋەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا چىقىپ ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ، «ئىدارىسىدە ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى ئوخشايدۇ، بولمىسا ھەممىنىڭ تۆپىگە چىقىۋالالامتى؟» دەپ ئويلىدى.

ئىشىكنىڭ «جالاق» قىلىپ ئېچىلىشى سۇلايمىناخۇننى چۆچۈتىۋەتتى. بۇ ئادەمنىڭ چۆچۈشى بىلەن تەڭ خالتىدىكى گۆشمۇ رېشاتكىدىن چۈشۈپ كېتىدىغاندەك، ئۇ بىر چامداپ گۆش خالتىسىنىڭ بوغقۇچىنى تۇتۇۋالغىنىچە ئىشىككە چەكچىيىپ قارىدى.

ــــ ھوي، سۇلايمىنىكاممۇ سىز؟ نېمانداق ئۆيگە كىرمەي... ــــ ئىشىكتە تاۋۇز قورساقنىڭ ئەپتى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئېيىقنىڭكىدەك تۈكلۈك مەيدىسىنى ياپالمىغان قىزىل ئاسما مايكىسى، يوتىسىدا تارتىشىپ تۇرغان كالتە ئىشتىنىغا كۆزى چۈشۈپ، يەنە كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچقان سۇلايمىناخۇننىڭ ئۇنىڭغا قايتا قاراشقا رايى بارمىدى.

ــــ تارتىنماڭ، تارتىنماڭ، ھە قېنى ئۆيگە... ئەكېلىڭا، قولىڭىزدىكىنى مەن ئېلىۋالاي، ــــ ساھىبخانا سىرتىغا ئانچە ـ مۇنچە قان تەپچىرەپ چىققان ئېغىر، مىلىق ـ مىلىق خالتىنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرگىنىچە ئالدىدا مېڭىپ سۇلايمىناخۇننى ئۆيگە باشلىدى، ــــ ھوي خوتۇن، مېھمان كىردى، چاي دەملەڭلا !

سۇلايمىناخۇن بوسۇغا تۇۋىگە ئايىغىنى سېلىپ كاتەكتەك تار، تونۇردەك ئىسسىق، ئەمما ياسىداق ئۆيگە كىردى. ئۈستىبېشىدىكى توپا ـ تۇمانىنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئاپپاق يوپۇق يېپىلغان دىۋاننىڭ لېۋىگە سىڭار كاسىسىنى قويدى. قورۇنۇش ئىچىدىكى پاتىھەدىن كېيىن ئىلتىجالىق كۆزلىرىنى ئۆي ئىگىسىگە تىكتى. ئەمما، كالتە ئىشتان بىلەن كۆزىگە يالىڭاچ ئولتۇرغاندەك كۆرۈنگەن مۇنۇ

ئادەمنىڭ ئەپتىدىن يەنە كۆزلىرىنى قاچۇردى.

— ئەمدى نېمە كەپتۇ، دادا؟ — تېلېۋىزوردىكى «هايت - هۇيت»لارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان ياندىكى ئۆيدىن چىققان ئون ئۇچ - ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز دادىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ سۇلايمىناخۇنغا كۆز سالدى. سۇلايمىناخۇننىڭ ئاپتاپتا قالغان تېرىدەك قورۇلۇپ تۇرغان يۈزى يەنە چىمىلدىدى. ئۇنىڭ قېتىپ كەتكەن يۈزى قىزىنى يالىڭاچ يوتىسىغا ئېلىپ ئولتۇرغان ئالدىدىكى مەخلۇق ئۇچۇن چىمىلدىغاندى.

— ئازادە ئولتۇرۇڭا، ئازادە، قېنى چاي ئوتلاڭ، — ساھىبخانا خوتۇنى ئاچىققان چاينى سۇلايمىناخۇننىڭ ئالدىغا قويۇپ، يەنە قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرغان قىزىنىڭ بوينىغا سۆيۈپ قويدى.

— ئاشۇ ئوغرىغا بىر ھۆكۈم كېسىدىغاننىڭ ئىشىنى قىلساق بولاتتى، ئۇكام! بولمىدى دېگەندىمۇ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا تۆت - بەش يىل ياتمىسا، ئادەم بولمايدۇ ئۇ قولى تۇتقاق.

— ئاڭلىسام ئۇ نۇرئەلى دېگىنى سىزنىڭ كۇيۇ ئوغلىڭىز ئىكەنغۇ؟

— ئە، ئىم... — سۇلايمىناخۇن بۆرگە چاققاندەك قىمىلداپ قويدى، — بۆرۈن شۇنداقتى، ئەمما هازىر...

— قىزىڭىز هازىرمۇ ئۇنىڭ نىكاھىدا ئىكەنغۇ؟

— قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ ئۇ بۇدۇشقاق!

— نېمىشقا؟

— پۇل - ئاشنىڭ ۋەسۋەسىسى بولمامدۇ، ئۇكام.

— قىزىڭىزنى بەرگەندىكىن، پۇل - ئاشنىڭ گېپىنى قىلمىغان بولغىيدى؟

— ئاغزىدا دېمىسىمۇ، بەلەن كۆنگەن ئۇ خەق، خوتۇن قىلىشنى — بالا تېپىشنى بىلىدۇ، قورسىقى بىلەن، ئۇچىسى بىلەن كارى يوق... شۇنىڭ بىلەن قىزىم كېچىسى ئۇ خەقنىڭ

ئۆيدە، كۈندۈزى بىزنىڭكىدە. قورسىقى ئاش - نان، ئۈچىسى كىيىم - كېچەك دېمەيدىغان ئۈنداق خوتۇنغا ھېلىغۇ ئۇ خەق ئىكەن، مەنمۇ ئامراق!

— ئاشۇنداق چىقىمى يوق خوتۇن دەپ خېتىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى، دەڭ؟ — ساھىبخانا بىردە ئۆزىنىڭ، بىردە سۇلايمىناخۇننىڭ ئاغزىغا قاراپ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ ئولتۇرغان قىزىنى قۇچاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ئۇنداق خوتۇن بولسا، مەنمۇ خوشلاشمايتتىم، دەڭا!

— شۇنداق قىلىپ مۇشۇنداق ئىش دېسىلە، مانا ئەمدى قىزىمنىڭ خېتىنى بەرمەكتە يوق، كۆزۈمگە كۆرسىتىپ ھويلامغا ئوغرىلىققا چۈشكىلى تۇردى ئۇ خەق.

— مەن ئەتە بۇ ئىشنى ساقچىخانا باشلىقى بىلەن يەنە بىر مۇزاكىرىلىشەي، — ساھىبخانا تاتلىق بىر ئەسنەپ قويدى، — سىز ئېرىنمەي يەنە بىر كىرىڭ.

— ئوبدان ئۇكام، ئوبدان، — سۇلايمىناخۇن بۈگۈنمۇ ئېنىق جاۋاب ئالالمىدى، كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ ئاچ كۆزنى ئىچىدە تىللاپ تۇرسىمۇ زورىغا ھىجايدى، — ئىلاج بار ۋاقتىدىراق جايىغا سولىۋەتسەك بولاتتى ئۇ بۇلاڭچىنى. نەچچە ۋاق بولدى، ھەمىشە ئۆينىڭ ئارقىسىنى، ئىشىكىمنى ئوغرى مۈشۈكتەك مارىلاپ كۆڭلۈمنى ئارامىدا قويمىدى. بوش تۇرسام، ئاخىر مېنى گۆردە قويىدىغان ئوخشايدۇ ئۇ ناكەس!

سۇلايمىناخۇن دوڭغاقلىغىنىچە ئۆيدىن چىقتى. ئىشىك قاسنىقىدا يوغان قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۆزىنى يولغا سېلىۋاتقان ساقچىغا بۇرۇلۇپ تەزىم قىلىپ خوشلاشتى. ئېگىز ئۆگزىنىڭ شوتىسىدىن چۈشۈۋاتقاندەك رېشاتكىغا ئېسىلغىنىچە پەشتاقلاردىن ئاۋايلاپ تۆۋەنلىدى. ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشكەندە بىر چىپتا نەرسىنى يۈدۈۋالغان شاپاق دوپپىلىق بىرسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. شاپاق دوپپىلىق بىرلا ئىرغىپ چىپتىنى ئۈستۈن ئەتتى. شاراق - شۇرۇق ئاۋازدىن لىق بادام

تولدۇرۇلغانلىقى ئاشكارا بولغان چىپتا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ ئۇنى كۆتۈرۈۋالغۇچىمۇ يۇقىرىغا ـــ تار پەشتاقتا ئۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغۇچىغا قارىدى. بىر جۇپ چېقىر كۆز بىلەن بىر جۇپ قارا كۆز بىر ـ بىرىنى يەۋەتكۇدەك دەرىجىدە ئۆزئارا قادالدى.

كىممۇ ئويلىغان، سۇلايمىناخۇن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغىنى ئىسلىماخۇن ئىدى. بۇ جاھاننىڭ تارلىقىنى قارىمامدىغان!

بەگلىكتە مۇنداق بىر ئىش بار: ئىككى ئېشەك يول تالىشىپ قالسا، يولدا بەسلىشىپ كېتىۋېتىپ بىر ـ بىرى بىلەن چىشلىشىدۇ، تېپىشىدۇ. بىر ـ بىرىنى يول ياقىسىغا قىستاپ يولدىن قوغلاشقا، مۇللاق ئاتقۇزۇپ ھالاك قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما، بەيگىگە چۈشكەن ئاتلار ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار چېپىشىۋاتقاندا بىر ـ بىرىگە كەڭ يول بېرىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ يولىنى توسۇمايدۇ، ھاڭغا ئىتتىرىشمەيدۇ. ھەقىقىي جەسۇرلۇق، مەردلىك بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشىدۇ. سۇلايمىناخۇن بىلەن ئىسلىماخۇن بەشىنچى قەۋەتكە چاپىدىغان تار يولغا سىغدالغاندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ گالۋاڭ، ئىچى قوتۇر ئېشەكىدىن پەرقسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

## 3. يولدىكى پاراڭ

ئىسسىقنىڭ يامانلىقىدىن يازلىق پىلاتىمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئىسسىقتىن ئىچى پۇشقان قېمىزخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدا تىكلىنىپ تۇرغان قۇياشقا قارىدى. قىزىق، تېرەك يوپۇرماقلىرى قۇياش نۇرىدا تەڭگىدەك جىمىرلاپ تۇراتتى. تېرەك يوپۇرماقلىرى تەڭگە بولغاندا، چوكاننىڭ قولى ئىشقا بارمايتتى. گېلى قۇرۇپ، لەۋلىرى گەز باغلاپ كېتەتتى. ئېتىزلىققا چىقسىمۇ ھېچقانداق ئىش خۇشياقمايتتى. بەگلىكتىكى بىكار تەلەپلەر بۇنىڭغا قارىتا

«تېرەك يوپۇرمىقى تەڭگە بولسا، چوكان بەڭگە بوپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى تېپىشاتتى.

ئېتىزلىقنى ئويلىغاندا قېمىزخاننىڭ كۆزلىرى يول بويىدىكى يەرگە تاشلاندى. كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇرغان بۇغداي يېرىنىڭ ئوسسى كېلىشىپ قالغان، ۋاقتىدا ئۇرۇق سالمىسا ئوسسى كېتەتتى. ئوسسى كەتكەن يەر مۇشۇنداق تېرەك يوپۇرمىقى تەڭگە بولغان چاغدا چاك - چاك يېرىلىپ، توپىسى داڭگالغا ئايلىنىپ قالاتتى. شۇڭا، بۇنداق يەرگە ۋاقتىدا بوقۇسا سېلىپ، قەرەلىنى ئۆتكۈزمەي ئۇرۇق سېلىشقا تەكەن تۈزۈك ئىدى. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم بېلى راۋرۇس باغلانغان ئەركەكتىن بىرسى بولۇش كېرەك - دە!

غوجاخۇننىڭ مۇشۇنداق ئىشقا ئېپى بار ئىدى. يەرنىڭ ئوسسى كېلىشكەن هامان ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي بوقۇسا سالاتتى. ئېتىزنى ئەينەكتەك تۈزلەپ، يىكتەك قىر سېلىپ، دەل ۋاقتىدا ئۇرۇق سالاتتى. ئۇ ئۆتكەن يىلى كۈزدە قېمىزخاننى تويلاپ ئۆيگە ئەكەلگەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى شۇنداق قىلغان، تۈجۈپىلەپ كۈزگى بۇغداي تېرىغانىدى. ئۇ بۇ يىل ئەتىيازدا قانداق قىلىدىكىن؟ ياكى يەرگە بۇقۇسا سالسا تاپ بېشىنى تۈزلىشىپ بېرىدىغان، ئېتىزغا قىر سالسا تانابىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇشۇپ بېرىدىغان، ئۇرۇق سالغاندا بولدى - بولمىدى دېيىشىپ بېرىدىغان مەن قېمىزگۈل ئۆيدە بولمىغاندىكىن، ئاپتاپلىقتا چىقىپ سۆڭگىچىنى قاشلاپ ئولتۇردىمىكىن... چوكان ئوسسى كېتەي دەپ قالغان ئاشۇ بىر پارچە يەرنىڭ ئۇيان بېشىدا كەتمەننىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ ئېزىلىپ ئولتۇرغان ياش جۇۋاننى كۆرۈپ كۆڭلى بىرقىسما بولدى. يېرىگە بوقۇسا سېلىپ ئۇرۇق سېلىپ بېرىدىغان ئېرى يوق، تۇل خوتۇن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

كۆڭلىنى هېلى ئۇنىڭغا، هېلى بۇنىڭغا يۈگۈرتۈپ كېتىۋاتقان چوكان ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئويلىماي دېسىمۇ، بەربىر كۆڭلى

يېرىم بولدى. بۈگۈن دادىسى ئىسلىماخۇن قوشنا قۇدىسى سۇلايمىناخۇنلاردىن ئالالمىغان ئۆچىنى ياۋاش كۈيۈ ئوغلى غوجاخۇندىن ئالماقچى بولغاندەك، ئاخىر قېمىزخاننى غوجاخۇندىن ئاجراشتۇرغىلى ئېلىپ ماڭدى. مانا ئەمدى كاتىپ ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى قىپقىزىل پەتتىنى ئېلىۋالسىلا ھەممە ئىش تامام بولىدۇ. ئاۋۇ جۇۋاندەك كەتمەنىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ يەرنىڭ بېشىدا خىيال سۈرۈپ يالغۇز ئولتۇرۇش ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغان ئوخشايدۇ... شۇلارنى ئويلاپ كېلىۋاتقان چوكاننىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولۇپ، ۋۇجۇدىغا يىغا ئولاشتى.

قېمىزخان ئەرگە تېگىشتىن ئىلگىرى ئانىسى بىلەن ئېتىزغا ئىشقا چىققاندا، دادىسى كەينىگە قول باغلىغىنىچە ئېتىز بېشىغا كېلەتتى. دورغىدەك قاپىقىنىڭ بېزىنى چىقىرىپ بىرھازا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئاپتاپتا قورۇلۇپ قالغۇدەك بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئانا ـ بالا ئىككىيلەنگە بىرەر ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلماقتا يوق، «نېمانداق چالا ئورۇغان بۇغداي بۇيەي، ئەنجىنى سورۇۋېتىپسەنەي ...» دېگەندەك تەنبىھلىرى بىلەن ئەتراپتا ئادەم بار يوق دېمەي ئانا ـ بالا ئىككىسىنى ئوچۇقداپ كېتەتتى. كېيىن قىزىنى ئېتىزلىقتا قالدۇرۇپ، ئانىسىنى شەرەتلەپ چاقىرىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتەتتى. قاقىرام ئاپتاپتا ئېتىزدا تەرلەپ ـ پىشىپ چاڭقاپ كەتكەن قىز ماغدۇرىدىن كەتكەن ھالدا ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، يوغان دەرۋازا ئىچىدىن تاقالغان بولاتتى. قىز دەرۋازىنى قېقىپ بىرھازا ئۆتكەندە، ئەمدىلا چېچىنى تاراپ بىكار بولغان ئانىسى تېخى قۇرۇمىغان چاچلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغىنىچە چىقىپ دەرۋازىنى ئاچاتتى. ئارقىدىن گەدىنى پارقىراپ كەتكەن دادىسى پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى چاينىغىنىچە چىقىپ:

— سەت ئالۋاستى، كەينىمىزدىن ماراپ كىرمىسەڭمۇ، بىردەم ئىش قىلغاچ تۇرساڭ يامان بولامدۇ؟ قورققۇسى كەلدىمىكىن دېگەنمىدىڭ يا؟! — دەيتتى.

قېمىزخان دادىسىنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىدىن خورلۇق ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن تېزرەك نېرى بولۇشنى ئويلايتتى. خەقنىڭ ئاغزىدا گەپ ياتمايدىكەن، كېيىن كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ دادىسىغا ئۆگەي ئىكەنلىكىنى دەپ قويدى. ئەسلىدە ئەمچەكتىكى بالا بىلەن ۋاقىتسىز ئەردىن قالغان ئانىسى بۇ ئادەمگە تەگكەندە، قېمىزخاننى قۇچاقتا كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشكەنىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئازابلانغان قېمىزخان شۇندىلا دادىسىنىڭ ئۆزىگە نېمانچىۋالا سوغۇق قارايدىغانلىقىنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك بولدى.

قېمىزخان كېتىۋېتىپ قورسىقىنى سىلاپ قويدى. ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كۈنگە قالماسلىقىنى تىلەيتتى. ئۇنى ئۆز دادىسىنىڭ ئېغىزمىنىنى سىلاپ چوڭ قىلىشىنى، ئۆيدە ئوبدانراق تاماق ئەتكەندە تالاغا ئىشقا بۇيرۇلماسلىقىنى، ئېتىزلىقتا يالغۇز چىقىرىپ قويۇلۇپ ئاپتاپتا پىشۇرماسلىقىنى تىلەيتتى...

— ھۇشت !

بىرسىنىڭ ئىسقىرتقان ئاۋازى خىيال ئىچرە ئېزىلىپ كېتىۋاتقان چوكاننى چۆچۈتۈۋەتتى. يول بويىدىكى باغقا قاشا قىلىنغان تىكەنلىك چىتلاق ئىچىدە غوجاخۇن ھىجايغىنىچە قاراپ تۇراتتى. ھەييار خىڭخىڭ بۇ يەرگە قانداق كىرىۋالدىكىن؟... قاپقىنى سېلىپ كېتىۋاتقان دادىسى خېلى يىراقلاپ كەتكەنىدى. چوكان بىردە دادىسىنىڭ قارىسىغا، بىردە ئۆزىنى شەرەتلەپ چاقىرىۋاتقان ئېرىگە قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا دادىسى ئۇنى ئەردىن چىقىرىمەن دەيتتى. ئېرى بولسا، ئىما - ئىشارەتلىرى بىلەن ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋاتاتتى:

— بۇياققا كېلىڭا خوتۇن، بۇ ياققا...

— مەنمۇ؟ — قېمىزخان ئالدى - كەينىگە قارىدى.

— ھەئە سىز... تېرەكنى قىچقارمىدىم مەن...

— نېمە دەيسىز، نېمە؟ — چوكان ئېرىنىڭ پەس ئاۋازدا

چاقىرىشغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۈنىنى چىقىرىپ جاۋاب بەردى. ۋۇجۇدىغا بىر خىل يېقىملىق تىترەك ئولاشتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئەتىيازنىڭ بۇ تەرىپىدە بىر ـ بىرىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغانىدى، — نېمە ئىش قىلىمىز ئۇ يەردە؟

— كەشتىڭىزنىڭ پاشىنىسىنى مىخلاپ قوياي دەيمەن !

— ئەشەدىما، ئاشۇ چىتلاق تۇۋىدىما؟ — چوكان توپلىيىنىڭ پاشىنىسىغا قارىدى، — بۇ يەردە يا بولقا، سەندەل بولمىسا !

ئىككىمىز بىر يەرگە كەلسەك، مانا مەن بولقا، سىز سەندەل...

— ھەييار بولماڭا ھەي... — دادىسىنى كەينىگە يېنىپ كېلىپ قالامدىكىن دەپ يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان چوكان ئىختىيارسىز ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئېرى تۈك باسقان كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى قولىدىن تارتىپ چىتلاقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزدى. چىتلاقنىڭ ئىچى باداملىق باغ ئىدى. بولۇق ئايىنىغان بادام دەرەخلىرى غۇچچىدە مېۋىلىگەنىدى.

چوكاننىڭ يۈرىكى تېخىغىچە دۈپۈلدەپ سوقاتتى. توي ئاخشىمى ئېرىنىڭ يۈزىگە قارىماي تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالغانىدىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى مۇشۇنداق قاتتىق سالغانىدى.

— نەگە ماڭدىڭىز، خوتۇن؟ — چوكاننىڭ قۇلىقىغا ئېرىنىڭ پەس ئاۋازدا خىڭىلدىشى ئاڭلاندى.

— بىلىپ تۇرۇپ سورىغىنىنى، ئۆزىڭىزچۇ؟ — چوكان ئادەتتە ئەرلەرنى «سىز» دەپ ئاتىمايتتى. لېكىن، غوجاخۇنغا كەلگەندە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ توي كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا توغرا كېلىپ قېلىپ: «سىلى ـ ئۆزلىرى» دېۋىدى، ئېرى خىڭىلداپ كۈلۈپ ئۇنى زاڭلىق قىلدى ھەم: «سىزلەپ گەپ قىلىشايلى» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مۇشۇنداق كۆنۈشۈپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئانىسى دادىسىنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ تۇرۇپ « سىلى، ئۆزلىرى...» دەپ گەپ قىلاتتى.

— مەن كەشكىنىڭ پاشنىسى چۈشۈپ قالسا مىخلاپ بېرەرمەنمىكىن، دەپ مەشەگە كەلگەن.

— مۇشۇنداق چاغدا خۇپسەنلىك قىلماي، تۈزۈك گەپ قىلغىنا ئادەمگە! — ئېرىگە يېقىن، يۈزمۇيۈز تۇرغان چوكان ئۇنىڭ سۇ كۆرمىگىلى ئۇزاق بولغان توڭرۇق بويىنىغا، دەسمالغا ئوخشاپ قالغان كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، — مۇشۇ تاپتا دادام مېنىڭ سۆزۈمنى ئالمەن دەپ ھەيدەپ كەلگەن تۇرسا...

— بۇ ئۇلاغنى باغلاقتىن بوشىتىپ، پادىغا قوشۇۋەتكەندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ مەيلىگە باغلىق ئىش.

— مەيلىگە؟ — چوكان ئېرىنىڭ گېپىنى ئانچە چۈشىنەلمىدى، — مەيلى دېگەن نېمە دېگەن گەپ؟ «نېمە بولسا مەيلى» دېگەن گەپمۇ يا؟

غوجاخۇن كۈلۈپ كەتتى. چاپاق بېسىپ تۇرغان كۆزلىرى يۇمۇلدى:

— ئاشۇ گەپنىمۇ بىلمەمسىز؟ سىز يا يۈزى ئېچىلمىغان، ئىش كۆرمىگەن قىز بالا بولمىسىڭىز...

— قىز بولسام قانداق قىلاتتىڭىز؟ — قېيمىزخان ئېرىگە تەتۈر قاراپ دومسىيىۋالدى، — ئەمدى چوكان بولۇپ قالدىمۇ؟ ھە... مۇنداق دەڭا، غوجاخۇن...

— مايانغا گەپ قىلسام، ئايانغا گەپ قىلىپ، ئادەمنىڭ گېپىنى بۆلمەي تۇرۇڭا مۇنداق، — غوجاخۇن قېيمىزخاننىڭ تېرىسى يېرىلىپ كەتكەن يىرىك قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى، — مەيلىگە باغلىق دېگەن گەپ كۆڭلىگە، ئىختىيارىغا باغلىق دېگەن گەپ. بىز كاتىپنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن ئاجراشمايمىز دەپ مەھكەم تۇرۇۋالساق، دادىڭىز ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

— بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا باغلىق ... ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— نېمىشقا ئۇنداق بولمىغۇدەك ؟ يا سىز ماڭا خوتۇن بولۇپ قولۇمغا چۈشكەننىڭىياقى بىر يېرىڭىزگە تاك ئېتىپ چېكىپ باقتىممۇ؟ ياكى باشقا چوكانلارغا قاش ئېتىپ، قانات سۆرەپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ قالغان يېرىڭىز بارمۇ؟

— مەن سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشكەندىن كېيىنغۇ ئىززەت - ھۆرمىتىمنى ئوبدان قىلغان. شۇغىنىسى...

— شۇغىنىسى، دەرۋازام كىچىك، ئۆيۈمنىڭ تۆرى پەس كېلىپ قالدى، شۇنداقمۇ؟ سىزمۇ توينى قىلادا قىلىپ بولۇپ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن دادىڭىزغا ئوخشاش مېنى كەمبەغەل كۆردىڭىز ھەرقاچان ...

— قويۇڭا ئۇ گەپنى، نېمە ئۇ باي، كەمبەغەل دېگەن... ئادەمنىڭ قورسىقى ھەلەپ سېۋىتى ئەمەس بىر قۇچاق سامان پاتىدىغان. بىر توغرام نان، بىر قاچا ئاشقا تويىدۇ.

— ئەمىسە كاتىپنىڭ ئالدىغا ئاجراشقىلى بارغۇدەك نېمە ئىش بولغان؟ مەندىن كۆڭلىڭىز چىگىلىپ قالدىمۇ يا؟

— سىزغۇ ھېچنېمە قىلمىغان، بۇغداينىڭ قىلتىرىقچىلىك كۆڭلۈمنى چەگمىگەن، — چوكاننىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى، — شۇغىنىسى دادام ئىككى - ئۈچ كۈننىڭىياقى ئاخشاملىرى كاتىپنىڭ ئۆيىگە قاتراپ، بۇ ئىشنى ئاللىقاچان توغرىلاپ بولدى. ئەمدى ئۇ يەرگە بارساقلا، پەتتىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭە ھەي. كۆزىڭىزدىن يەنە توي كۈندىكىدەك قارا ياش ئاققىلى تۇرمىسۇن ئادەمنى قورقۇتۇپ.

— سۇرمە چاپمىغان، — چوكان كۈلۈپ سالدى.

— قاش - كۆزلىرىڭىزنىڭ قۇندۇزدەك بىر چىرايلىق تۇرغىنىغا قاراپ سۇرمە تارتقانمىكىن دەيمەن تېخى...

— سۇرمە بولمىسا قازاننىڭ كۈيىسىنى قىرىپ چاپقىلى بولمايدىكەن مۇنداق !

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈپ تاشلىدى.

قىمىزخان ئويلاپ قالدى. غوجاخۇن راست دەيدۇ. ئاجرىشىپ كېتىدىغانغا ئېرى ئۇنىڭغا ھېچنېمە قىلمىغانىدى. ئۇ بۈگۈن تەرسا دادىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە مۇشۇ يولغا ماڭغانىدى. دېمەكچىلىك، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ خىيالىمۇ، گېپىمۇ جىق ئادەم ئىدى. ئۇ ھېلى كېلىنىنى بىرنېمە دەيتتى، ھېلى كۈيۈ ئوغلىنى بىرنېمە دەيتتى. شۇڭا، بۇ ئۆيدە ئوغۇل خوتۇنسىز، قىز ئەرسىز يۈرۈۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئېتىز ئىشىغىمۇ، تۆشۈككىمۇ پىششىق بىر ئوبدان ئىشلەمچىنى خەققە خوتۇنلۇققا بېرىپ قويۇپ، كۆزى ئۇيقۇغا بارمىغان دادىسى ئەرنىڭ ئۆيىدە بىر ئوبدان ئولتۇرۇۋاتقان قىمىزخاننى ئۇۋۇلىقىنى بۇزۇپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇلار يەنە نەچچە قەدەم ئالدىغا مېڭىپ كاتىپنىڭ ئالدىغا بارسىلا تەتۈر مىجەز دادىسىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولاتتى، كۆزىگە ئۇيقۇ كىرەتتى.

ئەرگە تېگىپ يۈزى ئېچىلغان قىمىزخاننىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بالىلارنىڭ كۆزىچىلا ئاشۇ ئادەمنىڭ پاتىڭنى، بېلىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ ئولتۇرىدىغان ئانىسىنىڭ ئۆيۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى قايتا كۆرگۈسى يوق ئىدى. قىمىزخان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتسە، كېيىنلىكتە قىزىنى باشقا بىر دادىنىڭ ئالدىدا ئاشۇنداق قىلىقلارنى كۆرۈپ قالمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. ئۇ قىزىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلىغاندا، قورسىقىدىكى بالىسى يادىغا يەتتى. ئۆزىنىڭمۇ قىز تۇغقۇسى بار ئىدى. شۇڭا، بالىسىنى قىز دەپ ئويلايتتى. چوكاننىڭ تۇرۇپلا ئاپپاق يۈزى قىزىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېرىگە دېيىمىكىن دەپ ئويلاپ تۇراتتى. بىر ھېسابتا بۇ گەپنى مۇشۇنداق تىكەنلىك چىتلاقنىڭ دالدىسىدا تىلغا ئېلىشمۇ ئەپسىز ئىدى. خوتۇنىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشتىن بىرەر گېپى بارلىقىنى پەملىگەن ئېرى پەس ئاۋازدا سورىدى:

— نېمە خىيال قىلىۋاتىسىز... بىرەر نەرسىدىن قورقۇۋاتامسىز يا؟

— ياق ... ئۇنداق ئەمەس، — چوكان كۆڭلىدىكى گەپنى يوشۇردى، — سىزنى ئويلاۋاتىمەن. ئۆيدە مەن بولمىغاندىكىن ئاش ـ تاماقتا راسا قىينالغانسىز ـ ھە؟

— ئانچە قىينىلىپمۇ كەتمىدىم، — دېدى غوجاخۇن خىڭىلداپ، — ئەتىگىنى ـ ئاخشاملىرى زۇمرىخان ئانچە ـ مۇنچە ئاش تۇشۇپ...

— زۇمرىخان؟ ! — چوكان چىتلاقنىڭ شوخىسىغا دەسسەپ سالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى، — قىز چېغىدا ھارامدىن بالا تۇغۇپ قويۇپ، ئۆمرىدە ئەر ئالمىغان ھېلىقى زەينەپنىڭ ئانىسىمۇ؟

— ھەئە، ئۇ ئايالنىڭ ئىشىنى سىزمۇ ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

— ئادەمنىڭ ئىچىنى ئۆرلەتمەڭا ھاي، غوجاخۇن ! قىزىق ئاشقا بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ ھۇرۇپ قويغان بولسا، بېشىڭىز ئايلىنىپ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالماڭ يەنە !

— تووۋا دەڭا، ئۇ قېرى خوتۇنغا ئەمدى...

— ھوي، بىزنىڭ مەھەللىدىكى مۇھەببەتخانمۇ زۇمرىخاندىن ياش ئەمەسقۇ، شۇنداق تۇرۇپ ياقا يۇرتلۇق مەخەت دېگەن ياشلا بىرسىنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋالدى ئاينا... ئاڭلىسام يېقىندا توي قىلغۇدەك !

غوجاخۇننىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ، خوتۇنىنى تېرىكتۈرگۈسى كەلدى:

— مېنى ئۆگىتەلىگەن بولسا تېخى ياخشى ئىدى يالغۇزچىلىقتا ئۆلەي دېگەندە...

— ۋاي بېشىڭنى يېگۈرلەر... گۇمان قىلغىنىم زادى راست ئىكەن، ئەر خەق دېگەننىغۇ ئىلاھىم ! — چوكان يۈزىنى تۇتۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاۋازىمۇ مەھەللىدىكى باللار بوت ـ بوت چالغاندەك راسا چىققىلى تۇردى.

— يىغلىماڭە خوتۇنەي، نېمە قىلىسىز ئۆزىڭىزنى كايىتىپ؟ نەچچە قېتىم ئېشىنى ئىچىپ، پىشۇرۇپ بەرگەن توخۇمىنى يېسەممۇ، زۇمرىخانغا كۆڭلۈمدە ھېچبىر قىزىقىش پەيدا

بولمىدى. ئىسسىتقۇسى ئىسسىتالمىدىمۇ ياكى بويىندىكى پوقىقى كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىمۇ، بىلمىدىم.
— پوقاق! — قېمىزخان يىغىدىن توختاپ كۈلۈپ سالدى، — گېلىدا پوقىقى بار - ھە، ئۇ خوتۇننىڭ؟... شۇنىڭدىن قارىغاندا گېلىدا پوقىقى بار خوتۇندىن ئەر خەقلەر قاچىدىغان ئوخشايدۇ...
— ھى - ھى - ھى... — غوجاخۇن دىمىقىدا كۈلۈپ كەتتى ھەم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك قوشۇپ قويدى، — ھە راست، ئاڭلىدىڭىزمۇ، بىزنىڭ ھېلىقى تۇرامەت دېگەن ئاداش خوتۇنى بىلەن ئىش - ئوقەت قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.
— بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟ — دېدى قېمىزخان كۆڭلى بىر قىسما ھالدا.
— دېگەن گېپىڭىزنى... مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم بىزمۇ ئايغىمىزنى ئىسسىتىپ بېشىمىزنى ساقايتىۋالساق، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى رۇسلىۋالساق دەيمەن.

## 4. ئەرچە ھەممەتلىك زەيتۇنەم

ئۆتەڭدىكى ئازنا مەسچىتتىن ئاڭلانغان ئەزان ئاۋازى بەگلىكنى ئويغاتتى.
زەيتۇنەم ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، قاچاندۇر يېنىپ قالغان چوغدەك لامپىنىڭ يورۇقىدا قومۇش پاخلى بىلەن ئوچاققا ئوت ياقتى. قورسىقى يوغان، ئىسلىشىپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن كونا مىس چۆگۈننى مورا ئىچىدىكى ئوچاققا ئاستى.
ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپ، ئۇستىخانلىرى يەڭگىللەپ قالغان تۇرامەت خوتۇنى تەييارلاپ قويغان پاكىز ئاق كۆڭلەك، قارا كۆك ئىشتاننى كىيىپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي، گۇس - گۇس دەسسىگىنىچە تالاغا ماڭدى. بىردە ئېرىنىڭ تېتىك قەدەملىرىگە، بىردە سۇزۇلۇۋاتقان تاڭغا قاراپ دىلى سۆيۈنگەن زەيتۇنەم ئۇزاقتىن كۈتكەن بىرنەرسىگە ئېرىشكەندەك، بۇ ئەمدى مەڭگۈ

مۆشۈنداق بولىدىغاندەك بىر خىل ئىپتىخارلىق ئىلكىدە بوش شىۋىرلىدى:

— مۆشۈنداق قىلىپ دىلىغا ئىنساب ـ دىيانەت، ۋۆجۇدىغا روھ ـ قىزىقىش نېسىپ بولۇپ قالسا، بۇقىدەك كۈچى زايە بولۇپ كەتمەيتتى...

زەيتۇنەم تۇرامەتنىڭ قولىغا قىز چۈشكەن ئەمەس. ئۇ مۆشتەك چېغىدا ئۆز ئىختىيارىغا مۇخالىپ ھالدا ئۈچ نىكاھلىق بولغان بىر باي تۇغقىنىغا ياتلىق قىلىنىپ، ئۇ خوتۇن بېدىكى بەڭگىنىڭ قولىدا ھايۋاندەك خارلاندى. دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن ئىككى يىلغىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ چىرايى زەپىران بولۇپ، ئۇچىنچى يىلى ئاران دېگەندە ئۇ بەڭگىدىن قۇتۇلدى. ئۇنىڭسىزمۇ تۇرمۇشقا قارىتا ھېچقانداق ۋاپاسى يوق، ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈكى ئۈچۈن قانداق قىلىش ياخشى بولسا، شۇنداق قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن ئۇ ئادەم بۇزۇلۇپ بۇرۇنقى خوتۇنىنى تېپىۋالغانىدى. خۇددى شۇنىڭدەك تۇرامەتمۇ زەيتۇنەم بىلەن تويلىشىشتىن ئىلگىرى بىر خوتۇنىنى پادىغا قوشۇپ بولغان. يېڭى ئەر ـ خوتۇن بولۇشقان بۇ ئىككىيلەن تولۇن ئاي چەللە ئاراچىلىرىدىكى تۆشۈكلەردىن ماراپ تۇرغان بىر ئاخشىمى قىلىشقىلى گەپ تاپالمىغاندەك ئاشۇ كونا خامانلىرىنى سورۇشۇپ قالغاندا، تۇرامەتنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنىنىڭ بۇ جىگدە بوردىمال ئىچىدىكى بىر ئىغىزلىق ئۆي، ئاپتاپنى توسۇشتىن باشقا ھېچنېمىگە دال بولمايدىغان ئەسكى چەللىگە زادىلا كۆڭلى چۈشمەپتىمىش. بۇ ئاز كەلگەندەك تۇرامەتنىڭ قاششاقلىقى، پۇل دېگەن نەرسىنى زادىلا چوڭ بىلمەسلىكى جېنىغا پاتقانمىش.

— بۇنداق ئەر بىلەن ھەرگىز ئۆي تۇتالمىغۇدەكمەن! — دېگەنىمىش ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنى كاتىپقا.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ كاتىپ سوغۇقلا.

— بەرمىكى يوق سېنىت ـ يارماق،

ئۇرۇشى تالڭ ئاتقۇچە.
قوڭىدا يىرتىق ئىشتان،
كۆلكىسى بەگ ـ بايۋەتچە!

ئۇ چوكان تۇيۇقسىز شۇنداق دەپتۇ، قاراپ تۇرغانلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

ــ بەك گەپدان ئىكەنسىز؟! ــ دەپتۇ كاتىپ چوكانغا قاراپ كۆزئەينىكىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ــ خوتۇننى ئالغان ئادەم ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى يوتقان ـ كۆرپە، يۇك ـ تاقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ يەلپۈپ قويمايدۇ، ئاشۇنداق ئىش بار شۇ... نېمە دېگىنىڭىز ئۇ ئەمدى؟

ــ بىرەر ھۇنەر ـ كەسپىنىڭ بېشىنى تۇتمايدۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ يورغىلاپ يۈرۈشتىن، بۇرۇن بەگ ـ بايۋەتچە بولۇپ ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىشتىن، ئۆتمۈشنى ئويلاپ ئېغىز تەمشىتىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، ــ دەپتۇ ئايال.

كاتىپ «راستمۇ؟» دېگەندەك تۇرامەتنىڭ كۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپتۇ. تۇرامەت:

ــ راست! ــ دەپتۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ.

ــ راست دەپ، مېنىڭ ئالدىمدا مەيدەڭگە مۇشتلىغۇچە، ئاز ـ تولا مىدىرلاپ پۇل تېپىپ، خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىدا مۇشتلىساڭ بولمامدۇ شۇ تۇكلۇك مەيدەڭگە! ــ دەپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپتۇ كاتىپ.

ــ مەن پۇل تاپالماسلىقتىن قورقمايمەن، ــ دەپتۇ تۇرامەت ئىشخاننى ئۆلگۈچە بېشىغا كىيىپ، ــ كېيىن يەنە بىر كۈنلەر كېلىپ، دادامغا ئوخشاش پۇل تاپقانغا تويۇپ قېلىشتىن قورقىمەن!

تۇرامەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان كاتىپ بېشىنى چايقاپتۇ ھەم «قىپقىزىل ساراڭ» دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىن ئوتقاشتەك چىرايلىق توي خېتىنى تارتىۋېلىپ،

نـكاھتــن ئاجرـشـش گۈۋاھـنامـسـگە قول قـويدۇرۇپ تامغـا بېسىپ، ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. شـۇنىڭدىـن كېيىـن تۇرامەتمـۇ خۇددى زەيتۇنەمگە ئوخشاش ئىككىنچى توي قىلماسلىقنى ئويلاپ قاپتۇ. ئەمـما، ئۇزاق ئۆتمـەي ئۇرۇق ـ تۇغقـانلىرى زەيـتۇنەمنـى سايـە قىلـىپ، قانداقراق ئـىكەن دەپ ئـۇنـىڭغـا كـۆرسەتكـەنـدە، ھەرگىز خوتۇن ئالماسمەن دەپ يۈرگەن بايقۇشنىڭ ئۇنىڭ ئوسما قويغان ئەگىم قاشلىرىغا مەيلى تارتىپ قاپتۇ. كېچىلىرى ئۇيـان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئۇخلـىيالماي تـاڭ ئاتقۇزۇۋېتىدىغـان بوپتۇ... قازان قاينىتـىپ ئولتـۇرغان زەيتۇنـەم خىيال ئـىلكـىدە ئولتۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:

ـــ خوتۇنسىزلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بۇقا...

زەيتۇنەم ئـۇرۇق ـ تۇغقانـلىرىنـىڭ زورى بىلـەن تۇرامەتـكـە تەگكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كەمبەغەللىكىنى كـۆردى. بۇ ئۆيدە شۇ بىر جانغا توغرا كەلگـەن ئۈچ مويەردىـن باشقا مـە ـ مە دېگۈدەك يېتىم قوزا، تاخ ـ تاخ دېگۈدەك چىچـقاق توخۇ، پـەش ـ پەش دېگۈدەك مى ـ مى مۈشۈك يوق ئىدى.

يېڭى توي قىلـىپ بـىـرەر ئايغىچە ئۆيدىـن چىقمـاي، خوتۇنغا ئـارمانسىـز قانغان تـۇرامەت يەنە بـۇرۇنقىـدەك بـىكارچـىلىقـقا ئۆگىنىپ قـالدى. يېشـى يىگىـرمىدىن ئـاشار ـ ئاشمـاي ئىككى نىكاھلـىق بولغـان جۇۋان دېگەن ئـاتاقىا ئـىگە بولـغان زەيتۇنـەم بولسا ئەمدى مۇشۇ ئۆينى ئۆي قىلـىپ، ئېشىـنى ئاش، بېشىنـى تاش قىلـىپ، ئايغىنى ئىستـىشنى ئـويلايتتـى. شۇڭا، تۇرامـەت ھـەرقانچە ھـۇرۇنلۇق قىـلسىمـۇ، ئەتىدىـن ـ كەچكىـچە ئۆيـنـى زەيتۇنەمگە تاشلاپ بېرىـپ تالادا كوچا قـاڭداپ يۈرسـىمۇ ئۇنـىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىدەك ئۆينى بېشىغا كىيىپ، ئۇرۇشۇپ يۈرمەستىن ياخشى خـۇلق، چىرايلـىق گەپ بـىلەن ئېرىنى ئاسـتا ـ ئاسـتا ئۆزگەرتىۋېلىشنى ئويـلايتتى. ئـەمەلىيـەتتىمـۇ تۇرامەت ئـىش ـ ئەمگەكـتە ئۇنـداق بـولۇمسـىـز، ئۆزىنـى تـاشلىـۋەتكەن بىـلـەن تۇرمۇشتا زەيتۇنەمگە بۇرۇنقى ئېرىدەك زۇلۇم سالغىنى يوق. ھەر

كۆنى ئاخشىمى توك ئۆچۈپ قالغاندا، يورۇقلۇق بىلەن تەڭ غايىپ بولغان يوقسۇزلۇق ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

زەيتۇنەم تۇرامەت بىلەن تويلاشقاندىن بېرى مۇشۇنداق تۇرمۇش قاينىمىدا يىللارنى قاتلاپ ئۆلگۈردى. ئۈچ مو يەرنىڭ يىغىم - تېرىم، پەرۋىش ئىشلىرىنى بىر ئۆزى ئۆتكۈچە قىلىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئۆيگە بىر نوپۇس بولۇپ كىرگەندىكىن يەنە بىر نوپۇسلۇق يەر ئېلىپ جىقراق يەرگە ئىگە بولۇشنى ئويلايتتى. لېكىن، ئۆتەڭدە يەر قىس بولغانلىقتىن، بۇ ئىش ئاسانلىقچە ھەل بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئەتىيازدىن بېرى دادىسى ئۆز قولى بىلەن بېشىنى باغلاپ بەرگەن قوزىلىق قوي، ئانىسى سېۋەتكە سولاپ بەرگەن بىر جۈپ چۈجىنى ئەكېلىپ بېقىپ ھويلىنى ئاۋات قىلىپ ئولتۇردى.

قىڭغىيىپ تۇرغان قوشام دەرۋازىنىڭ غىچىلداپ ئېچىلىشى زەيتۇنەمنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ قازانغا يوبدان سىققاچ شەپە چىققان تەرەپكە قىيا باقتى. پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ چېچىلغان ھويلىغا تۇرامەت كىرىپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن كۈن قايتقىن چىقتىكىن، ئۇنىڭ چوڭ، كۆكۈچ كۆزلىرى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا چاقناپ كەتكەن، ئۆزى روھلۇق ئىدى. ئۇ كۈندىكىدەك قوزىچۈش بولغۇچە يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ ياتىدىغان تۇرامەتكە ھەقىقەتەن ئوخشىماي قالغانىدى.

زەيتۇنەم داستىخانغا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاشنى ئەكەلدى. ئاندىن ئاخشام قىزىق ئوچاققا يېقىۋالغان ناننى لېگەن بىلەنلا ئاچىقىپ ئۇشتۇپ قويدى. ئۆزىمۇ تۇرامەتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۈن - تىنسىزلا قولىغا ئاش ئالدى.

— ئاتا - بوۋىمىزنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ كەلدىم، — دېدى تۇرامەت ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ كەلگەنلىكىدىن خوتۇنىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك.

— ئۆزۈڭچىلىما؟ بۈگۈن ئەجەب...

— تاڭ ئاتارغا يېقىن بوۋام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن،

شۇڭا ئەتىگەندە ئەل ـ جامائەتنىڭ قاتارىدىلا...

— بوۋام دېدىڭما؟ سەن بىلمەيدىغان تۇرساڭ بوۋىمىزنى؟

— ئىشقىلىپ بوۋامغۇ دەيمەن. قەددى ـ قامىتى قاملاشقان، گىروي، ماڭا ئوخشاش كۆك كۆز كىشى!

— قانداق كىردى چۈشۈڭگە؟... ماڭا دەپ بەرگىنە، — ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈۋېتەيلا دەپ قالغان زەيتۇنەمنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى.

— ئۆتەڭدىكى قاپاق تېرەكنىڭ سايىسىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرسام، — دېدى تۇرامەت قۇرۇقدالغان چىنىنى داستىخانغا قويۇپ، — كۆپكۆك كۆزلىرىدىن سۇر ـ ھەيۋىسى چىقىپ تۇرغان بىر مويسىپىت كىشى چاپچىپ تۇرغان ئات ئۈستىدە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئىچىمدە ئەجەب قاملاشقان، سۇرلۇك بىر ئادەم ئىكەن، خىزىرمىدۇ... دەپ ئويلاپ ئولتۇرسام، ئالدىمغىلا كېلىپ توختاپ ئاچچىق، ئېچىنىش نەزىرىدە ماڭا بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئاندىن قامچىسىنى شىلتىپ:

— ئورنۇڭدىن تۇر! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. قورققىنىمدىن ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ھەم بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ بەدەر قاچماقچى بولدۇم.

— توختا، ئوغلۇم! — دېدى ئۇ يەنە ماڭا ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ، — مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم. ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدىكى قەتئىيلىكنىڭ ئورنىنى ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى چۇلغىدى.

— مەن سېنىڭ بوۋاڭ ئىدىم، — دېدى ئاق ساقال كىشى، — لېكىن بۇنداق يىگىتلىكنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئوغۇل بالىنىڭ بوۋىسى ئەمەس...

— بوۋا! — مەن ھاياجان بىلەن توۋلىغىنىمچە ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. دادام ماڭا بوۋام توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەن بۈگۈن ئاخىر ئۇنى تېپىۋالدىم. ئەمدى مەن

ئۇنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇنىڭدەك كاتتا ئادەم بولىمەن... بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام ھېچكىم يوق، چۈش كۆرگەنلىكىمنى بىلدىم.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. تۇرامەت تۇرۇپلا پۇشايمان قىلىپ قالدى. قالايمىقان چۈش ئۆرۈپ يۈرگىنىگە، يەنە كېلىپ ئىشتانسىز ناماز ئوقۇيدىغان خوتۇن كىشىگە چۈش ئۆرۈگىنىگە ئۆزىچە كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، خوتۇن كىشىگە چۈش ئۆرۈپ بەرسە يامان بولاتتى.

زەيتۇنەم ئېرىنىڭ چۈشىدىن ناھايىتى ھاياجانلاندى. داستىخان، قازان ـ قومۇچلارنى يىغىشتۇرغاچ، ئىختىيارسىز گاراڭ ھالەتتە ئولتۇرۇپ قالغان ئېرىگە ئېغىز ئاچتى:

— قارىغاندا بوۋىمىزنىڭ روھى بىزنى يۆلەۋاتقان ئوخشايدۇ. بىز بالدۇرراق ھەرىكەتكە كېلىپ، ئېپىدىرەك بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتايلى.

بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان تۇرامەت خوتۇنىغا قارىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ قايسى كۈنى تۇرسۇننىڭ «ماڭا ئىشلىشىپ بەر، كۈنلۈكۈڭنى بېرىمەن» دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ ئېرۋىسىغا تەگكەن، زادى نېمە ئىش بولسا، بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىسا بولمايدىغانلىقى ئويلاپ قالغانىدى. لېكىن، نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكى، قايسى ئىشتىن پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەس، شۇڭا خوتۇنىدىن سورىدى:

— نېمە ئىش قىلىمىز، ئەمىسە؟

— ئالدى بىلەن ئۆتەڭگە چىقىپ قاراپ باقايلى، بۇ كالتە بازاردا نېمە ئىش كەم بولسا شۇنىڭغا بېقىپ بىر ئىش قىلارمىز.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ، ئىشىكتىن چىقتى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ دىلى سۈزۈك، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

* * *

تۇرامەتنىڭ ئارغامچا ـ توقۇناق، جۇمبۇ ـ جاۋەن، ھارۋا سايمانلىرى دېگەندەك دېھقانچىلىق لازىمەتلىكلىرى دۇكىنى تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن يامان ئەمەس ئېقىشقا كىرىپ قالدى. دۇكانمۇ خۇددى ئالاھىدە پىلانلاپ ئىش كۆرگەندەك يىغىم ـ تېرىم تەييارلىقىغا ئۇلگۇرتۇپ ئېچىلغان بولغاچقا، ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ قالغانىدى. ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ دەسلەپتە ئۆتەڭدىكى قاپاق تېرەكنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان كىگىز ئورنىدەك يەرگە بىر پارچە كونا پالاسنى سېلىپ ئاچقان بۇ يايمىسى ئەنە شۇنداق كۆز قورقۇتۇشلار، ئارسالدىچىلىقلار ئىچىدە خېرىدارلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ھازىر جاھاندا ئالارمەندىن ساتارمەن تولا، — دېدى ئۇلارنىڭ تىجارەت قىلماقچى بولۇپ ئۇنى ـ بۇنى ئۇقۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلەر كۆز قورقۇتۇپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، بالدۇرراق بىر ئىش قىلغان بولسا قاملىشىپ قالارمىدىكىن، ھازىر بەك كېچىكتى.

— ئەمدى بىر ئىش قىلىپ پايدا ئالالمايدۇ، تۇرامەتنىڭ بولۇمسىزلىقى...

ئۆتەڭدە گەپ جىق ئىدى، ئۇ بىرنېمە دەيتتى، بۇ بىرنېمە دەيتتى. بولۇپمۇ بۇساق چوماق، سۇلايمىناخۇن، بىكار تەلەپ سەيداق دوقىلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى تولا چۆرگىلەپ رايىنى ياندۇرۇپلا تۇراتتى. لېكىن، زەيتۇنەم خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ، بەل قويۇۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئاددىي، لېكىن تەلەپچان ئايالنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئىش بۇگۈندىن باشلىناتتى. كىمۇ ئەمدى بەك كېچىكتى دېگەن؟! دېمەكچىلىك تۇنۇگۈن ئىش باشلىۋالغانلار ئۆزىنى خېلى جۆندىۋالغانلاردۇر. لېكىن، بىر

ھېسابتا ئۇلار يەنە قاتمال، خېرىدارلارنى ئۆز خاھىشىغا زورلاپ كۆنۈپ قالغانلاردۇر. شۇڭا، كۆپىنچە ھاللاردا تونۇگۈن تىجارەت باشلىغانلار بۈگۈن باشلىغانلارنىڭ ئالدىدا كەتكۈزۈپ قويغۇچىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بەك كىچىكتى دەپ دىلغۇل بولۇش بىر يارىماسلىق، خالاس.

زەيتۈنەم پۈۋلىگەندەك سەمرىتىپ بېقىۋاتقان قوزىلىق قويىنى سېتىپ، بىرنەچچە يۈز كوي پۇلنى شەھەردىكى توپ مالچىلارنىڭ دۈكىنىدا پارچىلاپ خەجلەپ بولغۇچە ھېچنېمە خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى، تەمكىن بولدى. تېخى يايما ئاچقان بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە خېلى سودا بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپلا قالدى. خېرىدارلارنىڭ سورىغانلىرىغا قاراپ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان لازىمەتلىكلەرنىڭ تۈرلىرىنى بىلىۋالدى. ھودۇقۇپ ئولتۇرۇپ بەزى ماللارنى زىيىنىغا، بەزى ماللارنى پايدىسىغا سېتىپ بارا ـ بارا موللا بولدى.

— بازارغىمۇ چىقىپتىمىز، لېكىن نېمە ئىش قىلارمىز؟ — دېگەندى زەيتۈنەم ھېلىقى ئەتىگىنى ئۆتەڭدىكى تۆت يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ئاتا ـ بوۋىمىز خالۋاپ بولغاندىكىن، شۇنداقراق بىر ئىش قىلايلىمىكىن يا... — دېگەن تۇرامەتمۇ ئارىسالدى بولۇپ.

— كاناي ياغلىغىلى ياغ يوق، سۇناي ياغلىغىلى ياغ نەدە دەپ، ئۇ ئىشنىڭ دەسمايىسى ئېغىر تۇرسا، — دېدى زەيتۈنەم ئۆزىچە خورسىنىپ، — يەنە كېلىپ بىزگە ئوخشاش تېخى قورساقنىڭ غېمىدىن چىقىپ بولالمىغان بۇ ئادەملەردە گىلەم ئالغىلى پۇل نەدە دەيسەن!

— خالۋاپلار گىلەملا ئەمەس، خۇرجۇن ـ تاغار توقۇيدۇ. قۇر ـ ئارغامچا ئېشىدۇ.

— ئەجەب ئوبدان دېدىڭىز، مۇشۇ كەمدە ئارغامچا، تاغار دېگەن نەرسىلەرمۇ قىس بولۇپ كەتتى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن جىق تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن

ئۆيگە تاغار، ئارغامچا توقۇيدىغان دۇكان قۇرۇپ، تۇرامەتنىڭ
ئاتا كەسپى ئارقىلىق ياخشىراق كۈن كەچۈرمەكچى بولدى.
ھالبۇكى، شۇ ئىش ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرگەن كۈنلەردە خام ئەشيا
قىلغۇدەك پاختىنىڭ يوقلۇقىنى، پاختىنى شىركەت، زاۋۇتلار
ھەر يىلى پاك ـ پاكىز سېتىۋېلىپ، يىغىشتۇرۇپ
تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇننىڭ
پىلانى تەييار ئارغامچا، توقۇناق دۇكىنىغا ئاساس بولۇپ قالدى.
شۇنداق قىلىپ، تۇرامەت بىر ھېسابتا يەنىلا ئاتا كەسپىگە
ۋارىسلىق قىلغان بولدى.

ئوغۇلنى ئاتا كەسپى يۆلەيدۇ. ئۆتەڭدىكى قاپاق تېرەكنىڭ
سايىسىدا يايما ئېچىلغان كۈندىن باشلاپ تۇرامەت بۆلەكچىلا بىر
ئادەمگە ئايلاندى. ئۇ ھەر كۈنى ھېلىقى ئۇلۇغ چۈشنى كۆرگەن
ئاشۇ خاسىيەتلىك سەھەردىكىدەك تاڭ سۈزۈلۈزۈشتىن ئاۋۋال
ئورنىدىن تۇراتتى. كۈن قىزارغۇچە بەگلىككە چىقىپ بىرمۇنچە
يەرنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ، يايمىغا مال تىزىپ بولاتتى.
ئالدىراپ كەلگەن خېرىدارلار بىلەن ئانچە ـ مۇنچە سودا قىلىپ
بولغۇچە خوتۇنى زەيتۇنەم ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىق
ئاشنى كۆتۈرگىنىچە كەينىدىن يېتىپ چىقاتتى. ئۇلارنىڭ
تىجارىتى مۇشۇنداق باشلاندى.

ئۆتەڭدىكى بىكارچىلار تۇرامەتكە بولغان ھەيرانلىقىنى
يوشۇرالماي قالدى. دېمەكچىلىك، ئۇ ئىلگىرىكى تۇرامەتكە
ئوخشىماي قالغانىدى. ئۇ چاغدىكى تۇرامەت كەمبەغەللىكنى چوڭ
كۆرەتتى. «باي دادام شۇنچە باي تۇرۇپ، كەمبەغەللىكنى
سېتىۋالالماي ئارمانسىز كەتكەن، شۇنداق بىر كۈنلەر كەلسە،
سەن پۇل تاپقانلارغىمۇ چاشقان تۆشۈكى سايە بولىدۇ» دەپ كۈلۈپ
پۇل تاپقانلارنى كەم سۇندۇراتتى. مانا ئەمدى ئۇ پۇل تېپىش
كويىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى. بىكار تۇرۇش دېگەننى ئەسلا
بىلمەيتتى. تاپقان ـ تەرگىنىنى بۇزۇپ ـ چېچىش خىيالى يوق،
دۇكىنىنى ئاۋات قىلىش، بىرنى ئىككى قىلىشنىڭلا كويىدا

يۇرەتتى.

بۈگۈن تۇرامەت قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىگە پارچە ـ پۇرات ياغاچ ـ تاش، شال ـ تاختايلاردىن بوتكا ياساشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش يۈرەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇرىدىغان بىكارچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا چولىسى يوق ئىدى.

— تۇرەك دېگەن كۆك كۆزگە قاراڭلار، — دېدى بىكارچىلارنىڭ ئاتامانى بولغان سەيداق ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تۇرامەتكە بۇراپ، — ئىشلەپ بولالماي، تاس ـ تاس قاپتۇ ئىشتان ـ كۆڭلەكنى بىراقلا سېلىپ تاشلىغىلى، — سەيداقنىڭ ئىچى قوتۇر، ئەتراپىدىكىلەرنى چۇشۇرۇپلا يۈرىدىغان خۇيى بولغاننى ئاز دەپ، كىمنىڭ كۆنى ياخشىراق بولسا شۇنىڭغا ئىچ قىزارتاتتى.

قىلغىلى گەپ تاپالماي، ئىچ پۇشۇقىدا ئولتۇرغانلار بوينىنى چىپار ئۆردەكنىڭ بوينىدەك سوزۇپ، دوپپىسىنى تېرەكنىڭ پۇتىقىغا ئىلىپ قويۇپ، كۆك ئاسما مايكا بىلەن يەڭگىل ئولتۇرۇپ شال مىخلاۋاتقان تۇرامەتكە قارىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆز ئىشىغا بېرىلگەنىدى. ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى كاسىسىدا ئويناپ تۇرغان خوتۇنى يايمىدا ئۇنى ـ بۇنى ساتقاچ تۇرامەتنىڭ ئېغىرىنى يېنىك قىلىپ، قولمۇقول ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئۇۋىسىز پاختەك باش ـ كۆزى يوق ئۇۋا ياساۋاتقاندەك ـ ھە... — دېدى سەيداق يەنە تۇرامەتنىڭ يېغىرىغا تېگىپ.

— خوتۇنىنىڭ ئالدىدا پاختەككە ئوخشاپتۇ زادى!

— دېمىسىمۇ شۇغۇ، بۇ پاختەك خوتۇنى ئالدىغا سالغان بولغاچقا، پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي پالاقلاپ يۈرىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىۋىدىم، تۇرامەت ئۆيىدە ئارام ئېلىپ ياتسا، خوتۇنى بېشىغا كېلىپ دۈنامە ئوقۇپ ئارام تاپتۇرماسمىش. بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇت دەپ راڭشىپ

ئۆيىدىن قوغلارىمىش.
— خوتۇنى ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن قوزىلىق قوي، بىلەن توخۇلىرىنى سېتىپ مۇشۇ ئىشنى قولاشتۇرۇپتىمىش.
— ۋۇي، ئۇنداق بولسا زەيتۇنەم دېگەن ئۇ كۆك ئۇسما بولىدىغان خوتۇنمۇ نېمە، ئاغىنىلەر؟ — دېدى سەيداق ئۆچكىدەك مەرەپ.
— خوتۇن كىشى دېگەن بولۇپ ـ بولماي، قانچىلىك نېمە ئىدى ! نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟
— بىزنىڭ خوتۇن خەقلىرىمىزدىن تېخى ئۇنچىلىك ئىنجا كېلىدىغانلىرى يوق جۇما ! تېپىپ بەرسەڭ يەپ بېرىدۇ، ئۇرۇپ سالساڭ ئۆلۈپ بېرىدۇ !
— بۇ گەپقۇ راست.
— قويە ئۇنداق گەپنى. تۇرامەتنىڭ خوتۇنى ھازىر ئۇنداق قىلىپ يۈرگەن بىلەن كېيىن ھامان ئۇنىڭغا نان بەرمەيدۇ.
— توغرا دېدىڭ، «خوتۇن كىشىنىڭ مەللىسى ئىشىك بېشىدىكى ئەسكى چورۇق» دېگەن گەپ بار. ھازىر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىل سىغمىغان بىلەن، كېيىن ئالمادىس بىر ـ بىرىگە كەينى بولۇپ قالسۇن قېنى، ئۇ چاغدا تۇرامىتاخۇننىڭ پېشانىسىغا دوققىدە تېگىدۇ !
— ئۇنداق خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا قالغان ئەركەكنى ئەركەك دېمىسىمۇ بولىدۇ.
— شۇڭا، پاختەك دەپ قويدۇققۇ ئاينا !
— ھا ـ ھا ـ ھا !... — ئۆستەڭ بويىدىن چىققان ئالتاغىل كۈلكە پۈتۈن ئۆتەڭگە ئاڭلاندى. تۇرامەت ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بۇ گەپلەرنى، مەسخىرە كۈلكىسىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدىمۇ قانداق، باش ـ كۆزى يوق ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.
ئىت قاۋار، كارۋان يۈرەر. ئىت قالار، كارۋان كېتەر. ئۆتەڭدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا تۆكۈرۈكىنى يۇتۇپ ئولتۇرغان

ئېغىزلاردىن چىقىدىغان غەيۋەت ـ شىكايەتلەر، تېتىقسىز گەپلەر بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. تۇرامەتنىڭ تىنىمسىز چېپىپ تۇرغان پۇتىمۇ، ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان قولىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە تېتىكلىشىپ باردى. قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە چاقىقانغىنا بىر ياغاچ بوتكا پەيدا بولدى. ئەمدى تالاغا تىزىلىپ كېلىۋاتقان ماللار بوتكىنىڭ ئىچىگە تىزىلدى. سېتىلىدىغان ماللارنىڭ تۈرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيتىلدى. ئەمدى بۇ يەردىن ئەتىدىن ـ كەچكىچە رادىيونىڭ ئۈنى ئۆچمەيدىغان، بوتكىنىڭ ئالدىغا كېلىشىۋاتقان، كېتىشىۋاتقانلانىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. بىر چاغلاردا ئۆتەڭدە خەقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ يۈرىدىغان «تۇرەك» نىڭ ئىككى قوۋۇزىغا ئەت قونۇپ، «تۇراخۇن ئۇستام» بولدى. زەيتۇنەم ئايىقىدا پالاقشىپ سۆرىلىپ تۇرىدىغان كەڭ تامبىلىنى سېلىپ تاشلاپ، چۆرمەچتەك ئىنچىكە پاچاقلىرىغا پايپاق تارتىپ، تاقىلداپ ماڭىدىغان بولدى. ئۇ ھازىر ئايىغى پالاقشىپ تۇرىدىغان پۇچقىقى كەڭ تاۋار تامبىلىنى كىيىپ قالىدىغان بولسا، ئىنچىكە تەردۇرگەن قاشلىرىغا، ماي سۇرۇۋالغان يۈزىگە، لەۋلىرىدىكى سۇس لەۋسۇرۇخقا قەتئىي ياراشمىسلىقى تۇرغانلا گەپ. تېخى دۇكاندا ئۆزىنى زەيتۇنخان دەپ چاقىرغانلارغا ئانچە ئېچىلىپ مۇئامىلە قىلمايدۇ. «جاڭگاللىقتەك گەپ قىلىشماڭلار» دەپ چاقچاق قىلىپ قويىدۇ. «زەيتۇنەم» دەپ قويغۇدەك بولسا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. خۇشلۇقتا قولىغا چىققان مالنى بىكارغىلا بېرىۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ.

شۇنداق، ئاتا كەسپى ئوغۇلنى يۆلەيدۇ. چۈشىدە بوۋىسىنىڭ روھىدىن كۈچ ئالغان تۇرامەت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئوبدانلا تىرىكچىلىكنىڭ يولىغا كىرىۋالدى.

## 5. زەينەپ ھامىلدار

زۇمرىخان گۈزەللىك، شوخلۇق، نەزىرى ئۈستۈنلۈك ئۆزەڭگىسىدىن چۈشۈپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ نەپرەتلىك كۆزلەر

ئالدىدا خەقنىڭ پۇتىدىن چۈشۈپ قالغان ئەسكى كېپىشچىلىك قەدرى قالمىغانىدى. ئۇ ئايلاپ تارغاق تەگمىگەن چاچلىرىنى پېشانىسىغا چۆكۈرۈپ چىگىۋالىدىغان كونا ياغلىقىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئۈن - تىنسىز ھالدا تىرىكچىلىك غېمىدە ئۆمىلەيتتى. ھېچكىمگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىمايتتى، ھېچكىمگە چىش يېرىپ گەپ قىلمايتتى. خەق ئۇنىڭ دادىسى يوق ھارام بالىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان تۇرقىغا قانچە نەپرەتلەنسە، ئۇمۇ جاھانغا ھۆكۈمران بولۇۋالغاندەك ئۆزىنى غالىب ھېسابلايدىغان ساقال - بۇرۇتلۇقلارغا شۇنچە نەپرەتلەندى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇرۇت شەھۋەتخورلۇق، تەمەخورلۇق، ئالدامچىلىق، نامەردلىكنىڭ بەلگىسىدەك كۆرۈنەتتى. ھەئە، زۇمرىخان بۇرۇتنى لىكىلدىتىپ ئۆزىگە ئىما - ئىشارەت قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ كويىدا يۈرىدىغان ئەركەكلەرگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ بولغانىدى. ئەرلەر ئۇنى شۇنداق خوتۇن دەپ، ئۇچرىغان يەردە كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا، سۇركىلىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ بولسا ھەممىگە نەپرەت بىلەن ئالىيىپ، گەپ تەشكەنلىكى ئەرلەرگە تىل - دەشنەم ياغدۇرۇپ، قەدىرسىز كەتكەن قىزلىقى، زەبۇن بولغان ياشلىقى ئۈچۈن ياش تۆكەتتى. شۇ تەرزدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، زۇمرىخان شۇنداق بىر ئايالغا ئايلاندىكى، بەگلىكتىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدىغان، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاياللار ئەرلىرىنى زۇمرىخاندىن كۈنلەيتتى. ئۇچرىغان يەردە ئاشۇ تۇل خوتۇننىڭ چاچلىرىنى يۇلغۇدەك بولاتتى. رەھىمسىز رېئاللىق زۇمرىخاننى باغرى پۈتۈن، مىجەزى توڭ، قىتىغۇر، ئاغزى ئىتتىك، ھېچكىمگە چىراي ئاچمايدىغان بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

زەينەپ چوڭ بولغاندىن كېيىن زۇمرىخاننىڭ يەنە بىر قېتىم باغرى لەختە - لەختە قان بولدى. چۈنكى، بارغانچە چوڭ بولۇۋاتقان بۇ قىز « كا... كا... كۇ... كۇ...» دېگەندىن باشقا بىر

ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايتتى. ئۇ نېمىشقىكىن تۇغما گاچا بولۇپ قالغانىدى. زۇمرىخان قىزىغا تىل چىقىرىش ئۈچۈن بىلگەن ـ ئاڭلىغان سەۋەبنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. يۇرت ئارىلاپ ناغرا چېلىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەرلەرنىڭ ناغرىسىنىڭ چوكىسىنى چايقىغان سۇنى ئىچۈرۈپ باقتى. مازار ـ ماشايىخلارغا ئاپاردى. باخشىغا ئوقۇتۇپ سەۋەب قىلدۇردى. لېكىن، زەينەپ يەنە تىلسىز پېتى قېلىۋەردى.

— پاسىق ئۇرۇقىدىن تۆرەلگەن شۇم ئاشۇنداق تىلسىز بولىدۇ!

— نىكاھسىز زىنا ھارامدۇر، ھارام ئارىلاشقان ھامىلە مەجرۇھتۇر!

— ھارامدىن تۆرەلگەن بالىنىڭ ئايىغى تەگكەن يەر قۇرۇپ كېتەرمىش!

— باغنىڭ ئۆرۈكلىرى يەنە ئاق توزان [1] بولۇپ قاپتۇ.

— بەلكىم بۇ يىلمۇ ئۆرۈك ئوخشىمىدى بولغاي...

قاغىتۇمشۇق ئېغىزلار يۇمۇلۇپ ئۆتمەيتتى. ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دارىتمىلاشلار ئانىنىڭ جېنىغا تېگەتتى. لېكىن، ناتىۋان قىز نەپرەتلىك كۆزلەردىن، شور ئېغىزلاردىن بىخەۋەر ھالدا ئۆرۈكنىڭ شېخىغا چىقىۋېلىپ زەينەپنىڭ كاككۇكىنى چاقىرىشىغا قۇلاق سالاتتى. تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋېلىپ يۇرت ئىچىدىكى زورىگۇل، قېمىزخان، مەينىسا، ئالمىخان، غوجاخۇن، قوپەك، سەيداق دوقا ... قاتارلىق تەڭتۇشلىرىنىڭ «ئوردىكوم» ئوينىشىغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. ئەمما، ئۇلار ئۆزىنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر قاچاتتى. ئۇ تەڭ دېمەتلىكلىرىگە شۇنچە ھېرىسمەن ئىدى ـ يۇ، لېكىن ئۇلاردىن قورقاتتى، ئۆزىنى قاچۇراتتى.

زەينەپ تىلى مەجرۇھ بولۇشىغا قارىماي شۇنچە تىمەن، قاۋۇل

[1] ئاق توزان ـ ئۆرۈك كۆچەتلىرىگە چۈشكەن بىر خىل كېسەللىك.

چوڭ بولدى. زۇمرەتخان ئۇنىڭ ئاق ئۆرۈكتەك سۇزۇك، پارقىراق چېھرى، ئۆرۈك كۆتىكىدەك تەمبەل ئۇستىخىنىغا قاراپ قىزىنىڭ دادىسى بولىمىش ھېلىقى نامەرد — بۇساق چوماقنى چېچى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك بولاتتى. زۇمرەتخان كېيىن مۇھەببەتخاندىن بۇساقنىڭ ئۆزى قانات سۆرەپ قالغان يەنە بىر ئايالنىڭ ئېرىدىن ئۆلگۈچە تاياق يەپ خېلى ئادەم بولغانلىقىنى ئاڭلىدى.

خەقنىڭ تارتقۇلۇقى ئۆزىگە، ئۇنداقلارنىڭ ئۆزگىلەرگە قىلىپ قويغىنى بار بولغاچقا، ھامان ئاشۇنداق تارتقۇلۇقنى تارتىدۇ. ئەمما، خەقنىڭ تارتقۇلۇقى بىلەن زۇمرەتخاننىڭ تەقدىرى ئۆزگەرمىدى. «قارا كىگىز» قارا كىگىز پېتىچە قېلىۋەردى. شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنىڭ، ئوتلۇق ھېسسىياتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ تەقدىرى تۈپتىن ئۆزگەرگەن قىز بەگلىكتىكى نەپرەتلىك كۆزلەر، ئۆزىنى قاچۇرۇشلار، دارىتمىلاشلار، كەينىدىن تۇكۇرۇشلەر ئىچىدە بۇگۇنگىچە تىرىك ياشىدى. ئۇ ئاشۇ قارا باسقان يەكشەنبىدىن كېيىن كۆزلىرىدىكى مەغرۇرلۇق ئۆچتى. خەقنىڭ كۆزىگە يېلىنجاپ تۇرغان ئوتتەك ئەمەس، بەلكى يۇرقىراپ تۇرغان تۇتۇن بولۇپ كۆرۈندى.

ئارىدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. زۇمرەتخان ئاتا ـ ئانىسى بىكارلاپ بېرىپ چىقىپ كەتكەن ئاشۇ كونا ئۆيدە ياشلىقى بىلەن خوشلىشىپ چار باش بولدى. كۆزى ئاجىزلاپ، ئەلگەك كىيدۇرۇپ قويغاندەك تورلىشىدىغان بولۇپ قالدى. يۈزىگە قېرى ئۆرۈكنىڭ قوۋزىقىدەك يېرىق ـ يېرىق قورۇقلار ئىز سالدى. ئۇ ئاشۇ يىللاردا ئاتا ـ ئانىسىنى ئىلىدىكى ئالتە شەھەرلىكلەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانىمىش دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارىغۇدەك يۈزىمۇ يوق ئىدى. زەينەپ رەسىدە بولغاندىن تارتىپ بىچارە زۇمرەتخاننىڭ غەم ـ ئەندىشىسى ئېشىپ بارغانىدى. ئۇ تىلى بولمىسىمۇ قازان بېشى ۋە تۆشۈككە ئەپچىل،

ئېتىز ئىشىغا قاۋۇل چوڭ بولغان قىزنىڭ يۈرت ئىچىدە بىرەرسىگە ھالاللاپ چېتىپ قويۇپ، بېشىنى ساقايتىشنى ئويلايتتى. لېكىن، كىشىلەر زەينەپتىن قاچاتتى. زەينەپكە، باغنىڭ كەينى قاشاسىدىكى بۇ كونا ھويلىغا بىر خىل سىرلىق تۇيغۇدا قارىشاتتى. زەينەپمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن شۇنداق قاراشنى بايقاپ قالغاندەك ئۇلار بىلەن كارى يوق ئىدى، ئۆزىنى قاچۇراتتى. كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئېتىزلىققا ئىشقا چىقسا، مەزمۇت ئەر كىشىدەك گۈپ - گۈپ قىلىپ كەتمەن چېپىپ، ئىشنى ئۆز تەرتىپى بويىچە تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ تۈگىتەتتى. ئۆيدە تۆشۈككە قول تىققۇدەك بولسا ئۆزى تېرىپ ئۆستۈرگەن ئوتياشلار، كۆك پۇرچاق، ماش، باقىلە، نوقۇتلار بىلەن يوقسۇزلۇقتىن گۆش، ماي دىدارى كۆرۈپ باقمىغان قازاننى قويۇلدۇرۇپ، ئانىسىنى تاڭ قالدۇراتتى. ئارام تېپىپ قالغان چاغلىرىدا ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەككە چىقىپ ئولتۇرۇپ، زەينەپنىڭ پىغانلىق نالىسى بىلەن كاككۇكنى چاقىرىشىغا قۇلاق سالغاچ كەشتە تىكەتتى.

زەينەپنىڭ شۇنچە ئىشچان، رايىشلىقىغا باقماي ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىدى. ئانىنىڭ تەمە قاچىسى توشۇپ، ئۈمىدى ئۈزۈلدى. مانا ئەمدى بۇ قىز ئۆز ۋايىغە يېتىپ، يىگىرمە ياشتىن ھالقىۋاتقاندا ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىش ئانىنىڭ ئۇنىڭغا ھامىلىدار بولغان ۋاقتىدىكى ئۆزگىرىشكە ئوخشايتتى. بۇ ياشقا كىرىپ پاختا ئىچىدىكى ئوت بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭغا كىم چېقىلىپ قويغاندۇ؟ بۇساق دېگەن توڭگۇزنىڭ قىلغان ئىشىمۇ يا؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا... لېكىن، ئۇ ھايۋان زەينەپنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپتىكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ھايۋان نەپسىنى باسالماي، ئۇنىڭغا چېقىلىپ ھامىلىدار قىلىپ قويىدۇ... ئاھ خۇدا، بۇ ئىش ناۋادا ئاشۇ جوھۇتنىڭ قىلغان ئىشى بولۇپ قالسا، مەن ئۇ دۇنيادا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن - ھە؟!

ئانا چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلىدى. ياشلىقىدا

سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغىنى ئۈچۈن تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئۆزىنى بۇ قەدەر جازالىغانلىقىغا ئۆيدىن تالاغا چىقماي دۈم يېتىپ يىغلىدى.

## 6. سارىخاننىڭ رىشتىسى

قوش قاناتلىق دەرۋازا ھالقىسىنىڭ ئۈنلۈك شاراقلىشى ئۇيقۇسىز ياتقان سامۇق موللامنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— سىيىتچوڭمۇ سەن؟ !

— ھەئە... مەن، دادا.

— بارغان يېرىڭلەدە قونۇپ قالماي يېنىپ كەلدىڭلىمۇ، نوچى؟ — زەنجىرنى شاراقلىتىپ دەرۋازىنى ئاچقان بوۋاي سۆس ئايدىڭدا ئوغلىغا تەنە قىلدى.

— يېنىپ كەلمەي ئەمىسە !... — ھېرىپ ـ ئېچىپ كەتكەنلىكتىنمىكىن، سىيىتچوڭنىڭ ئاۋازى زەردىلىك چىقىپ كەتتى.

— ياراتقان ئىگەم ئاشۇ پۇتلىرىڭنى ئەزىز قىلسۇن، بالام ! — بوۋاينىڭ ئاغزى يۇمشاق بولسىمۇ، ئاۋازى تەئەددىلىك ئىدى، — شۇنچە كىچىگە قالغۇدەك نېمە ئىشلار بولدى؟ شەنبەبازارلىق قىزنىق تونۇرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ قويغان كونا قايماقتىن يېگۈزۈۋەتمىگەندۇ؟ !

سىيىتچوڭ دادىسىنى بەك ئاچچىقلاپ كەتمىسۇن دەپ جىممىدە تۇردى. ئۇ يەڭگىلتەكلىك قىلىپ قويۇپ ئۆلىما ئاتىسىدىن قارغىش ئېلىپ قېلىشتىن شۇ قەدەر قورقاتتى.

— ھە، گەپ قىلسىلا، قېنى ئالغان ماللىرى؟ — سامۇق موللام ئۇنىڭغا بىرئاز قاتتىق تەگدى، — ئاكىلىرىغا قارىغاندا خېلى جىگىرى بار ئەركەك بولدى دېسەم، بارغانچە يا ئەندە يوق، يا گەزدە يوق بىرنېمە بولۇۋاللى يا سىلى؟

سىيىتچوڭ ئۈندىمەي تۇردى. غۇۋا يورۇقتا ئۇنىڭ

چىرايىدىكى ئالامەتنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. شۇ تاپتا بوۋاينىڭ پەيلىدىن ئۇركۈگەن ئاسماندىكى ئايمۇ ئۆزىنى بۇلۇتلارنىڭ دالدىسىغا ئالدى. گەپ ئاڭلاۋاتقان يىگىتنىڭ جىسمى دادىسىنىڭ ئالدىدا تۇرسىمۇ، ئەس - خىيالى جاڭگال ئاتلاپ شەنبەبازارغا — سارىخانىغا كەتتى.

سىيىتچوڭنىڭ يۈرىكى شەنبەبازاردا — ئۆرۈكلۈك ھويلىدا قالغانىدى. قىزىپ - تەرلەپ تۇرالماي قالغاندا يۈرەك - باغرىنى سەگىتكەن بىر نوگاي سۇ ياشلىق تەپتىدىن يېلىنجاپ تۇرغان ۋۇجۇدىغا ئورنىشىپ قالغانىدى. يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەنسېرى ئوت - كاۋاپ بولۇپ چاڭقاپ تۇرغان يۈرىكى سارىخانىنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدىغا يامرىغان ئارامبەخش تۇيغۇدىن ئالەمچە سۆيگۈنى ھېس قىلدى.

يىگىت غۇنچىنىنى يېتىلەپ شەنبەبازاردىن قايتىپ كېلىپ، كېيىنكى ھەپتىسى تاڭ سەھەردە يەنە شەنبەبازارغا چاپقانىدى. ئۇ قىزنى يەنە بىر كۆرۈشنى ئىستەيتتى. كۆرۈشەلەرمەنمۇ، دەپ ئىزتىراپلىق خىيال سۈرەتتى. خىيال ئىچىدە كېتىۋېتىپ قىزنى سۈت - قايماقچىلار چىنە - تاۋاقلىرىنى تىزىپ ئولتۇرغان تار بىر كوچىنىڭ ئاغزىدا ئۇچراتتى. قىزنىڭ قولىدا ئۇست - ئۇستىلەپ تىزىلغان ئىككى دەستە قېتىق، قايماق بار ئىدى. تارتىنىپ تۇرغان قىز ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، ئۇدۇل قېتىقچى قىز - چوكانلارنىڭ قاتارىغا بېرىۋالدى. ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قىزنى قوغلاپ كېتىۋاتقان يىگىت گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. ئۇ شەنبەبازارنىڭ قېتىقىنى بەك ئىچىشلىك دەپ ئاڭلىغانىدى.

قىز قېتىقچى ئادىشى بىلەن يۇگۇرگەنچە ئۆيى تەرەپ ئۇزاپ كەتتى.

— ھە ... قارىي بالام، شەنبەبازارلىقنىڭ قېتىقى تەملىك چىقىپ قالدىمۇ؟

يىگىت ئۆزىگە كەلدى. دادىسى ئۇنىڭدىن ھە دەپ گەپ

سوراۋاتاتتى.

— سىلى جاڭگالىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن خوتۇن ئىزدىمىسەڭلىمۇ، ئۆزۈمىنىڭ هوناپ قويغان يېرىم بار. شەنبەبازاردىن كېلىن ئاچىقىمەن دەپ، خەقنىڭ ئالدىدا دوڭغاقلايدىغان ئەخمەق ساموقاخۇن يوق هازىر. شەنبەبازارنىڭ يولى ئاللىقاچان چىتلانغان، مەن شەنبەبازارلىقتىن بىزار !

تولا گەپ ئاڭلاپ قولىقى سەمرىپ، كۆزلىرى ياشلانغان يىگىتنىڭ خىيالى يەنە سارىخانغا كەتتى.

— مەن ئۇ چىرايلىق غۇنچىنىغا «سارىخان» دەپ ئىسىم قويۇۋالدىم.

— نېمە دېدىڭىز؟ ! — يىگىتتىن قېچىپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان قىز ئىختىيارسىز ئورنىدا توختاپ كەينىگە قايرىلدى، — نېمىشقا؟ نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟

— سىزنى ياد ئېتىپ تۇراي دېدىم. ئۇنى هەر قېتىم شۇنداق چاقىرسام، سىز كۆز ئالدىمغا كېلىدىكەنسىز.

— بىزمۇ ئۇنى شۇنداق ئاتايتتۇق، — قىزنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس، تىترەڭگۇ ئىدى. ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ توختىدى، — ئۆيىمىزدە موهتاجلىق بولمىغان بولسا، دادام ئۇنى ساتمايتتى.

— شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ تاللىغىنىممۇ بىكار ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، سېتىۋالسام دەپ تالاشقانلارغا بەرمەي، ئۆزۈم بېقىۋاتىمەن.

— سىزنىڭ كۆزىڭىز مال تونۇيدىكەن، — قىز ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى ئېچىلغان قىزغۇچ ئۆرۈك چېچىكىدەك سۈزۈك چىراي، بولاقتەك كۆزلەر، قىياقتەك قاشلار... يىگىتنىڭ يۈرىكىگە ئوت كەتتى.

— جايىدا تاللاپتىمەن - دە !

شۇ كۈنى ئۇ شەنبەبازاردا قىزنىڭ قولىدىن قېتىق ئىچتى. شەنبەبازارنىڭ قېتىقى ئوت - كاۋاپ بولغان يۈرەكنى سەگىتەتتى.

— قانداق، شەنبەبازارلىقنىڭ قېتىقى ئاغزىڭغا بىرقانداق تېتىمىغاندۇ، قارىي؟ — بوۋاي تېخىچە تەرگەۋاتاتتى. ئادەم قېرىغاندا، كۈچ - ماغدۇرىدىن قالغاننىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق تەرسا، بۇدۇشقاق بولۇپ قالسا كېرەك.

يىگىت لەۋلىرىنى چىشلەپ جىممىدە تۇراتتى. ئۇ دادىسىنىڭ قارغىشىدىن بەك قورقاتتى

— جىم تۇرسەنغۇ، مۆرەپ قويە، بالام!

يىگىت بىلەن قىز ھەر شەنبە كۈنى شەنبەبازاردا ئۇچرىشىدىغان بولدى. قىز يىگىتتىن غۇنچىنىڭ چوڭ بولغان - بولمىغانلىقىنى، يىگىتنىڭ مەھەللىسىنىڭ ئوت - سۈيىگە كۆنگەن - كۆنمىگەنلىكىنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. يىگىت قىزنىڭ يېقىملىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ غۇنچىنىڭ بېقىش تاپقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ قوتىنىغا ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ھەتتا ئاشۇ جاندارنى «سارىخان» دەپ چاقىرغۇدەك بولسا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارايدىغانلىقى، چاقىرغان كىشىنىڭ ئالدىغا بويىنىنى سوزۇپ كېلىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. «سارىخان» بۇ ئىككىيلەننىڭ دىل رىشتىسىنى بىر - بىرىگە باغلاپ قويغانىدى.

كېيىن يىگىت بىلەن قىز «سارىخان»نى بىللە بېقىشقا لەۋزە قىلىشتى. بۇ شەنبەبازاردا ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەت سايىسىدا سارىخان ئاتايىن سىيىتچوڭغا دەپ ئەكەلگەن يېڭى قايماقنى تېتىپ ئولتۇرۇپ دېيىشكەن گەپلەر ئىدى.

تېخىچە دادىسىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ تۇرغان يىگىت بۇغدىيىكىنى غۇرتۇلدىتىپ قويدى، شەنبەبازارنىڭ قايمىقى شۇنداق مەززىلىك ئىدى.

ئوغلىنىڭ شەنبەبازاردىن خوتۇن تاپقانلىقى بوۋاينى شوپۇڭدا قېقىلىۋاتقان قېرى ياڭاقتەك ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى:

— خۇدانىڭ ھەققىدە بولسىمۇ زۇۋانىڭنى ئاچە، شۇنچە كەڭ،

شۇنچە ئاۋات بەگلىكتىن خوتۇن تېپىلمىدىمۇ ساڭا؟ ! يىگىت ئۈندىمىدى. دادىسى بىلەن تەڭ تۇرۇش ئەخمەقنىڭ ئىشى ئىدى.

— زۇۋانىڭ يەملىشىپ قالمىغاندۇ؟!

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ۋاق - ۋۇق قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دادىسىنىڭ ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان ھاسىسى ئوغۇلنىڭ ئوشۇق، پاچاقلىرىدا ئۈنلەپ كەتتى.

ئەمدى بولار ! ئەمدى بولار ! — خېلىدىن بېرى بوۋاينىڭ رايىغا بېقىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈندىمەي تۇرغان موماي دوڭغاقلاپ كېلىپ، بوۋىينىڭ ئوغلىنى ئۇرۇۋاتقان ھاسىسىغا ئېسىلدى.

— ھاي خوتۇن، مەن گەپ ئاڭلىمايدىغان ما تاپنى تۆشۈككە نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، سىلى نېرى تۇرۇڭلار !

— مەن خۇش بولۇپ كېتەي، — دېدى موماي يېلىنىپ، — بۇ بالامنىڭ بېشى بەك ئايلىنىپ كەتتى. سىلىمۇ ياش چاغلىرىدا ھەپتىيەكنى ئوقۇغىلى ئۈنىماي خەقنىڭ بېغىنى ئايلىنىپ، «سارىخان ئوتۇڭ يامان ...» نى ئوقۇپتىكەنلىغۇ ! شۇنىڭغا ئوخشاش تىل - دەشنەم، تاياق - توقماق بىلەن يىگىت بېشىنى ئوڭشىغىلى بولمايدۇ. ئاۋۋال تۇنۇگۈن ئاخشام سىلى دېگەن ھېلىقى ئىشنى قىلىپ سەۋەب قىلدۇرۇپ باقايلى. ئاندىن...

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۈچ گەۋدە جىممىدە تۇرۇپ قالدى. مومىيى سامۇق موللامنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغانىدى. بىرھازادىن كېيىن بوۋاينىڭ خىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خەير بوپتۇ، ئاللا خالىسا، چالىسىنى ئەتىگىچە دېيىشىۋالارمىز... — بوۋاينىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىنى ئويغىتىۋەتتىمىكىن، ئىتلار قاۋاپ، خورازلار بەس - بەستە چىللاشقا، ئېشەكلەر ھاڭراشقا باشلىدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن بۇساق چوماقنىڭ دېڭى داراڭلايدۇ !

## 7. قوناقلىقتىكى جىن

قوپەك جىمجىتلىقتا چۆككەن قوناقلىقتىن خوتۇنى مەينىسانى تاپالمىدى. قوناقلىقتىن چىقىپ خۇيى تۇتقان توپاقتەك پۇشۇلداپ، كۆزلىرىنى ئالغايتقىنىچە تۆت تەرەپكە چەكچىيىپ مەھەللە تەرەپكە كەلدى. ھاڭدەك ئوچۇق تۇرغان ھويلىسىغا كىرىپ، خوتۇنىنىڭ ئىزىغا سەپسالدى. شۇ پەيتتە بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىۋالغان خوتۇنى پەيلى بۇزۇق ھالدا ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ يامانلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىگەن قوپەك «داراڭ ـ دۇرۇڭ» قىلىپ دەرۋازىنى تاقىدى، يەنە تېخى ئۆگزىدىن شوتىنى تارتىۋەتتى. «ئەمدى نەگە قاچالايسەنكىن قېنى؟» قوپەك خاتىرجەم ھالدا كەينىگە بۇرۇلغاندا، خوتۇنى مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن ھويلىدىكى ئامۇت دەرىخىگە چىقىپ بولغانىدى. بوغچىسىمۇ بىلىكىگە ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ چىرايىنى قار ـ مۇز قاپلىغان خوتۇنىغا بىرپەس ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردى، كېيىن شوتىنى مىڭ تەستە ئورنىغا قويۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆگزىگە چىقتى. بۇ چاغدا خوتۇنى ئۆگزىدىن ئارقىدىكى ياڭاققا يامىشىپ، پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈۋاتاتتى.

— ئالۋاستى، ئا... ئالۋاستى! — قوپەك ئۆز ـ ئۆزىگە غۇدۇرىغىنىچە شوتىدىن ھويلىغا چۈشتى، دەل شۇ چاغدا بىرسى دەرۋازىنى قاقتى. ئۇ ئۆزى ئىچىدىن تاقاپ قويغان دەرۋازىنى ئاچتى. دادىسى قۇناخۇن تۇگمەندە ئۇگۇت تارتىپ كەلگەنىدى.

— قوناقنىڭ پۆپۈكىنى يۇلۇپ بولدۇڭلىما؟ — ھاردۇق يېتىپ مۇكچىيىپ قالغان دادىسى ياۋىداق ئېشەككە ئارتىلغان يېرىم تاغار ئۇننى قوپەككە يۇدۇتكۇزۇپ قويۇپ، ئۇستىبېشىدىكى ئاپپاق پوستەكلەرنى قېقىشتۇردى.

قوپەك ئۇننى ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ تىرنىقىنى تاتىلاپ

تۇردى.

— نېمە تىرناق تاتىلايسىلە؟ خوتۇنۇڭلا قېنى؟

— ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كەتتى.

— نېمە؟!

— ئالۋاستىغا...

— جۆيلۇمە، ئاناڭنى هاڭۋاقتى !

— شۇ... قوناقلىققا بارسام، ئالدىمدىن غايىب بولدى، ئىزدەپ هويلىغا كەلسەم بوغجۇمىسىنى كۆتۇرۇپ قېچىپ كەتتى. — كارغا كەلمەس، نان قېپى هاڭۋاقتى ! دەرۋازىنى تاقىۋالساڭ بولمامدۇ؟ — بوۋاينىڭ چارچۇرۇك ساقاللىرى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. لېكىن، بۇ قويۇق ساقاللارنىڭ مۇهەببەتخانىنىڭ ئالدىدا تېكىنىڭ ساقىلىدەك ئويناپ كېتىدىغانلىقىنى قوپەك نەچچە قېتىم كۆرۇپ قالغانىدى.

— دەرۋازىنىغۇ تاقىۋالغان، قېنى قانداق قىلارسەنكى دەپ تۇرسام، هويلىدىكى ئامۇتقا مۇشۇكتەك يامىشىپ ئۆگزىگە چىقىپ، ياڭاقتىن سىيرىلىپ ئارقىغا چۇشۇپ قېچىپ كەتتى !

— تويلۇق ئېگىنىچۇ؟

— قولتۇقىغا قىسىپ ئەكەتتى.

— تارتىۋالساڭ بولمامدۇ؟

— تۇتۇق بەرمىدى.

— هۇ ئالۋاستىنىڭ خامىنىنى هەيدىگەن هاڭۋاقتى ! بىر پاتمان پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ ئاتنىڭ تايچىقىدەك يۇمران، زىلۋا قىز ئېلىپ بەرسەم جايلاپ خوتۇن قىلالماي، «ئامۇتقا چىقىپ، ياڭاقتىن چۇشۇپ قېچىپ كەتتى» دەپ گۆشىيىپ تۇرغىنىنى !

— مەيلى هەي، دادا. بەك تارتىشقۇچىلىكىمۇ يوق ئىدى ئۇ بىرنېمىنىڭ ... شۇمەكتەك هەممە يېرى غىچ سۆڭەك خۇدى ...

— قوپەكمۇ ئۆز كۆڭلىدە خوتۇنىنى ياراتمايتتى، — مۇبادا مۇهەببەتخان چوڭ ئانامدەك مىلىق - مىلىق بولغان بولسىمۇ

مەيلى ئىدى...

— كۆزۈمدىن بىر يوقالغىنا، — قۇناخۇن ھاسىسىنى شىلتىپ ئوغلىنى قوغلىدى، — ھۇ ئالمىنى ئۇنتۇپ، شاپاققا ئېغىز تەمشىتىدىغان زاڭ گۇي !

قوپەك تالاغا قاچتى. ئۇ ھازىر بىر خوتۇننىڭ ئېرى بولغان بىلەن دادىسىنىڭ تايىقىدىن قورقاتتى. دادىسى ئۇنى «خوتۇن ئېلىپ بەرگەنگە تۇشلۇق ئادەم بولمىدىڭ» دەپ ئەدەپلەيتتى... قوپەك قاچار ـ قاچار مەھەللە ئاتلاپ ئالمىخاننىڭ بېغىغا كېلىپ قالدى.

## 8. ئالمىخاننىڭ چۈشى

ئالمىخان ھويلىدا ئۆزى يالغۇز ئۈيقۇسىز ياتاتتى. غىڭشىلداپ تۇرغان بىزەڭ پاشىلار ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. پاشىلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئىس سالغان سامانمۇ ئاللىقاچان كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان، دۈملەپ قويغاندەك تىنچىق ئىسسىق جاننى قىينايتتى. ناۋادا يەڭگىل شامال چىققان بولسىمۇ، پاشىلارنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن، ئىسسىقنى قوغلاپ جان ئازراق ئارام تاپقانمۇ بولاتتى... سەيداق بەزىدە تامىقىنى چېكىپ، پاشىدەك غىڭشىلداپ دىمىقىدا بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ كېتەتتى:

— كۈلمە، كۈلمىگىن... كۈلكەڭ جىننى ئۇسسۇلغا سالىدۇ، ئەركەك جىننى. كۈلمە، كۈلمە ! باغقا جىن ئولاشتى... جىن، جىن... يۈزۈڭنى ياپ...

ئالمىخان ئۇنداق چاغدا ئېرىگە نەپرەت بىلەن قارايتتى ھەم ئۇنىڭ سۆڭگىچىنى قاشلاپ يېتىشىغا ئۈچلۈكى كېلەتتى. ئېرى ئاشۇنداق ئوڭىدىمۇ ـ چۈشىدىمۇ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەم دىقماق، ھەم دوقا ئەپتىنى چاندۇرۇپ، ئالمىخاننى قۇرتتىنمۇ كۈنلەپ يۈرەتتى. مانا ئىككى كۈن بولدى، ئۇنىڭ كۆنداشلىققا تولغان ئاشۇ تەشۋىشلىك كۆزلىرى تۇرماق،

سايىسىمۇ يوق.

ئالمىخان سەيداق دوقىغا تەگكەندىن كېيىن ئابلىمىتنىڭ ئۈچلۈق ئېڭىكىنى غىشا ئۆت باسقاندەك ساقال بېسىپ كەتتى. ئالمىخانغا كۆيگەن ئوتلۇق قارا كۆزلىرى چامغۇر ئورىسىدەك ئولتۇرۇشۇپ ھەسرەتكە پاتتى. ئۇنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمەس بولۇپ قالغانلىقى ئاشۇ كۆزلىرىدىن، قوۋۇزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئۈچلىنىپ قالغان ئېڭىكىدىن مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى... خىيال ئىچىدە يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا بارغان ئالمىخان ئابلىمىتقا قاراپ تاتلىق كۈلدى:

— ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك توك سويىمىنى پىچىپ بېرىپ...

— توك چىقمىغاندۇ؟ ئەكېلە، سەن چىشلىگەن يەردىن مەنمۇ تېتىپ باقاي، — ئابلىمىت ساتمىدىن چۈشۈپ ئالمىخاننىڭ قولىدىكى قوغۇنغا قول ئۇزارتتى.

— مەن چىشلىگەن يەردىن چىشلىمىسەڭمۇ، كاپا قوغۇننى پىچىپ قويدۇم، تېتىپ باق، — ئالمىخان ئابلىمىتنىڭ قوغۇنلۇقىدا تۇرغىنىمنى بىركىم كۆرۈپ قالدىمىكىن، دەپ كەينىگە داجىپ ئىككى يانغا قارىدى. ئەمما، چىڭقىچۈشتە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ تۆت ئەتراپتىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئالدىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قولىدىكى بىر تىلىم قوغۇن ئابلىمىتنىڭ لەۋلىرىگە تەگكەنىدى.

— قانداقسىغا توك بولىدۇ؟ — دېدى ئابلىمىت ئالمىخاننىڭ ئاغزىدا بىر، ئۆزىنىڭ ئاغزىدا بىر چىشلەنگەن قوغۇننى يەنە ئالمىخانغا ئۇزارتىپ، — ئالما تاتلىقى چىقىپتىغۇ.

— ئالما تاتلىقى؟ — ئالمىخان نېمىشقىدۇر قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىلگىرىمۇ باشقىلارنىڭ قوغۇن يەۋاتقاندا شۇنداق بىر گەپنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلغان، ئەمما ئۇ چاغدا ئانچە ئېرەنشىمىگەنىكەن، — بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئابلىمىت؟

— ھەلۋىسىدە، جايىدا دېگىنىم، — ئابلىمىت ئالىمخاننى تونجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا يېڭىباشتىن تىكىلىپ قاراپ كەتتى، — مەن پىشىپ مىلىقشىپ كەتكەن قوغۇنغا ئانچە ئامراق ئەمەس، مۇشۇنداق ئالما تاتلىقى چىققان قوغۇنغا ئامراق.

— ئاجايىپ ئىكەنسەن، — دېدى ئالىمخان، ئۇنىڭ خىجىللىقى بىرئاز ئۆچۈشلىپ.

— قانداق؟ — دېدى ئابلىمىت ئۇنىڭغا يەنە بىر تىلىم قوغۇن ئۇزارتىپ، — سەن قوغۇننىڭ سۆيى ئېقىپ تۇرغان يېرىگە ئامراقمىدىڭ؟

ئالىمخان گەپ قىلمىدى. بۇ دورەم قوغۇن ئۇنىڭغا باشقىچە تاتلىق تېتىدى.

— ساتمىغا كېلە، — دېدى ئابلىمىت، — ئاپىتاپتا تۇرۇپ تىنچىپ قالىسەن.

— مەن ماڭاي، — دېدى ئالىمخان ئورغاقنى قولىغا ئېلىپ، — قوناقلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئانامنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

— يەنە بىر تىلىم يەپ ماڭە.

— قالغىنىنى پىشقاندا يېيىشەرمىز.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاي تۇغقاندى. ئالىمخان ئۆگزىگە چىقىپ، ئاستا ـ ئاستا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاتقان ئايغا قاراپ، كۆڭلىنى ناھايىتى يېرىم قىلغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىدە.

«گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۆگزىدىن بىر شەپە ئاڭلاندى. بىرسى ئۆگزىگە چالما تاشلىغاندەك قىلاتتى. چۆچۈپ كەتكەن ئالىمخان كۆزلىرىنى ئاچتى. قاراڭغۇلۇقتا چەكچىيىپ قاراپ، مۇشۇكتەك تۇگۈلۈپ ئۇن چىقارماي ياتتى. ئەمما، ئەتراپ جىمجىت، تىنچىق ئىسسىقتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئالىمخان ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكى ياكى خىيال سۈرگەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى. خېلى ئۇزاقتىچە باشقا شەپە بولمىغاندىكىن، «قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ كۆڭلىنى

تىنچلاندۇردى.
ئالمىخاننىڭ يەنە ئۇيقۇسى قاچتى. بىزەك پاشىلار ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پەسىيىپ تۇرغان يالىڭاچ كۆكسىنى چېقىپ ئارام بەرمەيتتى. ئۇ قارا سىياھتەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئابلىمىتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى...
ئابلىمىت ئالمىخاننىڭ كۆڭلىنى داۋالغۇتۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ۋاقتىدا ئەلچى كىرگۈزەلمىدى. ئۇنىڭ ئويۇنچى دادىسى ئابدۇلئاشىق خېلىدىن بېرى تالادا كۆڭلىنى ئېچىپ، تاپقان - تەرگىنىنى ئۇدۇللۇق سورۇپ تۇگەتكەچكە، ئوغۇل ئۆيلىگۇدەك پۇلىنىڭ يوقلۇقى ئالمىخانغا ئايان ئىدى. ئەمما، ئۇلار پۇل بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي قىزغا سۆز سالغان بولسا، ئالمىخان سەيداق دوقىغا بۇنداق ئىتتىك نېسىپ بولۇپمۇ كەتمەيتتى.
تەڭ چىشلىشىپ ئاغزىنى تاتلىق ئەتكەن «ئالما تاتلىقى»دىكى بىر تىلىم قوغۇننىڭ تەمى ئېغىزدا قالغانچە ئەسلىمە بولۇپ قالدى. ئالمىخاننىڭ كۆز يېشىمۇ قۇرۇپ قالدى. ئەمما، ئالمىخانغا ئابلىمىت تېخىچە ئۆزىنى ئەگىشىپ يۈرگەندەك بىلىنەتتى. ھەئە، ئابلىمىت ئالمىخاننى ئەگىشىپ يۈرەتتى. ھالبۇكى، ئېشەك بۇرنىغا ئالما پۇرسا بىر چىشلەپ قويۇپ كېتىپ قالغاندەك، ئالمىخانغا ئاسان ئېرىشكەن بۇساقنىڭ دوقىسى سەيداق بولسا خوتۇنىنى يالغۇز ھويلىغا تاشلاپ قويۇپ نەلەردە يۈرىدىكىن؟
سەيداقچا خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، ئۆيگە كۆچ بەرمىگەن بۇ ئۇسكەك توپاقنىڭ بويۇنتۇرۇق سالماقچى بولغان بۇساقنىڭ خىيالى كۆپۈككە ئايلاندى. دوپپىنى گەدىنىگە كىيىپ نەگە تۈت ئادەم يىغىلسا شۇ يەردە ئالدى - كەينىگە دەسسەپ يۈرىدىغان سەيداق تويى بولۇپمۇ، خوتۇن ئالدىڭمۇ ياكى يېنىڭدا تۇرغىنى ماڭساڭ ماڭىدىغان، تۇرساڭ تۇرىدىغان سايەڭمۇ، ھېچنېمە خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن كارى يوق، يەنىلا بۇرۇنقى تاكىراڭ چاغلىرىدىكىدەك ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ

بەگلىكتىكى بىر توپ ئالىقاناتلار بىلەن ئۇچۇپ يۈرەتتى. كۈندۈزى ئۆتەڭدىكى كورت ـ قارتا سورۇنلىرىدا، ئاخشاملىرى قايسى تامنىڭ ئارقىسىدىدۇر تاۋكا تۈزەتتى. دادىسىنىڭ ئېتىزمۇئېتىز يۈرۈپ بىچارە خەقكە جەرىمانە قويۇپ، بۇلاپ ـ تالاپ تاپقان پۇللىرىنى ئوغرىلاپ چىقىپ ئۇتتۇرۇپ يۈردى. ئوغلىنى تۈزەلمىگەن بۇساقنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كېلىنمۇ سەت كۆرۈنۈپ، تويدىن كېيىن بىر قىش ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۇلارغا دادىسىدىن قالغان كونا تامىلىقتىن ئۆي تۇتۇپ بەردى. يۇرتنىڭ چېتىدىكى خىلۋەت ماكاندا دادىسىنىڭ نەزىرىدىن قۇتۇلۇپ تېخىمۇ ئەركىنلىشىپ قالغان بۇ قاپاق نوچى ئۆينىڭ غېمىنى قېتىغا ئالماستىن، ئويۇن ـ تاماشا، قىمار سورۇنلىرىغا بېشچىلاپ كىرىپ كەتتى.

## 9. ئانا

گۈلھەسەلخان بالا ئۈچۈن باغرى ئوت ـ كاۋاپ بولغان ياشلىقىنى، كۆرگەن قاباھەتلىك چۈشلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالالمايتتى...

شۇ كۈنلەردە گۈلھەسەلخاننى رەھمەتلىك قېيىنئانىسى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بارسا كۆڭلى ئېچىلىپ قالامدىكىن دەپ، بۇرۇنقىدەك چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، داستىخان قولتۇقلىتىپ تويلارغا ئاپىرىپ ـ ئەكېلىپ يۈرەتتى. بىر قېتىم ئۇلار يەنە ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە خېلى يىراق بولغان كۈنگەي مەھەللىدىكى بىر تويغا باردى. قاشلىرىغا دەمدەك ئوسما قويۇشۇپ، كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرۈشۈپ، يۈزلىرىنى تام ھاكلىغاندەك ئاقارتىپ، لەۋلىرىنى ھازىرلا ئۈزۈۋالغان قىزىل مۇچتەك قىزارتىپ، باللىرىنىڭ كىچىكى قۇچاقتا، چوڭى يېنىدا دېگەندەك قىستىلىشىپ ئولتۇرغان چوكانلار توپلىشىپ دانلاۋاتقان قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ ئۆينى بېشىغا كىيگەندى.

ئۇلار تۇرۇپلا كىملەرنىڭدۇر تويلاپ ئەكىرگەن كېلىنىنىڭ ھالى يامانلىقى ئۇچۇن ئاغزىنى كۆپۈشۇتسە، تۇرۇپلا كىملەرنىڭدۇر قىزىنىڭ تويلۇقى ئەرزان بولۇپ قالغانلىقىنى سۆز - چۆچەك قىلىشاتتى. بىردەم كىمنىڭدۇر پىلان سىرتىدا تۇغۇپ قويۇپ قاق بالاغا قالغانلىقىنى چۆرۈمە چۆچەك قىلسا، بىردەم كىمنىڭدۇر ئەركەك ئۇجمىدەك تۇغماس چىقىپ قالغانلىقى توغرىسىدا قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى. خېلى بىر ۋاق بولغاندا مېھمانلارنىڭ قولى چايىقىتىلىپ، ئاش تارتىلاي دېگەندە، ئاياللاردىن بىرسى گۈلھەسەلخاننىڭ قورساق كۆتۈرمىگەنلىكى توغرىسىدا گەپ تېشىپ قالدى:

— مانا مەن قورسىقىمدا بالا مارىلاپ تۇرغاندەكلا ئەرگە تېگىپ يىل ئاتلىماستا قوشكېزەك تۇغۇۋەتكەن، بۇ گۈلھەسەلخان قورساق كۆتۈرمەي ھازىرغىچە سالتاڭ يۈرىدىغۇ؟!

گۈلھەسەلخان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ، دومباقتەك ئۈنلەپ ئولتۇرغان بۇ گەپ ئانىسى چوكان ئۇلارغا قوشنا كېلىدىغان مۇھەببەتخان ئىدى. مۇھەببەتخانغا ئەگىشىپ زورنىساخاننىڭمۇ ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى:

— مېنىڭ يەڭگەممۇ ئەرگە تېگىپ تۆت يىلدا پۇچۇق سېۋەتتىن پىدىگەن تۆكۈلگەندەك ئارقىمۇئارقا ئۈچنى تۇغۇۋەتكەن، كۆرسىلە!

— زادى شۇ. ھازىر پىلان تۇشۇپ قېلىپ قورسىقىدىكى بالىسىنى يىغىشتۇرالماي يۈرگەن بىزدەك تۇغۇمچى خوتۇنلار سامانىدەك.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، زۇمرىخان دېگەن داغۇۋازمۇ ھېچكىمنى ياراتماي يۈرەتتى، كېيىن تۇيۇقسىز قورساق كۆتۈرۈپ قېلىپ، ھېلىقى تىلسىز گاچىسى زەينەپنى تۇغۇپ قويدى!

— خۇدانىڭ كارامىتى - دە، بۇ... تىلىگەنگە بەرمەيدىغان، قاچقانلار قۇتۇلالمايدىغان...

— بۇ گۈلھەسەلخاندا بىر گەپمۇ بارمۇ، قانداق !
— قورسىقىدا مىسلىمىياڭ بارمۇ يا؟
— ھەرقاچان ئاي كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ !
— ھوي، ئاي كۆرمەي نامازنىڭ تېشىغا چىقمىغان خوتۇننى ئۆيىدە ساقلىغان ئەر ئىلگىرى باسماسمىش !
— قىلغانلىكى ئىشىدىن قىڭغىر كېتەرمىش !
— خەقكە تىك قارىيالماس بولۇپ قالارمىش !
— ئەرلىك ئاتىقى قالماسمىش !
— ...

شۇنداق بولدى، گۈلھەسەلخان «تۇغماس» دېگەن ئاتاققا قالدى. ئۇنىڭ مېھرى ئىسسىق كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ تاماقتىن قالدى. ئالمىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان ئىككى مەڭزى تاتىرىپ، چىرايى سارغىيىشقا باشلىدى. پۈتۈن يەر ـ جاھان ئۇنى «تۇغماس» دەپ سىڭار يان قاراۋاتقاندەك، ھەممە نېمىدىن قورۇنۇپ بىر چىشلەم بولۇپ يۈردى. توي قىلىپ شۇنچە ۋاقىت ئۆتكۈچە ئېرى ئۇنىڭغا بالا توغرۇلۇق بىرنېمە دەپ باقمىغان بولسىمۇ، بىچارە چوكان ئېرى بۇرۇنقىدەك ئۆزىگە كۆيمەيۋاتقاندەك، ئاغزىدا دېمىسىمۇ، يۈرىكى سىقىلىۋاتقاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ يۈرەتتى.

بىچارە چوكان ئاغزى تىنماي توي قىزىتىۋاتقان بۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ بولالماي قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى...

— زۇۋانىنى يىغسا يامان بولامدىغاندۇ؟! — گۈلھەسەلخاننىڭ قېيىنئانىسى داستىخىنىنىمۇ ئۇنتۇپ، كېلىنىنىڭ كەينىدىن چىقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، — باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن نېمە كارىلىرى بار ھەرقايسىلىرىنىڭ؟ !

ئاياللار ئاغزىغا چىۋىن كىرىۋالغاندەك جىممىدە بولۇشۇپ قالدى.

شۇ تويدىن كېيىن گۈلھەسەلخاننىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئازابقا

تولدى. ئۇ مەھەللە ـ كويلاردا ئوماق بالىلىرىنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈۋاتقان، ئوينىتىۋاتقان ئۆزى دېمەتلىك چوكانلارغا قاراپ ئېرىنىڭ، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىدا ئەيىبكاردەك بىر تۇيغۇدا بوغۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

— مەن بۇنداق ئۆتىۋېرىشكە چىدىيالمايمەن، — دېدى چوكان ئازنا كۈنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ، — مېنى ئېلىپ قېلىڭ، ئانا!

— ئېرىڭىزنىڭ بۇ چاغقا قەدەر سىزنى ئاق ـ كۆك دەپ باققان يېرى يوققۇ، نېمانچە دەرد تۆكىسىز، قىزىم؟

— مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن بوغۇلۇپ كەتتىم، ئانا!

— سىز تېخى كىچىك، — دېدى ئانىسى جانسىز قوللىرى بىلەن گۈلھەسەلخاننىڭ زەپىران بولغان يۈزىنى سىلاپ، — قورساق كۆتۈرۈشىڭىزنىڭ پەسلى بار. ئاڭلىسام قۇربان ھېيت كۈنى يەتتە ئۆيدىن گۆش تىلەپ سامسا يېقىپ يېگۈزسە، ھەرقانداق تۇغماس خوتۇنمۇ قورساق كۆتۈرۈپ تۇغارمىش. خۇدا نېسىپ قىلسا ئالدىمىزدىكى ھېيتتا شۇنداق قىلاي دەيمەن. شۇ چاغدا قوشلاپ ـ قوشلاپ تۇغۇپ، ئېرىڭىزنى بالىغا كۆمۈۋېتەمسىز تېخى!

گۈلھەسەلخاننىڭ ئۈمىدسىز كۆزلىرىگە كۈلكە ياماشتى. ئۇنىڭغا ئانىسى ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئۈمىد، خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى، بولۇپمۇ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا قوشماق مېغىز ساقلاپ بېرىشى قىزىق ئىدى. شۇ يوسۇندا يەنە پەسىل ئالماشتى. گۈلھەسەلخان قۇربان ھېيتتا يەتتە ئۆيدىن گۆش تىلەپ ياققان سامسىنىمۇ يېدى، لېكىن ئۇ بەگلىكتىكى ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدا «تۇغماس خوتۇن» بولۇپ قېلىۋەردى.

## 10. قىز خوتۇننىڭ خوۋلۇقى

موللىقۇناخۇننىڭ زەردىسى يامان، قولى ئەتتىكىلىكىگە

گۈلئىمىنىخان گەپ ئانىسى، ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان، ئايىغى سۇيۇق خوتۇن بولۇپ چىقتى. موللىقۇناخۇن رەھمەتلىك خوتۇنىنى «مۆرىمەس»، «زۇۋانسىز» دەيتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ گۈلئىمىنىخاننى «زۇۋۇك»، «كاناي» دېگىنى بەگلىكلەرنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، توينىڭ ئۈچىنچى كۈنى موللىقۇناخۇننىڭ مۇشتى گۈلئىمىنىخاننىڭ قاپىقىنى كۆكەرتىپ ئۈلگۈردى.

— ئۆزۈم سېرىق، كۆزۈم كۆك بولغاندىكىن، قارىمۇتۇققىنا ئەرگە تېگەرمەن دېسەم، ئاخىر سىلىگە نېسىپ بولدۇم، — دالان ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا كاسىسىنى قويۇپ، مۇنىسەنىڭ ئانىسىنىڭ يېلىم چۆچىكىگە يېلىم چىلاپ ئولتۇرغان گۈلئىمىنىخان تۇيۇقسىز شۇ گەپنى قىلدى. موللىقۇناخۇن پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا يۈك ئاتقۇچقا زەي سىپىلىۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ، گۈلئىمىنىخانغا مىختەك قادالدى:

— نېمە دېدىڭ، ھەي؟!

گۈلئىمىنىخان موللىقۇناخۇننىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنىغا پەرۋاسىز ھالدا بايىقى گېپىنى تەكرارلىدى.

— كۆڭلى پەس! — موللىقۇناخۇن ئېتىلىپ كېلىپ، گۈلئىمىنىخاننىڭ باش - كۆزىگە مۇشت، پەشۋا ياغدۇردى. گۈلئىمىنىخان بوسۇغا ئالدىدىكى دەھلىزگە دۈم چۈشتى، چىرقىراپ ئاغزىنى بۇزدى. مۇنىسە ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشتىن قورقۇپ قولىدىكى سۇپۇرگىنى تاشلاپ تالاغا قېچىۋالدى، ئۆستەڭ توقىيىدىكى قارنى يوق سۆگەتنىڭ ئىچىگە مۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئۆي تەرەپكە قۇلاق سالدى. دادىسىغا تىل سېلىۋاتقان گۈلئىمىنىخاننىڭ ئۈنى ئەتراپقا بىر كەلدى.

مۇنىسەنىڭ ئانىسى موللىقۇناخۇننىڭ ئايىغىدا ئۈنسىز ياش تۆكەتتى، ئەمما بىر ئېغىزمۇ تىل ياندۇرمايتتى. مۇنىسە ئەقلىنى بىلىپ، دادىسىنىڭ ئانىسىنى شۇنداق قاتتىق ئۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدى.

— يىغلاپسىزغۇ، مۇنىسە؟

مۇنىسە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، قىزنىڭ ئالدىدا نۇرمەمەت تۇراتتى. ئۇ قويلىرىنى ئۆستەك بويىغا شامالداتقىلى ئاچىققانىدى.

— نېمىشقا يىغلايسىز، باقما ئانىڭىز نان بەرمىدىمۇ؟

قىز بېشىنى چايقىدى، قورسىقىنىڭ ئاچلىقى ئەمدى يادىغا يەتكەنىدى.

قوي قوغلاپ كەتكەن نۇرمەمەتنىڭ گەپلىرى قىزغا ئانىسىنى سېغىندۇردى. ئۇ بىر كېچىسى جىمجىتلا جان ئۈزگەنىدى.

— ئويناشقاننى بىلمەيدىغان سەت كالىكومشار، چۇپۇر گەدەن كىگىزچى! — ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالغان گۈلئىمىنىخان ئاغزىنى بۇزۇپ موللىقۇناخۇننى تىللىغىنىچە هويلىدىن قېچىپ چىقتى. قولىغا زەي ئاتىدىغان مۇشتاقنى ئېلىۋالغان موللىقۇناخۇن ئۇنى قوغلاپ كەلدى. گۈلئىمىنىخان ئاغزىنى بوراندەك قويۇۋېتىپ ئۇنى تىللىغىنىچە قاچاتتى.

— هېلى ئۆلىدىغان يېرىڭگە قويىمەن، سېرىق! — موللىقۇناخۇن چىلان ياغىچىدىن ياسالغان پارقىراق مۇشتاقنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى قوغلايتتى. گۈلئىمىنىخان كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ قاچاتتى. ئىككىيلەن شۇنداق قوغلاشقىنىچە ئۆيلەر تىقماق - تىقماق مەھەللىدىن چىقىپ ئۆتەڭنى بېشىغا كىيدى. ئىشىك ئالدىلىرىدا، ئۇجمە، ئۆرۈكلەرنىڭ سايىسىدا گەپ سېتىپ ئولتۇرۇشقان ئاياللار ناماتمان بىلەن گۈلئىمىنىخانغا بويۇنداپ قارىشاتتى، كۈلۈشەتتى. ئۆتەڭدىكى تۆت يولنىڭ ئاچىسىدا كىمنىدۇر ساقلاۋاتقاندەك يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغان زەينەپ بولسا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، بۇ يېڭى ئەر - خوتۇنلارغا چەكچىيىپ قارايتتى. بۇ ئادەملەر ئابدۇلئاشىقنىڭ هاڭگىسى باغلاقتىن بوشىنىپ، هاياسىزلىق بىلەن قۇناخۇننىڭ مىدىسىنى قوغلاپ ئۆتەڭدە ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈۋەتسىمۇ مۇشۇنداق كۈلۈشەتتى. گۈلئىمىنىخان ناماتمانغا تۇتۇق بەرمەي

قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ سايتۇگمىنىگە يول ئالغانلىقىنى كۆرگەنلەر: «ئانىسىنىڭكىگە يامانلىدى بولغاي» دېيىشتى.

گۈلئىمىنىخاننى ئۆيىگە ئەكېلىۋېلىش موللىقۇناخۇنغا بىر مۇشكۈلات بولدى. ناماتماننىڭ يولىنى مېڭىپ بېرىدىغان ئىچ كۆيەر تۇغقىنى يوق، ئۆزىنىڭمۇ بىرەر ئادەمگە ئىككى ئېغىز چىرايلىق گېپى يوق ئىدى. شۇڭا، باشقىلار ئۇنىڭ تويىغا قول - قولچە ھە - ھۇ دېگەن بىلەن، بۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. ئۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئېشىكىنى توقۇپ سايتۇگمىنىگە ئۈچ قېتىم سوكۇلدىغاندىن كېيىن گۈلئىمىنىخاننى ئاران ئەكېلىۋالدى. زوۋاندا ز گۈلئىمىنىخان قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى مەھەللىدىكى ئاياللارغا بۇ ئىشنىڭ ئەزمىسىنى ئېزىپ دەپ بەردى:

— يامانلىۋالغان خوتۇننىڭ كەينىدىن كىرگەن ناشىكەرنىڭ باشتا «خاپا بولماڭ»غا بىر تامبااللىق چىتىمۇ يوق، «ئەمدى، شۇ قولۇم ئىتتىكلىك قىلىپ سايتىمەن، ئاستا ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ، خاپا بولماڭ ئېتىۋالاي» دەپ بىزىرىپ ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانام راسا تويدۇردى !

— ئانىڭىز نېمە دېدى؟ — بەگلىكتىكى ئاياللار بۇنداق گەپنى ئاڭلاشقا بەك خۇشتار ئىدى.

— نېمە دەيتتى، — دېدى گۈلئىمىنىخان سىغىزغاندەك ئۇنلەپ، — «بىر چىرايلىق قىزىمنى بەرسەم، ئۇرىدىغان يېرىنى تېپىپ ئۇرالماپلا، ئەمدى قاش - كۆزىدىكى كۆك يىتكۈچە بىرنەچچە ۋاق قېشىمدا تۇرۇپ تۇرسۇن» دېدى.

— موللىقۇناخۇنچۇ، ئۇ نېمە دېدى؟

— نېمە دە؟ ئاموت ئالغان خورجۇندەك ساڭگىلاپ: «قولۇم تېگىپ كېتىپتۇ» دەپ بىزىرىپ تۇردى شۇ.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن يارىشىقىمنى قىلىپ ئالدىمدا بىر كۆڭلەكلىك گىرىپتىشىن قويدى.

— شۇڭا، كۆڭلىڭىز يۇمشاپ، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ كەلدىڭىز؟

— مەن ئۇنىمىسام، ئانام قوشۇپ قويدى.

مەھەللىدىكىلەر گۈلئىمىنىخاننىڭ گەپلىرىدىن موللىقۇناخۇن ئىككىسىنىڭ سايتۇگمىنىدە تېپىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ناماتمان ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھۇنەر قىلغان كۈنلەردە گۈلئىمىنىخان موللىقۇناخۇننىڭ كىگىزگە گۈل بېسىشىغا قىزىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ناماتمان ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ گۈل بېسىشنى ئۆگىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئولتۇرۇپ يەنە گۈلئىمىنىخان موللىقۇناخۇننىڭ كىگىز پىشۇرۇشىغا قىزىقىپ قاپتۇ. يالغۇز ئىش قىلىپ ئىشنى چىڭىغا چىقىرىپ بولالماي قالغان ئۇستام ئاخىر ئۇنى يېنىغا تارتىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بىللە كىگىز پىشۇرۇپتۇ...

مۇنىسە ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ كۈندىكىدەك ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن دادىسىغا چىنپۇتەلمەي قالدى. ئۇ مۇشۇ گۈلئىمىنىخان ئۈچۈن بىچارە ئانىسىغا ئازاب سالغان بولغىيمىدى؟ ئەمما، ناماتمان بىلەن بۇ ياش خوتۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غىژىلدىشىش كۈنسېرى كۈچىيىپ باردى. كىچىككىنە مۇنىسە دادىسىنىڭ ھۆ بولۇپ، قەي قىلىۋاتقان گۈلئىمىنىخانغا شۇبھە بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

موللىقۇناخۇننىڭ قوناق پاسىرىدەك ئېگىز، سۇمۇرۇۋالغاندەك ئورۇق بىر ئادەملىكىگە گۈلئىمىنىخان توخۇدەك پاكار، مانتا كاۋىسىدەك دىقماق چوكان ئىدى. موللىقۇناخۇننىڭ ياشاڭغىر كۆكۈچ كۆزلىرى غەم - تەشۋىشلىك، گۈلئىمىنىخاننىڭ چېپىلغاق ئوغرى كۆزلىرى غەمسىز، ئويناق ئىدى. كىگىزچى زەردىلىك، گۈلئىمىنىخان سۇيۇق، شېتىلە ئىدى. قارىماققا تىرىكچىلىك غېمىدە قەددى يادەك ئېگىلگەن ناماتمان بىلەن ھېچنېمە غېمىگە كىرىپ چىقمايدىغان گۈلئىمىنىخان مۇنداقلا ئۇچرىشىپ قالغان، كېيىن يەنە ھەر ئىككىلىسى ئۆز يولىغا

ماڭىدىغان، بىر - بىرى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق خىيالەن كېتىپ بارغان يولۇچىلاردەك كۆرۈنەتتى. گۈلئىمىنىخان ئۆيىنىڭ قازان بېشى، يىپ - يىڭنە ئىشىنى قولىغا ئالىدىغان ئايالدەك ئەمەس، بەلكى مۇنداقلا كېلىپ كەتكىلى كەلگەندەك، يوقسۇزلۇق غېمى باسقان بۇ ئۆي بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك ئۆيمۇئۆي غىتىلداپ يۈرەتتى. موللىنقۇناخۇن ئىسسىقتا تىنچىپ قالغان ئاچچىق زاغرىنى پوتىسىغا تۈگۈپ ئىشكتىن چىقىپ كەتكەن ھامان گۈلئىمىنىخاننىڭ كۆنى تۈغۈلاتتى. ئۇ كۆنبويى يىغىلمايدىغان دەسمالدەك قاپقارا يوتقانغا ئۆزىنى تاشلايتتى. چۈشكىچە ئېغىناقلاپ ياتقاندىن كېيىن تەكىيە بېشىدىكى ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ تۈگۈلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلەتتى. ئاندا - مۇندا سېرىق تۈكتىن باشقا ئاقلا كۆرۈنىدىغان ئاشۇ سىدام قاش - قاپىقىغا ئۆزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كېتەتتى، قاشلىق ئېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ مۇنىسەننىڭ ئىچى پۇشاتتى.

## 11. مۇھەببەت شارابى

— قانداق، خەت قىلىۋېتەملا يا، دادۇيجاڭ، — مۇھەببەتخان بۇساقنىڭ ئىشخانىسىدا يەنە پەيدا بولدى، — ياكى مەندەك تۇل ئولتۇرۇپ قالغان قېرى خوتۇننىڭ خېرىدارلىقىنى تايىنلىق ئۆزلىرىلا قىلىۋالاملا يا؟

بۇساقنىڭ تىلى تۇتۇلدى، سىرلانمىغان قوپال ئۈستەلنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، تامغىنى قولىغا ئالدى.

— «تونۇشمىغان يار بىلەن مەشرەپ ئوينىغاڭ نېمىشقا» دەپتىكەن، مۇھەببەتخان. پېيىنى بوغمىغان تەخەيدەك نەمۇنە چېپىپ يۈرىدىغان بىر قارا ئىشلەمچىگە تەگسىگىز، ئوبدان بولماي قالارمىكىن؟ — بۇساق تامغىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپمۇ جۈۋاننى رايىدىن قايتۇرۇشقا تىرىشاتتى، — ياراشمىغان گۈلنى قىسقۇلۇق ئەمەس، ئۇدۇل كەلگەن يولغا ماڭغۇلۇق ئەمەس...

— «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دەپتىكەن، بۇساقاخۇن. ئالدىمغا كەلگەن رىزىقتىن ياندۇرماڭا مېنى ! — مۇھەببەتخان ئىغىز تېگەي دەپ تۇرغان لوقمىدىن قۇرۇق قالدىغاندەك تەقەززالىق ئىدى.

— مۇشۇ گېپىڭىز راستمۇ؟

— راست !

— يانمايسىز؟

— نىزەمبىللا يانمايمەن.

— پۇشايمان يېمەيسىز؟

— پۇشايمان يەپ قالسام، سىزنى ئىزدەيمەن.

— تامغىنى باستىم ئەمىسە؟

— ھە، بىر بېسىڭا نان يېگەندەك...

— مانا باستىم، ئەمدى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ھېلىقى كۆزئەينەكلىك كاتىپنىڭ ئالدىغا ئاپارسىڭىز، ھايالىشمايلا قولىڭىزغا پەتتىنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ، مەخەتۋاي سىزنىڭ بولىدۇ.

— قولىقىمنىڭ تۈپىسىنى قاقمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، كاتىپنىڭ خەۋىرى بار، مەن مۇھەببەتخان ئاللىقاچان...

— چوڭ ئىش قىپسىز ئەمىسە، تۇتۇڭا، مانا خەت !

— ھەشقاللا !

مۇھەببەتخان ئىزىق چىشى قالمىغاندا يەنە ئەرگە تەگدى. ئۇ ئالدىنقى ئاخشام ئىس ـ بۇسىنى چىقارمايلا نامازشام تويى قىلىپ، مەخەتباينى ئۆيىگە ئەكىرىۋالدى.

ئايالىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈپ، خوتۇن يەرلىكى بولۇپ قالغان ئەر بىلەن تەييار ئۆيگە ئەر ئەكىرگەن جۇۋاننىڭ نېمە قىلىشىۋاتقانلىقىغا قىزىقمايدىغان كىم بار؟ ئەمما، بۇ ئەر ـ خوتۇنلار تويدىن كېيىن يۇرت ـ مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي قويدى. جۇۋاننىڭ چوڭ ئوغلى تاشاخۇن ئانىسىدىن ئەنسىرەپ ئىشىك ئالدىغا كەلسە، دەرۋازا ئىچىدىن تاقاقلىق،

ھويلىنىڭ ئىچى تىمتاس تۇرغان... بالىلار ئانىسىنى ياش كۆيۈسى بىلەن مېھماندارچىلىققا كەتتىمىكىن دەپ ساقلىسا، تېخى بىر يەرگە ماڭغاندەك ئەمەس، كۈنبويى مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقان. تاقىتى توشقان تاشاخۇن ئاخىر تامدىن ئاتلاپ ھويلىغا كىرىپتۇ. ئۆگەي دادىسى — مەخەت قارىغۇنىڭ پادىشاھنىڭكىدەك كۈننى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قاپتۇ.

ھاي - ھاي، خوتۇنىنىڭ راھەتتىنى كۆرۈشنى بىلىدىغان ناشېكەر... مۇھەببەتخانىنىڭ كۆيۈسى ئۈچ قات كۆرپىنىڭ ئۈستىدە قۇراق تەكىيىگە قىيسىيىپ كالتە ئىشتان بىلەن يانپاشلاپ ياتقۇدەك. پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى، ئۆپكە - ھېسىپ، پوشكال، تۇخۇم، ياڭاق، بادام، ھەسەل دېگەندەك نازۇنېمەتلەر ئالدىدىكى داستىخانغا تىزىقلىق تۇرغۇدەك. تۈتۈن دەستىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بىچارە مۇھەببەتخان بولسا ئوچاقنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوت پۈۋلەۋاتقۇدەك. كانارغا ئېسىلغان پۈتۈن - سۈرۈك قوينىڭ گۆشى، سېۋەت بىلەنلا قازان بېشىغا ئەكىرىپ قويغان تۇخۇملار... قايسى كۈنلىرى تېخى خەقكە مەدىكار ئىشلەپ يۈرگەن بۇ كەلگۈندىنىڭ (يېشى ئۆزىدىن كىچىك بۇ مەخلۇقنى ئەمدى كۈيۈ ئوغۇل دېيىش كېرەكمۇ ياكى تۇل ئانىسىغا ئەر بولغاندىكىن، دادا دېيىش كېرەكمۇ؟ تاشاخۇننىڭ ئاغزىغا ھېچبىر گەپ ئەپلىشىدىغاندەك ئەمەس...) مەئىشەتلىك تۇرمۇشىنى كۆرگەن تاشاخۇن بۇ ئىشقا زادى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۆگەي دادا قىمىرلاپ قويماقتا يوق، خۇيلۇق توپاقتەك سەت پۇشۇلداپ بۇ چىللىمىغان مېھماننى قارشى ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. قازاندا پولۇ دۇملەۋاتقان ئانىسىمۇ ئوغلىغا چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەپتۇ. ئانىسىنى ئەمرىگە ئالغان كۈيۈ ئوغۇل (ياكى دادىمۇ؟)غا يەڭگىلتەكلىك قىلغىلى بولامدۇ، تاشاخۇن ئاستا كەينىگە يېنىپتۇ ھەم ئانىسىنىڭ بۇ ياشقا كىرگەندە قىلغان ئىشىدىن، بالىغا كۆيمەي، ئەرگە چوكۇلدىغىنىدىن ئاغرىنىپتۇ.

مۇھەببەتخانىنىڭ دەرۋازىسى ھەپتە ـ ئون كۈنگىچە ئېچىلمىدى. كىشىلەر ئېتىز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ، بۇ جۇۋاننىڭ ئېتىزلىقىنى ئوت بېسىپ، قىلىدىغان ئىشى شۇ پېتىچە قېلىۋەردى. ئىشنىڭ زادى قاملاشمىغىنىنى كۆرگەن تاشاخۇن ئىنى ـ سىڭىللىرىنى باشلاپ دەرۋازىنىڭ ئىلغۇچىنى ئاجرىتىپ ھويلىغا باستۇرۇپ كىردى.

— ئاناڭلارنى ئەمدى مەن ئالدىم، — دېدى ئانىسىنىڭ كۆيۈسى خىرقىراپ تۇرۇپ، — شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىگە ئۆزۈم ئىگە!

مۇھەببەتخانىنىڭ كالىسىنىڭ ئالىسى تېشىدا بولغىنى بىلەن، كۆيۈسىنىڭ ئالىسى ئىچىدە ئىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىدىكى دەھشەتنى كۆرگەن ئوغۇللار سەل چۆچۈپ، پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، كۆڭلىدىكى گەپنى دېدى:

— ئانامنى ئالغىنىڭلىغا بىز قارشى ئەمەس، ئاداش! بۇ ئىشقا ئانام ئۆزى ئىختىيار قىلغان، ئەمما...

شەمشەردەك پارقىراپ تۇرغان يېڭىسار پىچىقىنى بىلەپ ئولتۇرغان مەخەت ئۇلارغا يەرنىڭ تېگىدىن سوغۇق قاراپ خىرقىرىدى:

— ئەمدى «ئەمما» دېيىش كەتمەيدۇ، چىدىغانغا چىقارغان. ئاناڭلارنى ئەرگە بەرگەندىكىن، چىشىڭلارنى چىشلەپ چىداپ يۈرۈڭلار!

ئانىسىنىڭ ياش، قاۋۇل كەلگەن بۇ كۆيۈسىنىڭ پەيلى بۇزۇق بولغاچ، ئوغۇللار ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۆيگە دەسسىيەلمەي كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر بولدى. ھەپتە ئۆتمەي كېسەل چىراي بولۇپ قالغان، گەپدانلىقىدىن، چېپىلغاقلىقىدىن ئەسەر قالمىغان ئانىسىنى كۆرگەن ئوغۇللار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

بەگلىك گەپ ئۇۋىسىغا ئايلاندى، ئىككى ئادەم ئۇچراشقان يەردە مۇھەببەتخانىنىڭ پارىڭى:

— مەخەت قارىغۇ مۇھەببەتخانىنى «ئالدىم» دەپ تۈز چاينىغان

كۆندىن باشلاپ ياۋۇز بىر مەخلۇققا ئايلىنىۋالغانىمىش !
— جۇۋاننى چاڭگىلىغا ئالغانىمىش.
— بىچارە خوتۇننى يېنىنى يەر يىلداتماي خىزمىتىگە سالغانىمىش.
— بۇقىدەك ئۆسەرىمىش.
— ھاڭگىدەك تېپەرىمىش.
— ئىتتەك تالارىمىش.
— ئىش ـ ئەمگەك قىلماسىمىش.
— قورسىقى تويماس ئىمىش.
— پۇل ـ پۇچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالغانىمىش.
— ئۆي بولۇقىنى ئۆز نامىغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن چاپقانىمىش.
— بىچارە جۇۋان ئۇ قاۋانغا قاش كۆتۈرۈپ قارىيالماسىمىش.
بولۇۋاتقان پاراڭ راستمۇ نېمە، مۇھەببەتخانىنىڭ ھېچكىمگە گەپ بەرمەي چاڭىلداشلىرى، يۇرتنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ ناخشا ئېيتىشلىرى ئاڭلانماس بولدى.

## 12. ئۆز خوتۇنغا بۇزۇلغان

ئۇزاقتىن بۇيان ھۇنەردىن قالغان ئابدۇلئاشىق گۈلپاتىنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇ «خەق نېمە دەپ قالار» دەپ ئولتۇرىدىغان، بىر ئىشقا ئارىسالدى بولىدىغان ئەركەكلەردىن ئەمەس ئىدى. نىكاھ ئوقۇغاندا ساھۇق موللامنىڭ ئۆزىنى بىلەرمەن كۆرسىتىپ توقۇغان پەتىۋالىرى دېگەن يوق ئىمىش. ئاشىقاخۇننىڭ قىزارغىنىمۇ، گۆشلۈك يۈزىنىڭ پىت ئۆمىلىگەندەك چىمىلدىغىنىمۇ بىكار. «نېمىگە خىجىل بولىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — يا مەن بىر مۇھەببەتخاندەك قېرىغاندا ئەرگە تېگىدىغان داپ يۈز خوتۇن بولمىسام».

ئابدۇلئاشىق بىر چاغلاردا چۈشۈندەكتەك ھەلىمخان بىلەن توي قىلغاندا، ئۇنى كوپىراتسىيەنىڭ بايتىلى قوشۇلغان يارىيار ھارۋىغا چىقىرىپ، يول بويى ھارۋىنى غىجەك چالغاندەك غىچىلدىتىپ مەھەللىگە ئەكەلگەن. ھەلىمخاننىڭ تاپىنىدا سۆرىلىپ تۇرىدىغان غىجىم رومال، پەشلىرى يۈگۈرگەندەك پالاقشىپ تۇرىدىغان قارا دىراپ پەلتو، ئۆزى ئەپچىل قوللىرى بىلەن تەتۈر كۆندىن گۈل كەلتۈرۈپ تىككەن ئېگىز پاشنىلىق قىزىل ئۆتۈك... دېگەندەك چالا - بۇلا بىر قۇر كىيىمنى تويلۇق قىلىپ سالغان. مانا بۈگۈن گۈلپاتىنى ئاتايىن تاكسى جابدۇپ، ناغرا - سۇناي بىلەن يۆتكىدى. بۇ خوتۇننىڭ يېگەن - ئىچكەندەك، سوقا سەندەلدەك مىلىق - مىلىق ئۇستىخىنىغا لىققىدە كەلگەن توي كۆڭلىكى شەھەرگە جابدۇنغان چاۋارچىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئايىغىدا سۆرۈلۈپ قالغان ئاق توزغاقلىق چاۋاردەك نە - نەلەرگىچە سۆرىلىپ تۇراتتى. قۇلاق، بويۇن، بىلەك، بارماقلىرىغا سېلىۋالغان ئالتۇن جابدۇقلىرى ۋالىلداپ پارقىرايتتى ئۆزى پەرۋاسىز، تەمكىن ھالدا ماڭاتتى. قوللىرىنى ئىشقىلاپ، قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ يېڭى خوتۇننى ئۆيگە باشلاپ ماڭغان ئاشىقاخۇن بولسا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ھېلى ئۇيانغا - ھېلى بۇيانغا ئۆتەتتى. يېڭى خوتۇننى ئۇركۇتۇۋەتمەي ئۆگىتىۋېلىش كويىدا پالاقلاپ قىلمىغانلىرى قالمايتتى.

ئەتىگەندىن بېرى تويدا چېپىشىپ بەرگەن، ھە - ھۇ قىلغانلار تارقاپ كېتىشتى. كۆز يېشى قۇرۇمىغان سەلىمە بىلەن سائادەتمۇ دادىسىغا خوش دېمەستىن، ئەرلىرىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ كېتىشى. ھەممە ئىشقا سوغۇق نەزەردە قاراپ بىر قىلىق ئىشقا قول تىقماي تۇرغان ئابلىمىتمۇ نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. ئۇ ئالىمخاننىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگىنى ئۈچۈن دادىسىغا قېيىداپ يۈرەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈۋاتقان ھويلىدا كالا، قويلار مۆرىشىپ، مەرىشىپ كىشىگە ئاراملىق بەرمەيتتى.

قولداشلىرى، مەھەللىدىكلەر مۆبارەكلەپ باغلاپ قويغان بېلىدىكى بەلباغلارنى يېشىۋېتىپ، ھېلى كالا قوتىنىغا، ھېلى قوي ئېغىلىغا يۈگۈرۈپ قالغان ئابدۇلئاشىق ھېچ ئىشقا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەي پالاقلاپ قالدى. ھېلى قىزىنى، ھېلى ئوغلىنى توۋلاپ بېقىپ ھېچكىمدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن جىله بولغىنىچە مېھمانلىق ئۆيدە قوش تەتىللا كۆرپىنىڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇپ كېرىلىپ ئولتۇرغان ئارزۇلۇق خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىردى:

— بىرەر پىيالە چاي ـ پايغا تاۋىلىرى بارمىكىن، گۈلپاتى؟

— سورىماي ئەكىرىۋەرسىلە، ئىسسىقتا تەرلەپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرمىدىلىمۇ؟ !

— ھە، كۆردۈم، كۆردۈم، يادىمغا كەلمەپتۇ، ھى ـ ھى ـ ھى... — ئابدۇلئاشىقنىڭ قەددى بىرئاز پۈكلەنگەن، تەمتىرىگەن ھالدا دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان چايدانىنى لىككىدە كۆتۈردى. قۇرۇق چايدان قولىغا ئىتتىك چىقىپ دېرىزىنىڭ قانىتىغا «تاراڭ»دە تېگىپ، شېشىسى چېقىلدى. چۆچۈپ كەتكەن گۈلپاتى بېشىدىكى روملىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى ئۆزى ئېچىپ، ئابدۇلئاشىققا قاشلىرىنى ئۈچۈردى:

— نېمانداق دوق قىلىسىز، غوجام، بىسمىللا دېمەستە؟!

— كۆرسە ماۋۇ ئىشنى، تېگىپ كەتتى، تېگىپ كەتتى.

— ئادەمنىڭ جەينىكىدەك چايدانىنى جايلىيالمىغان ئادەم باشقا نېمىنىڭ قېشىغا كەلسىگىز، ئىش بار ئوخشايدۇ.

— جايلايمىز خېنىم، جايلايمىز... — ئابدۇلئاشىق گەدىنىنى تاتىلىدى، — كۆرسە ماۋۇ ئىشنى، ماۋۇ شۇملارغا ئۇن ئاغزىم بىلەن دېسەم... ھاي سەلىمە، قېنى سەن؟

— توۋلىمىغا غوجام ئۇ قىزىڭىزنى، ئادەمگە سەت دومسىيىپ خۇددى !

— شۇنداق قىلدىمۇ ئۇ توخۇ پوقى، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە

سەمىمگە سېلىپ قويماپسىلە، خوتۇن!

— خوتۇن دېمەي تۇرۇڭا، غوجام، ئادەمنى، — گۇلپاتى قىزارتىۋالغان لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى، — ئەجەب بىر تۇرىدىكەن.

— خوش - خوش، سىلى نېمە دېسىلە شۇ.

— دەمدەردەك چۈرگۈلەيسىز، بىر يۇتۇم سوغۇق سۇمۇ تېپىلمىدىمۇ ئىچكىلى؟ — گۇلپاتى ئېقى يوغان كۆزلىرى بىلەن ئالدىدىكى كىشىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىدى.

— سوغۇق سۇغۇ بار... ئىشىك ئالدىدا شىرىقلاپ ئېقىپ تۇرغان ئەركەك سۇ.

— ئەركەك سۇ، ھېلى كۆرەرمىزمىكى ئەركەكلىكىنى!

— كۆرسەتمەي ئەمىسە... شۇنچە قىلسام، بىرەر قېتىممۇ يېقىن كەلتۇرمىدىلە، بۇگۇن ئاخىر «تەگدىم» دېگۇزدۇم.

— تەگكەننى ھېلى كۆرىسىز، غوجام.

— ھى - ھى - ھى... — ئابدۇلئاشىق ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىر چىنە سۇ كۆتۈرۈپ كىردى، — ئېرىقتىن ئەكىردىم يۈرەكنىڭ بېغىشىغا مۇزدەك تەگسۇن دەپ.

— ھىم، ۋاي نېمە بۇ؟! — قېتىقچىنىڭ قاچىسىدەك چوڭلا چىنىنى قولىغا ئالغان گۇلپاتى چىراغ يورۇقىدا چىنە ئىچىدە تۇرغان سۇدىكى چارچۈرۈك بىرنېمىنى كۆرۈپ چىرقىرىۋەتتى ھەمدە چىنىنى پەگاھقا — ئابدۇلئاشىقنىڭ ئالدىغا ئاتتى، — ۋاي قارا كۆڭۈل، مەينەت زاڭ، پاقىنى تىرىكلا يۇتۇپ قورسىقىنى يوغىناتسۇن دېگەنمىدىڭ مېنى!

— كۆرسە ماۋۇ ئىشنى... تالا گۆردەك قاراڭغۇ ئىكەن، — ئابدۇلئاشىق پارە - پارە چىنە پۇچۇقلىرى ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ ئالدىغا كېلىۋاتقان پاقىنى غەزەپ بىلەن دەسسىدى. پەگاھ پاقىنىڭ قېنى بىلەن بۇلغىنىپ ئۆينىڭ ئىچىگە كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان بىر خىل سېسىق پۇراق تارالدى.

— ھۆ... ھۆ... — گۈلپاتى ئۆپكىسى ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققۇدەك بولۇپ، ھۆ قىلىپ ئورنىدىن تۇردى، سۆرىلىپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە دەسسىۋېلىپ پەگاھقا — مىجىلىپ تۇرغان پاقىنىڭ ئۈستىگە دۈم يىقىلدى، — ۋايجان... ۋايجان! ھۇ پاقا يىلىلىق زاڭ! بايىقى تاكسىنى چاقىرغىن، مېنى شەھەرگە ئەكىرىپ قويسۇن!

— خاپا بولماڭلا، جېنىم گۈلپاتى! مەن قەستەن... — ئابدۇلئاشىق يەرگە تىزلىنىپ، ۋايجانلاپ ياتقان خوتۇنىنى يۆلىدى، — مەن قەستەن قىلمىدىم.

— ۋاي زاڭ، قەستلىسەڭمۇ، قەست ئۈنىڭدىن ئارتۇق بولماس. ھۇ كۆڭلىنى مەينەت بېسىپ كەتكەن ماز! نېمانچە كەينىمگە كىرىۋېلىپ، قىز بالىنىڭ تويلۇقىدەك تويلۇق بېرىپ، شەرتلىرىمنىڭ ھەممىسگە كۆنۈپ توي قىلدىكىن دېسەم، ئاشۇ دۇكىنىمغا كۆزۈڭ چۈشكەنىمدى، ماڭا چار پاقىنى تىرىك يۇتقۇزۇپ ئىچىمدىن تۇگەشتۇرۇپ دۇكان، ئالتۇن جابدۇق... ھەممىنى ئالاي دېگەنىمدىڭ!

— ئۇنداق دەپ كەتسىلە، مەن ئۇجۇقۇپ كېتىدىكەنمەن، گۈلپاتىخان...

— پاتىخان... ئاچاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ «خان» دېگىنە، گېپىنىڭ تايىنى يوق لامزەللە!

ئابدۇلئاشىقنىڭ كىرىشكەن چىشلىرى، تۇگۈلگەن مۇشتى بوشاپ قالدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى خوتۇنىنىڭ ھەلىمخان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئىتتىكلىك قىلىپ قويسا، بۇ خوتۇنىنىڭ «چىشنى باقماق»تا يوق، قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتالماستىن، تويغا قەرز قىلىپ خەجلىگەن ئون مىڭ سومنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىدىغانلىقىنى پەملىدى.

— ئاستا يېتىپ قالىلى، خاپا بولمىسىلا.

— كىمگە دەۋاتىسەن بۇ گەپنى؟! — تالاغا چىقىشقا يۆلقۇنۇپ

تۇرغان گۇلپاتى ئۇنىڭغا ھۇرپەيدى، — ماشنا تووۋلا، كېتىمەن!

— مەن خۇش بولاي، — ئابدۇلئاشىق گۇلپاتىگە يېلىنىپ - يالۋۇردى. ئىلگىرى ھەلىمخان ھەمىشە ئۇنىڭغا مۇشۇنداق يېلىناتتى، يالۋۇراتتى، — ما ئەللە - مەھەللىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئىككى پۇللۇق يۈزۈم قالمىغىلى تۇردى. بۈگۈن بىر كېچە قونۇپ بەرسىلە، جېنىم گۇلپاتى... قانداقلىقىمنى بىلىپ قالىلا، قاملىشىپ قالىمىز. مېنىڭ سىلىگە كۆيۈپ - پىشقىنىمنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ...

— ھىم، — گۇلپاتى دىمىقىنى قاقتى، — كۆيمىش تېخى! ۋۇي شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆچ بالىنىڭ ئانىسىغا كۆيمىگەن، ئۇنى خارلىغان ئادەم مەندەك تەڭ يولدا دوقۇرۇشۇپ قالغان، كۆزىنىڭ پېتىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدەپ يۈرگەن بىر خوتۇنغا كۆيەمدا؟!

— ئۇنداق دېسىلە، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ، — ئابدۇلئاشىق يوغان قارا كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى، — يۈرسىلە، سىيىپ كىرىپ يېتىپ قالىلى، — ئۇ گۇلپاتىنىڭ ئاپپاق پەلەي ئىچىدىكى قولىنى تۇتۇپ ساراي ئۆيگە تارتتى. بىرئاز پەيلىدىن يانغان گۇلپاتى ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— نېمانداق قالايمىقان، رەسۋا ئۆي بۇ، خۇددى شەھەرلىكنىڭ ئەخلەتخانىسىدەك؟! — ئايال ئۆيگە كىرىپ كەينىگە داجىدى.

— شۇ، بۇرۇنقى قېرىنىڭ تۇتقان ئۆيى.

— سىز ئۆي يىغىشتۇرۇشنى بىلمەمسىز؟ مېڭىڭا ئەسكى ئىشتان، كونا چاپانلارنى يىغىشتۇرۇپ، يوتقان سېلىڭ. قەيىرى توي بولغان ئۆي بۇ؟!

— ماقۇل، ماقۇل...

ئابدۇلئاشىق ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئۇنى ئۇيانغان - بۇنى بۇيانغا تاشلاپ قالايمىقانچىلىقلارنى ئاز - تولا بېسىقتۇرغاندىن كېيىن كاتقا يىغىقلىق تۇرغان يوتقان - كۆرپىلەرنى ئۆرۈپ - چۆۋۈپ،

تېگىدىن پاكىزرەك يوتقان ـ كۆرپىنى سوغۇرۇۋېلىپ، تۆرگە سالدى. نەچچە ھەپتە ئىلگىرى دەل مۇشۇنداق چاغدا بالىلىرىنىڭ ئانىسى ھەلىمىخان سېلىپ بەرگەن يوتقانغا كىرگىلى ئۇنىماي، ئۇنى ئېشەك تايىقى بىلەن قوغلىغان، ئۆزىنىڭ تۇتقان ئۆيىگە پاتمىغان بىچارە خوتۇن ئۆيدىن چىققانچە يېزا بازىرىغا بېرىپ، گۈلپاتىدىن ئۆلگۈدەك تاياق يېگەنىدى.

— كەلسىلە، ئورۇن سالدىم.

— ئۆتسىلە مايانغا! قورسىقىم ئېچىپ كەتتى خۇددى.

— نان ئەكىرەيما؟ تويدا ئادەمگەرچىلىك قىلغانلار خون ـ خون بىلەن نان قويغاندەك قىلىۋاتاتتى.

— ئۇ قېتىپ كەتكەن نانلىرىنى ھاۋانچىدا سوقۇپ، بۇرۇنقى شىداق خوتۇنلىرىغا ئەۋەتىپ بەرسىلە. خان ئاچىلىرىنىڭ كۈندە ياتار چاغدا يوتقانىنىڭ بېشىغا كېلىپ، تويغۇچە گۆش يەپ ياتىدىغان ئىشى بار.

— گۆشتىن غەم قىلمىسىلا، ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىدىن ئاشقۇدەك بار، — ئابدۇلئاشىق گۈلپاتىگە قاراپ چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايدى ھەم نېمىدۇر بىرنېمىنى شەرەتلىدى.

— نېمە دەيدۇ ما كالىكومشار؟ — گۈلپاتى يەنە خۇيى تۇتقانچە ئابدۇلئاشىققا ئالايدى، — ئۇ گۆشلىرىچۇ ئا ئېشەكتىمۇ بار، بېرىپ ئىتقا تاشلاپ بەرسىلە جۇگۇسلا!

بازاردا تاتلىق چاقچاقلىرى، ئويناپ تۇرىدىغان قاش ـ كۆزلىرى بىلەن كۆزىگە ھۆر ـ پەرى كۆرۈنگەن بۇ تەتۈر ئۇستىخان خوتۇننىڭ كۇرسۇكى تۇتقان قانجۇقتەك تالاپ يېقىن كەلتۈرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇلئاشىق نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— گويەيدەك دىردىيىپ تۇرماي، تويلۇق ساندۇقۇمنى ئەكىرسىلە، ماڭسىلا.

ئابدۇلئاشىق نەقىشلىرى كۆز قاماشتۇرۇپ تۇرغان تويلۇق

ساندۇقنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە ئەكىرىپ، ياستۇقنىڭ بېشىغا قويدى.

— ماڭسىلا، ئەمدى چىقىپ ئىشىك - تۈڭلۈكنى تاقاپ كىرسىلە، — گۈلپاتى توي كۆڭلىكنى سالغاچ ئاشىقئاخۇننى يەنە تالاغا ھەيدىدى.

«خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر ئەيۋەشكە كېلىدىغان بولدى بۇ تاتلىق...» گۈلپاتىنىڭ يۇمشاپ قالغاندەك كۆرۈنگىنىدىن نەپسى تاقىلداپ كەتكەن ئابدۇلئاشىق دەرۋازىنى پۇختىلاپ ئېتىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى. شۇ چاغدا ئايال جالاق - جۇلۇق قىلىپ ساراي ئۆينىڭ ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلىۋالدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كەينىگە يانغان ئابدۇلئاشىق ئىشىكنى تاقىلدىتىپ چەكتى.

— قانداق قىلغانلىرى بۇ، گۈلپاتى؟ ئىشىكنى ئاچسىلا !

— ئىشلىرىنى قىلىپ ھويلىدا ئۇخلاپ قالسىلا ! — ئۆي ئىچىدىن چوكاننىڭ جاۋابى ئاڭلاندى.

— ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن سەكرىيەلەيمەن جۇمۇ ! — ئابدۇلئاشىق ئىشىكنى ھېلىلا ئاجرىتىۋېتىدىغاندەك قاتتىق جالاقلاتتى.

— مەن گەپ قىلدىم، ئۇخلاپ قالسىلا ئەمدى.

— مېنى ئۇنداق موللا پوكپوك كۆرمىسىلە جۇمۇ، سەككىز مىڭ كوي خەجلەپ خوتۇن ئېلىپ، توي ئاخشىمى تالادا ياتىدىغان ئاشىقاخۇن ئەمەس مەن ! — ئەرنىڭ ئەمدى رەسمىي ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— سىلى ئىش كۆرمىگەن ئادەممۇ نېمە؟

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟

— مەن ئاي كۆرۈپ قالغان، ئىش ئۇقمايدىغان !

ئابدۇلئاشىق مېكىيان قوغلاپ ھېرىپ قالغان قېرى خورازدەك جىمىپ، بوشىشىپ قالدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، بۇ ھويلىدا يا يوتقان كۆرپە بولمىسا، داق يەردە قانداق ياتىمەن؟...

ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچتى. سۇپىدا سالپىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان ئابدۇلئاشىق ئۆگزىدىكى مۇشۇكنىڭ ۋەھىمىلىك مىياڭلىشىغا قۇلاق سالدى:

— مىياۋ - مىياۋ - مىياۋ !...

شۇ ۋاقىتتا يەنە دەرۋازا تۈۋىدە شىپىرلىغان بىر شەپە ئاڭلاندى.

تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان ئابدۇلئاشىقنى ئىختىيارسىز قورقۇنچ باستى.

# تۆتىنچى باب

# نادامەت

## 1. كۈنىنىڭ قارىسى

داڭ، داڭ، داڭ!
ئاشخانىدا زاڭ.
قىزىق ئەپ بېرەي،
بىر تويغۇچە يەڭ!

چۇرقىراشقىنىچە مەھەللىدىن چىقىپ كەلگەن باللار ئۆتەڭدىكى تۇغاننىڭ ئايىغىغا كېلىپ كىيىملىرىنى سېلىپ، ئۆزىنى ئۆستەڭگە تاشلاشقا تەمشەلدى. ئۆتەڭدىكى دۇكانچىلار، بىكارچىلار، ئۆتۈشۈۋاتقانلار باللارنىڭ قوشىقىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ھېلى قۇلىقىڭنى چىشلەيمەن، توڭ سويىملار! — كۈندىن - كۈنگە ئاۋاتلىشىپ قالغان ئۆتەڭدىكى قايسىبىر بوتكىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇساق چوماق باللارغا قاراپ ھۆركىرىدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ لوڭگىدە چىقىپ كەلگەن قارا غامبۇر ئىتى باللارغا ئېتىلدى.

— ئانا! ... — باللار قورققىنىدىن بەدەر قاچتى. ئۇلار كىيىملىرىنى ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى. ئىت قاۋىغىنىچە ئۇلارنى قوغلىدى. يۈگۈرۈپ بولالماي قالغان بىر - ئىككىسىنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالايلا دېدى.

— غامبۇر، غامبۇر... بۇيان كەل! — باللارنىڭ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قېچىشلىرىغا قاراپ كۈلۈپ كەتكەن بۇساق

ئېتىنى چاقىرىۋالدى. ئېگىسىنىڭ چاقىرىشىنى ئاڭلاپ پەيلىدىن يانغان ئىت يېنىپ كېلىپ، سۆگەتكە يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماكا يۆگەۋاتقان ئېگىسىگە سۈركىلىپ كۈچۈكلەندى. كىيىمى تۇغان بېشىدا قالغان يالىڭاچ باللار خېلى نېرىدا توختاپ كەينىگە قارىدى. خەتىنىسىنى قىلىپ بولغان، ياشقا چوڭراق باللار ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچ ئەپتىدىن ئۇيىلىپ، قارا باش قوناقتەك ساڭگىلاپ تۇرغان «جۇمبۇلجاڭ»لىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇۋېلىشقا تىرىشاتتى.

باللارنىڭ قوشىقى بۇساقنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ، ئەستىلىكلىرىنى قوزغاپ قويغانىدى.

بۇ كوپېراتسىيە مەزگىلىدە پەيدا بولغان قوشاق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھەر كۈنى تاڭ سەھەر ۋە كەچتە «دولقۇن» بار ئىدى. بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە زو ۋاقتى بىلەن داڭ چېلىناتتى. كىشىلەر قاراڭغۇدا كەتمەن، تاغارلىرىنى كۆتۈرۈپ، غالتەكلىرىنى سۆرەپ مۆدۈرۈلۈشكىنىچە ئېتىزلىققا چاپاتتى. ئەرلەر توپا، قىغ ئۇساتتى. ئاياللار تاغار يۈدەتتى. تاڭ سۈزۈلۈپ خېلى بىر ۋاقىتتا دولقۇن ئاخىرلاشقاندا، يەنە بىر داڭ چېلىناتتى. بۇ ئەترەت ئاشخانىسىدىن ئاڭلىنىدىغان داڭ ئاۋازى ئىدى. كىشىلەر كەتمەن، تاغارلىرىنى تاشلاپ، ئەينى چاغدا يۇرتنىڭ چوڭ ئۆستىڭى بولغان مۇشۇ بەگلىك ئۆستىڭىدە يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ قازان بېشىدا ئۆچرەت ساقلايتتى. تەستە تەگكەن بىر قاچا ئوماچنى قولىغا ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن ئىچىشەتتى. پارتىيەنىڭ شۇنچىلىك كۈن بەرگىنىگە شۈكۈر - سانا ئېيتىشاتتى.

ئۇ چاغلاردا بۇساقاخۇننىڭ دادىسى چوماقاخۇن داڭ چالاتتى. بۇساقاخۇننىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، دادىسى زەردىسى بار، سۈرلۈك ئادەم بولۇپ، سۈر - ھەيۋىسى پۈتۈن بەگلىككە بىر كېلەتتى. ئۇ چاغنىڭ ئادەملىرىمۇ ناھايىتى ئىتائەتمەن، ياۋاش بولۇپ، ھازىرقىدەك داڭغا كېچىكىپ قالىدىغان، تاشاخۇن، سىيىتچوڭ،

موللىقۇناخۇنلارنىڭكىدەك باشباشتاقلىق قىلىپ بازارغا كېتىدىغان، ھۈنەر قىلىمەن دەپ يۇرت ئاتلاپ چىقىپ كېتىدىغان ئەسكى خۇيى يوق ئىدى. بۇساقاخۇن ھەر كۈنى داڭ ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ كېتەتتى. دادىسىنىڭ ئاشۇ چويۇن چوماق بىلەن داڭ ئۇرۇشىنى ھەۋەس بىلەن تىڭشاپ ياتاتتى. ئۆزىنىڭمۇ تېزرەك چوڭ بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇنداق داڭ ئۇرۇپ، ھېچنېمىنى تۈيماي ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتقان كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىشىنى، ساراسىمىگە سېلىشىنى، چۆرىسىگە يىغىشىنى، يۈزلىرىگە تۈكۈرۈكىنى چاچرىتىپ، كۆزلىرىگە قوللىرىنى شىلتىپ تىللاپ، ھەيدەپ يۈرۈپ ئىشقا سېلىشىنى ئويلاپ قالاتتى. ئاشۇ كۈنلەردە خەقنىڭ ئاغزىدا تۈيۇقسىز بىر قوشاق پەيدا بولدى. بۇ قوشاق ئۇلار ھەمىشە قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيدىغان داڭ ئاۋازى بىلەن كۈندە ئۈچ ۋاقلىق تامىقىغا ئايلانغان ئوماچ، زاڭدىن بىزار بولۇپ توقۇغان «داڭ، زاڭ» دېگەن قوشاق بولۇپ، مانا ئەمدى بۇ قوشاقنى مۇنۇ ھارامتاماقلار ئوقۇپ يۈرەتتى. ئۇلارغا بۇنى كىم ئۆگەتتىكىنە؟!

ئاشۇ كونا يىللارنىڭ بىر كۈنى «داڭ، زاڭ» دېگەن قوشاق بۇساقاخۇننىڭ دادىسىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ ئەتىرەتتىكى كىشىلەرنى يىغىپ سۇبھان توۋىسىنى بەرگەنىدى. ھەربىر ئادەمدىن بۇ قوشاقنى كىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۈرۈشتە قىلىپ، ئاخىر «گەپ ئانىسى» دەپ نامى چىققان قاسىم مەمەدانىنىڭ توقۇغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققانىدى. قاسىم مەمەدان مۆھەببەتخانىنىڭ ئېرى، تاشاخۇننىڭ دادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇ گەپدانلىقى بېشىغا چىقىپ، ئاخىر تاياقتا ئۆلدى...

قاسىم مەمەدانى ئېسىگە ئالغان بۇساق چوماق تاشاخۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. «ھۇ ئەرۋاھ ، گور كۆز ! داداڭنىڭ قىسمىتىدىن تاشتەك زۇۋانسىز كۆرۈنگىنىڭ بىلەن ئىچىڭدە بىر گەپ بار سېنىڭ ! داداڭنىڭ ئۆلۈمىنى دادامدىن كۆرۈپ ماڭا غوم ساقلىمىغان بولساڭ، خەقنىڭ ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىپ

كەتكەن قوشاقنى بۇ تولۇق سويمىلارغا بىلدۈرۈپ نېمە قىلىسەن؟ چوقۇم سەن ئاشۇ مەخمۇت دېگەن پاخشىكمىگە ئۆگەتكەن گەپ! سەن يەنە تەشكىلسىزلىك قىلىپ، مېنىڭ تۈكۈمنى تارتىۋاتىسەن. خەپ سېنى!» بۇساق چوماق تېخىچە كىيىملىرىنى ئالالماي بىردە ئۆزىگە بىردە يېنىدىكى ئىتقا قورقۇمسىراپ قاراپ تۇرۇشقان باللارغا، تاشاخۇننىڭ ئوغلى مەخمۇت قارىيغا ئاچچىق بىلەن ھۆرپەيدى. ئىتنى باللارغا كۈشكۈرتتى:

— غامبۇر، ئاله، كۈش - كۈش!

ئىت يەنە باللارغا ئېتىلدى. باللار قورقۇپ چىرقىراشقىنىچە جىنىنىڭ بارىچە قاچتى.

— ھا - ھا - ھا... — ئېغىز - بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقارغىنىچە كۈلۈپ كەتكەن بۇساق چوماق تاماكا خۇمارىدىنمۇ، ئۆزىنىڭ چىشىغا تەگكەن شۇمتەكلەرنىڭ يىغلاپ قېچىشلىرىدىنمۇ پۇخادىن چىققاندەك بولدى. ئۇ مۇشۇنداق چاغدا ئۆزىنى كەنتنىڭ ھەقىقىي غوجىسىدەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بەگلىكتىكى نان قېپىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ كۆتى ئوچۇق سويمىلاردەك ئۆزىدىن قورقۇشى كېرەك ئىدى...

كونا چوماقچىنىڭ ئوغلى بولغان بۇساق ناھايىتى كەپسىز، ئاتىكارچا، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بالا بولغان. مۇشتەك تۇرۇپ يۇرتتىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىپ، سىرتلاردا ئېقىپ يۈرگەن. زۇمرىخانىدەك چىرايلىق، ساددا قىزلارنى، قۇرۇۋانخانىدەك گول جۇۋانلارنى ئەخمەق قىلغان (ئەمدىلىكتە بىچارە زەينەپنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ھەممە كىشى مۇشۇ شەيقەتلىكتىن كۆرۈۋاتىدۇ)، ھاراق، تاماكا، قىمار، جەڭگى - جېدەل دېگەن نەرسىلەرنى بەگلىككە شۇ ئېلىپ كەلگەن. بۇساق ئۆتەڭدە قىمارنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن كەنتنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. دېھقانلار كوپىراتسىيەدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن نەچچە ئون يىللاپ تىنچ، جېدەل - ماجىرادىن خالىي بولۇپ كەلگەن بۇ يۇرت

بىردىنلا ئەنسىزچىلىككە تولغان، ساقچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بىر يۇرتقا ئايلانغان.

چېكە چاچلىرى ئاقارغۇچە تاماكا، ھاراق، نەشە، ئوشۇق، تۇل خوتۇنلار بىلەن چېلىشىپ ئۆتكەن، تولا خوتۇن يەڭگۈشلەپ ئۈچ ـ تۆت بالىنى يېتىم قىلغان بۇساق سولاقخانىلاردا يېتىپ، جازا مەيدانلىرىدا ئىشلەپ، «مۈڭگۈزى لىڭشىپ» قالغاندا مەھەللىدە پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يىغىپ قويغان ۋەجىمۇ تۈگىگەن، ئۆيىدە بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. بازاردا تېپىشىپ ئۆيىگە ئەكېلىۋالغان خوتۇنىمۇ يامانلاپ ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلغانىدى. قول ئىلكىدە قالمىغاندىن كېيىن ھېچبىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتالمىغان، يۇقىرىنىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقىغا تايىنىپ كەمبەغەللەردىن بەتتەر كۈنگە قالغان بۇ بالا ـ قازا بىر زامانلاردا كۈندە ئۈچ ۋاق داڭ چېلىپ خەقنى مارشقا دەسسىتىدىغان دادىسىنى يادىغا ئالدى. ئۇ چاغلاردا ئۆتەڭدە كۆپىنچە كىشىلەر كېچە ـ كۈندۈز ئىشتىن باش ئالالماي يۈرۈپمۇ يىل ئاخىرىدا بوينىغا قەرز ئاشقان، خۇرجۇن ـ تاغارلىرىنى كۆتۈرۈپ نورمىلىق قوناق ئۇنىنىمۇ ئالالمىغان بىلەن، ئۇلارنىڭ قازنىقىدىكى خاپان ساندۇقتا ئاپپاق بۇغداي ئۇنى، يوغان قاپاقتا زىغىر يېغى كەم بولمايتتى. كۆز كىرگەندىن باشلاپ تاكى ئەتىياز كېلىپ ھاۋا ئىسسىغۇچە كاناردا پۈتۈن ـ سۆرۈك قوچقارنىڭ گۆشى ئۆكسۈمەيتتى. بەزىدە ئانىسى رەھمەتلىك كاناردا تۇرۇپ سېسىپ قۇرتلاپ كەتكەن قوي گۆشىنى ئېلىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىتى يۇرت ئىچىدە بارچە مەخلۇقات ئەيمەنگۈدەك سېمىز، غامبۇر ئىت ئىدى. بۇساقمۇ بېقىش تاپقان ئاشۇ ئىتتەك باشقا بالىلاردىن ئەتلىك، گىروي، يامان چوڭ بولدى. ھەمىشە تەڭتۇشلىرىنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، بوزەك قىلىپ پۇخادىن چىقاتتى. بۇنداق چاغدا دادىسى خۇددى ھېلىقى ئارزۇلۇق ئىتىنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ: «ئەركەك تۈكى بار ئارزۇلۇق بالام، زەردىسى بار ئەركىكىم» دەپ ئۇنىڭ

خورىكىنى ئۆستۈرۈپ تۇراتتى.

بېشىغا كۈن چۈشكەن كۈنلەردە ئاچ قورساق هالدا هويلىسىدا ئولتۇرۇپ دادىسىنى خىيال قىلغان بۇساقنىڭ ساقال باسقان چىرايى ئىپتىخارلىققا تولدى. هازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ دادىسى بىر قولىدا ئىتىنىڭ بېشىنى، بىر قولىدا ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقاندەك مەغرۇرلاندى. شۇ هالدا بىرپەس دادىسىنىڭ قۇچىقىدا خىيالەن ئەللەيلىنىپ كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئۇ هەرقانچە بەدەل تۆلىسىمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ يۇرتنى قولىغا ئالماقچى بولدى. ئۇ دادىسىغا ئوخشاش كۈندە ئۈچ ۋاق داڭ چېلىپ كەنتتىكىلەرنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ، كىشىلەرنى قاپقارا ئالىقانلىرىدا چۆرگۈلەتمەكچى بولدى. شۇنداق قىلسا نېمە بوپتۇ، ئۇنىڭ دادىسىمۇ يۇرتنى مۇشۇنداق چۆرگۈلەتكەنىدىغۇ !

كىشىلەر مۇڭگۈزى ئۈچىگە كىرىپ كەتكەن بۇساقنىڭ بەگلىككە ئانچە - مۇنچە خىزمەت تەكشۈرۈپ كېلىپ - كېتىدىغان يېزا كادىرلىرى، بولۇپمۇ مۇشۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ياش، قىرقىم چاچ كادىر بىلەن پىيالە سوقۇشتۇرۇپ، ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى؛ هەتتا ئۇنىڭ يېزىلىق هۆكۈمەت قورۇسىنى چۆرگۈلەپ يوغان قورساقلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنىمۇ ئاڭلاشتى. ئادەم بولغاندىن بېرى بىرەر قېتىم يېزا - كەنت كادىرلىرىنىڭ گېپىنى توغرا دەپ باقمىغان، ئۇلارنىڭ ياخشى ئېتىنى ئاتاپ باقمىغان بۇ بالا - قازانىڭ مانا ئەمدى بىردىنلا ئۇلارنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ، يالىقىنى يالاپ يۈرگىنىگە هەممە هاڭ - تاڭ قالدى. كېيىن هېلىقى ياچىۋەكتەك ۋىجىك، قىرقىم چاچ شۇجىنىڭ تۇيۇقسىز كەنت باشلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم چېكىسىدىن تەر چىققۇدەك كەتمەن چېپىپ باقمىغان بۇساقنى قارانچۇق قىلىپ تىكلەپ قويغاندا بولسا،

ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

كەنت باشلىقى بولغان بۇساق ئىشنى داڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن باشلىدى. ئۇ كەنت قورۇسىغا كېلىپ مەجلىسكە داخىل بولغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا پۈكلىنىپ تۇرۇپ كەنت شۇجىسىنى ناھىيەگە ئۆگىنىشكە يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، خۇددى دادىسىدەك ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ گىدەيگىنىچە ھەممە كىشىگە تەكشى بىر قاراپ چىقتى. ئاندىن ئۆز ئىشىغا ماڭغىلى ئالدىراپ تۇرغان كىشىلەرنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى:

— ھازىر... بۈگۈن... — ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ گەپ باشلىغان بۇساق كىچىك بالىدەك گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلاپ قالدى. بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بىر كىمنى تىللاۋاتقاندەك گەپ باشلىدى، — ھەرقاندىقىڭ ئىشنى ئۇبدان قىلمىساڭ بولمايدۇ. ھېلىمۇ ئاتام زامانىدىن قالغاندىن كېيىن ھەيدىگۈچىسى مۈگدەپ قالغان ئېشەكتەك سەن خەقنىڭ ئايىغى قويۇلۇپ قالدى! مېنىڭ بىكارچى، لايغەزەل دېھقان بىلەن خۇشۇم يوق، ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا لاتا غىلاپلىق، لىڭتاسمىلىق قىلىدىغان بولۇشساڭ، تۇيمايلا پاتىڭىڭغا يەيسەن! بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ ماڭ دېگەن يېرىمگە مېڭىشىسەن، تۇر دېگەن يېرىمدە تۇرىشىسەن، قىل دېگىنىمنى قىلىشىسەن... ھەرقانداق ئادەمنىڭ يوغان باشلىق قىلىپ رۇخسەتسىز يۇرتنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا، باشقا يۇرتلاردا لاغايلاپ يۈرىشىگە بولمايدۇ! ئەگەرچەندە كىمدىكىم مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، ئەڭ ياخشىسى تېرىۋاتقان يېرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يۇرتتىن ئۆيىنى كۆچۈرۈپ، كۇدە - كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ كۆزۈمدىن يوقالسۇن، ئىككىنچى قېتىم ئالدىمغا كەلگۈچى بولمىسۇن!

كەچكى قۇياشنىڭ ئاپتىپىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ، ئاغزىنى تۇتۇپ، قولىنى پېشانىسىغا سايىۋەن قىلىپ، تىزىنى قۇچاقلاپ

ھەر خىل قىياپەتتە ئۇلتۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى بۇساقنىڭ كىرپە تىكىنىدەك يىرىك ساقاللىرى ئارىسىدا تىنىمسىز كاپىلداۋاتقان ئاغزىدا قېتىپ قالغانىدى. ئولتۇرغان يېرىدە ئۇيۇپ قالغاندەك ئۈستىخىنى مىدىر - سىدىر قىلمايتتى. چىرايى تارتىشىپ قالغاندەك قېتىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئېغىزىغا تۈك چىققاندىن بېرى يۇرتنى مالىمان قىلىپ، پات - پات ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان، بىر مەزگىل يۇرتتىن يوقىلىپ، يەنە پەيدا بولغان بۇ بالا - قازانىڭ مانا ئەمدى تۇيۇقسىز ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا دەسسەپ چوماق ئوينىتىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خاتىرجەمسىزلەنگەنىدى. شۇ تاپتا كىملەرنىڭدۇر ئېغىز ئېچىپ بىرنېمىلەرنى دېگۈسى، ھازىرقى كۈندە دېھقانلارنىڭ مەيلى دېھقانچىلىق بولامدۇ ياكى باشقا قوشۇمچە كەسىپ بولامدۇ، قانداق چاغدا نېمە ئىش قىلسا قىلىپ پۇل تاپسىلا، باي بولسىلا بولىدىغانلىقىنى سەمىگە سېلىپ قويماقچى بولدى. ئەمما، ئۇرۇش - جېدەل دېسە ئالتە يەردىن بەل باغلاپ دوغا چىقىدىغان بۇ قاپاق نوچى بىلەن تەڭ بولسا يوق يەردىن كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشتى.

سۆزلىگەنسېرى ئاغزى ئېچىلىپ، جاۋىغايلىرىدىن كۆپۈك ئاققىلى تۇرغان بۇساق چوماق كۈن ئولتۇرۇش بىلەن تەڭ تۈنجى مەجلىسنى ئاخىرلاشتۇردى ھەمدە تاشاخۇن، غوجاخۇن، قوپەك قاتارلىق بەش - ئالتە يۇمشاقباشنى تۇتۇپ قېلىپ، ھويلىسىدىكى كوپىراتسىيەدىن قالغان كونا ھارۋا چاقنى بۇزۇپ قازىنىنى چىقىرىپ، بەگلىكتىكى تۆت يولنىڭ ئاچىلىغا داڭ قىلىپ ئاستى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆتەڭدە زۇلۇم بىلەن ئۇرۇلغان داڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەينى يىللىرى كوپىراتسىيەنىڭ دېڭىغا كۆنۈپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەر چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. «ئەتىگەندە ئىت پوق يېمەستە...» دەپ غۇدۇراشقىنىچە دوقمۇشقا يۈگۈرۈشتى. ئەمما، كۆپىنچە كىشىلەر، بولۇپمۇ يېڭى

چوڭ بولغانلار بۇ داڭغا پىسەنت قىلمىغان، سەھەر قوپقانلىرىمۇ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. بۇساق توختىماي داڭ ئۇرۇپ كىشىلەرگە ئاراملىق بەرمىدى. بۇ يەرگە ئالدىن چىققانلارنى ئۆيىدىن چىقمىغانلارنىڭ ئۆيىگە چاپتۇرۇپ، ئۇلارنى چاقىرتتى. چاقىرتىسىمۇ چىقمىغانلارنىڭ ئۆيىگە ئۆزى باردى. ئاغزىنى بۇزغىنىچە بىر - بىرلەپ ھەيدەپ ئاچىقتى. ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىغانلارغا جەرىمانە قويۇپ، كەلسە - كەلمەس ھاشارغا تۇتۇپ، بەكرەك قارشىلىق قىلسا: «ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ جۇماڭ، ھە !...» دېگىنىچە ئۇرۇپ - پەشۋالاپ دېگەن يېرىگە كەلتۇردى.

شۇنداق قىلىپ، بۇساقاخۇن دادىسىنىڭ روھىنى خۇش قىلىپ، كىشىلەرنى داڭغا بويسۇندۇردى. داڭغىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ كۆلىمى بىر دىنلا كېڭىيىپ قالغان شەخسىي يەرلىرىگە قوش سېلىشقا، ئۇرۇق سېلىشقا، ئوتاق ئوتاشقا، بۇغداي، ئارپىسىنى ئورۇشقا، خامىنىنى تېپىشكە، قونىقىنى سوقۇشقا، چارۋا ماللىرىنى بېقىشقا، ئېغىل - قوتانلىرىدىن قىغ چىقىرىشقا... ئىشقىلىپ ھەممە - ھەممە ئىشىغا كۆندۇرۇۋەتتى...

بۇگۇن بالىلارنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالغان بۇساق چوماق كىمنى ساقلايدىكىنتاڭ، ئۇ تېخىچە تۇغان بېشىدا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھازىر كالىدەك قورساق سالغان، تەقى - تۇرقى پات - پات موتوسىكلىتىنى گۇركىرەتكىنىچە كەنتكە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كېچىگىچە ھاراق ئىچىشىپ، غەزەل ئوقۇغىنىچە كېتىپ قالىدىغان سېكرېتارنىڭكىدىن سۆلەتلىك بولۇپ قالغانىدى.

بالىلارنى قوغلاپ مەھەللە تەرەپكە كەتكەن ئىت تىلىنى ساڭگىلاتقىنىچە چېپىپ كەلدى. ئالدى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئىگىسىگە ئېسىلىپ، تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سوزدى. بۇساق بۇ ھىماتچىسىنى بېشىنى سىلاپ «ئوبدان قىلدىڭ» دېگەندەك ئەركىلەتتى. ئۇ بەگلىكتىكى كىشىلەرنىڭ ھازىر ئۆزىدىن كۆرە بۇ ئىتىدىن بەكرەك قورقىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

# 2. يار يولىدا تۇزاق

سامۇق موللام ئادەتتە ئىسلىماخۇنلارنىڭ ئىشىكىگە ئانچە يولىمايتتى. لېكىن، بۈگۈن بۇ كىشى ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە تۇپراق بېشىدىن ئۇدۇل كېلىپ، ئىسلىماخۇننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

خېلىدىن بېرى ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلار بىلەن يۈرگەنلىكىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرگەن سۇلايمىناخۇننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ ھېلىلىدەك قورۇلدى.

— ئۆيىگە موللام چىللاپتۇ بۇ قىزىلمۇچ، — سۇلايمىناخۇن قۇدىسىنىڭ دەرۋازىسىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن غودۇڭشىغىنىچە ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى، — موللىغا ئوقۇتۇشنى مەندىن سورىسۇن، قېنى مەن قانداق ئوقۇيمەنكىن !

سۇلايمىناخۇن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگىنىچە ھويلىسىغا كىردى. نەۋرىلىرى ئويناپ سۇپىغا تاشلاپ قويغان بىر ئەسكى قورچاقنى كۆرۈپ، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدى. ئۇ قورچاقنى قولىغا ئېلىپ توپىسىنى قېقىشتۇرۇپ، ئالدىراپلا ئىچكىرى ئۆيگە كىردى.

— نېمە قىلىۋاتىسىلە، ھوي ئادەم؟ — ئېرىنىڭ كىچىك بالىغا ئوخشاش قورچاق كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كەينىدىن كىرگەن زۇرنىساخان ھەيران بولۇپ سورىدى.

— كېيىن بىلىسەن، خوتۇن... ھازىر نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى سورىماي، خىل، ئۆتكۈر يوتقان يىڭنىسىدىن بىرنى تەييارلىغىنا !

— توۋا خۇدايىم، — زۇرنىساخان قولىنىڭ ئۇچىنى چىشلىگىنىچە يوتقان يىڭنىسى ئىزدەپ ماڭدى.

سۇلايمىناخۇن كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئۇلۇغۋار ئىشنى پۈككەندەك، ئىشىكى ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ گۇڭۇلداپ

ئايەت ئوقۇغىنىچە تەرەت ئالدى. ئاغزىنى مىتىلداتقىنىچە قۇدىسىنىڭ دەرۋازىسىغا سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ، يەنە ئۆيگە كىردى. خوتۇنىنىڭ ئەكىرىپ قويغان يىڭنىسىنى كۆرۈپ ياراتمىغاندەك كۆزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ دېدى:

— مۇشۇمۇ يوتقان يىڭنىسى بولدىمۇ؟ ئادەم ئالدىراپ تۇرغاندا تۈزۈكرەك بىرنېمە تاپساڭچۇ، خوتۇن!

— بارى شۇ ئىكەن.

— ئەجەب ئادەم هە دېگەندە، دورغا يارىماس خوتۇن ـ دە، سىلى!

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— جۇۋالدۇرۇزنى تېپىڭلا بولمىسا.

— توۋا خۇدايىم، نېمە قىلىدىغاندۇ ئېشەككە توقۇم تىكىدىغان بىرنېمىنى؟

— مېنىڭ ئىشىمغا تولا ـ تىرىم ئارىلاشماڭلا جۇما، خوتۇن! مۇنداق چاغدا مەن نېمە دېسەم، سىلى هە دەپ تۇرىسىلە... — سولايمىناخۇن زۇرنىساخانغا راسا بىر ئالىيىپ قارىغاندىن كېيىن دات بېسىپ كەتكەن جۇۋالدۇرۇزنى قولىغا ئېلىپ، سىرلىق رەۋىشتە قازناقا كىرىپ، ئىشىكىنى تاقىدى. هەيران بولغان زۇرنىساخان ئېرىنى نېمە ئىش قىلىدىكىن دەپ، دالان ئۆيدە ئۇنىڭ شەپىسىنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالدى.

سولايمىناخۇن تۇڭلۇكنىڭ ئۇدۇلىغا — پەگاھتىكى داق يەرگىلا يۆكۈندى. ئىچىدە بىرنېمىلەرنى پىچىرلىغىنىچە قورچاقا بىرهازا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ جۇۋالدۇرۇزنى قورچاقنىڭ كۆزلىرىگە سانجىپ، قارا يىپتا ئۇستىلىق بىلەن كەشتىلەنگەن ئىككىلا كۆزىنى ئويۇپ «قارىغۇ» قىلدى. ئاخىردا بۇ جانسىز لاتىنى ئادەمدەك ئالدىدا ياتقۇزۇپ، جۇۋالدۇرۇزنى مەيدىسىگە قاداپ قويدى...

ئېرىنىڭ سىرلىق ئىشلىرىدىن گۇمان قىلىپ، ئالىلقاچان ئۆگزىگە چىقىپ ئۇلگۇرگەن زۇرنىساخان تۇڭلۇك بېشىدا تۇرۇپ

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزىتىپ تۇردى. ئۆزىچە دەككە ـ دۇككىگە چۈشۈپ: «كۆڭلىگە نېمە جىن چۈشتى بۇ كىشىنىڭ؟...» دەپ غەمگە پاتتى.
سۇلايمىناخۇن قازناقتا بىر كىچە كىرپىك قاقماي قورچاققا بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ، دەم سېلىپ چىقتى. ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن كىچە ئەركىسى بولغان مۇشۇكياپىلاقتەك مازارلىقتا — ئىسلىماخۇنلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەبرىسى بېشىدا پەيدا بولدى. ئوغرىدەك تۆت ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كەتمەن بىلەن ئازغانلار ئارىسىدىكى قەبرىنى بوشىتىپ قولىدىكى قورچاقنى كۆمدى. ئۇ بۇ ئىشلىرىنى تەرتىپ بىلەن ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىسلىماخۇننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا: «مېنى قەستلەۋاتقان ئوغرى، كۆزلىرىڭنى مۇشۇ قورچاقنىڭ كۆزىنى ئويغاندەك ئويۇپ تاشلىدىم، ماڭا گۆر كولاش كويىدا سوقۇۋاتقان قارا يۈرىكىڭگە مۇشۇ قورچاقنىڭ يۈرىكىگە جۆۋالدۇرۇز سانجىغاندەك تىغ ئۇردۇم، ئۈچ كۈن ئىچىدە بوراندا قالغان پور توغراقتەك يىقىلىپ، مۇشۇ گۆردىن — قورچاقنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالارسەن، ئىلاھىم!» دېدى.
سامۇق موللامنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. بەگلىكلىكلەرنىڭ ئىشىك ـ دەرۋازلىرى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ يۆتەلگەن، تەرەت ئېلىشىۋاتقان، مەسچىتكە ماڭغان شەپىسى پەيدا بولدى. سۇلايمىناخۇن تۇلكىدەك شەپە چىقارماستىن مازارلىقتىن چىقىپ، مەسچىت تەرەپكە ئالدىنى قىلدى.
ئۇ كونىراپ تام ـ تورۇسلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان مەسچىتتە ھېچكىمگە تىكىلىپ قارىماستىن، ئۇدۇل كەلگەنلا بىر رەتتە توختىدى. پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئا تۈگىمەستە يان تەرەپكە قاراپلا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. سۇلايمىناخۇننىڭ يېنىدا ئىسلىماخۇن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. «ئەجەب

مەندىن بۇرۇن مەسچىتكە چىقىپ بوپتۇ يا بۇ كۆكپىت ! بۇ چاغقا ئىككى كۆزى ئاغرىپ ياكى ھېچبولمىغاندا يۈرىكىگە سانجىق تۇرۇپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندۇ دېسەم... ياق، ئالدىرىماي تۇتىدۇ تېخى ! ئەسلىدە چۈشى بۇزۇلۇپ، مەن قورچاقنى كۆمۈپ بولغۇچە ئورنىدىن تۇرۇپ مەسچىتكە چىقىۋالغان، خۇدادىن ئۆزىگە تەن ساقلىق تىلىۋالغان گەپ بۇ ئۇجاتلىق... تېخى ۋاقتى بار، ئاش ۋاقتىغىچە كۆرىمىز، ھېلى ئېتىزلىققا قىغ ئېلىپ ماڭغاندا ئېشىكى هارۋىنى سۆرەپ ئەپقېچىپ، ئېشىكى بىلەن ياردىن موللاق ئېتىپ بوينى قاتلىشىپ ئۆلىدۇ ياكى بولمىسا كونا تام بېسىپ...»

نامازنىڭ پەرزى باشلاندى. سۇلايمىناخۇن بىلەن ئىسلىماخۇن كۆڭلىدە بىر ـ بىرىنى تىللاپ ـ قارغاپ تۇرۇپ بىر مەسچىتتە، بىر سەپتە، ھەتتا جەينىكى بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ تۇرغان ھالدا ئاللاغا ئىقتىدا قىلدى...

ئىسلىماخۇن مەسچىتتىن يېنىپ ئۇدۇل تۇپراق بېشىغا كەلدى. ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋېتىپ توپىسى بوشىتىلغان قەبرىگە كۆزى چۈشتى. «جەددى ـ جەمەتىمنىڭ قەبرىسىگە تۇلكە ياكى جەسەت يەيدىغان لالما ئىتلار ئۆگىنىپ قالدىمۇ نېمە؟» ئۇ دۇئادىن قولىنى چۈشۈرۇپ نەمخۇش، بوش توپىغا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ سەپسالدى، — لالما ئىت ياكى تۈلكە كولىغان بولسا بۇنداق تەكشى ئەسلىگە كەلتۇرۇپ قويماستى، بۇ يەردە بىرئاز غەيرىي ئىشنىڭ ئۇپىناتى تۇرامدۇ نېمە...»

ئىسلىماخۇن تۆت ئەتراپىغا، مازارلىققا كېلىشىۋاتقان، كېتىشىۋاتقانلارغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىر يامانلىقتىن كۆڭلى ئۆرىدىگەن ھالدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى، يۇمشاق توپىنى ئالدىرىماي كولاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شىنىدەك قېتىپ كەتكەن بارماقلىرى شۇنچىلىك ئەپچىل ئىدىكى، كۆز ئالدىدا ھايالشىمايلا تىز چۆككۇدەك ئورەك ھاسىل بولدى. مانا

شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىغا كاللەك لاتىدەك بىرنەرسە ئىلىندى...

ئىسلىماخۇن كۆزى ئويۇلغان، مەيدىسىگە ئورۇس مىخىدەك جۇۋالدۇرۇز سانجىلغان لاتا قورچاقنى قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، قورچاقنى كۆتۈرۈپ مەھەللە تەرەپكە بۇرۇلدى. تەڭ يولدا كەتمەن كۆتۈرۈپ مەھەللە تەرەپكە كېتىۋاتقان قۇدىسى سۇلايمىناخۇننى كۆرۈپ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— ھۇ، كېچىلىرى ئۇخلىمايدىغان قەستخور قىزىل كۆز، — دېدى ئىسلىماخۇن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان سۇلايمىناخۇننى ئىچىدە تىللاپ، — قىزىڭنى خوتۇن قىلىپ ئالغان گۇناھى ئۈچۈن ئوغلۇمنى قارىلاپ ساقچىخانىغا سولىتىۋەتتىڭ، ئەمدى مېنى قورچاقتا بەند قىلىپ مازارلىققا ئاپىرىپ كۆمدۈڭمۇ! خەپ توختاپ تۇرۇش، خۇمىسىلار، قەست دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سەنلەرگە مەن ئۆگىتىپ قويىمەن! — ئىسلىماخۇن غودۇڭشىغىنىچە ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى.

ئېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مىرۋانىخاننىڭ تۆت پۇتى ئوڭدا قالدى:

— ھوي، بۇ زورىگۈل دېگەن بىرنېمىنىڭ بۇلتۇر مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تىككەن قورچىقى! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەۋرە شۇملار ئىككى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

— شۇنداقمۇ تېخى؟! — ئىسلىماخۇننىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى، — ئىسىت، ئۆيۈمگە تۇزۇمنى يەپ تۇزلۇقۇمنى چاقىدىغان كېلىننى ئەكىرىپ قاپتىكەنمەن. بۇ قورچاقنىڭ كىيىمىنى نېمىشقا مېنىڭ كىيىملىرىمگە ئوخشايدىكىن دېسەم، ھويلامدا ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ تىكىپتىكەن ـ دە، ئۇ ئايىغى قۇرغاق!

— سىلىنىڭ ئۇچلىرىدىن چۈشكەن كىيىملەرنى كېسىپ، تۆنەپ، دېسىلە!

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىر - بىرىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىشىپ، بىر - بىرىنى پۈۋلىشىپ خېلى ئۇزاق قايىندى. هويلىدىكى بالىچاقا، نەۋرىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ، تەرىپىنى ئېلىشتى. كېيىن مىرۋانىخان بىر ئەقىل تاپقاندەك ئېرىنى ئالدىراتتى:

— بولسىلا، ئاسمانغا قاراپ هاڭۋېقىپ تۇرىۋەرمەي، شەھەرگە كىرىپ چىلتەنلىرىمنى ① تاۋاپ قىلىپ چىقسىلا. قەستىنى دەل ۋاقتىدا ئۆزىگە ياندۇرۇپ، جۇۋىسىنى تەتۈر كىيدۈرەيلى بۇ ئۆلۈمتۈكلەرنىڭ!

— ئاخشام سامۇق موللامنى قىچقىرىپ، خەتمىقۇرئان ئۆتكۈزگەندىكىن قەست ئۆزىگە يېنىپ كېتەتتى.

— ئۇنىڭ هۆكمى باشقا. بولسىلا دەيمەن...

مىرۋانىخان ئىسلىماخۇننىڭ قورسىقىغا ناشتىلىق بېرىشنى ئۇنتۇپ، ئارقا هويلىدىكى توخۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ سېمىز بىر مېكىياننى تۇتۇۋالدى - دە پۇتىنى چېتىپ، قانىتىنى بوغۇچلىدى. قازناقتىكى كاتتىن كونىچە تارازىغا بۇغداي بۆلۈپ، ئېغىر بىر چارەك قىلىپ تارتتى. بىرنەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن كونا خورجۇننىڭ ئالدى پېيىغا بۇغداينى قۇيدى، كەينى پېيىغا مېكىياننى تىقتى. ئاڭغىچە ئىسلىماخۇن هويلىنىڭ تېمىغا يۆلەكلەك تۇرغان ۋېلىسىپىتنىڭ يەرگە چاپلىشىپ تۇرغان كامېرىنى يەللەپ تەييار بولدى. ئۇ زوۋانى بېسىلماي كاركىراپ تۇرغان مېكىياننى تۇنجۇقۇپ قالمىسۇن دەپ، بېشىنى خورجۇننىڭ ئاغزىدىن چىقىرىپ قويدى - دە، ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە پۇختىلاپ ئارتتى. ئۇ قەدىمي شەھەر يەكەننىڭ شىمال تەرىپىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان چىلتەنلىرىمگە قاراپ يول ئالدى.

— ئەتىگەندە ئىت گەندە يېمەستە هېلىقى تاۋۇز قورساقنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ - دە، — بىر خىل تاقەتسىز رەۋىشتە ئىشىكى

① چىلتەنلىرىم - يەكەندىكى قەدىمي قىرىق چىلتەن مازىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئالدىدا تۇرغان سۇلايمىناخۇن ئىسلىماخۇننىڭ تۇپىلىق يولدا ۋېلىسىپىت پىدالىنى كۆچەپ تېپىشىگە قاراپ قالدى، — قاپىقىڭ تارتىپ، ئەجىلىڭ سېنى يۈك ماشىنىسىنىڭ چاقىغا سۆرىگەن ئوخشايدۇ. چوڭ يولغا چىقار - چىقمايلا شېغىل توشۇۋاتقان موللاقچىنىڭ ياكى ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان چوڭ ئاپتوبۇسنىڭ تېگىدە قالارسەن، ئىلاھىم! — سۇلايمىناخۇن ئۆردەكتەك غوتۇلداپ ئىشەك ئالدىدا قالدى. ئىسلىماخۇن مەھەللىدىن يىراقلاپ كەتتى.

هويلىدا قالغان مىرۋانىخان داق يەردە توپىغا مىلىنىپ تۇرغان قورچاقا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. قاقپۇدا ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننى ۋەسۋەسىگە سېلىۋەتكەن بۇ ئالۋاستىنىڭ سىيماسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق بىر پەس ئويلاندى - دە، بېشىدىن چۆرۈپ ئېتىپلا قۇدىسىنىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىۋەتمەكچى بولۇپ يەرگە ئېڭىشتى. ئەمما، تۇرۇپلا بۇ خىيالىدىن يالتىيىپ قالدى. ئۇلار قۇدىلاشقاندىن كېيىن ھېلىمۇ ئارىغا جىق سوغۇقچىلىقلار چۈشتى. ئۇلار بىرنى دېسە، بۇلار ئىككىنى دەپ؛ بۇلار بىرنى قىلسا، ئۇلار ئىككىنى قىلىپ، ئائىلە بويىچە بىر - بىرىنى يەۋەتكۈدەك ھالغا كېلىپ قېلىشتى. شۇ تۇرقىدا مىرۋانىخان ئەرلەر بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى قىلسا، دېگىنىنى دېسە، بولۇپمۇ مۇشۇ قورچاقنى ئۇلارنىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىسا، يەنە جېدەل تۇغۇلۇشى تۇرغانلا گەپ. «نىجاسەتنى نىجاسەت بىلەن يۇغىلى بولماس، باياتىن بىرىمۇ ئاۋۇ ئادەمنى ئېچىتىپ، ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بىر ئىشنى قىپتىمەن. ناۋادا جەڭگى - جېدەل ئۇلغىيىپ كەتسە خاپىلىق باركى، ياخشىلىق يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە، بۇ ئاداۋەت ئۇرۇقىنى مەنلا يوق قىلىۋېتەي...» مىرۋانىخان قورچاقنى ئاچىقىپ ئۆستەڭدىكى سۇغا تاشلىدى.

ئېقىن سۇدا يۇيۇلمايدىغان، پاكىز بولمايدىغان نېمە بار؟ ئايال ئۆيىگە، ئوغلى نۇرئەلىگە، قىزى قېمىزخانغا كېلىۋاتقان

خاپىلىقنىڭ ئاشۇ قورچاق بىلەن يىراقلارغا ئېقىپ كېتىشىنى تىلىدى. مىرۋانىخان تۇرۇپلا ئەقلىگە كېلىپ قالغانىدى.

## 3. يېڭى يول

— هاي، نومۇس قىلىشمايدىغانلار... چىقىشە چىتلاق ئېچىدىن!

قارنى يېرىلغان ناغرىدەك ئۇنلىگەن بىر ئاۋاز ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننى ئۈركۈتىۋەتتى. تۇرغان ئورنىدا تامدەك قېتىپ قالغان غوجاخۇن تۇيۇقسىز ئەقلىگە كەلگەندەك خوتۇنى قېمىزخاننىڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتتى، قوشۇما قاشلىرىنى ئېگىز - پەس قىلىپ، قېچىشقا شەرەتلىدى. قېمىزخان ئېرىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە باغقا ئېچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى.

— قېمىز... هاي قېمىزخان، توختا دەيمەن! هېلى بىكار ئۇشۇقۇڭنى چىقىۋېتىمەن! — ئىسلىماخۇن باغقا كىرمەك بولۇپ چىتلاقنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. ھەيبار غوجاخۇن بايا خوتۇننى گەپكە سالغاچ، چۆۋۈلگان چىتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دەماللىققا ئۆتكىلى بولمايدىغان قىلىۋەتكەنىدى. قارىغاندا، ئۇ قېيىنئاتىسىنىڭ مۇشۇنداق تۇيۇقسىز كەينىگە يېنىپ كېلىپ قالىدىغانلىقىنى پەملىگەن بولسا كېرەك.

چوكان قويۇندەك ئۇچۇپ يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. تويلۇق قىپقىزىل يوپكا، چاپىنى بىر پارچە ئوتتەك خېلى يىراقتىنمۇ ئىسلىماخۇننىڭ ئېچىنى ئۆرتەيتتى. ئۇ گويا دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ھەم پەرۋاسىز، ھەم قورقۇمسىز ئىدى. توپلىيىنىڭ پاشىنىسىنى ئېرىگە تۇتقۇزغان، ئۆزى پىلاتىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، توي خېتىنى مەھكەم سىقىملىۋالغانىدى. ئۇ ئەتىگەن ئۆيدىن چىققاندىن بېرى ئاشۇ نەرسىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ سىلاشتۇرۇپ ماڭغان، ئەمدى بىكار بولۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ

كۆڭلىنى يېرىم قىلغانىدى. ئۇ نەرسە ئەمدى بىكار بولمايدىغان بولدى. ھەئە، ئۇنىڭ قولىدا توي خېتى بار ئىدى. يېنىدا يەنە ئاشۇ خەتنىڭ تاغدەك ئىگىسى بولغان ئېرى چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قولىدىكى ئاشۇ ئوتقاشتەك قىزىل نەرسىنى كۆتۈرۈپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كەتسىمۇ، چوڭ شەھەرلەرگە كەتسىمۇ، يولى ئوچۇق ئىدى. ئاشۇ قىپقىزىل نەرسە ئۇلار ئۈچۈن توسقۇنسىز يول خېتى ئىدى.

قېمىزخان ئېرى بىلەن قېچىۋاتاتتى. ياق، قېچىش ئەمەس، ئۇچۇۋاتاتتى. كۇزدە توي خېتى ئالغىلى ماڭغاندا لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرگەن غازاڭدەك، بۈگۈن ئاجراشقىلى ماڭغاندا توزۇپ يۈرگەن قۇيۇندەك ئەمەس، بەلكى جۈپتى بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان تۇرنىدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كېتىۋاتاتتى. نېمىشقا كەتمەيدۇ؟ ئەلۋەتتە كېتىدۇ ـ دە... چوكاننىڭ ئېرىگە مەيلى بار ئىدى. ئېتىزغا ئىشقا چىققاندا، ئىشتىن يانغاندا ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. ئېرى بىلەن كېلىشىپ، ئۆيىنى ئۆي قىلغۇسى بار ئىدى. لېكىن، دادىسى — ھېچكىم بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيدىغان ئاشۇ ئىسلىماخۇن ئۇنىڭ ئۈۋىسىنى بۇزدى. ئۇلارنى ئايرىۋەتتى. ئانىسى بىلىدۇ، قېمىزخان بوي تارتىپ كۆكسى يوغىناشقا باشلىغاندىن كېيىن ئۇ ئادەم بەتقىلىق بولۇپ قالدى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە قاپىقىنى ئاچماي يۈرىدىغانلىقىغا باقماي، قېمىزخاننى كۆرگەندە يالىقى يېيىلىپ كېتىدىغان، ساقاللىق ئۇچلۇق تۇمشۇقىدىن چىشلىرىنى پاتاق ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان باش قوناقتەك چىقىرىپ ھىجىيىپ گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. تاسادىپىي پەيتتە ئۆيدە يالغۇز قالغاندا ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى چىمدىۋالىدىغان قىلىقنىمۇ پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قېمىزخان بۇ ئادەمدىن قورقۇپ ئانىسىدىن، ئاكا ـ ئۇكىلىرىدىن ئايرىلمايدىغان، يورۇش ـ تۇرۇشتا بەك ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئېرىنىڭ غەيرىي نىيىتىنى سېزىپ قالغان ئانىسى مىرۋانىخان بۇلۇڭدىكى ئۆيگە كىرىپ

چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. كېيىن قىزىنى تېزرەك ئەرگە بېرىپ، بېشىنى ساقايتماقچى بولدى. لېكىن، كۆڭلىدە نېمە چوت سوقىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىسلىماخۇن ئۇنى بىرنېمە دەپ، بۇنى بىرنېمە دەپ، بىرسىگە تويلۇقنى ئېغىر سېلىپ، بىرسىگە تەڭسىز شەرت قويۇپ يۈرۈپ، خېلى ئوبدان يەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنىمۇ يولغا سېلىۋەتتى. بۇ ئادەم بىلەن كېلىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئەلچىلەرنىڭمۇ ئايىغى پىشتى. كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلاشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھويلىدا مۇنۇ غوجا خىڭخىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. ئېغىلدىن قىغ چىقىرىدىغان، قوناق سوقىدىغان ئىشلارنى ھۆددە ئېلىۋالغاندەك بىر باشتىن چۈشۈپ قىلغىلى تۇردى. شۇ كۈنلەردە قېمىزخان دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئاشۇ خىڭخىڭغا بەرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، غوجەكىنىڭ مېڭىشى سەت، ئاۋازى خىڭخىڭ بولغاننى ئاز دەپ، قارا يېتىم ئىدى. كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمىغان قېمىزخان دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭغا تويلاپ قويۇپ، تويدىن كېيىن ھويلىسىدا ئۆي تۇتۇپ بېرىپ، ئىككىلىسىنى قولىدىن چىقارماي، خىزمىتىگە سالماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ قالدى.

تويىمۇ بولدى. لېكىن، ئىسلىماخۇننىڭ پىلانى ئۆزىنىڭ قورسىقىدا، ئاغزىدا قالدى. غوجاخۇن خۇددى توي كۈنى قېيىنئاتىسىنىڭ ھويلىسىدىن چاڭ چىقىرىۋەتكەندەك، خوتۇنىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزىدىنمۇ ئوت چىقىرىۋەتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى بەك ئامراق چىقىپ قالغاچقا، كۈن - كۈنلەپ ئىسلىماخۇننىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلسىمۇ، غوجاخۇن قېمىزخاننى يوكىنىدىن چىقارمايتتى. كەچقۇرۇنلىرى چوڭ ئۆيدە قونۇپ قالغاندا، ئىزا تارتمايدىغان بىغەرەز قېمىزخاننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي كېچىچە تامغا تېپىپ، پۇشۇلداپ، ھاسىراپ ياندىكى ئۆيدە ياتقانلارنى ئۇخلاتمايتتى. ئەتىگىنى قىلچە تارتىنىدىغان ئىش

يوق، چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايغىنىچە قېيىنئاتىسى بىلەن چۆگۈن تالىشىپ ياكى ئارقا ھويلىدا غۇسۇل قىلىۋاتقان يەردە دوقۇرۇشۇپ قالاتتى. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» دېگەندەك بۇ ئىشقا ھېچ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئىسلام كۆك ئاخىر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قوغلىۋەتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلى قىزىمغا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەرمەپتۇيەي، ھېلى قىزىمنىڭ قورسىقى ئاچ قاپتۇيەي، دېگەندەك ئۇششاق سۆز ـ چۆچەك بىلەن قېيىنىزخانىنى يامانلىتىۋالىدىغان بولدى.

ئېرى بىلەن شۇ قەدەر قاملىشىپ قالغان قېيىنىزخان ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ غوجاخۇننى سېغىناتتى. ئۇنىڭ خىڭشىلداپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن قىلغان چىرايلىق گەپلىرىنى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. ئاخشاملىرى كونا ئۇنئالغۇسىنى قويۇۋېلىپ، مۇقام مەشرەپلىرىگە ئۇسسۇل ئويناشلىرىنى، ئۆزىنى ئۇسسۇلغا تارتىشلىرىنى سېغىناتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ ياراتماي قالغانلىقىنى ئويلىسا، يۈزى قىزىرىپ كېتەتتى. توۋا، ئۇ ھەممە نېمىسى تەل بولغان ئۆزىنىڭ ئۆيىدە، ئۆزىگە يەرنىڭ تېگىدىن قارايدىغان بىر جۈپ كۆزنىڭ ئالدىدا شۇنچە سىقىلاتتى ـ يۇ، ھويلىسىمۇ يوق، توغرا كەلگەن پەدىدە يېپىلغان، ئوچىقىغا چاۋار قالايدىغان غېرىبانە بىر كەپىدە شۇنچە ئەركىن ـ ئازادە، كۆڭلى خۇشال ـ خۇرام كۈن كەچۈرگەنىدى.

غوجاخۇنمۇ قېيىنىزخاننى شۇنچە سېغىنسا كېرەك، دادىسى ئۇنى ئۇچىنچى قېتىم يامانلىتىپ ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ھەپتە ئۆتكەندە، ئۆينىڭ ئارقىسىدىن ئىسقىرتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. تونۇش ئاۋازدىن ئۇنىڭ شەپىسىنى سەزگەن قېيىنىزخان غىپپىدە ئۆينىڭ ئارقىسىغا چىقتى. گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا ھاسىراشلىرىدىن غوجاخۇننى تونۇپ يېنىغا باردى. ئەمما، نېمىشقىكىن ھېچقايسىسىنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەي تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا «ۋاق ـ ۋۇق» قىلغان ئاۋاز بىلەن غوجاخۇن

بوش ئىڭراپ تاشلىدى ھەم نېمىدۇر بىر نېمىنى قېمىزخانغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ بەدەر قاچتى. ئۇلارنى پايلاپ قولىغا تاياق ئېلىپ چىققان دادىسى غوجاخۇننى قوغلاپ ئۇرۇپ كەتتى. قېمىزخان قولىدىكى نەرسىنى ئالمان - تالمان شۇ يەردىكى ئەسكى - تۈسكىلەرنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ئۈلگۈردى. چوكان ئىككى كۈندىن كېيىن ئەپلىك بىر پۇرسەتتە ئېرى بەرگەن ھېلىقى نەرسىنى ئىزدەپ تېپىپ، يالتىراق خالتىنى ئاچتى. بۇ رەڭگى، پاقىراقلىقى پىدىگەننىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر چىرايلىق توپلەي ئىدى. بىچارە يېتىم ئاتايىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشقا ئىمكان بولماي تاياق يەپ قېچىشقا مەجبۇر بولغانىدى. غوجاخۇن ئادەتتە سەت، كۆرۈمسىز كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىغا گېپى چىرايلىق، مۇشۇنداق كۆيۈمى بار ئىدى. قېمىزخانمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بۈگۈن ئاجراشقىلى بېرىش ئالدىدا كۆڭۈل قويۇپ جابدۇندى. دادىسىنىڭ كىم ئېلىپ بەردى، دەپ سوراققا تارتىشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرماي، ئۈچى پىدىگەننىڭكىدەك ئۈچلۈق ئاشۇ چىرايلىق توپلىيىنى كىيىۋالدى. قېمىزخان قىز ۋاقتىدا دادىسى ئۇنىڭغا شەھەردىكى كونا مال بازىرىدىن بىرنەچچە سومغا ئەر كىشىنىڭ ئايىغىدەك ئۈچى دوقمال بەتىنكە ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ ئاشۇنداق ئەسكى ئاياغقا بەك ئۆچ ئىدى... چوكان ئەتىگەن يولدا كېلىۋېتىپ توپلىيىگە نەچچە رەت قارىدى. كۆڭلىدە ئادا - جۇدا بولۇشۇۋاتقان دەملەردىمۇ غوجاخۇننىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگىنىگە خۇش ئىدى. دەرۋەقە، چوكاننىڭ ئويلىغىنىدەك، ئېرى ئۇنىڭ پۇتىدىكى توپلىيىنى كۆرگەندە كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. تىلىنى چىقىرىپ، يارىشىپتۇ دېگەندەك قىلدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ يازلىق ئايىغىنىڭ تايىنى يوقلۇقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئاتايىن ئۇنىڭ غېمىنى قىلغانىدى. ئەر دېگەن مۇشۇنداق بولسا - ھە... دادىسى غوجاخۇندىن نەچچە ھەسسە سۆلەتلىك، ئۆزىنى مەن - مەن دەپ يۈرگىنى بىلەن قېمىزخان ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ

ئانىسىغا ئۆزى خالاپ پوتلا ياغلىقچىلىك نەرسە ئېلىپ بەرگىنىنى كۆرگىنى يوق. كۆتىگە تېپىپ ئىشلىتىشنى، خوشى توتسا خوتۇن قىلىشنى، ئاچچىقى توتسا ئۇرۇپ ـ پەشۋالاشنى بىلىدۇ. غوجاخۇن بولسا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئاللىقاچان بىر ـ بىرىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن. شۇڭا، ئۇ غوجاخۇنغا تېخىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تەلمۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى...

## 4. زەيتۇنەم ساقلىدى

كىشىلەر ئېيتقاندەك كۈنىنىڭ بەرىكىتى قالمىغانمىكىن قانداق، ئارقا ـ ئارقىدىن پەسىللەرنى تەكرارلاپ ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ يىل تۇرامەت ئەر ـ خوتۇنلارغا ئۈچ كۈنچىلىكمۇ بىلىنمىدى. لېكىن، يۇرتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە كۆز سالغان كىشى ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىنى قوغلاشقاندەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلەر، ئايلار، يىللارنىڭ بەگلىككە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ.

بۇ كۈنلەردە ئۆتەڭدىكى توپا توزۇپ تۇرىدىغان كېسىشمە يول شېغىل تۆكۈلۈپ تەكشىلەنگەن، يول بويىدىكى رەتسىز بوتكا، دۇكان، يايمىلار كەنت كومىتېتى مەبلەغ چىقىرىپ سالغان دۇكانلارغا كۆچۈرۈلگەنىدى. تىجارەت قىلىدىغانلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ، ئاشپەزلەر، قاسساپلار، ئۇن ـ سىن بۇيۇملىرى دۇكىنى دېگەندەكلەر پەيدا بولدى. ئىشقىلىپ، مۇشۇ كەمدە ئۆتەڭدە توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نېمە تېپىلىدىغان، قوشنا كەنت كىشىلىرىمۇ سودا ـ سېتىق ئۈچۈن ئۆتەڭگە كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەر جۈمە كۈنى ئۆتەڭنىڭ قىبلە دوقمۇشىدىكى كونا مەسچىتتە جۈمە نامىزى ئۆتەشكە كەلگەن جامائەت نامازدىن يانغاندىن كېيىن ئۈششاق ـ چۈششەك سودىلىق قىلىپ، خېلى ئاۋات كالتە بازار شەكىللەندۈرگەنىدى. بەگلىكنى

كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ كالتە بازارنىڭ جېنى ئىدى. ئۆستەڭ بويىدىكى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا سۆگەت سايىسىغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتقانلار، دوغچىنىڭ ھارۋىسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ دوغ ئىچىشىۋاتقانلار ئۆتەڭنىڭ ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق بازار بولۇشقا لايىق يەر ئىكەنلىكى؛ نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى زامانلاردا ئۆتەڭنىڭ بىر بەگلىكنىڭ مەركىزى — شەھەر بولغانلىقى، كېيىنكى قۇرغاقچىلىق، ئاچارچىلىق، كۆچۈش، خارابلىشىش جەريانىدا شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى... مانا ئەمدى مۇشۇ يوسۇندا تەرەققىي قىلسا، ئۇزاققا قالماي بۇرۇنقى شۆھرىتىنى تېپىۋېلىشىدا گەپ يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ سېتىشاتتى. دىگەردىن كېيىنكى كەچكى قۇياشنىڭ نۇرى پېشانىسىغا چۈشۈپ تۇرغان بوۋاي - مومايلار بەگلىكنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىنىڭ شاھىتى ئىدى. ئۇلار بەگلىكنىڭ ئەتىسىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. بەگلىكنىڭ تارىختىكى شانۇشەۋكىتىگە قايتىشىنى، ھەممە كىشىنىڭ تۇرامەتلەرگە ئوخشاش دېھقانچىلىق، ئىش - ئوقەتلىرىنىڭ يۈرۈشۈپ قورسىقىنىڭ توق، كىيىمىنىڭ پۈتۈن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى.

موتوسىكلىتنى گۈركىرەتكىنىچە شەھەر تەرەپتىن شامالدەك ئۇچۇپ چىققان تۇرامەت ئىككى يولنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدىن ئوڭغا قايرىلىپ، بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۆستەڭ بويىدىكى تارچۇق بىلەن دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. موتوسىكلىتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دۇكاندىن چاققان قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەلگەن زەيتۇنەم ئېرىنىڭ قولىدىكى رەڭلىك كۆزئەينەكنى ئېلىپ، دۇكان ئىچىدىكى ئەينەكلىك كانتۇر ئۈستىگە ئاۋايلاپقىنا قويدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ھەش - پەش دېگۈچە موتوسىكلىتنىڭ كەينىدىكى قەغەز يېشىك ئىچىگە لىپمۇلىق قاچىلانغان چوكامۇز، تەييار ماروژنىلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، دۇكان ئىشىكىگە تاقاپ قويۇلغان توڭلاتقۇغا سالدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك ماسلاشقان ھەم چاققان

ئىدىكى، كۆرگەن كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلمەي قالمايتتى. قاپاق تېرەك تۈۋىدىكى ھېلىقى كىچىك بوتكا ئۆستەڭ بويىدىكى مۈشۈ يېڭى سېلىنغان دۇكانغا ئالماشقان، دۇكان ئىچىدە يىپ ـ يىڭنە، تۈرمۈش لازىمەتلىكلىرى، ئارغامچا ـ توقۇناق، تاغار، تۆمۈر ـ تەرسەكلەردىن تارتىپ ئات ھارۋىسىنىڭ چاقى، ساپان، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى زاپچاسلىرىغىچە بار ئىدى. سىرتقا توڭلاتقۇ، ئاممىۋى تېلېفون قويغان، ئىشقىلىپ ئۇلار مۈشۈ ئۈچ ـ تۆت يىلدا خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان، ئىقتىسادى يېتىشمىگەن تەرەپلەرگە يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدىن ئانچە ـ مۇنچە قەرز ئېلىپ، دۇكىنىنى مۈشۈنداق ئاۋات قىلغانىدى.

بەگلىكتىكى بۇ كالتە بازارغا پات ـ پات كېلىپ تۇرمىغان كىشىلەر ئېھتىمال تۇرامەتنى كۆرسە دەماللىققا تونۇيالماي قالار. ھازىر ئۇنىڭ بېشىدا تولا يۇيۇلۇپ پېتى چۈشكەن شاپاق دوپپا يوق. گەدىنىنى ئاتكوس چىقىرىپ ياستىۋالغان پارقىراق سېرىق چاچلىرى، قاملاشتۇرۇپ قويۇۋالغان بۇرۇتى، كالتە يەڭ سېرىق مايكا، بىلىكىدىكى سائەت، كەمىرىدە ساڭگىلاپ تۇرغان يانفون، ئاچقۇچ دېگەندەك بىر توقام لاقا ـ لۇقىلار ئۇنىڭ سۆلىتىنى ئاشۇرۇپ، ياش تۇرقىغا شۇنداق ياراشقانىدى.

شەھەردىن يېڭى ئاچىققان ماللىرىنى رەتلەپ بولۇپ، توڭلاتقۇغا چېتىلغان توك مەنبەسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈۋەتكەن تۇرامەت موتوسىكلىتىنى چەتكە تارتىۋېتىپ، بىر ئاز ھارغىن كەيپىياتتا قولىغا ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ، قىزىل لەمپە ئاستىدىكى ياغاچ ئورۇندۇققا زوڭزىيىپ تۇرۇشىغا بويى پاكار، چىرايى كۆرۈمسىز، كوسا بىر كىشى دۇكان ئالدىدا پەيدا بولدى. مال تىزىلغان پەشتاختىلارغا بويۇنداپ قاراپ، زەيتۇنەمدىن سورىدى:

— ھاراق بارمۇ؟ — ناتونۇش خېرىدارنىڭ بۇ گېپىنى تەستە ئۇققىلى بولاتتى.

— يوق ! — زەيتۇنەم ئېغىز ئاچقۇچە تۇرامەت جاۋاب بەردى. ئۇ كۈتۈلمىگەن نەرسىنى سورىغان بۇ يوچۇن خېرىدارغا

يېڭىباشتىن سەپسېلىپ قارىدى. بۇ كىشىنىڭ قىسىق كۆزلىرىدىكى ئىپادىسىدىن قارىغاندا، سورىغان نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ ئالدىراپ سودا قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— تاماكىچۇ؟

— ئۇمۇ يوق! خەقكە زىيان قىلىدىغان ئۇنداق نەرسىلەرنى ساتىدىغان دۇكان ئەمەس بۇ!

ناتونۇش كىشى قاتار كەتكەن دۇكانلارغا بىر - بىرلەپ كىرىپ، ئوخشاشلا شۇ نەرسىنى سوراپ ئاياغقا كەتتى. رادىيونىڭ، ئۈنئالغۇنىڭ، سىنقويغۇنىڭ ئاۋازى بەس - بەستە ياڭراۋاتقان دۇكانلارنىڭ ئىگىلىرى بۇ خېرىدارغا نېمىدەپ جاۋاب بەردى، خەق نېمىنى سورىسا، شۇ زامات دۇكىنىغا شۇ نەرسىنى پەيدا قىلىدىغان دۇكانچىلار قانداق ئويدا بولدى، بۇنىسى تۇرامەتكە نامەلۇم. ۋاھالەنكى، ناتونۇش خېرىدارنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان تۇرامەت كۆڭۈلسىز بىر تۇيغۇغا چۆمدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۆتەڭدە تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگەندىن بېرى بۇ يەردە بۇساق چوماق بىلەن ئابدۇلئاشىقتىن باشقا بىركىم ھاراق ئىچكەنمۇ ئەمەس. ئىلگىرى ئۆتەڭدە كەندىردىن نەشە ياسىغان، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا سورۇن تۈزۈپ چېلىم تارتىشقانلار ئارقا - ئارقىدىن بۇرنىغا يەپ، ئادەم بولغان بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىركىمنىڭ قولىدا تاماكا چاغلىق نەرسە كۆرگىلى بولمايتتى. بۈگۈن بۇ يەردە ھاراق، تاماكا سوراشتۇرۇپ يۈرگەن بۇ كىشى قانداق ئادەمدۇ زادى؟!

كىشىلەر تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ، قۇرۇق قوللار ئاز - تولا پۇل كۆرگەن كۈنلەردە، ھېلىقى چاغدا تۇرامەتتىن ھاراق، تاماكا سورىغان ھېلىقى كوسا كىشى ئۆتەڭدە يەنە پەيدا بولدى. كۈنيۈرۈش دوقمۇشىدىكى كەنت كومىتېتى قورۇسىنىڭ يېنىدىن ئىككى يۈرۈش دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، تورۇسقا گۈللۈك قەغەز توقۇپ، بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن دۇكان ئېچىشنىڭ

تەييارلىقىنى پۈتكۈزدى. يېڭى كەلگۈندىچىلىكتە بەگلىكلەرنىڭ سۆز ئادىتىگە ماسلىشالمىغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر كۈلۈپ تۇرغان بىلەن، تولىمۇ كەم سۆز كۆرۈنگەن بۇ كىشى ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىغا قىزىقسىنىپ، ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان بىكار تەلەپلەرگە پەرۋا قىلماستىن، ماشىنا بىلەن يېشىكلەپ ھاراق ـ تاماكىلارنى ئەكېلىپ يېڭى دۇكاننى رەڭگارەڭ تۈسكە كىرگۈزۈۋەتتى. ئۆزى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن دۇكاننىڭ ئىچى تەرىپىدىن ئىشىك ئېچىپ، كەنت ئىشخانىسىنى ئۆي قىلدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە كاڭشىپ ئاغزى بېسىلمايدىغان ئىككى ئىتنى كەنت كومىتېتى قورۇسىنىڭ ئىچىگە باغلىدى.

دەسلەپكى بىر ـ ئىككى ھەپتە ئىچىدە بەگلىكتىكى ياشلار بۇ دۇكانغا ئەمەس، بەلكى كەنت كومىتېتىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، كاڭشىپ تۇرغان ھېلىقى ئىتلارنى قىرقىتىپ ئارام بەرمىدى. ئۆزلىرىنىڭ قىلىقىنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىغا قىلچە خىجىل بولماستىن كۈلۈپ تۇرىدىغان ياشلار كېيىنچە يېڭى دۇكانچىنىڭ مۇلايىم، خۇش پېئىل ئادەملىكىنى ھېس قىلىشىپ، بارا ـ بارا ھاراق ھىدى پۇراپ تۇرغان قاۋاقخانىنىڭ ئىچىنىمۇ يولاپ چىقىدىغان بولۇشتى.

شۇ يوسۇندا خېلى كۈنلەر ئۆتتى. مانا ئەمدى ئاخشاملىرى ئۆتەڭدە سامۇق مولامنىڭ خۇپتەنگە ئوقۇغان ئەزان ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، ھېلىقى قاۋاقخانىنىڭ پەشتاختىسىغا يۆلىنىپ بىرنەچچە رومكا قېقىۋالىدىغانلارنىڭ ناخشىسى، ئالىتاغىل تۇۋلاشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇر» دېگەندەك يىل ئالماشقۇچە بۇنداق قاۋاقخانا ئارقا ـ ئارقىدىن كۆپىيىپ تۆتكە يەتتى. بۇلارنىڭ بىرسى تېخى كەنت كومىتېتى قورۇسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ ياكى ئىش بېجىرگىلى كەلگەن كىشىلەر مۈزدەك سوغۇق، غورا چاينىۋالغاندەك سۆرۈن چىرايلاردىن ئەيمىنىپ، بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالالمايدىغان ئىشخانىلار مانا ئەمدى قىزىل

چىراغلار يېقىلغان، كۆلكە ـ چاقچاقلار ئۆكسۈمەيدىغان ئايرىمخانىلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. قاش ـ قاپاقلىرىنى قىزارتىۋالغان پەتەك ئايال غوجايىنىنىڭ چىرايى ئوچۇق ئىدى. ئىشىكتە پەيدا بولغانلارنى شىۋىرغاندا يالقۇنجاپ تۇرغان گۈلخاندەك قىزغىن، ھارارەتلىك ئىما ـ ئىشارەتلىرى بىلەن قارشى ئالاتتى. كەم سۆز، ئەمما كۆلكىسى زىيادە قىزلار بەگلىك ياشلىرىنىڭ كۆرەك تەلپەك، مېزى ساڭگىلاپ تۇرغان چاپانلىرىنى سالدۇرۇپ، تامدىكى مىخ ئاسقۇغا ئىلىپ قويۇپ، توڭرۇق بېسىپ كەتكەن قارا گەدەنلەرگە گىرە سالاتتى...

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. كۈزدە ئۆتەڭدە ئېغىز ـ بۇرنىدىن ئېچىق ھور چىقىرىپ، ئېگىز ـ پەس دەسسەپ يۈرگەنلەرنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن بوۋايلار مانا ئەمدى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىماس بولۇۋالغان ئوغۇللىرىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە قاترايدىغان بولدى. تىرناقتا توختىغۇدەك چىرايلىق چوكانلار تۇن قاراڭغۇسىدا ئالۋاستىنىڭ كۆزىدەك يېنىپ تۇرغان پال ـ پۇل چىراغلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەرلىرىنى ئىزدەپ پەشتاختىغا يۆلىنىپ ھاراق ئىچىۋاتقانلارغا بىر ـ بىرلەپ كۆز سالىدىغان بولۇشتى. ئايرىمخانىلارغا بويۇنداپ قاراشقا مەجبۇر بولۇشتى. مەستلىكتە ساراڭ كالىدەك ئالدى ـ كەينىگە دەسسەپ يۈرگەن ئەرلىرىنى ئۆيىگە ئەكېتەلمەي ئاۋارە بولۇش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

تۇرامەت بۇ رەڭگارەڭ دۇنياغا، دەل مۇشۇنداق بىر تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ تۇرغاندەك ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىپ كەتكەن، يولدىن چىققان تەڭتۇشلىرىغا ئېچىناتتى. توۋا دەپ ياقىسىنى چىشلەيتتى. ئۇ باشتىن ـ ئاياغ كۆرۈپ تۇردى. ئۆتەڭدە ھەممىدىن بۇرۇن ھاراق ئىچكىنى سەيداق بولدى. ئۇ شۇ كۈنى يېنىدا پۇلى بولمىسىمۇ، كوسا دۇكانچىنىڭ «بىر بازارلىق بولۇپ قالدۇق، ئەمدى بىز دوست...» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇيۇپ بەرگەن ھارىقىنى ئىچىپ، ئېشىكى تۆت چىشلىق بولغىنىچە

بەگلىكىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. تۇرامەتنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلغىنىچە «كۆكۆل ئىزھار» قىلدى. دۇكاننىڭ بوسۇغىسىغا شالاقشىتىپ قوسۇپ قويدى. ئۇنىڭدىن بىزار بولغان تۇرامەتنىڭ بىر ئېغىز تەنبىھ بېرىشى بىلەن ساراڭلىقى تۇتۇپ ئېگىز - پەس جۆيلۇدى. بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يېتىۋېلىپ كىملەرنىدۇر تىللاپ، ھۇ تارتىپ يىغلاپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھاراق ئىچىۋالسىلا ئۇن سېلىپ يىغلايدىغان، تۇرامەتنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىنى بۇزىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان تۇرامەت تۇرۇپ بۇ تۇتامسىز لەنەتگەردىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى ھەم ئۇ مەست بولۇپ كەلسىلا دۇكاننى تاقاپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدىغان بولدى.

قوپەك دېگەن لەقۋامۇ بىردىنلا ئىچمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ ئۇ شۇ كۈنلەردە مەيىنىسا بىلەن كېلىشىپ بولالماي سۆرۈشۈپ يۈرگەچكە، ھاراق بىلەن كۆكۆل خاپىلىقىنى باسماقچى بولغاندەك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇنى سۆرەپ، بۇ بۇنى سۆرەپ ئىش كۆرمىگەنلەرنىڭ يۈزى ئاستا - ئاستا ئېچىلدى. قاۋاقخانىلارغا كىرمەكچى بولغان ياشلار بۇرۇنقىدەك بىر كىمدىن خىجىل بولۇپمۇ يۈرمەيدىغان بولدى. ئىلگىرى زېرىكىپ - تېرىكىپ قالسا پات - پات «جاڭگالغا يۈگۈرەيدىغان» ئەسكى قىلىقى بار ياشلار ئەمدى كەنت قورۇسى ئىچىدىكى ئايرىمخانىلارغا يۈگۈرەيدىغان بولدى. بۇ يەردە پۇل كەتكەن بىلەن جاڭگالدىكىدەك بىركىم كۆرۈپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلار يوق ئىدى. بىر ئوبدان خوش كەيپ بولغاندىن كېيىن كېتىدىغان ھەقنىڭ ئاز - جىقلىقىغا قاراپ ئولتۇرمايتتى. پۇل بولمىسا كىملىكىنى ياكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىسىنى گۆرۈگە قويۇپ، كېيىن پۇل تاپقاندا بېرىش بۇ يېڭى دۇكانلارنىڭ مېھمانلىرىغا ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئازغۇن قەدەملەرنىڭ روھى چىركىن،

ئىرادىسىز، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن يۇمشاقباشلارنى ئۆتەڭگە سۆرىشى ئاۋۇپ قالغانىدى. تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان ئالىقاندەك ئۆتەڭدىكى جىمىرلاپ تۇرغان چىراغلار، ۋىۋىسكىلار مەھەللىلەرگە، كەنتلەرگە قاراپ كۆز قىساتتى. بۇ كۈنلەردە بەگلىكتىكى ئۆتەڭنىڭ تېزلا داڭقى چىقىپ، كەنت ـ كەنتلەردىن، يېزا ـ يېزىلاردىن، ھەتتا شەھەردىنمۇ بۇ يەرگە ئوينىغىلى كېلىدىغانلار كۆپەيدى. بۇساق مۇدىر بولسا بەگلىك بازارلىشىش، كەسىپلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ، ئۆتەڭنى كېڭەيتىش، تەلتۆكۈس ئېچىۋېتىش كويىدا يۈرەتتى.

شۇنداق، بەگلىك ئايرىمخانىلاردىكى قەدەھ ـ رومكىلار ئىچىدە چايقىلاتتى.

بەگلىك تۆت كوچا دوقمۇشىدا تۆت تەرەپكە تەڭ ئەلەڭگۈلەيتتى.

ھەئە، بەگلىك دوقمۇشتىكى قاپاق تېرەكنىڭ سايىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى...

بۈگۈن ئالا پېشىنىدا يۈز ـ كۆزىنى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارتىۋالغان سەيداق پۈتلىرىنى ئالماپ ئالچاڭلاپ دەسسىگىنىچە كەنت قورۇسىدىكى ئايرىمخانىلارنىڭ بىرىسىدىن چىقىپ كەلدى. دەلدۈگۈنۈپ ئالدى ـ كەينىگە دەسسىگىنىچە بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى. كېسەل توخۇنىڭ كۆزىدەك يېرىم يۇمۇلۇپ قالغان كۆزلىرىنى تۆت ئەتراپىغا تىكىپ، بۈگۈن كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ، قانداق ئاھاڭدا يىغلىسام بولار، دېگەندەك ھەر تەرەپكە قارىغىلى تۇردى. ھەرىچى تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭدىن كېيىنرەك قاۋاقخانىدىن غىپپىدە چىقىپ دۈكىنى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

ئىزغىرىن شامالدا ئۈچۈپ يۈرگەن تاشلاندۇق يالتىراق پارچىسىدەك كالتە بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەس ئەلەڭلەپ يۈرگەن سەيداق ئۇيان دەلدۈگۈنۈپ، بۇيان دەلدۈگۈنۈپ ئاخىر

تۇرامەتنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. خېرىدارسىز دۇكاندىكى ماللارنى بىر تەرەپتىن سۇرتۇپ، بىر تەرەپتىن رەتلەپ تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان زەيتۇنەمنى كۆرۈپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقىنىچە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۇشكە باشلىدى:

— زە... زەيتۇنەم، بۇ ئەبجەق دۇكاندىكى توپا بېسىپ تۇرغان ئەسكى - تۇسكىلەرنى ياغلاپ، سۇرتۇپ پارقىرىتىۋەتكۇچە، سىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئاسان پۇل تاپىدىغان ئىشنى قىلسىڭىزچۇ.

تۇيۇقسىز يامان گەپ ئاڭلاپ، تېنى شۇركۇنۇپ كەتكەن زەيتۇنەم كەينىگە لاپپىدە ئۆرۈلۈپ قارىدى. سەيداقنىڭ مەستلىكتىن خۇدىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرۈپ، لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۆز ئىشنى قىلىۋەردى.

— ئا... ئاڭلاۋاتامسىز؟ سىزنى دەۋاتىمەن. ئۆزىڭىزنىڭمۇ خېلى ئېپى بار، چىرايىڭىزمۇ بولىدىغان جۇۋان...

زەيتۇنەمنىڭ تاج رەڭ ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى گەۋدىسى تىترەپ كەتتى. شۇ تاپتا بىردىن - ئىككىدىن كېلىپ، سەيداقنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان بىكار تەلەپلەر ئاغزىنى كالچايتىپ ھىجىيىشىپ تۇراتتى. سەيداق بارغانچە ئۆزىنى ئوخشىتىپ ئەدىگىلى تۇردى:

— خې... خېرىدارسىز ئولتۇرغان جۇۋانغا مېنىڭ مەسلىھەتىم خوپ كەلدى بولغاي، قاراڭلار جىملا تۇرغىنىنى... ئۇنىڭسىزمۇ مۇشۇ چاغقىچە مۇشۇكنىڭ ئاسلىنى چاغلىق بالا تۇغۇپ باققان؛ تۇرامەتكە خوتۇن بولۇپ، ئۇگىلىرى ئاجرىغۇدەك بىر قېتىم ئەرنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان خوتۇن ئەمەس بۇ !

— شوۋا گەدەن دوقا ! — دېدى ئاھانەتكە چىدىمىغان زەيتۇنەم قىلىۋاتقان ئىشنى توختىتىپ، سەيداققا بۇرۇلۇپ، — ئەر لازىم بولسا، ئۇدۇللا ئېرىمدىن سورا، سېنى ياراتمىغان خوتۇنۇڭ ئالمىخان بولسىمۇ ھاجىتىدىن چىقىدۇ.

— ئا... ئاشۇ كۆك كۆزما؟ ! — دېدى سەيداق زەيتۇنەمنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك تىل - ئاھانىتىنى قېتىغا ئالماستىن، — دۇكان بىلەن پۇلدىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئۇ لامزەللىدىن ئۇنچىلىك ئىنجا كەلگەن بولسا، بۇ چاغقا ئىچىڭگە بىر نېمە ئۇنمەمتى؟!

گالاچ - گۇلۇچ ! تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشت زەربىسىدىن سەيداقنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن شورۇرىدە قان كەتتى. ئاسماندىن چۈشتىمۇ ياكى يەردىن ئۈندىمۇ، زەيتۇنەمنى تىللاۋاتقان سەيداقنىڭ قېشىدا تۇرامەت تۇراتتى.

— دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، نېمىدەپ خوتۇنۇمغا تىل سېلىپ يۈرۈيسەنۇي، دوقا؟ ! — غەزەپكە تولغان تۇرامەتنىڭ كۆككۈچ كۆزلىرى سوغۇق چاقناپ تۇراتتى، — بۇ چاغقا قەدەر ساڭا يامانلىق قىلغان يېرىم يوققۇ !

ۋايجانلاپ، ئۇڭ - تەتۈر تۇۋلاپ يىغلاپ ئورنىدىن قوپقان سەيداق ئاغزى - بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قاننى يۈز - كۆزىگە، چاقماق كۆڭلىكىگە سۈۋاپ بەتبەشىرە بولدى. دادىسىنىڭكىدەك ئادەم تىللاشقا كۆنۈككەن زۇۋانىنى قويۇۋەتتى:

— نېمە ئادەم ئۇرىدۇ ماۋۇ پومپىشچىكنىڭ كۈچىكى؟! ...

— نېمە خوتۇنۇمغا تىل سالىسەن، ئەمىسە؟ !

— دۇكانغا ئاچىقىپ قويغاندىكىن، قانداق قىلسام قىلىمەن ! ھۇ پومپىشچىك ...

— قانداق قىلسام قىلىمەن دېدىڭما، زۇۋانىڭغا بېقىپ گەپ قىل، ھۇ كىشىنىڭ رىزقىدىن ئۆرە تۇرىدىغان غالچىنىڭ كۈچۈكى !

— كىشىنىڭ رىزقى؟! — سەيداق يىغىدىن توختاپ بىردىنلا ئەتراپىغا يىغىلغانلارغا قاراپ كۈلدى، — كىشىنىڭ رىزقىنى يېسەممۇ، خوتۇنۇمنى دۇكانغا ئاچىقىپ ساتقۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان يېرىم يوق مېنىڭ، ھۇ خوتۇنىنىڭ ئىشتىنىدا ناماز ئۆتەيدىغان لەقۋا ! — سەيداق شۇنداق دەپ تۇرامەتنىڭ ئالدىغا

غارقىرىتىپ قوسۇۋەتتى. ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ بۇ كۈلكىسى سەيداقنىڭ زەھەردەك گېپى ئۈچۈنمۇ ياكى نودىن سۇ ئېتىلىپ چىققاندەك غارقىرىتىپ قوسقىنى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. سەيداق تېخىچە تىل ياغدۇرۇۋاتاتتى:

— تې... تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خوتۇنۇڭنى قوناقلىقمۇقوناقلىق ئوت ئالغىلى چىقارتىۋېتىپ، ئۆزۈڭ ئۆتەڭدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان، ئەتىگەنلىكىڭگە تاپساڭ، كەچلىكىڭ يوق تۇرەك سەن شۇغۇ! ئۇنتۇپ قالما، خو... خوتۇنۇڭ قوناقلىقتىن چۆنتىكىنى توللاپ ئەكىرىپ بەرگەن پۇلغا، بېقىپ بەرگەن قويغا قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە يايما ئېچىپ، ئەمدى مۇشۇنچىلىك بولغان تۇرەك سەن. ئەمدى خوتۇنۇڭغا ئاۋۇ قورۇ ئىچىدىكى ئوينايدىغان يەردىن ئاز - تولا ئىش ئۆگىتىپ قويساڭ تېخىمۇ باي، ئاتا - بوۋاڭدەك پومېشچىكلاردىن بولۇپ قالىسەن! مەن باشقا گەپ قىلمىدىم. خوتۇنۇڭغىمۇ شۇنى دەۋاتاتتىم...

ئاھانەتكە چىدىمىغان زەيتۇنەم يۈزىنى تۇتۇپ ھۇ تارتىپ يىغلىغىنىچە ئۆيى تەرەپكە يۈگۈردى. تىل - ئاھانەتلەرنىڭ ئالدىدا سۇرەتكە چۈشۈۋاتقاندەك قېتىپ قالغان تۇرامەت تۇيۇقسىز ئالدىغا ئېتىلدى. بىر كاللا بىلەن سەيداقنى موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.

تۇۋا، تۇرامەت ئۆزىنىڭ سەيداق بىلەن ئانچە پۇرچىقى پېتىشمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى، لېكىن ئوتتۇرىدا زادى نېمە ئۆچ - ئاداۋەت بارلىقىنى زىنھار بىلمەيتتى. ياكى ئىلگىرى ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ پادىسىنى بېقىپ بېرىپ كۈن ئالغان سەيداقنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۇلارغا قورساق غۇمى بار بولغىيمىدى...

سەيداقنىڭ ئۈچ تال ئۇتتۇر چىشى تۆكۈلۈپ، تۇرامەتنى تىللىيالماس بولغان چاغدا ئۆتەڭدە يەنە بىر دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار سەيداقنى،

موتوسىكلىتىنى گۇركىرتىپ قاياقتىندۇر يېتىپ كەلگەن سەيداقنىڭ دادىسى بۇساقنى تاشلاپ قويۇپ، چىرقىرىغان تەرەپكە يۈگۈردى. ھەممە كىشى كۆردىكى، كۈنگەي دوقمۇشتىكى توك ھەرىسىدە شال تىلىۋاتقان تۇرسۇننىڭ ئوڭ قولىنى ھەرە بېغىشىدىنلا ئۈزۈۋەتكەن، ئۇستىخانلىق، گىروي كەلگەن تۇرسۇن ئېچىنىشلىق چىرقىراپ ھوشىدىن كەتكەنچە ھەرە كېپىكى ئۈستىدە قانغا مىلىنىپ ياتاتتى.

يۈرىكى ئېچىشقىنىچە قارىشىپ تۇرغانلار ئۇنىڭ ھەمىشە بىردەم ـ يېرىمدەم ئارام ئېلىش ئۈچۈنمۇ قاۋاقخانىغا يۈگۈرەيدىغان، چالا مەست بولۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ ھەرىنى ماڭغۇزۇپ، شال تىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرۈشتى.

* * *

ئۆتەڭ كىشىنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق، يات تۇيغۇ بېرىدىغان بىر كالتە بازارغا ئايلىنىپ قالدى.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا جازا مۇددىتىنى توشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەن تۇرامەت ئۆزىنى بىردىنلا يېتىمسىرەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۆتەڭنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ تۆت تەرەپكە بىر ـ بىرلەپ نەزەر تاشلىدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن قاۋاقخانىلار، توخۇ گۆشى قورۇمىخانىسى، ئۆز ـ ئۆزىدىن ياتلىشىپ پەرۋاسىز، روھسىز بولۇپ كەتكەن يەرلىك كىشىلەر، يېڭىدىن ماكانلىشىۋاتقانلار، قاۋاقخانىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تېتىقسىز كۈلكىسى، قول ئىشارىتى ئارقىلىق ئەركەكلەرنى، ئىش كۆرمىگەن يىگىتلەرنى چاقىرىۋاتقان نايناقلار، كاناي، ياڭراتقۇلىرى يۇرتنى بېشىغا كىيىپ، كىشىنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەيدىغان سىن قويغۇ دۇكانلىرى، «ھايت ـ ھۈيت، دۇش ـ دۇش، خېنىم ... غوجام، ھا ـ ھا ـ ھى ـ ھى...»

دېگەندەك ئاۋازلار بەگلىكنى ئۆرتۆپە قىلىۋەتكەنىدى.

ھېلىقى چاغدا ئۇتتۇر چىشلىرىنى تۆكۈۋېلىپ، تۇرامەتنى سولاتقۇزۇۋەتكەن سەيداق بەزگەكتەك تىترىگىنىچە كەنت قورۇسىنىڭ يان تەرىپىدىكى قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدا دۈگدىيىپ تۇراتتى. بىر قولىدىن ئايرىلىپ قالغان تۇرسۇن ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولۇپ، دوقمۇشتىكى قېرى قاپاق تېرەكنىڭ سايىسىدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن سەدىقە تىلەپ ئولتۇراتتى. ئالدىغا سېلىنغان كونا داستىخاندا قېتىپ كەتكەن نانلار، سېنىت، موچەن دېگەندەك پارچە ـ پۇرات پۇللار چېچىلىپ ياتاتتى.

تۇرامەت كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا سوغۇقلا قاراپ قويدى. ئۇ بەگلىكتىكى تەڭتۇشلىرىنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا كۆرگەن كۈنلىرىدىن ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما، بۇ ئىشنى ئانچە پىسەنتكە ئېلىپ كەتمىدى. مەھكۇملۇق ئىچىدە ئۆتكەن ھايات، ئېغىر ئىش ـ ئەمگەك ئۇنى شۇنداق سوغۇق مىجەز، پەرۋاسىز قىلىپ قويغانىدى. ئۇ بىر چاغلاردا تەلەپچان، ئىشچان، ئۆزىنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدىغان خوتۇنىنىڭ تەسىرى، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ روھىنىڭ يۆلىشى بىلەن قاشاق، ئۈمىد ـ ئىشەنچسىز تۇرامەتتىن بىر سەھەردىلا روھلۇق، ئىرادىلىك، سەھەر تۇرۇپ كەچ ياتىدىغان، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشلەپ ھارمايدىغان، ئىش ـ ئوقەتنىڭ يولىنى تاپقان تۇرامەتكە ئايلانغانىدى. مانا ئەمدى ئايرىلغىنىغا بىر يىل بولغان بازارغا كېلىپ چۆرگۈلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بولۇپ قالدى.

تۇرامەتنىڭ ياشاڭغىراپ كەتكەن كۆزلىرى بازارنى ئالا قويماي كۆزىتىپ چىقتى. بۇ كۆزلەر ئۆزىنىڭ دۈكىنىغا تىكىلگەندە، كۆكۈچ قارىچۇقلىرى كەينىگە تارتىشقاندەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ دۈكىنىدا ناتونۇش بىر ئايال خېرىدار چىللاپ ئولتۇراتتى.

تۆرامەتنىڭ بېشى ئايلىنىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. قېنى ئۇنىڭ دۇكىنى؟ پەشتاختىلارغا پەۋەس تىزىلغان ماللارچۇ؟

— ھو... ھوي، تۆرەكقۇ بۇ !

تۆرامەت تويۇقسىز بۇرنىغا ئۇرۇلغان قاڭسىق ھاراق ھىدى، سۇيدۇك ـ چىللە پۇرىقى، قولاق تۈۋىدە ئاڭلانغان غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدىن چۆچۈپ يانغا بۇرۇلدى. شۇنچە شەپىسىز كەلدىمىكىنتاڭ، ئۇنىڭ يېنىدا سەيداق تۇراتتى. بايىقۇشنىڭ يېقىن ئارىلىقتىن كۆرۈنگەن ئەپتى باياتىنقىدىنمۇ يىرگىنچلىك بولۇپ، چاچ ـ ساقاللىرى دەرۋىشلەرنىڭكىدەك ئۆسۈپ كەتكەن، بۇرنىدا كۆك پوتلا، كىيىم ـ كېچەكلىرى يىرتىق، ئىشتىنىغا سىيىپ، چىللە قىلىۋەتكەنىدى. پۈتۈن ئەزايى تىترەپ بىر ئورۇندا تۇرالمايتتى.

— ئا... ئادەم بولۇپ چىقتىڭمۇ؟ — دېدى سەيداق ئۆزىگە قاراپلا قالغان تۆرامەتنى كۆزگە ئىلمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ.

تۆرامەت لام ـ جىم دېمەي، دۇكىنى تەرەپكە قاراپ تۇردى.

— ئەمدى ئۇ يەرگە كۆزۈڭنىڭ ئېشىنى سالما، سەن خوتۇنۇڭدىن ئەنسىرەپ قىلالمىغان ئىشنى خەق قىلدى ئاينا... ماڭە، ئىچىگە كىرىپ چىقمىز، — سەيداق شۇنداق دەپ تۆرامەتنى چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ دۇكان تەرەپكە سۆرىدى. تۆرامەت بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزى گۈل كەلتۈرۈۋەتكەن دۇكاننىڭ ئىچىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلاپ قالدىمۇ ياكى سەيداقنىڭ گېپىگە كىرىپ ماڭدىمۇ، ئىشقىلىپ كىشىلەر ئۇنىڭ قىزىل ئىشىك پەردىسى تارتىلغان، ئىچى قاراڭغۇ دۇكانغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

تۆرامەتنىڭ گېلىدىن قاڭسىق بىر رومكا ھاراق ئۆتكەندە، ئۇ ھەم سەسكەندى، ھەم چۆچۈپ قالدى. ئەمما، بۇ ئىشلار شۇ قەدەر تاسادىپىي رەۋىشتە بولۇپ ئۆتتىكى، تۆرامەت ئۆزىمۇ ئالدى ـ كەينىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى. شۇنداق بولدى، ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە دۇكانغا تەكلىپ قىلىنىدى. سەيداقنىڭ

مۇشۇنداق مېھمان قىلىدىغانلار بولسا باشلاپ كېلىپ، خەقنىڭ سايىسىدا بىرنەچچە رومكا قېقىشۇپلىپ چىقىپ كېتىدىغان خۇينى بىلىدىغان دۇكاندار ئايال گەپ ـ سۆزسىزلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا سوغۇق سەي، خاسىڭ مېغىز، ھاراق دېگەندەك نەرسىلەرنى كەلتۈرۈپ ئۈلگۈردى. سەيداق تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. ئىككى رومكىغا ھاراق لىقلاندى. گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن سەيداق كونا ئاداۋەتنى يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن تۇرامەتكە ھاراق تۇتتى.

شۇنداق، ئاداۋەت دېگەن تۇتقىلى بولمايدىغان، لېكىن ئادەمنى تىنىمسىز يامان كويلارغا ئۈندەيدىغان تۇتۇرۇقسىز نەرسىنى ۋاقتىدا يۇيۇۋېتىش كېرەك. لېكىن... كۆز قارىچۇقلىرى رومكا ئىچىدە چايقىلىپ تۇرغان ھاراقتا قېتىپ قالغان تۇرامەت ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى. يۇندا دېغىنى يۇندا بىلەن يۇغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئاداۋەت دېگەننى داستىخان يۈزىدە چىرايلىق ئولتۇرۇپ تۈز بىلەن يۇيۇش كېرەك ئىدىغۇ! يەنە كېلىپ بۇ سەيداق بارغانچە نان كۆچۈكى بولۇپ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى تۇتۇرۇقسىز بىرنېمە بولۇپ قاپتۇ. ئارىمىزدا تۈزۈك باردى ـ كەلدىمۇ يوققۇ...

— ئىچە، ئاداش! ئىچكىنە، — سەيداق تۇرامەتنىڭ خىيالىنى بۆلدى، — ئۇغۇل بالا دېگەن ھەممە ئىشنى قىلىپ باققۇلۇق. تۇرمىگىمۇ كىرىپ چىقتىڭ ئاينىكا!

تۇرمىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ھەممە نېمىسى بەربات بولغاندەك، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئۆزىنى يېتىم ـ يېگانە ھېس قىلغان تۇرامەت رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا دۈم كۆمتۈردى.

— ھە، مانا ئەمدى يۈزۈڭ ئېچىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن ياق دېمەيدىغان چو... چوكان بولدۇڭ، ھا ـ ھا ـ ھا ...

ئاچ قورساققا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېقىپ كىرگەن ئۈچ رومكا ھاراق تۇرامەتنىڭ بېشىغا چىقتى. تۇرمىدە تاتىرىپ قالغان ئاق

سېرىق يۈزى شەلپەردەك قىزاردى. يېرىم تەخسە توخۇ قورۇمىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تۇرامەتكە سۇركىلىپ تۇرۇپ شىرەگە قويغان گۆش توخۇسىدەك چوكان ئۇنىڭ كۇلكە ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە زەيتۇنەم بولۇپ كۆرۈندى. لېكىن، زەيتۇنەمنىڭ كاسىسى بۇنداق يوغان ئەمەس ئىدى. ئالدىدا سىيرىتمىسى بار ئەت رەڭ ئىشتانغا چىڭ قۇيۇلغان ئۆپكىدەك لىقىقىدە سىغدىلىپ تۇرغان كاسا ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن يات جىنسقا بۇنچىلىك يېقىن ئارىلىقتىن قاراپ باقمىغان تۇرامەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى.

كۆتۈرۈلۈپ قالغان تۇرامەت ئەمدى هاراقنى ئۆزى قۇيۇشقا باشلىدى.

ئەس - هوشى خىرە - شىرە هالدا هاراقتا چىلىشىۋاتقان تۇرامەت ئۇيان ئۆتۈپ - بۇيان ئۆتۈپ ئۆزىگە سۇركىلىپ تۇرغان مىلىق - مىلىق كاسىنىڭ زەيتۇنەمنىڭ كاسىسى ئەمەسلىكىنى بىلگۈچىلىكى بار ئىدى. ئۇ زەيتۇنەمدىن ئايرىلغان كۈنى ساقچىلار رومكا تۇتقان مۇشۇ قوللىرىغا سۇرلۇك پارقىراپ تۇرغان كويزىنى سېلىپ، كۆك جىپقا سولاپ ماڭغاندا، ئۆتەڭدە ئېزىلىپ - ئېزىلىپ يىغلاۋاتقان زەيتۇنەم گويا ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋالماقچى بولغاندەك خېلى يەرلەرگىچە ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. كېيىن توپا - تۇمان، ماشىنا چاقىدىن چاچرىغان شېغىل - تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قالدى. يېزىلىق ساقچىخانىغا سولاققا چۈشكەندىن كېيىنكى بىرنەچچە هەپتە ئىچىدە خوتۇنى يوقلاپ كەلگەندە، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىر - بىرىگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتى.

سوتنىڭ هۆكمى چىققاندىن كېيىن تۇرامەت ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي جەهەتتىنمۇ، ئەركىنلىك جۇملىسىدىنمۇ، تۇرمۇش جەهەتتىنمۇ زور بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى هېس قىلدى. شۇ كۈنلەردە زەيتۇنەم دۇكاننىڭ سودىسىدا ئايلىنىۋاتقان نەق پۇلنى

يىغىپ، سەيداقنىڭ ئۈچ تال چىشى ئۈچۈن بۆيرۈلگەن ئۈچ مىڭ يۈەننى سوت ئارقىلىق سەيداققا بەردى. قالغان ـ قاتقان مال، تۇرامەتنىڭ موتوسىكلىتى، ۋەھاكازالارنى يىغىشتۇرۇپ قەرز تۆلىدى ھەم تۇرامەتنىڭ بۆيرۈقىغا ئاساسەن دۇكاننى تاقاپ، بىراقلا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. تۇرامەتنىڭ قارشىچە، ئەر يوق ئۆيدە خوتۇن كىشى يالغۇز تۇرسا بولمايتتى.

تۇرامەت كۆزنەكلىرى سىم تور بىلەن قاپلانغان ماشىنىغا چىقىرىلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن خوتۇنى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. ياخشى ـ يامان كۈنلەردە بىللە بولغان قەدىناس خوتۇن قانداقلارچە... ئاچچىق ھاراق ئۆپكىسىگە كەتتىمۇ ياكى دىدارلاشمىغىلى ئۈچ يىل بولغان خوتۇنى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدىمۇ ئەيتاۋۇر تۇرامەتنىڭ كۆزلىرىدىن شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشتى.

قارىماققا شەبنەمدەك سۈزۈك كۆرۈنسىمۇ، كېكىردەكتىن ئۆتكەندە ئوغىدەك ئاچچىق، كىشىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتەيدىغان ھاراق، زەيتۇنەمنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، بىر چاغلاردا ۋۇجۇدىغا كۈچ ـ قۇدرەت، جاسارەت، ئىرادە ئاتا قىلغان ئايالىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى ئۆزئارا گىرەلىشىپ، مەينەت بېسىپ كەتكەن شىرەگە بېشىنى قويۇپ ياتقان تۇرامەتنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا ئۆرلەتتى. ئاللىقاچان كور مەست بولۇپ يۈتلىرىنى باشقۇرالماس ھالەتكە يەتكەن سەيداق بولسا ئىشتىنىنىڭ بېغىنى كۆتۈرگىنىچە ئالدى ـ كەينىگە دەسسەپ چىقىپ كەتكەن، قۇرۇقدالغان تەخسە، غاجاپ تاشلانغان سۆڭەك، ئىلغاپ قويۇلغان ئاچچىق مۇچ، يەرگە چۈشۈپ لېۋى سۇنۇپ كەتكەن پىيالە، سۇنۇق چوكا دېگەندەك نەرسىلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى.

تۇرامەت غوجايىن ئايال بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا يېگەن ـ ئىچكەنگە تۆلىگۈدەك پۇل بولمىغانلىقتىن،

يەتتە خۇپتەندە غوجايىن ئايال بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆتەڭنى بېشىغا كىيگەنىدى. شۇ كېچىسى تۇرامەت ئامانلىق ساقلىغۇچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، كەنت قورۇسى ئىچىدىكى سولاقخانىغا سولاندى. سولاقخانىنىڭ ئىشىكىنى تاراقشىتىپ قارشىلىق قىلغاچقا، تۆپىلەپ باش ـ كۆزىگە تاياق يېدى. ئەتىسى بۇ خاپىچىلىقلارنى ئاڭلاپ كۇنگەي مەھەللىسىدىن يېتىپ كەلگەن قېيىنئاتىسى سامۇق موللام بىلەن بېشىغا ئاق ياغلىق چىگىۋالغان خوتۇنى زەيتۇنەم توخۇ قورۇمىخانىسىنىڭ غوجايىنىنى رازى قىلىپ، ئامانلىق ساقلىغۇچىلارغا يالۇۋۇرۇپ، مىڭ يۈەن كاپالەت پۇلى تۆلەيدىغانلىقىغا تىلخەت يېزىپ بېرىپ، تۇرامەتنى سولاقخانىدىن ياندۇرۇپ چىقتى.

## 5. زەينەپنىڭ كاككۇكى

— كاككۇك، كاككۇك، كاككۇك !

زەينەپ تىنىمسىز سايراپ كاككۇكنى چاقىراتتى. ئۇنىڭ سايراشلىرىغا ئاچچىق نالە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

بەگلىكتىكى خېلى كۆپ كىشىلەر زەينەپكە ھېسداشلىق قىلىسمۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زەينەپ تاشلىۋېتىلگەن شۇم جانىۋار ئىكەن. ئەگەر زەينەپ تاشلىۋېتىلمىگەن بولسا، جۈپ ـ جۈپى بىلەن دانلىشىپ يۈرگەن ئۇچار قاناتلار، ھېچبولمىغاندا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا جۈپتىنى قوغلاپ يۈرگەن پاختەكچىلىك بولسىمۇ ئۆز قەدرى بىلەن ياشار ئىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، زەينەپ يەنە ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرارىمىش. شۇڭا، قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىغا مۆكۈۋېلىپ پىنھاندا نالە قىلارىمىش. ئۇنىڭ سىيماسىنى ئاسانلىقچە چېلىقتۇرغىلى بولماسىمىش. ياز بويى نالە قىلىپ كاككۇكنى چاقىرغان زەينەپنىڭ ئۆرۈك غازاڭ چىقارغاندا نەپسى بوغۇلارىمىش. ئۇ

كاككۇكنى تېپىشقا كۆزى يەتمەي، قايسى بىر پاسىق قۇشقا قانات ئاچارمىش، شۇڭا زەينەپ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىمىش.

يامان كۆزلەردىن قېچىپ، ئۆرۈككە چىقىۋالغان زەينەپ تۆت تەرەپكە بوي سوزۇپ تۇرغان چاتاقلار ئارىسىدا ئەپلىشىپ ئولتۇردى. يانچۇقىدىن بىر خەسە قول ياغلىق بىلەن يىپ - يىڭنىسىنى ئېلىپ كەشتە تىكىشنى باشلىدى. ئۇ ياخشىراق رەڭلىك يىپ تاپالمىغانلىقتىن، كونا باش ياغلىقتىن سۇغۇرۇۋالغان ئىككى - ئۈچ خىل رەڭدىكى يىپ بىلەن ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. زەينەپ بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلدى. قىز شاختا قونۇۋېلىپ تۇمشۇقىنى ئۇلۇغ ئېچىپ سايراۋاتقان بىر قۇش بىلەن يىراقتىن بۇ قۇشقا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان يەنە بىر قۇشنىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ كاككۇك بىلەن زەينەپ ئىدى. قىزنىڭ كۆزى قول ياغلىقتا، ئۆزى شېرىن بىر تۇيغۇ ئىلكىدە كۈلۈمسىرىگىنىچە خىيالى قانات قاقتى...

— كىم سىز، سۆگەت شاخلىرىنىڭ دالدىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپسىزغۇ؟ ...

— كا - كا - كۇ - كۇ...

— ھوي، سىزنىڭ تىلىڭىز يوقمۇ؟

— كا - كا - كۇ - كۇ...

— توۋا، قاش - كۆزى جايىدا، شۇنداق بېجىرىم بىر ئايال زاتى... تىلىڭىزغا نېمە بولغان؟ — ئەر ئۇنىڭ يېنىغا زوڭزايغان، زەينەپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ قويلىرىنىڭ يېنىغا قېچىۋالغانىدى.

— ھەي... ھەي قاچماڭ، مەن ئەسكى ئادەم ئەمەس !

زەينەپ بار - يوقى ئۈچ تۇياق قوينى ئالدىغا سېلىپ قوغلاپ ئۆيگە يېنىپ كېلىۋالغان، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئاغزىغا تىقىلىپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ سەزگۈر قۇلىقىدا «مەن ئەسكى ئادەم

ئەمەس» دېگەن گەپلەر ئەكسىلىنىپ تۇراتتى. قىز ئەتىسى چىڭقىچۇشتە بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ خىلۋەتتىكى ئۆستەڭ بويىغا يەنە كېلىپ قالدى. ھاۋا ئىسسىق، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ھېرىپ چارچىغان كىشىلەر ئۆيلىرىگە تىقىلىۋالغاچقا، بۇ يەر ئادەملەردىن خالىي، جىمجىت ئىدى. ئاتايىن كېلىشىپ قويغاندەك ھېلىقى ئەر ئۆستەڭ بويىدا يەنە پەيدا بولدى. بۇگۈن ئۇنىڭ مۇرىسىدە كەتمەن يوق ئىدى. ئەر تىلى كەمتۇك قىزنى چۆچۈتۈۋەتمەي دېگەندەك، كىچىكلىكتىكى چېچەك ئىزى قالغان مۇدۇر ـ چوقۇر، كۆرۈمسىز يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ نوتىلىرى سۇ يۈزىگە تېگىپ تۇرغان سۆگەت سايىسىدىكى قىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مېنىڭ ئىسمىم قاۋۇلاخۇن، سىزنىڭچۇ؟ — ئەر بۇگۈن شەرەت بىلەن گەپ تەشتى. ئۆزىگە گەپ قىلغانلار شەرەتلەپ مەقسىتىنى ئۇقتۇرسا، قىزنىڭ چىرايىغا كۈلكە يامىشاتتى. ئۆزىمۇ شەرەت بىلەن تىلىنى ئۇقتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

— كا ـ كا ـ كۇ ـ كۇ... — زەينەپ بىرنېمىلەرنى دېدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا تىلى كەلمەيتتى.

— ئاش ئېتەلەمسىز، ئاش؟ — ئەر ئاۋۋال يېگىنى شىمايلاپ خېمىر يۇغۇرۇش ھەرىكىتىنى، ئاندىن ئاغزىغا بىر نەرسە سېلىپ، تەمىنى تېتىغان قىلىقنى ئىپادىلىدى.

— ئېھ... — قىز ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىچىدە بېشىنى لىڭشىتتى ھەم نېپىز لەۋلىرىنى جۇپىلەپ «تاتلىق» دېگەندەك ئاۋاز چىقىرىپ قويدى.

— ۋاي تېخى ! — ئەرمۇ خۇشال بولغان ھالدا ئاغزىنى ئېچىپ قالدى، — ياماقچۇ، ياماق يامىيالامسىز؟ — ئۇ شۇنداق دەپ قولتۇقى يىرتىلىپ كەتكەن كونا كۆڭلىكىنى ئىشارەت قىلدى.

— ئېھ... — قىز تېخىمۇ خۇشال بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. تولا يۇغانلىقتىن رەڭگى ئۆڭگەن توپا رەڭ پىلاتىنىڭ يانچۇقىدىن بىر جۈپ قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن ياغلىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا

كۆرسەتتى.

— ۋاي تېخى ! — ئەر قىزنىڭ سۇس خېنە قويغان تىرناقلىرىغا قاراپ ھەيران قالدى — ئېرىڭىز يوقتۇ، مۇنداق ئېرىڭىز؟ — ئۇ ئوڭ قولنى ئېڭىكىگە چەنلەپ «ساقال» دېگەن مەنىنى ئىشارەت قىلدى.

— ئېھ... — قىز تېخىمۇ قىزىرىپ، بېشىنى چايقاپ يەرگە قارىدى.

— ماڭا تېگەمسىز، ماڭا؟ — ئەر بىگىز بارماقلىرىنى جۈپلەپ گېپىنى تېخىمۇ ئۇچۇق ئىپادىلىدى. قىز يۈزىنى توسۇۋالدى.

— خىجىل بولماڭ، ھەي... مەنمۇ ئاۋۋالقى تويۇمدا يامان خوتۇنغا يولۇقۇپ قاپتىكەنمەن، ئۇ خوتۇن ماڭا ئاش بولماي، بىر - بىرىمىزگە تەتۈر قارىشىپ، كېيىن ئاجرىشىپ كەتتۇق... ئەمدى خوتۇن ئالاي دېسەم يېنىمدا پۇلنىڭ تايىنى يوق. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا سۇ ياقىلىغاچ كېتىۋېتىپ سىزگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، قارىسام ناھايىتى جىمىغۇر، ئوڭلۇق كۆرۈندىڭىز، شۇڭا گەپ ئېلىپ باقاي دەپ... — ئەر قىزنىڭ ئۇزۇن بارماقلىرىنى تۇتتى. قىز قارشىلىق قىلماي جىم تۇردى...

ئۆستەڭ سۈيى تىنچ ئاقاتتى. سۇ بويىدا ياشىرىپ تۇرغان باراقسان سۆگەتلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. چىڭقىچۈشتە سۆگەت يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن شۇڭغىغان قۇياش نۇرى قىزنىڭ گۈلگۈن چېھرىدە بىر خىل ئالابالداق نۇر ھاسىل قىلغانىدى...

قىز كۆزىنى يۇمغىنىچە چىملىق ئۇستىگە تاشلىنىپ يەنە بىرپەس ياتتى. ئۇ پۈتۈن بەدىنىگە تارىغان شېرىن تۇيغۇنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكىنى ئىستەيتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئەر، ھەم ھاياجان، ھەم ئەندىشە ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— سىز گەپ قىلالمىغىنىڭىز بىلەن بېجىرىم قىز ئىكەنسىز ئەمەسمۇ ! ماڭا بىر جۈپ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىڭ، ماقۇلمۇ؟

قىز لەۋلىرىنى چىشلەپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ كۆز

چانىقى ياشقا تولغانىدى. بۇ كۆزلەردە بايىقى شېرىنلىكنىڭ ئورنىدا قانداقتۇر بىر خىل قورقۇش، ئەندىشە ئالامەتلىرى پەيدا بولغانىدى.

— يىغلىماڭ، يىغلىماڭ. مەن سىزنى ئالىمەن. بىز ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتىمىز. ئۆستەڭدىكى ئۇلۇغ سۇ بۇنىڭغا گۇۋاھ! — ئەر سۆزلىگەچ ئۆستەڭدە ئۇلۇغ، ئەمما تىنچ ئېقىۋاتقان سۇنى ئىشارەت قىلدى.

شۇ كۈنى قىز ئەر بىلەن ئۆستەڭنىڭ تېيىز يېرىگە كىرىپ تامبال بىلەنلا بويىنى سۇغا سالدى. كەچتە ئانىسى ئۇنىڭ تامبىلىنىڭ ھۆل تۇرغانلىقىغا قاراپ گۇمانسىرىغىنىچە: «سۇغا چۈشۈپ كەتتىڭمۇ، كۆزۈڭ ساق بولغاندىكىن، قاراپ ماڭساڭ بولمامدۇ؟» دەپ قالدى.

زەينەپ كەشتە تىكىشتىن توختاپ، ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆستەڭ تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ خۇمارلىق كۆزلىرىدە بىر خىل ئىشەنچ نۇرى جىلۋە قىلاتتى. ھەئە، ئۇ ئەرنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ بۇ ئىشەنچنى ئەرنىڭ تاۋۇز ئۇرۇقىدەك كۆرۈنمىسىز، ئەمما سەممىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن، ھاياجانلىق ئاۋازىدىن ھېس قىلغانىدى.

توساتتىن باللارنىڭ چۇرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ كەتكەن زەينەپ بويۇنداپ پەسكە قارىدى. ئۇلار بىر تاغىل مۇشۇكنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. مۇشۇك ئۇدۇل كېلىپ ئۆرۈككە ياماشتى - دە، چاتاقتا ئولتۇرغان زەينەپنى كۆرمىگەندەك، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، يۇقىرىغا ئۆرلىدى. چۇرقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ كەلگەن باللار: «پەش كاپىر! » دېيىشكىنىچە ئۆرۈك شاخلىرىغا چالما ئېتىشقا باشلىدى. پىشىپ كەتكەن ئۆرۈكلەر يەرگە تۆكۈلدى. مۇشۇكنىڭ قارىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان باللاردىن بىر - ئىككىسى ئۆرۈككە يامىشىپ ئۈلگۈردى.

— ئوھوي... زەينەپ بۇ يەرگە چىقىۋاپتۇ! — ئۇنى كۆرۈپ قالغان باللار چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— قىنى... قىنى؟

— ئاينا، ئاۋۇ شاختا !

— ئوهوي !

بالىلار مۈشۈكنى ئۆنتۈپ زەينەپكە ئولاشتى. قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەرنى ئۇنىڭ باش - كۆزىگە ئېتىشقا باشلىدى. زەينەپ چالما - كېسەك، ئۆرۈك، ئالا غورىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. «ئۆنداق قىلماڭلار» دېگەندەك ئىلتىجالىق كۆزلىرى بىلەن بالىلارغا يېلىناتتى. لېكىن، بۇ بالىلار كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن قولدىن كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى، ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەيتتى... كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تىنچلىقى بۇزۇلغان، باش - كۆزىگە چالما تېگىپ ئۇلگۇرگەن زەينەپ ئامالسىز يەرگە چۈشۈشكە تۇتۇندى. كۆڭگەن چەبدەسلىكى بىلەن ئۆرۈك غولىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى، بالىلار تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قاچتى. ئەمما، زەينەپنىڭ ئۆزلىرى بىلەن كارى يوق ئۆستەڭ بويىغا قاراپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى.

— ھۇ ئانىسى بەزا، دادىسى بەزا توخۇ پوقىلار ! — قاياقتىندۇر پەيدا بولغان زۇمرىخان بالىلارغا قاراپ ئېتىلدى. قولىدىكى سۆگەت چىۋىقى بىلەن نۇرمەمەت، سەپەرلەرنىڭ تېقىمىغا ساۋاپ ئۇلگۇردى. بالىلار چىرقىراپ يىغلىغىنىچە قاچتى.

— قىزىم ئاناڭنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇغانمىدى، ھۇ ھاراملىقلار؟... ۋايجان، ۋايجان ! تويدۇم بۇ ۋارە - ۋۇرەكلەرگە... مەكتەپ دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرمىسىمۇ بوپتىكەن بۇ ئوت قويدىلارنى !

## 6. سارىخان... سائادەتخان

شىۋاقلىقتىكى باخشىنىڭ قازىنىقى كىشىنىڭ تېنىنى

شۈركۈندۈرەتتى. ئىسلىشىپ كەتكەن قاپقارا تورۇس، تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان مۆڭگۈز، ئارغامچا ـ توقۇناق، لاتا ـ پىتە، تۈغ ـ ئەلەم دېگەندەك ھەرەڭ ـ سەرەڭ نەرسىلەر ھەرقانچە قورقۇمسىز ئادەمنىڭمۇ دىمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋېتەتتى.

باخشى غەلىتە ئاۋازدا چىرقىراپ بوغۇلدى. موھتاجلىق ئىلكىدە ئۆزىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ھاجەتمەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىنىپ چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېدى. ئاندىن جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن تورۇسقا چەكچىيىپ قاراپ:

— كې ... كې ... كېلىڭلار، كېلىڭلار! — دېدى.

قاتار ئولتۇرغان چوكانلار ئارىسىدىكى سىيىتچوڭنىڭ ئانىسى نېمە كېلىدىكىن دەپ، باشقىلارغا قوشۇلۇپ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قارىدى. ئەمما، باخشىنىڭ ئاۋازى ئۇنى يەنە ئاغزىغا قاراتتى.

— كە... كە... كەلدى، كەلدى! مانا ـ مانا ئې... ئې... ئېرى تالاغا قارىغان كىما؟

باخشىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغان دەردمەن چوكانلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— مەن! — گۈلئىمىنىخان بوينىنى شاپتۇل قېقىپ ئولتۇرغان يېرىدىن قىمىرلىدى.

— ئۆ... ئۆيدىن سو... سوۋۇتۇپ، ئۆ... ئۆزىگە ئۆ... ئۆگىتىۋالدى دە... دەيدۇ، راستما؟

— راست، ھۈنەر قىلىمەن دەپ نەمۇنە يۈرۈپ ئۆيگە كىرمەيدۇ، كىرسە ئۇرىدۇ!

— ئادەم بولمايدىغان!

— قانداق قىلسام بولىدۇ، ئىسستقۇنى ياندۇرۇشنىڭ بىرەر ئامالى بارمىكىن؟ — گۈلئىمىنىخان ئۈمىد بىلەن باخشىغا قارىدى.

— با... بار، ئالدىرىمىسۇن دەيدۇ.

باخشىنىڭ پال ئېچىش، «سەۋەب قىلىش» لىرىغا قاراپ،

سىيىتچوڭنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلى بىر ئاز جايىغا چۈشتى. سامۇق موللامنىڭ ئارىسالدى بولۇپ تۇسۇشلىرىغا ئۇنىماي، سىيىتچوڭغا ئىستىقۇ قىلىمەن دەپ، بۇ يەرگە كەلگىنىگە كۆڭلىدە خۇش بولدى.

ئولتۇرغانلاردىن نەچچەيلەنگە خېلى بىرھازاغىچە پال ئېچىپ، يول كۆرسىتىپ، ئالدىغا قويۇلغان پۇل ـ پۈچەكلەرنى ئالغان باخشى چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن سىيىتچوڭنىڭ ئانىسىغا قىيا نەزەر تاشلىدى:

— دە... دە... دە... دەڭلار، بى... بىرنى قويماي دەڭلا... مۇھەببەتخان، موللىقۇناخۇنلارغا قىياسەن بېقىپ سامۇق موللامنى ئازدى، دەيدۇ. قېرىغاندا قېرى تاتۇق، يۈزى قېلىن كۆيۈك تاتۇق...

مەزلۇم ھاڭ ـ تاڭ قالدى. بۇ نېمە گەپ ئۆزى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بوۋىيىنىڭ يۈزىدىكى كۆيۈك ئىزى ئايان بولدى.

— بۇرۇن كۆيگەن ئوت يېلىنجىغان ئىمىش... ئارا ئىسسىپ، سوكسوك كۆڭۈل تىنىم تاپماسىمىش. يەنە... يەنە...

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزلىرى باخشىنىڭ ئاغزىدىن سىيىتچوڭنىڭ ئانىسىنىڭ بىر نۇقتىدا قېتىپ قالغان كۆزلىرىگە يۆتكەلدى. بىچارە موماي تىكەندە ئولتۇرۇپ قالغاندەك بىر ئورنىدا ئولتۇرالماي قالغانىدى. باخشى بولسا تېخىچە ئۇنىڭغا پال ئېچىۋاتاتتى:

ئۇ... ئۇنى تېخى يا... ياشلىقىدىن قالماپتۇ، دەيدۇ ... بۇ ... بۇنىڭ...

— ئالىجوقا ساراڭ! — موماي ھاسىسىنى شىلتىغىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ قوپتى. سورۇن بۇزۇلدى، كىمنىڭدۇر قولى تۇۋۇرۇكتىكى قارا چىراغقا تېگىپ كېتىپ، چىراغ ئۆرۈلدى. قازناقنى گۆرىستان قاراڭغۇلۇقى باستى.

موماي ئۆرىتۆپە بولۇشقان دەردمەن ئاياللار ئارىسىدىن تۇۋۇرۇك، ئىشىكلەرگە ئۇسۇپ دېگۈدەك ئاران يېنىپ چىقتى.

ھارۋىغا تەستە چىقىپ ئېشەككە زەرب بىلەن تاياق سالدى. «تېقىمىنى چايقىمىغان سارائ جىنكەش! — دېدى ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، — بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ بولغۇچە ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپارىمىش، ئۆتكۈر سەۋەب قىلىپ ھاجەتنى راۋا قىلارىمىش تېخى! ھۇ زوۋۋانىغا نېمە كەلسە شۇنى دەيدىغان سارائ! »

مەسچىتتىن كەچ يانغان سامۇق موللام مەزلۇمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئارتۇقچە چېچىلىپمۇ كەتمىدى. ئادەتتە دىنىي ئۆلىمالار سوپى - ئىشان، پېرىخون - باخشىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان ھەم ئىسلام دىنىدا پال ئېچىش، ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ قىلىش گۇناھ ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، نەچچە كۈندىن بېرى مەزلۇمنى ئوغلى ئۇچۇن باخشىنىڭ قېشىغا بېرىشتىن توسۇپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ سالپىيىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن ئۇيقۇسى قاچقان سامۇق موللامنىڭ كۆزى يۇمۇلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان شىۋاقلىقتا ماكانلىشىۋالغان باخشىنىڭ گول ئادەملەر ئالدىغا ئەكېلىپ تۆرىدىغان پۇل - پۈچەك، توخۇ - تۇخۇم، ھەتتا ئوغلاق، قوي ئۇچۇن ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدىغانلىقىنى بەش قولىدەك بىلەتتى. بوۋاي ئېغىر ئۇھسىندى: «ھەي ... خەق ئوغۇل بالىنىڭ دەردىدىن قىز بالىنىڭكى يامان دەيدىكەن، مانا ئايلار ئۆتۈپ يىلغا ئۇلاشتى، سىيىتچوڭغا ‹سارىخان› ئاتلىق جىن چاپلاشقاندىن بۇيان ‹دەردى يوق› ئوغۇلنىڭ دەرد - بالاسىنى يەتكۈچە تارتىۋاتىمىز. ھازىر يەتتە خۇپتەن بولدى. ئۇ بالا بۈگۈنمۇ بولمىسا، ئاشۇنداق يۈرۈپ بىرەر ئىش تېرىپ قويسا، مەن بۇ قېرى جېنىم بىلەن قانداق قىلىمەن؟!» بوۋاي ئاچچىق خىيال ئىلكىدە بوغۇلۇۋاتقاندا، نەدىندۇر ناخشا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى:

سارىخان ئوتتۇك يامان،
كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

ناخشا بوۋاينى ھاياجانغا سالدى، ناخشا موللامنى سەللىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ياشلىقىغا قايتۇرغاندەك قىلدى. سارىخان... سارىخان... سارىخانىنىڭ ئوتى سائادەتخانىنىڭ ئوتىدىنمۇ يامانمىدۇ؟ خىرە ـ شىرە تۇيغۇ ئىلكىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۇمىلاقتىنا بىر قىز پەيدا بولدى. ھەئە، ئۇنىڭ ئىسمى سائادەتخان ئىدى. ئۇمۇ شەنبەبازارلىق ئىدى...

سامۇق موللام سىيىتچوڭنىڭ يېشىنى ئالغاندا، سائادەتخانغا كۆيۈپ قالغانىدى. ئاشۇ چاغلاردا شەنبەبازاردىكى نورۇز يىغىلىشىدا چېچەك چوكان ئاسقان قىز ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئوغرىلىۋالغان. يىگىت موللىسىنىڭ ئۆيىگە بارماستىن ئادەمزاتسىز جاڭگالدىن ئۆتۈپ، قىزنىڭ مەھەللىسىگە بارغان، قىزنىڭ ھويلىسىنى ئەگىپ تۈنىنى تاڭغا ئۇلىغان، قىزنىڭ رۇخسارىنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن چىغىر يول ياقىسىدىكى بوردىمالنىڭ ئارىسىدا يۈرىكىنى يانتاقتا يېقىپ يېتىپ كۈننى كەچ قىلغان، قىزنىڭ ئىشقىدا يۈرىكى ئوت ـ كاۋاپ بولغانىدى. يىگىتنىڭ ئەقىدىسىگە ئىشەنچ قىلغان قىز: «ئاتا ـ ئانام ماقۇل بولسا، سىزگە تېگەي» دېگەنىدى.

يازلىق يىغىمدىن كېيىنكى بىر كۈنى ئەتىگىنى كۈن قىزارغاندا ئىشەنچ بىلەن ئېشەكلىرىنى توقۇپ قىزنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ئەلچىلەر كۈن پاتقاندا توقۇمى چۇۋۇلۇپ نائۈمىد يېنىپ كېلىشتى. شەنبەبازارلىقلار ئەزەلدىن ياقا يۇرتلۇققا قىز بەرمەيتتى. لېكىن، يىگىتنىڭ قىزدىن كەچكۈسى كەلمىدى. قىزمۇ ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىز يىگىت ئۈچۈن بازار ئۆستەڭ بويىغا كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر پىيالە قايماقنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇشىغا قوناقلىقتىن

ياۋا توڭگۇزدەك ئېتىلىپ چىققان ئۈچ گەۋدە يىگىتكە تاشلاندى...

يىگىت ئۆز ئۆيىدە ھوشىغا كەلگەندە، شەنبەبازارلىق كۆكەمىلەرنىڭ «ئۆز يۇرتىنىڭ ئابرۇيى» ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ، جاڭگالغا تاشلاپ قويغانلىقىنى؛ تەلىيىگە جاڭگالغا كىرگەن ئوتۇنچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ يۇرتقا ئاچىققانلىقىنى بىلدى.

بوۋاي ئېغىر ئۇھسىندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جىلمىيىپ تۇرغان سائادەتخانىنىڭ قارىسى غايىب بولغاندەك قىلدى... ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنى، يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن، ئۈچ ھەپتىدە ئورنىدىن تۇرغۇدەك بولدى. شۇ يىلى كۈزلۈك يىغىم - تېرىمدىن كېيىن ئاتا - ئانىسى يېنىدا ياتقان مۇنۇ مەزلۇمى — زەيتۇنەم، سىيىتچوڭلارنىڭ ئانىسى بىلەن تويىنى قىلىپ قويدى. شۇ ئىشلارغا ئوتتۇز نەچچە يىل بولدى. ئۇ خۇي - پەيلى نامەلۇم بىر مەزلۇم بىلەن بىر تەكىيىگە باش قويۇپ تۆت بالا يۈزى كۆردى. ئىككىسىنىڭ كۆرىدىغان كۈنى، يەيدىغان رىزقى يوق ئىكەن، ئۇلارنى يەرنىڭ تېگىگە كۆمۈپ قويدى. ئىككى بالىنى بىر ئوبدان قاتارغا قوشۇپ، زەيتۇنەمنى تالالىق قىلدى. ئەمدى سىيىتچوڭنىڭ باش ئاغرىقى ئارامىدا قويمايۋاتىدۇ. ئۆمۈر دېگەن مۇشۇنداق ئۆتىدىغان نەرسە. ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا دەپ، مەنمۇ سائادەتخانغا كۆيگەن بىلەن بالىنى رىزىق - نىكاھىمىز قېتىلغان خوتۇندىن تاپتىم. بىزنىڭ بۇ باغلانچىسىز توپاقمۇ بۈگۈن بولمىسا، ئەتىگىچە ئەقلىنى تېپىپ قالار! لېكىن، ھېلىقى سائادەتخان دېگەن يۇمىلاق ئادەمنىڭ ئىچىنى ئەجەب كۆيدۈرىدىغان قىز ئىدى. ئەگەر ئۇ ماڭا نېسىپ بولغان بولسا، بىر - بىرىدىن چىرايلىق بالىدىن يەتتىنى تۇغۇپ بېرەر بولغىيدى... بوۋاينىڭ كۆز چاناقلىرى ئىختىيارسىز نەمدەلدى. پېشايۋاندىن قىيپاش يۆنىلىشتە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاي ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرىگە سائادەتخاندەك كۈلۈپ باقماقتا ئىدى.

## 7. قوناقلىقنىڭ سىرى

قوناقلىق.

دىمىق ئىسسىق قاپسىۋالغان قوناقلىق ھاردۇق يەتكەندەك جىمجىتلىقتا پاتقانىدى. سارغايغان پۆپۈكلەردىن ئۇچۇپ چۈشكەن كۈكۈندىلار قوناق قۇلاقلىرىدىن سىيرىلىپ مەينىسانىڭ باش - كۆزىگە قوناتتى. يېشىل گاز ياغلىقىنى كۆزلىرىگىچە چۆكۈرۈپ چىگىپ ماش يۇلۇۋاتقان مەينىسا ئاتىلىقى بىلەن ئانىلىقى ئاللىقاچان چاڭلىشىۋالغان ئاشۇ پۆپۈك ئۇۋۇندىلىرىغا پەرۋاسىز ئىدى. قوناقلار ئارىسىغا تەكشى كىرىشتۇرۇپ تېرىلغان كۆك ماش ئوبدانلا پىشىپ پوستى قېتىشقان، ئەگەر بۇ ماشلارنى مۇشۇنداق ۋاقتىدا يىغىۋالمىسا، پوستى ئۆزلۈكىدىن يېرىلىپ دېنى تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

مەينىسا ئېرىنىڭ ئۆيىدىن يامانلاپ بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندە ئانىسى ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋالغانمۇ قانداق، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ئىدى. مەينىسا شۇنىڭ باھانىسىدە ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدى، ئانىسىنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ھەيدىگىنىگە ئۇنىماي، تامىقىنى ئېتىپ دورىسىنى ئىچۈردى. ئۇلىغىنى بېقىپ، ئېتىز - ئېرىق ئىشىغا قاراشتى. ئەمما، ئانىسىنىڭ كۆزى كۈيۈ ئوغلىنىڭ يولىدا، ئاغزى قىزىنىڭ قۇلىقىدا توختىماي نەسىھەت قىلاتتى.

— كۆزۈمگە يىلاندەك كۆرۈنىدۇ ئۇ ھاڭۋاقتى! — دەيتتى مەينىسا ئانىسىنىڭ نەسىھەتىگە جاۋابەن، — يا كۆڭلىنىڭ سۈيى يوق، يا ئاغزىدا ئىككى ئېغىز تاتلىق گېپى...

— ئۇنداق دېمەڭ، بالام، — ئانا جايىدا تىنچقىنا ياتالماي، قىزىنى پەيلىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشاتتى، — مىجەزى ئۇنداقتەك تۇرغىنى بىلەن كەتمەنگە پىششىق ئىكەن ئۇ بالا.

— كەتمەن، كەتمەن... كەتمەندىن نېمە چىقىدۇ بۇ كەمدە؟

— شور تۇمشۇقلۇق قىلماڭ، كەتمەن يەرگە بەرىكەت، بىزگە ئاش ـ نان بەرگەن، قىزىم !

— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى گەپ، هازىر پۇل تاپقانلارنىڭ ھەممىسى كەتمەننى تاشلىغانلار. ئىشقىلىپ مەن گاچىدەك كەتمەن چېپىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان نان قېپىنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغان خوتۇن بولۇپ قالمىسامتىم دەپ تىلەيمەن، ئانا.

— ئاغزىڭىزدىن كۆپۈرلۈق ئۆتمىسۇن، پۇل تاپقانلارنىڭمۇ بىر پۇتى تېخىچە ئېتىزلىقتا.

مەينىسا ئانىسى بىلەن خېلى گەپ تەرگىشىپ قالدى. ئەمما، ئانىسى ئۇنىڭ رايىغا باقىدىغاندەك قىلمايتتى. تاز بولسىمۇ، هاڭۋاقتى بولسىمۇ، ئېرىڭىز بىلەن كېلىشىڭ دەيتتى. لېكىن، مەينىسانىڭ ئېرىگە مەيلى يوق ئىدى... قوناقلىق دىمىق ئىسسىق ئىدى... هاسىراپ، قىزىرىپ تۇرغان بىرسى ئاچ بۆرىدەك قىزغا تاشلاندى. تەر تەپچىرەپ تۇرغان كۆچلۈك قوللىرى بىلەن قىزنىڭ نازۇك، كۆچسىز بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتتى، بوينىنى قايرىدى. قىز يەلكىسى كەڭ، كۆچلۈك بىرسىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى... پىسىڭىدە كۈلۈپ سالغان مەينىسا كۆز ئېڭىدا ئەكسىلىنىپ تۇرغان بۇ كۆرۈنۈشنى توي ئاخشىمىدىكىگە سېلىشتۇردى. «سەت، دىتى يوق هاڭۋاقتى...» ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى.

— ئوهوي... چوكان سېكىلەكنىڭ باش ـ كۆزى يوق ماش يۇلۇپ كەتكىنىنى...

قوناقلار تۇيۇقسىز شاراقلاپ سۇنۇپ، خىرىلدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. قورقۇپ كەتكەن مەينىسا ئوسسى كېلىشىپ بولالمىغان چالا ـ چۇشتا پاتقاق يەرگە پېتىپ تۇرغان ئايىغىنى تەستە يۆتكەپ، كەينىگە داجىدى. چەكچىيىپ قالغان كۆزلىرىنى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە يۆتكىدى. يەردىن ئۇندىمىكىنىتاڭ، سەمەت — ئاشۇ سەمەت دورغا قارا باش قوناقتەك قارامتۇل چېهرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. بايىلا ئۇنىڭ قىز

ۋاقىتتا ئۆزىنى قۇچاقلىۋالغىنىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مەينىسا چەكچەيگىنىچە سەمەتكە قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سەمەت ئەمەس، بىر بەتبەشىرە ھايۋان تۇرغاندەك قىلاتتى.

— ئانا !... — مەينىسا بوش چىرقىراپ تاشلىدى، چاققان كۆزلىرى بىلەن ئۇيان - بۇيان قاراپ، قولىغا بىرنەرسە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قوناقلىق ئارىسىغا كۆز يۈگۈرۈتتى. ئەمما، قوناقلىقتا بىرنەچچە يەرگە دۆۋىلەپ قويغان ماش، قۇرۇق تاغار، ماشنى يۇدۇپ خامانغا ئاپىرىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىنچىكە تانىدىن باشقا قولىغا چىققۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى.

— ۋاي قانداق قىلاي، ئۈركۈگەك غۇنجىنىدەك قاچقىلى يەر تاپالماي قالغىنىنى ئەمدى، — سەمەت دورغا قاپقارا بۇرۇتىنى لىكىلداتقىنىچە قەدەممۇقەدەم قىستاپ كەلدى، — بۇنداق قىلىقلىرىڭىز قىز چېغىڭىزدا ياراشقان بىلەن ئەمدى ياراشمايدۇ خېنىم، بولۇپمۇ مۇشۇنداق خالىي، ئەپچىل پەيتتە...

سەمەت سۇلايمىناخۇننىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، پاختا سودىسى ئاز - تولا جانلانغان ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى بەگلىكتە، قوشنا كەنتلەردە ئىشىكمۇئىشىك قاتراپ يۈرۈپ، خەقنى ئالداپ ئەرزان ئېلىۋالغان پاختىنى يۇقىرىراق باھادا سېتىۋالىدىغان زاۋۇتلارغا ئاپىرىپ پايدىسىغا سېتىپ ئاز - تولا پېتىلىنىۋالغانلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ ئىشىكمۇئىشىك قاتراپ يۈرگەچكە، «دورغا» دېگەن لەقەمگە ئىگە بولغانىدى.

— يېقىن كەلمە، ئادەم ئەسكىسى دورغا ! — مەينىسا كەينىگە يانىمەن دەپ ماش دۆۋىسىگە ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇ قوناق پۆپۈك چىقارغاندىن بېرى سەمەتنى خىيالىدىن نېرى قىلالمىغانىدى. لېكىن، ئۇ ھازىر يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندا، بەدىنى بىردىنلا تىكەنلىشىپ كەتتى.

— ئەجەب ئەپچىل ياتتىڭغۇ، ھا - ھا - ھا...

— يېقىن كەلمە، دېدىم ! — مەينىسا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. سەمەت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپنى كۆرۈپ سەل

ئارسالدى بولدى ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىشتىن توختاپ قالدى. بۇ يەرنى قوناقلىق دېگەندىمۇ مەھەللىدە، نېرىدىكى يولدا ئادەم بار ئىدى.

— ۋاي قانداق قىلاي، ئىشتانىبېغىنىڭ ئەجەب چىڭكىنە، مەينىسا؟

— خوتۇنۇڭنىڭ ئىشتانىبېغى بوشمىدى ئەمىسە!

— خو... خو... خوتۇن... — سەمەت قىزارغىنىچە دۇدۇقلاپ قالدى، — ئۇنى سورىمىغىنا بولدى. مەن ئۇ خوتۇننى ئاللىقاچان پادىغا قوشۇۋەتكەن.

— شۇنىڭ بىلەن سەنمۇ پادا بولۇپ، قوناقلىقمۇقوناقلىق يۈردۈڭ؟

— گېپى يامان خۇيۇڭدىن ئەجەب قالماپسەن، مەينىسا.

— سەنمۇ قوناقلىقمۇقوناقلىق تېزەك پۇرايدىغان خۇيۇڭدىن تەزمەپسەنغۇ؟ — مەينىسانىڭ بۇغداي ئۇنىنىڭ دېۋىزىدەك قىزغۇچ چىرايىدىكى قورقۇنچنىڭ ئورنىنى بىر ئاز دادىللىق ئىگىلىدى.

— ساڭا كۆيگىنىم، سېنى قوغلاشقىنىم، تېزەك پۇرىغىنىم ئەمەس. سەن قىز چاغلىرىڭدىمۇ شالگەدىكى قوناقلىقتا چىرقىراپ، يۈز - كۆزۈمنى تاتىلاپ، قولۇڭنىڭ ئۈچىنى تۇتقۇزمىغان. تېخى ئادەم تۇۋلاپ، تاس قالغان مېنى رەسۋا قىلغىلى! مەن سېنى ئالاي دېگەن، مەينىسا...

قوناقلىق دىمىق ئىسسىق ئىدى، ھاسىراپ، قىزىرىپ تۇرغان بىرسى ئاچ بۆرىدەك قىزغا تاشلاندى. تەر تەپچىرەپ تۇرغان كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قىزنىڭ نازۇك، كۈچسىز بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتتى، بوينىنى قايرىدى. قىز يەلكىسى كەڭ، كۈچلۈك بىرسىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى... مەينىسا كۆز ئالدىدا ئەكسلەنگەن غىل - پال كۆرۈنۈشتىن قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ ئېغىز ئاچتى:

— ھىم، ماڭا كۆيمىش، مېنى قوغلىشىمىش، مېنى ئالىمىش

تېخى! سەن مېنى مۇشۇنداق قوناقلىقتا ئالامتىڭ؟ سېنىڭ خېرىدارلىقىمنى قىلىدىغان ئاتا - ئاناڭ يوقمۇ؟ چىرايلىق گەپ قىلىدىغان زۇۋانىڭ يوقمۇ؟ ئۇنداق خىيالىڭ بولسا، ئا بىزنىڭ قوپاخۇنغا ئوخشاش داداڭ سۇلايمىناخۇن بىلەن ئاناڭ زۇرنىساخاننى ئەلچىلىككە قويساڭ بولمامدۇ؟ — مەينىسانىڭ تۇرۇپلا ئەقلى سۇزۇلدى. سەمەت تىلىنىڭ ئۇچىدا دەپ قويغىنىدەك ئۇنىڭغا كۆيۈپ - پىشىپ ئەمەس، پەقەت شەھۋىتىنى بېسىش، پەس كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا مۇشۇنداق قوناقلىقمۇقوناقلىق تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئەگەر ھەقىقەتەن توي قىلغۇسى بولسا، مۇشۇنداق خۇپىيانە ھالدا ھايۋاننىڭ قىلىقىنى قىلىپ يۈرەتتىمۇ؟! مەينىسا نەچچە ئايدىن بېرى ھالال رىزقى قوشۇلغان بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا تۇرۇپ ئۇنى خىيال قىلىپ قالغىنىغا نومۇس قىلدى، ئۇيالدى.

مەينىسا شالگەدىكى ئاشۇ ئىشنى غىل - پال ئېسىگە ئالدى. ئۇ كۈنى قىز ئەپچىلگىنە ئوتىغۇچ بىلەن قاپنى كۆتۈرۈپ قوناقلىققا ئوت ئالغىلى ماڭغانىدى. شالگەدىكى لايداندا ئانىدىن تۇغما بولۇپ سۇغا چۈمۈلۈۋاتقان سەمەت دورغا، سەيداق دوقا، مەمەت، ئابلىمىت قاتارلىق يۇرتنىڭ ھاياسىز توپاقلىرىنى كۆرۈپ، يىراقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. كۈن پېشىندىن ئۆتكەندە قوناقلار شاراق - شۇرۇق قىلىپ سەمەت تۈيۈقسىز ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. سۇغا چۈمۈلۈۋېرىپ كۆز چاناقلىرى قىزارغان بۇ ئالىمان دورغا خۇددى ئىت قوغلىغان گاچىدەك ھاسىراپ تۇراتتى، ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى. قىز ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي دۆۋىلىگەن ئوت - چۆپلەرنى قاپقا چىڭدىغىلى تۇردى.

— سىز قېپىڭىزنى ئېچىپ تۇرۇڭ، مەن ئىچىگە راسا چىڭداي، — سەمەت تۈيۈقسىز كېلىپ قىزنىڭ ئوڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتۇۋالدى، ئۇنى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىگە سۆرىدى. قوناقلىق دىمىق ئىسسىق ئىدى، ھاسىراپ، قىزىرىپ تۇرغان سەمەت ئاچ بۆرىدەك قىزنى بېسىۋالدى. تەر تەپچىرەپ تۇرغان

كۈچلۈك، قوپال قوللىرى بىلەن قىزنىڭ نازۇك، كۈچسىز بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتتى، بوينىنى قايرىدى، قولىنى ئىشتانبېغىغا ئۇزارتتى...

— ھاياسىز ئېشەك! — خورلۇق ھېس قىلغان قىز بوش قالغان قولى بىلەن سەمەتنىڭ يۈزىنى تاتىلىدى، ئوتىغۇچىنىڭ دەستىسى بىلەن بىقىنىغا سالدى، چىرقىراپ قوناقلىقنى بېشىغا كىيدى.

— ۋايجان! — سەمەت قىزنى قويۇۋېتىپ بىر قولىدا بىقىنىنى، بىر قولىدا قان تەپچىرەپ چىققان يۈزىنى سىلاپ قالدى. لايدان تەرەپتىن كىملەرنىڭدۇر دۈكۈرلىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىشكەن، شاراق - شۇرۇق ئاۋاز چىقىرىپ قوناقلىققا كىرگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ بەدەر تىكىۋەتتى.

مەينىسا مېيىقىدا كۈلۈپ سالدى. شۇ كۈنى ئۇ مۇشتتەك قىز تۇرۇپ، يارمىغان كۆتەكتەك كۆرۈنىدىغان سەمەتنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن، ئۆزىگە قايتا بەتقىلىقلىق قىلالمىغۇدەك قورقۇتۇۋەتكەنىدى. شۇ ئىشلار بولۇپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەينىسامۇ بىر ئەرگە خوتۇن بولدى. ئەمما، ئۇ شۇ كۈندىكى ئىشنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدى، بولۇپمۇ توي كۈندىكى جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن سوغۇق، ئېرىنىڭ دىتسىزلىقى، غورىگىل ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىنى ئويلىسا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھامان ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر كېلىۋالاتتى. ئۆزىنى نى - نى يىگىتلەرنىڭ قوغلاشقانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەتتى. ئۆزىنى كۈچتۈڭگۈر بىر يىگىتنىڭ قۇچاقلىۋالغانلىقىدىن سۆيۈنۈش ئارقىلىق كۆڭلىگە ئازار بەرگەن ئېرىدىن ئۆچ ئالاتتى. ئەمما، سەمەت يەنە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ھېلىقى ئىش قايتا يۈز بەرگىلىۋاتقاندا، مەينىسا نېمىشقىدۇر ئېغىر خورلۇق ھېس قىلدى، ھەتتا بىر يىلدىن بېرى غايىبانە ھالدا ئوتلۇق تىنىقلىرىدا سۆيۈلۈپ، كۈچتۈڭگۈر بىلەكلىرىدە قۇچاقلىنىپ كەلگەن مۇنۇ كۆڭلى سۆيۈققا ئىچ -

ئىچىدىن نەپرەتلەندى.

— بوغجۇماڭنى قولتۇقلاپ يامانلاپ كەلگىنىڭنى كۆرگەنىدىم، ئېرىڭ دېگەن ھاڭۋاقتىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىكەن. شۇنداق تۇرۇپ، تاش كۆڭۈللۈك قىلغىنىڭ نېمىسى؟

— يامانلىسام، قانداق قىلاتتىڭ؟

— ئېرىڭدىن چىقىرىۋالاي دەيمەن.

— نېمە قىلىسەن؟

— خوتۇن قىلارمەن.

— خۇدايىم دېگىنىڭگە يەتكۈزسۇن! يەنە بىردەم مارىلاپ يۈرسەڭ، قوناقلىقتا چاچ تارايدىغانلاردىن بىرەرسى ئۇچراپ قالار، — مەيىنسا ئېرىدىن ئاڭلىغان «قۇرۋانخان سىياقىدىكى ئالۋاستى بىلەن زىناخور بۇساق»نىڭ ھېكايىسىنى ئېسىگە ئالدى. قوناقلىقنىڭ ئېچىقىدا قىپيالىڭاچ ئولتۇرۇپ ناپاك بويىنىنى سۇغا سىلىۋاتقان ئازغۇن بەندىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى قوناقلىقلاردا مارىلاپ يۈرگەن مۇنۇ نوچىغا نەپرەتلىك قاراپ قويدى. قەلبىنى ھەمىشە لەرزىگە سېلىپ تۇرىدىغان ھېلىقى تۇيغۇ پۆپۈك كۆكۈندىلىرىدەك تۇزۇپ كەتمەكتە ئىدى...

## 8. دوغا كەتكەن ئالمىخان

بۈگۈنكى سورۇن سەمەت دورغىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلدى. ئۈلۈشكۈن ئاخشام دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ كېكىردەككىچە قەرزگە بوغۇلغان سەيداق بۇ يەرنىمۇ پۇراپ تاپقانىدى. ئۇنىڭ دەسمايىسى ئاللىقاچان غالتەككە چىققان تۇرۇقلۇق يەنە ئوينايمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇنداق بولسا نېمەڭنى تىكىسەن؟ — دەپ ھۆركىرىدى

سەمەت دورغا ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، — ئۆيۈڭدە پىچاقتا يارىغۇدەك قوتۇر ئۆچكەڭ ياكى بازارغا ئاپىرىپ ساتقۇدەك مەللە ـ كېرىكىڭ بولمىسا؟

— ئۇنىڭدىن غەم قىلما، — دېدى دەسمايىسىدىن ئايرىلغىنىغا كۆكىرىپ تۇرغان سەيداق بېشىدا تۇرماي قولىغا ئېلىۋالغان دوپپىسىنى مىجىقلاپ، — تىكمەن دېسەم، تىكىدىغان نەرسە جىق.

— ئاۋۋال تىكىدىغان نەرسىنىڭ ئېتىنى قوي.

— ئۇنىڭدىن غەم قىلماي، ئاتە ئۇشۇقۇڭنى !

— دېدىمغۇ، تىككەن نەرسەڭنىڭ ئېتىنى قوي دەپ !

سەيداق دۇدۇقلاپ قالدى. ئېلېكتىر چىراغىنىڭ نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان دوقا پېشانىسىنى سىلىدى. ئۇ كۆڭلىدە دەسمايىسىز ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەتكىنىمنى قايتۇرۇۋالىمەن دەپ چوت سوققانىدى.

— بۇ دوقا ئەمدى ئالىمخاننى تىكىدۇ ! — دېدى سالەك تىزىغا شاپىلاقلاپ. كۆزلىرى قىزارغان سەيداق خوتۇنىنىڭ گېپىنى قىلغان سالەككە بويۇندىدى.

— قىمارۋازنىڭ نوچىسى خوتۇنىنى تىكىشتىنمۇ يانمايدۇ، — دېدى سەمەت دورغا ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ، — بولمىسا ئۇنداق قىمارۋازنى قىمار پىرى يۆلىمەيدۇ.

— راست !

— بەرھەق !

— ھەق دەيدۇ !

قىمارۋازلار بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدىن ھۆركىرەشتى. سەيداقنى بازلاپ، يەلىلىدى. بۇنىڭسىزمۇ سەيداق ئالىمخان بىلەن ئۆي تۇتقاندىن بېرى ئۆزىنى ھېچبىر سورۇندا ئىلگىرى باسماي ئۇتتۇرۇپلا يۈرگەندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. «قىمار پىرى يۆلەيدىغان ئىش بولسا، خوتۇن دېگەن نېمە ئىدى !» سەيداقنىڭ دوقا بېشىدا چاقماق چاقتى:

— بولدى، تىكتىم !
— نېمىنى تىكتىڭ، خوتۇنىڭنىمۇ؟
— ھەئە !
— مانا ئوغۇل بالا !
— كېلە !
— دەتتىكام !
— ياپىرىم !
— دەتتىكام !
— ياپىرىم !

ئالمىخاندەك ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغان چىرايلىق، يۈزى تۈۋەن خوتۇننى قىمارغا تىككەن سەيداق دوقىنى «قىمار پىرى» يۆلىمەي، ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ ئۆچكىنىڭ ئوشۇقىنى تۆت قېتىم ئاتا ـ ئاتماي يەنە ئۇتتۇرۇۋەتتى. سەمەت دورغا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سەيداقنىڭ قولىغا ئېسىلدى. ئالمىخانغا ئىشتەي ساقلاپ كەلگەن يەنە باشقىلارمۇ يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

— ھە سەيداق نوچى، تىلخەت يازە !

— چەپەر بول دوقا، بولمىسا ئالمىخاننى ئۇتۇۋالغانلىقىمنىڭ ئىز ـ ئىسپاتى ئۆچۈپ كېتىدۇ.

— شۇنداق قىل، ئىسسىقىدا تىلخەت يېزىپ بەر.

— ۋايجا... ۋايجا... ۋايجان... — سەيداق تۈيۈقسىز قورسىقىنى تۇتۇپ ئىڭراشقا باشلىدى، — قورسىقىم بەك ئاغرىپ كەتتى. مېنى بىردەم ئارامىدا قويۇڭلار.

— خۇپسەنلىك قىلما، دوقا ! چاققان تىلخەت ياز.

— ۋايجان... ۋايجان... — سەيداق كەمىرىنى يېشىپ ئىشتىنىنى تۆۋەنگە سىيرىدى. ئۇنىڭغا يېپىشقان قوللار بىرئاز بوشىدى.

سەيداق ئىشتىنىنى كۆتۈرگىنىچە تالاغا يۈگۈردى. ئۇتۇۋالغان قىمارۋازلار ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن كەينىدىن دەمبەس قەدەم قوغلاپ چىقتى. سەيداق سەمەت دورغىنىڭ ھويلىسىدىن

چىقىپ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاقتامىلاپ قويغان خامان ئورنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ تاتاتىلىتىپ قويۇۋەتتى. ئۇنى قوغلاپ چىققانلار «ھۆ... ھۆ...» دېيىشكىنىچە ئاغزى ـ بۇرنىنى تۇتۇپ كەينىگە داجىدى، ئۇنىڭ راستىلا قورسىقى ئاغرىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندى. ئاقتامىلىقتىن قايتىپ كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى تېرەك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇشتى.

كىشىلەر ئۇيقۇغا كېتىشكەن، يۇرت ـ مەھەللە جىمجىت ئىدى. سەيداقنىڭ پات ـ پات « تورۇلغۇ سايرىتىپ» ئولتۇرغىنىنى ئاڭلىغان قىمارۋازلار ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشتى. سەيداق قورسىقىنى بىكارلىۋېلىپ تىلخەت يېزىپ بەرسىلا، ئالمىخان سەمەت دورغىنىڭ بولاتتى. سەيداقتىكى ئېلىشىنى ئالالمىغان سالەك تاۋكامۇ ئالمىخانغا كۆز قىزارتىپ تۇراتتى. ئەمما، ئالمىخان ئالمىدەك چىرايلىق، تارتىملىق بولغىنى بىلەن بەرىبىر ئالما ئەمەس، ئۇنى ئوتتۇرىدىن پارچىلاپ كۆڭلى تارتقانلار تەڭ يېگىلى بولمايدۇ. شۇ تاپتا سەمەت دورغا بىلەن سالەكنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز كۆڭلىدە چوت سوقۇۋاتاتتى.

بىر چاغدا سەيداق دوقىنىڭ «تورۇلغۇسى سايرىماي» قويدى. سەمەت دورغا بىلەن سالەكلەر ئۇنى ئەمدى بىكار بولغان چېغى، دەپ ئويلاپ ئاقتامىلىققا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. لېكىن، سەيداقنىڭ ئولتۇرغان يېرىدە «قاتۇرۇپ قويغان قەبرىسى»دىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

— بۇ دوقا قېچىپتۇ! — دېدى سالەك ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، — نەدىن بولسۇن تېپىپ ۋاقتىدا تىلخەت ئېلىۋالمىساق، ئەتە تۇرۇپ، ئۆگۈنلۈككە خوتۇنىنى ئوتتۇرغىنىدىن تېنىۋالىدۇ!

ئۇلار يېقىن ئەتراپنى ئىزدەشتۇردى، قولاق سالدى. لېكىن، بۇ ئەتراپتا سەيداقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

سەمەت دورغا بىلەن سالەكنىڭ سەيداقنى ئىزدەپ يۈرگىنىگە

بوگۈن ئۈچ كۈن بولدى. ئۇلار گەرچە سەيداقنىڭ شۇنچە ئىز ـ دېرىكىنى قىلسىمۇ، ئەسلىي ـ ۋەسلىنى ئۇتتۇۋالغانلىقىنى بىركىمگە چىش يېرىپ دېيەلمەيتتى. چۈنكى، بۇ قىمارۋازلارنىڭ شەپىسى شامالداپ قالغان كۈنى قانۇننىڭ جازاسى ئۇلارغا تەييار ئىدى.

سەيداقنى تېپىشقا كۆزى يەتمىگەن سەمەت دورغا بۇگۈن كېچە ئالمىخاننىڭ بېغىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى، بىر ئامالىلارنى قىلىپ بۇ تاتلىقنى ئۇندەككە كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى بىلىپ قالغاندەك سالەكمۇ بۇ باغدا پەيدا بولدى.

باغدىكى كونا كۆلەڭگە سەمەت دورغا، يېڭى كۆلەڭگە سالەك ئىدى.

تۆت يېرىمدىن ئۆتتى. «ئولجا بىر، ئوۋچى ئىككى» بولۇپ، ئولجا قالدى، ئىككى ئوۋچى بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ قالدى. باغدا تۆرىۋېرىپ جىلى بولغانسېرى بۇ ئىككى قىمارۋازنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاداۋىتى قوزغالدى. «دەتتىكام» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرىدىغان بۇنداق نوچىلارنىڭ جاھاندا بىچارە ئانىسىدىن باشقا، دادىسىغىمۇ ئاداۋىتى بار ئىدى. هايت ـ هۇيت دېگۈچە بىر ـ بىرىگە پىچاق كۆتۈرۈشۈپ قوپاتتى.

— ئەمدى كۆتۈڭنى قىسىپ، يولۇڭغا مېڭىۋال! — دېدى سەمەت دورغا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن خىرقىراپ.

— كىمگە دەۋاتىسەن؟ — دېدى سالەكمۇ بوڭ ـ بوڭ ئاۋازدا.

— ساڭا، — دېدى سەمەت دورغا هەيۋە بىلەن، — كەينىمگە كىرىۋېلىپ، ئېشىمغا توپا سېلىۋاتقان سايەمگە.

— سەن مېنىڭ كۆزۈم چۈشكەن دانىغا تۇمشۇق سوزۇۋاتىسەن.

— جېنىمغا تەگمە، — سەمەت دورغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئالما شېخىنىڭ دالدىسىدىن چىقتى، — پەم بىلەن كېتىۋالمىساڭ، هېلى بىكار ئۆلۈمىڭنى كۆرىسەن!

— ئۆزۈڭگە ھېزى بول، — سالەكمۇ ئوچۇقچىلىقتا چىقتى ، — مەن ئالمىخاننى ئاللىقاچان ئۇندەككە كەلتۈرۈپ بولغان، مۇشۇ تاپتا ئىككىمىز تامدىن ئارتىلىپ ئۇنىڭ يوتقىنىغا كىرىدىغان بولساق، ئۇ سېنىڭ چامبۇل ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىدەك قاپقارا يۈزۈڭگە قاراپمۇ سالمايدۇ !

— زۇۋانىڭنى يىغ، ئاپتاپ كۆرمىگەن سېرىق !

ئىككى گەۋدە بىر - بىرىگە ئېتىلدى. قۇچاقلىشىپ، يوملاقلىشىپ، ئىتتىرىشىپ، تۇتۇشۇپ يىقىلدى... ئىتلار قاۋشىپ كەتتى. غىلاپتىن چىققان پىچاقلار تۈن قوينىدا سوغۇق پارقىراپ كەتتى...

## 9. ئانا... قارا كېچە

گۈلھەسەلخان بالا ئىشقىدا خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. بىكار قالسىلا ياشلىقىدىكى ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ قالاتتى:

ئېتىز - دالالاردا قويۇن ئەدەپ قالغان بىر ئازنا ئاخشىمى گۈلھەسەلخاننى قېيىنئانىسى ھارۋىغا چىقىرىپ شىۋاقلىقتىكى ھېلىقى باخشىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. ئانا ھارۋىغا يەنە يۇتلىرى چېتىلغان بىر قارا مېكىيان، بىر غەلۋىر بۇغداي، باش ياغلىقتا چىگدالغان پاختا، بىر خون نان، تۆت بولاق قەنت دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ سېلىۋالغانىدى.

— ئەمدى باخشىغا ئوقۇتىدىغان بىرلا يول قالدى، بالام، — دېدى قېيىنئانىسى شامالدا ئۇچۇپ كېتەي دەپ قالغان ئاق رومىلىنى كەمچەت تۇمىقى بىلەن يۆختىلاپ باستۇرۇپ، — ھەممىسى ئۇ باخشىنىڭ دۇئاسىنى ئۇلۇغ دېيىشىدىكەن. تىلىكى ئىجابەت بولمىغان ھەرقانداق ئايالنى قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ كېچىچە ئوقۇيمىش. شۇڭا، باخشى ئوقۇپ سەۋەبىنى ۋايىگە يەتكۈزگۈچە چىدام، سەۋر - تاقەت بىلەن...

— دوختۇرغىلا بارغان بولساق ئوبدان بولاتتى، ئانا، —

باخشىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىچىگە قورقۇنچ كىرىۋالغان كېلىن قېيىنئانىسىغا ئىلتىجالىق ئۆمچەيدى. ئۇ يۇرتتىكى ئاياللاردىن باخشىنىڭ بولمىغۇر ئىشلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىدى.

— ياراتقان ئىگەم ئىختىيارى قىلمىغان ئىشنى دوختۇرلار قىلالايتتىمۇ، بالام؟ — قېيىنئانا ھەممە ئىشقا كونىلىق قارىشى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە دوختۇر خەق دېگەن بىر كىمنىڭ قورسىقىغا بالا ئۇندۇرۇش ئەمەس، قورساقتا تېپچەكلەپ تۇرغان بالىنى بىر ئوكۇل بىلەنلا...

گۈلھەسەلخان بۇ ئىش توغرۇلۇق قايتا ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئۇ ئانىسىنىڭ مەھەللىسىدىكى قايسىبىر چوكانىنىڭ شەھەردە چوڭ دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ، قورساق كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ قېيىنئانىسىغا شۇ گەپنى دەپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، ھېچنېمە دېيەلمىدى. دوختۇر دېگەنگە پۇل ئاز كېتەتتىمۇ؟! يەنە كېلىپ خەقتىن ئاڭلىۋالغان مىش - مىش گەپنى قانداق كېلىن قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىدا تىنالىسۇن؟ باخشى شىۋاقلىقىنىڭ ئايىغىدىكى تىكەندەك بىر يالغۇز ھويلىدا تۇرىدىكەن. قېيىنئانىسىنىڭ پەلتوسىنىڭ يېڭىنى تۇتۇپ دەڭدەك كەڭرى، سەيناسى ئوي - دۆڭ، ئۆيۋاقلىرى رەتسىز بىر ھالەتتە تۇرغان ناتونۇش ھويلىغا كىرىپ كەلگەن گۈلھەسەلخاننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېيىنئانىسى بىلەن تەڭ مۇدۇرۇلۇپ كېلىپ ھويلىنىڭ كۈنپېتىش بۇلۇڭىدىكى تۈنەكخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى. يىراق - يېقىندىن كەلگەن دەردمەنلەرنى قارا چىراغ ئەتراپىغا يىغىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان، بېشىدىكى كۆلاسىدىن ئۆزۈن چاچلىرى چىقىپ تۇرغان قورقۇنچلۇق باخشى بۇ يېڭى ھاجەتمەنلەرنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

— نېمە ۋەجىدىن كېلىشتىلىكىن؟ — بىرسىنىڭ غىڭشىغاندەك سوزۇق ئاۋازى گۈلھەسەلخان ئىككىيلەننى چۆچۈتۈۋەتتى.

— كېلىن بالامنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ قويامدىكىن دەپ... — ئانا ئۇ كىشىگە بۇرۇلدى. ئاڭغىچە باخشىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۆتكەن ئاخشام كۆڭلۇمگە چۈشكەن، بۈگۈن ئاخشام كېلىدۇ دېگەن، بىردەم ساقلاپ تۇرغايلا.

قاراڭغۇدا كۆزگە بىر - بىرىدىن سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ئادەملەردىن تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن چوكان قېيىنئانىسىنىڭ پەلتوسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغۇدەك بولۇپ كەتتى. قېيىنئانىسى بولسا باخشىنىڭ بىلەرمەنلىكىدىن ھاياجانلىنىپ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى.

باخشى خېلى ئۇزاقتا بىكار بولدى. گۈلھەسەلخان بىلەن قېيىنئانىسىنى ھويلىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدىكى قازناق ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە ئورنىتىلغان چىراغدانىدا جىنچىراغ ياندۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، قالايمىقانچىلىقتا تولغان ئۆيئىچى گويا ئۆڭكۈردەك غۇۋا يورۇپ تۇراتتى.

باخشى ئىككىيلەننى سۇپىدىكى كىگىزگە باشلاپ، ئۆزى جايناماز غا يۆكۈندى. تۇختىماي بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ تەسۋى سىيرىدى. كېيىن سايىدىكى شىۋاقتەك ئۆسۈپ كەتكەن قاشلىرى ئارىسىدىن بۇ ئىككى مەزلۇمغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئايال زاتى كۆرۈپ باقمىغاندەك گۈلھەسەلخانغا بىرھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، قېيىنئانىسىغا بۇرۇلدى:

— قىز ئېلىپ كەلدىلىمۇ، كېلىنمۇ؟

— كېلىنىم بولىدۇ، موللام.

— ھىم... — باخشى چىلىلىدە ياتقان كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك چىگىش، مەينەت چاچلىرىنى لەپىلدىتىپ بېشىنى لىڭشىتتى. سىلكىنىشتىن كۆزىگە كىرىۋالاي دەپ قالغان كۇلاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى، — ئىچ باغرىغا مىسلىمىياڭ ئۆگىنىۋاپتۇ. مۇشۇ ھەپتىدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ

ئازنا كېچىسى سۇرە ئوقۇساق، مۇسۇلمانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولدۇق.
— خۇدايىم بۇنداق ئاسان قىلىدىغان ئىش بولسا، ئۈچ كۈنگىچە مەشەدىلا قوندۇرۇپ بەرسەم ئۆزمەي ئوقۇساق بولماسمۇ، موللام؟
— مەزلۇملارنىڭ تىلىكى ئازنا ئاخشىمى ئىجابەت تاپىدۇ. يەنە ئازنا ئاخشىمى قىلغان ئىشنىڭ ساۋابى ئىككى دۇنيالىقتۇر!
— ئوبدان، ئوبدان، ئۆزلىرىگە ئاقسااللىق قىلغىنىمنى... — قېينىئانا پوسۇرلاپ چىقىپ هارۋىدىكى لازىمەتلىكلەرنى بىر - بىرلەپ ئەكىرىپ باخشىنىڭ ئالدىغا قويدى. باخشى بۇ ئولجىلارغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، قېينىئانىغا دېدى:
— ئۆزلىرى كېتىۋەرسىلە، تۇنەكخانىغا چىقىپ تىلاۋەت قىلىسىلىمۇ مەيلى. بۇ مەزلۇم ئەتە تاڭ سۇزۇلىدىغان بولىدۇ.
— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، باخشى موللام.
گۈلھەسەلخان باخشىنىڭ ئالدىدا يالغۇز قالدى. ئۇ باخشىنىڭ سىرلىق كۆزلىرى ئالدىدا قاسساپ پىچاق سۇرمەكچى بولغان ئۆچكىدەك تىترەيتتى. كۆڭلىدە بۇ داخاننىڭ تۇزۇك گەپ سورىمايلا، ئۆزىنىڭ هامىلدار بولۇش تىلىكى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغانلىقىغا ئەقلى يەتمەيتتى. بىر چاغدا باخشىنىڭ بىر يۆتىلىشى بىلەن ياش، ئەمما يورۇش - تۇرۇشى بۇ ئادەمنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر كىشى پەيدا بولدى. گەپ - سۆزسىزلا سۇپىدىكى ئەسكى كىگىزنىڭ پارچىسىنى ئېلىپ، چوكاننىڭ بېشىغا يېپىپ چوققىسىدىن تاپىنىغىچە ئۈچ قويدى. ئاندىن قولىدىن تۇتۇپ سۆرىگەندەك تارتىپ هويلىغا ئاچىقىپ، بىر تۇتام قومۇش پاخلىغا ئوت يېقىپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئوتلاق قېقىشقا باشلىدى.
— كۆچ - كۆچ كونا تاملىقتا كۆچ! ئەسكى سامانلىقتا كۆچ!
كۆچ - كۆچ كونا تۈگمەنگە كۆچ! يالغۇز دەرەخكە كۆچ!

ئوتلاق قېقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار چوكاننى يەنە سۆرىگەندەك نەچچە بوسۇغىدىن ئاتلىتىپ، گۆردەك قاپقاراڭغۇ بىر ئۆيگە ئەكىرىشتى. ئەسكى - تۈسكىلەرنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپ، قۇلاق تۈۋىدە قاپاق ھەرىدەك گىڭشىلداشقا باشلىدى. چوكان باشتا قورقۇپ تىترەپ كەتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن جىن - شاياتۇنلار ئېتىلىپ چىقىپ چاپلىشىۋالىدىغاندەك، كانىيىدىن بوغۇپ جېنىنى ئالىدىغاندەك ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلدى. قېيىنئانىسىنى ئۆزىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەي يېنىدا ئولتۇرغان بولسا ئىكەن دەپ تىلەپ قالدى. ئەمما، ئوقۇش، گۇڭۇلداش بىر خىلدا داۋاملاشقانسېرى قورقۇنچى بىرئاز بېسىلىپ، مۈگدەك باستى. كونىلاردا «دۇئا تۇتىدۇ» دەيدىغان بىر گەپ باردەك قىلغان، «دۇئا تۇتقىنى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئۆز - ئۆزىنى تىنچلاندۇردى چوكان.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ھەرىلەرنىڭ گۇڭۇلدىشى بېسىقىپ، مۇزدەك سوغۇق، يىرىك بىر قول چوكاننىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرىپ، ئالمىدەك كۆكسىنى مىجىقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ يوتقانغا كىرەر - كىرمەي مۇشۇنداق قىلىدىغان بىر قىلىقى بار ئىدى. ئەمما، بۇ قول بۈگۈن باشقىچە، بۇرۇنقىدەك قىزىق، مېھىرلىك ئەمەس ئىدى. «تالىپ ئاخۇن بۈگۈن مەجبۇرىي ھاشارغا ئىشلەپ، كەتمەن تۇتقان قوللىرى مۇشۇنداق قاپىرىپ يىرىكلىشىپ قالغان چېغى... مەيلىلا، ئۆزىنىڭ نېسىۋىسى بولغاندىكىن...» چوكان شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، ئېرىنىڭ قىلىقىغا چىدىماي تۇگۇلۇۋالدى. بۇ قول قوپال ھەم ھاياسىز ئىدى...

— ۋايجان! — چوكان كۆكسىنىڭ مىجىقلىنىشىغا چىدىماي ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئېچىپ ئېغىزىدىن كەندىر پۇراپ تۇرغان بىرسىنىڭ ئۆزىگە چاپلىشىۋالغانلىقىنى بايقىدى.

— ئالۋاستى! — چوكان باخشىلارنى جىن - شاياتۇن

يىغىدۇ، دەپ ئاگاھلىغانىدى. شۇڭا، بۇ ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەريان تولغانىدى، تىپىرلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغان، تېنى يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك مىدىر - سىدىر قىلغۇچىلىكى يوق ئىدى... چوكان جان تالاشقاندەك ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ ئۈنىنىڭ يېتىشىچە توۋلىدى:

— ئانا، ۋاي ئانا!

— خېنىم، شۇك ياتسىلا.

چوكان ئادەمزاتنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ سەل ئېسىنى تاپتى.

— ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

— تونۇماس بولۇپ قالدىلىمۇ، مەن ئەرلىرىنىڭ پەرىشتىسى.

— پەرىشتە... ئەمىسە ماڭا چاپلىشىۋاللىغۇ؟

— ئۆزلىرى تىلەپ تاپتىلا، خېنىم. سىلى بۇ يەرگە قورساق كۆتۈرۈش ئىستىكى بىلەن كەلمىگەنمىدىلە؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن...

— شۇنداق بولغاندىكىن، جىم ياتسىلا. ئاخشام باخشى سىلىگە ئوتلاق قېقىپ دۇئا ئوقۇغاندىن كېيىن، تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلىش ئۈچۈن مېنى چىللاپ كەلدى. باخشى ئوقۇيدۇ، قورساق كۆتۈرىدىغان ئىشنى مەن قىلىمەن.

— سىلى ماڭا راۋا كەلمەيلا، مەن تالىپ ھاجىمنىڭ نىكاھىدىكى ئايال!

— ئەرلىرىنىڭ پەرىشتىسى سىلىگە نېمىشقا راۋا كەلمىگۈدەك؟ ئەرلىرىنىڭ سىلىگە بولغان ھېسسىياتى ئادەتتە مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى مېنىڭ قىلغان ئىشىمغا ئوخشاش. بۈگۈن ئۆزۈم تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلىپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن يانلىرىغا ئۈچۈپ چۈشتۈم.

چوكان زېھنىنى يىغىپ ئۆيدە راستلا باشقا ئادەم يوقلۇقىنى پەملىدى. كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھېچنېمىسىنى

چۈشىنەلمەي پىكىر - خىيالى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. شۇ تاپتا قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— مېنى قانداق قىلىپ مۇرادىمغا يەتكۈزىلا؟

— ئەرلىرى ئەپلەشتۈرەلمىگەن ئىشنى ئەپلەشتۈرىمەن، بۇنى ئۆزلىرى بىلەنلا، — «پەرىشتە» شۇنداق دەپ چوكانغا چاپلىشىۋالدى، ئىشتانبېغىنى تۇتۇپ تارتقۇچلاشقا باشلىدى.

— ۋايجان، ۋاي توختاپ تۇرسىلا، — ئىنسانىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولغان چوكان ئىشتانبېغىنى قاماللىغىنىچە تۈگۈلۈۋالدى، — ئېرىم تالىپ ئاخۇن ماڭا ھېچقاچان سىلىدەك پەرىشتىسىنىڭ بارلىقىنى دەپ باقمىغان. ئەمدى بۇنداق ئىش يۈز بەرسە، ئۇ نېمە دەيدۇ؟!

— چىرايلىرى گۈلدەك چىرايلىق بولغان بىلەن ئەقىللىرى كەم، گول چوكان ئىكەنلا، — دېدى «پەرىشتە» پەيلىدىن يانماي، — پەرىشتىنىڭ قوبۇلىغا كىرگەن خوتۇن كىشى بۇنداق ئىشنى بۇ دۇنيا - ئۇ دۇنيا سىر تۇتىدۇ. سىرنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولسا، بۇ دۇنيالىقى ئوبدان بولمىغاننى ئاز دەپ، ئۇ دۇنيادىمۇ جەننەت يۈزى كۆرمەيدۇ !

«پەرىشتە» شۇنداق دەپلا توخۇ يېگەدەك ئىت مېكىيانغا تاشلانغاندەك چوكاننى باسماقداپ قوللىرىنى قايرىدى، تامبىلىنى يىرتىشقا باشلىدى... غالجىرلاشقان «پەرىشتە»نىڭ ئىپلاسلىقىغا قاراپ كۆڭلىدە گۇمان، ئىشەنمەسلىك، يىرگىنچ پەيدا بولغان چوكان ئاغزىغا كەلگەن ھەممە گەپنى دەپ يالۋۇرۇپ باقتى. ئەمما، نەپسى تاقىلداپ ھاسىراپ كەتكەن «پەرىشتە» ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن چوكان ئاخىرقى قېتىم ئەقلىگە كەلگەن بىر گەپنى ئاغزىدىن چىقاردى:

— ۋاي ئىست، مەن بۈگۈن نامازنىڭ تېشىغا چىقىپ قالغان !

— نامازنىڭ تېشىغا چىقىپ قالغان؟

— ھەئە، ئادەت كۆرۈپ قالغان !

«پەرىشتە» جىم بولۇپ قالدى، كېيىن بوش خىرىلدىدى:

— مەينەت خوتۇن ! — ياۋۇزلىشىپ كەتكەن «پەرىشتە» تۇيۇقسىز تېشىلىپ كېتىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان تېرىق تاغىرىدەك بوشىشىپ، ئۆزىنى بىر يانغا تاشلىدى، — بىتەرەت پېتى ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىغا كەلگىنىنى !

ئىشىكنىڭ «غارت» قىلىپ سەت غىچىرلىشى بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچى جىمىپ قالدى. قورقۇپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىۋالغان گۈلھەسەلخان ھۇ تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى...

## 10. قىز خوتۇننىڭ قىلىقى

پىژغىرىم ئىسسىق كىشىنى تالادا تۇرغۇسىز قىلىۋەتكەن بىر چىڭقىچۈشتە موللىقۇناخۇننىڭ قىزى مۇنىسە قوزىلىق قوينى يېتىلەپ ئۆستەڭ توقىيىغا كەلدى. بۇ يەردىكى جىگدە، سۆگەت، تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىغا چىگىلىك ئوت يامىشىپ كەتكەن. قويۇق چاتقاللىق ئارىسىدىن بىركىملەرنىڭ گۇڭۇلداشقان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— شۇنچە يەردىن ئىزدەپ كەلدىڭمۇ، قاپ يۈرەك قارىۋاي؟ — بۇ ھاياجىنى ئىچىگە پاتماي قالغان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئارقىدىن بىرسىنىڭ كۈل بۇقىسىدەك بوڭ - بوڭ ئاۋازى ئۇنلىدى:

— ئوتۇڭ يامان ئىكەن، سىرىق ئالتۇنۇم ! پاتمىچۇق جاڭگىلىدا سويۇپ بەرگەن تۇخۇملىرىڭغا ئوقۇتۇۋالغانمىدىڭ يا؟

— ماڭغىنا نېرى !

— سەن ئەرگە تېگىپ كەتسەڭمۇ، نېمىشقا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالمايمەن ئەمەسسە؟ يا قولۇم ئىشقا بارمىسا...

— بېشىڭنى يېگۇر، بۇنى نەپسىڭنىڭ يامانلىقىدىن كۆر !

ۋايجان - ۋايجان، ئاشۇ بىر كۈنلۈك يەردىن ئازماي - تىنماي ئىزدەپ كەلگىنىنى.

— دوزاخقا كەتسەڭمۇ ئىزدەپ تاپىمەن سېنى، جېنىم گۈلئىمىنەم!

— ئوبدان تاپتىڭ مۇنىكا... شۇمۇڭ قورسىقىمدا مىدىرلىغىلى قەستلەۋاتىدۇ مۇشۇ تاپتا!

مۇنىسەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. گۈلئىمىنىخان چاتقاللىق ئارىسىدا قارا كۆتەك بىر ئەر بىلەن چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتاتتى.

— مىدىرلايدىغان ۋاقتى كەلمىگەندۇ تېخى؟ — ئەر گۈلئىمىنىخانىنىڭ قىزىل تاۋار كۆڭلىكىنى ئۆرۈپ قورسىقىغا قول ئۇزارتتى.

— پۈشتىڭىز پاتمىچۇق جاڭگىلىدا قورسىقىمغا ئۇنگەننىڭياقى مېنى ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ، غوجام... سىز ئىشنى تېرىپ قويۇپ كۆتىڭىزنى قىرغا تارتتىڭىز. شۇنىڭ بىلەن مەن هاراملىقىڭىزنى يىغىشتۇرالماي، ئانامدىن ئۆلگۈدەك تاياق يېدىم. مۇشتەك تۇرۇپ، مۇشۇنداق خوتۇنى ئۆلۈپ قالغان قېرى ناماتمان ئوغرىغا تەگدىم!

— بۇمۇ بولدى. ئېرىڭ دېگەن قېرى ئەبگار يىلىكىنى چىقارماي، تەييار بالىغا ئىگە بولىدىغان بىر ئوبدان ئىشقۇ شۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، ئۇجاتلىق! ناماتمان قورسىقىمدا بارلىقىنى بىلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشۈلدىغىنىنى تۇيۇپ ياتىدىغان چايان ئىكەن ئۇ!

— ئوھۇ، سېزىپ قالدىما؟

— كۆڭلى تۇيدىمىكىن دەيمەن. ئىشقىلىپ، ئىلگىرىكى يېقىنچىلىقلىرى يوق.

— چىش يېرىپ بىرنېمە دېدىمۇ؟

— چىش يېرىپ؟ — گۈلئىمىنىخانىنىڭ ئۈنى ئىنچىكە چۇشۇپ كەتتى، — ئۇرۇپ، دۇمبالاپمۇ بولدى دېگىنە! يۇڭ ئاتىدىغان

مۇشتىقىنى بېشىمدا ئويناتتىپ، خەقنىڭ كۆزىچە قوغلاپ ئۆتەڭنى نەچچە چۆرگۈلىتىپ، جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدى.

— ھە بوپتۇ. ئاشۇنداق تاياقچى ئەرگە تەگمىسەڭ، مېنىڭ قەدرىمگە يەتمەيسەن، گۈلئىمىنەم. مەن تېخى جۈپتىنى ئۈنتۈپ قالغان ھۆپۈپتەك مېنى ئۇنتۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپتىم سەندىن.

— ۋاي ماڭغىنا، — گۈلئىمىنىخان قېيىداپ تەتۈر قارىۋالدى، — سەن قورسىقىمغا ئۈندۈرۈپ قويمىغان بولساڭ، مەنمۇ ئالدىرىماي، چېكىپ تاللاپ نوچى ئەردىن بىرسىگە تېگەتتىم. سەن تېخى «مۇندى، ئەيندى» دەپ خوتۇنۇڭنى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدىڭ.

— قېيىدىمىغىنا بولدى، ھېلىمۇ يېنىڭدا بىر ئوبدان تۇرۇپتىمەنغۇ، ما پۇلنى يېنىڭغا سېلىپ قويغىنا، — قارا كۆتەك ئەر ئىشتىنىنىڭ كاسا يانچۇقىدىن مىزى ئۆرلەپ تۇرغان بىر قەغەز پۇلنى ئېلىپ گۈلئىمىنىخانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كاپىدە بوينىغا ئېسىلدى.

— مە... مە !... — ساغلىقىنىڭ قوزىسىنى ئىمىزدەپ مەرىگىنىچە چاتقال ئارىسىغا سىغدىلىشى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قالغان گۈلئىمىنىخان بىلەن قارا كۆتەك ئەرنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى.

— ۋايجان... كىم، كىمۇ؟ ! — گۈلئىمىنىخان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۇنىڭ توڭ غورىدەك كۆپكۆك كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەنىدى.

— قاچ، قاچ ! — مۇنىسە قوينى توسۇش ئۈچۈن چاتقال ئارىسىغا يۈگۈردى. ئىككىيلەن پاتىپاراقچا چۇشۇپ نېرى بولۇشتى. گۈلئىمىنىخان بىردە ئۆستەڭ ياقىلاپ غايىب بولغان ھېلىقى قارا كۆتەككە، بىردە قىزغا قاراپ تاتىرىپ تۇرۇپ كەتتى. كېيىن ۋارقىراپ دېگۈدەك سورىدى:

— سەت پاتمىچۇق، نېمە ئىشىڭ بار ئىدى بۇ يەردە؟ !
— قوي باقمەن دەپ كەپتىكەنمەن، — مۇنىسە يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.
— دۆڭلۈكتىكى ئېغىزلىققا كەتكەندەك قىلاتتىڭغۇ؟
— ئېغىزلىق بەك ئىسسىق ئىكەن، قوينى شۇ يەردىن ياندۇرۇپ ئەكېلىۋاتقان.
— خان ئاچامنى بىركىم ئېلىپ قاچارمىكىن دەپ ماراپ كەلگەنما؟
— ياق.
— ئەمىسە نېمىشقا جىندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولىسەن؟ !
— ...
— بايام نېمە گەپ ئاڭلىدىڭ؟
— ھېچنېمە ئاڭلىمىدىم.
— راست - ھە؟!
مۇنىسە ئۇن - تىنسىز ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى ھەم قوينى باشىېغىدىن سۈرەپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. گۈلئىمىنىخان جىمجىتلىققا چۆككەن چاتقاللىق ئارىسىغا ئەلەملىك قاراپ قويۇپ، قىزنىڭ كەينىدىن كەلدى.
مۇنىسە ئۇچۇن ئەمدى كۈندۈزى بۇ ئۆگەي ئانىنىڭ چاڭگىلىدا سىقىلىۋاتقاندەك، ئاخشىمى يوتقانغا كىرىپ ياتسا، ئۇنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالغاندەك بىر خىل سىقىلىش ئىلكىدىكى كۈنلەر باشلاندى. تىل - دەشنەم، يامان گەپكە بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويىاي دېدى. ھەممىدىن يامىنى بۇ قىز دادىسى بىلەن يالغۇز قالالمايدىغان بولۇپ قالدى. گۈلئىمىنىخاننىڭ نەشتەردەك كۆزلىرى ھامان قىزنى دادىسىدىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇراتتى.
گۈلئىمىنىخان ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ قىزغا تۇيۇقسىز بىر گەپنى قىلدى:
— ئاناڭ ئۆلۈپ قالغان كۈنى سەن ئۆيدە بارمىدىڭ؟

مۇنىسە كۆزى يۇمۇلغاندىن كېيىن چېھرى نۇرلىنىپ كەتكەن ئانىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. تېنى شۈركۈنۈپ، ۋۇجۇدىغا يىغا ئولاشتى. ئانىسى بۇ قىزنى بىۋاقىت تاشلاپ كەتكەنىدى. قىزنىڭ تىرناق تاتىلاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، گۈلئىمىنخان تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ گەپ كوچىلىدى:

— شۇ كۈنىمۇ داداڭ ئاناڭنى ئۇرۇپتىكەن ـ ھە؟

قىزنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئانىسىنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئۆزىگە تىكىلگەندەك بولدى. بىچارە قىز دادىسىنىڭ ئۆزىنى تۇتالمايدىغان مىجەزى ئالدىدا بىقوۋۇل ئىدى.

— سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن، زۇۋانسىز پاتمىچۇق!

— مەن بىلمەيمەن، خان ئاچا.

— داداڭ «ھېچكىمگە دېگۈچى بولما» دەپ ئاغزىڭنى موتىغان ئوخشايدۇ؟

— راست، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.

— سەن بىلمىسەڭ، مەن بىلىپ بولدۇم، — دېدى گۈلئىمىنخان تەئەددىلىك ۋارقىراپ، — ئاناڭ داداڭنىڭ زۇلمىدىن تۈگىشىپتىكەن، تايىقىدا ئۆلۈپتىكەن! زورىنساخاچا ماڭا شۇنداق دېگەن، مەھەللىدىكى ئاياللارمۇ شۇنداق گۇمان قىلىدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ كىرىۋالدى، پۈتۈن تېنىنى تىترەك باستى. شۇ كۈنى ئاخشىمى مۇنىسە ئىشىك ئالدىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغاندا دادىسىنىڭ كىشىنى ساراسىمىگە سالىدىغان قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇنىسە، مەيەرگە كىرە، قانجۇق!

موللىقۇناخۇن قىزىنى چاقىرىپ كىرىپ قازناققا سولىدى:

— خان ئاچاڭغا نېمە دېدىڭ؟

قىز يەر تېگىدىن دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى سوغۇق پارقىراپ

تۇراتتى.

— زۇۋانىڭنى ئاچە، مىسلىمىياڭ !

— ھېچنېمە دېمىدىم، دادا، — قىز زۇلمەت ئىچىدە ئاجىزانە ھالدا يېلىنىش بىلەن دادىسىغا تىكىلدى. موللىلقۇناخۇننىڭ غەزەپتىن يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرى ئاجىزلىق نېمە، يېلىنىش نېمە، بۇنى ئاڭقىرىغۇدەك ھالدا ئەمەس ئىدى.

— ھېچنېمە دېمىدىم؟ ! — ئۇ ئۆرۈك ئوتۇنىدەك قاتتىق، يىرىك قولى بىلەن قىزنىڭ چېچىنى قاماللاپ تۇتتى، — ئاناڭ توغرىسىدىكى گەپلەرنى دەپسەنغۇ؟

بىچارە قىزنىڭ چىرقىراپ ئۇنى ئۆچتى. مېڭىسىدىن كىرگەن ئاغرىق پۇتۇن تېنىگە تارىدى:

— راست، مەن ھېچنېمە دېمىدىم، جېنىم دادا ! مېنى ئۇرماڭ، بۇ دۇنيادا مېنىڭ سىزدىن باشقا ئىچ كۆيەر ئادىمىم يوق !

گۇلئىمىنىخان تاشقىرىقى ئۆيدە خىرامان تۇراتتى.

— راست دېمىدىڭما؟

— دېمىدىم، خۇدا ھەققى...

— مۇشتەك تۇرۇپ خۇدانى گۇۋاھچى قىلغىنىنى ما ئۆلمەيدىغاننىڭ... ئەمىسە ئۇ گەپ خان ئاچاڭنىڭ ئاغزىدا نېمە قىلىدۇ، توخۇ پوقى مەرەز؟ !

— مەن بىلمەيمەن.

— يوق گەپنى پەيدا قىلىپ تېنىۋالامسەن؟ ئەكېلە، مۇشۇ ئاغزىڭنى يىرتىپ گەپ قىلغانغا تويغۇزۇپ قوياي !

— ۋايجان - ۋايجان ! مېنى قىينىماڭ، ئوبدان دادا...

مۇنىسە جان تالىشىپ تېپىرلىدى، جېنى ئۇزاققىچە قىينىلىپ كەتتى... كېيىن جان ئازابى تىنچىپ قالغاندەك، ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى. كۆنىنىڭ سىرىقىمۇ، ئاغرىق ئازابىمۇ، چايانىنىڭ نەشتىرىدەك كۆزلەرمۇ يوقالدى، قىز ئۇزاق ئارام تاپتى... كېيىن سۇپىدا ياتقانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزىگە قونۇۋالغان چىۋىنلار تىنىمسىز گىڭىلدايتتى. باش - كۆزى،

ئاغزى ـ بۇرنى ئىششىپ، كۆكىرىپ كەتكەن، مىدىرلىغۇدەك هالى يوق ئىدى. قىز هالسىز ياتقاندا، بىر ـ بىرىگە ئامىراقلىشىپ كەتكەن دادىسى بىلەن خان ئاچىسى كۇسۇرلاشقىنىچە هارۋا جابدۇدى. ئۇنى باش ـ كۆزىنى يۆگەپ هارۋىغا چىقىرىپ، مەھەللىدىن غىپپىدە چىقتى. ئىشەكنى بولۇشىچە سانجىپ قۇملۇق يولغا هەيدىدى. قىزنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگۇدەك ماجالى يوق ئىدى.

مۇنىسە دادىسىنىڭ ئۆزىنى سايتۇگمەنگە — گۇلئىمىنخاننىڭ ئانىسىنىڭ چاقىرىغا ئاپىرىۋېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇپ باقمىغانىدى ئىدى. ئۇلار سايتۇگمەندە بىر كېچە قونغاندىن كېيىن قىزنى قويۇپ گەپ ـ سۆزسىزلا قايتىپ كەتتى.

مۇنىسە قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىۋېرىپ ئۆزىنى يەرنىڭ قات ـ قېتىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك هېس قىلدى، لېكىن يەرنىڭ تېگىگە هېچ يېتەلمەيتتى. ئورنىدىن تۇراي، كۇننىڭ سىرىقىنى كۆرەي دېسە، يەرگە دەسسىگۇدەك ماغدۇرى يوق. ئۇ نەچچە كۇن ياتتىكىن، ئاخىر تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى. بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى قۇملۇققا چىقتى. شور، قۇم ئاراچلىرىدىكى پاتمىچۇقلار قىزنىڭ يۇزىدىكى زېدە ـ چاقا، ئىششىق، كۆكلەرنى كۆرۇپ، بىچارىدىن كۆزىنى ئۇزەلمەي قالغاندەك قىلاتتى. ئېڭكىنى يۆلەپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان هال سورىغاندەك كۆرۇنەتتى... قىز قۇملۇقتىكى جان ـ جانىۋارلارغا قاراپ بوش شىۋىرلىدى:

— هالىمنى سورىماڭلار، ئوبدان پاتمىچۇقلىرىم، مېنىڭ هالىم پەقەت مۇشۇنچىلىكلا. مېنى ئۆز قوينىدا ئەللەيلىگەن بەخت قۇۋانچىم ئەمدى يېنىمدا يوق. ماڭا ئانىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلغان قاپقارا مېھىرلىك كۆز مەڭگۇلۇككە يۇمۇلغان، ئوتتەك هارارىتىنى بەرگەن ئىللىق قۇچاق كەلمەسكە كەتكەن. مەھرۇملۇق، يىگانىلىكتىن يېتىمسىرىگەن ۋۇجۇدۇم

سوغۇق نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلەرنىڭ دەھشىتىدىن شۈركۈنۈپ كەتتى...

قىز ئىختىيارسىز كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق باغرىغا قەدەم قويدى. زۇمرەتتەك سۈيى شوخشۇپ تۇرىدىغان يېشىل مەھەللە، كۆككە بوي سوزغان تېرەكلەر بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ سايە تاشلاپ تۇرغان تونۇش يوللار، يېشىل پايانداز بولۇپ تۇرغان ئېتىزلار يىراقتا قالغان. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە شۇ ئاجىز جىسمىنى ئۆز قوينىغا چىللاۋاتقان قۇملۇق... كۆز چاناقلىرىدا لىققىدە ياش... كۈن ئولتۇرۇپ مۇدھىش قاراڭغۇلۇق ئاستا ـ ئاستا قاپساپ كەلدى. قىزنىڭ يۈرەك قېتىدا پىلىلداپ تۇرغان ئىشەنچ نۇرى ھۇۋۇلاۋاتقان قارا بوراندا ئۆچەي دەپ قالدى. ئۈمىدسىزلىكتىن سولغان كۆزلىرى ھەريان ئۇمتۇلەتتى. يەر ـ جاھان بىردىنلا ئۆرتىتۆپە بولدى. سورۇلغان قۇملار ھاياسىز كۆزلەرگە غەزىپىنى چاچتى. قىز ئەلەڭلەپ مېڭىپ يەنە يىقىلدى، قۇملار ئۇنىڭ ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى...

## 11. مۇھەببەتخان ئازغان

قۇناخۇننىڭ ئۆيقۇسى ھارام بولدى. شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغان ئاشۇ سىگار كۆزدىن مۇھەببەتخاننىڭ كۆڭلى سۇ ئىچەرمۇ؟ نەمخۇش تۇپراق قېتىدىكى سازاڭدەك مىدىرلاپلا يۈرىدىغان قۇناخۇن خىيالدىمۇ، چۈشىدىمۇ ئاشۇ جۇۋان بىلەن بىللە ئىدى. مانا ئەمدى مۇھەببەتخان توغرۇلۇق يېڭى گەپلەرنىڭ چىقىشى بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلدى.

يەر ـ جاھان سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ھالبۇكى، ئايدىڭ بولغىنىغا قارىماي بۇككىدە دەل ـ دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان مەھەللىدە بىرنەرسىنى پەرق ئېتىش تەس ئىدى. قۇناخۇن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مۇدۈرۈلگىنىچە مۇھەببەتخاننىڭ بېغىغا كىردى. شاپتۇلى قېقىۋېلىنغان شاخلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۆينىڭ

ئارقا تېمى تۈۋىدە توختىدى. تامنىڭ يۇقىرىسىدىكى ھاۋادانىدىن باغقا چىراغ نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. قۇناخۇن ھاۋادانغا بىرھازا قاراپ تۇردى، مۇھەببەتخان ئاشۇ چىراغ نۇرى ئارىسىدىن كۆلۈپ چىقىدىغاندەك ئۇمىدلەندى...

— ئۆھۇ - ئۆھۇ - ئۆھۇ !...

قۇناخۇن چۆچۈپ كەتتى. ھاۋادانىدىن مۇھەببەتخاننىڭ ئاپتاپتەك چىرايى ئەمەس، مەخەت قارىغۇنىڭ كۈچەپ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. «راست، ھېلىقى ناكەس بارغۇ بۇ ئۆيدە، ئەجەب يەنە كەپتىمەن يا؟ ئاستا كېتىۋالاي جۇمۇ. ھېلى بىكار ئويۇننى خەق قويىسا، مەن تاماشىبىن بولۇپ قالماي. ماڭىمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى باردۇ ! »

— قويە دەللە، بىلىمنى تۇتۇپ قوي ! «ئېشەك ۋايجان دېگۈچە، تاغار ۋايجان دەپتۇ» دەپ مەندىن بۇرۇن سەن يېتىۋالامتىڭ؟ — مەخەت قارىغۇنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

— سىلىق گەپ قىلسىلىكەن، غوجام، — بۇ مۇھەببەتخاننىڭ يىلىنغان ئاۋازى ئىدى.

قۇناخۇن قەدىمىنى توختىتىپ، ھاۋادانغا قۇلاق سالدى.

— سىلىق گەپ قىلىپ كۆندۈرۈۋالىدىغان قىز بالىمىدىڭ سەن؟! — مەخەت قارىغۇنىڭ ئاۋازىدىن جۇدۇن - تېرىككەكلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— قىزغا تاۋاپ تەگكەنمەن ئۆزلىرىگە، جېنىم غوجام. بۇنداق ئۆزگىرىۋالمىسىلا بولاتتى.

— قوۋۇرغامنى ئەگمىگىنە قېرى، لاۋزا قوغۇندەك ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىپ ! — مەخەت قارىغۇ بىردەم جىمىپ قالدى، كېيىن يەنە قەستەن ئۇنلۇك سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە شەھەردىكى تۇغقىنىمىزنىڭ قىزى ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگىلى كەلمەكچى، ئىش تۈگىگۈچە مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قىرچە - يانچە تەگمەي مېھمانلىق ئۆيگە باشلاپ، يېڭى يوتقان كۆرپە - سېلىپ، ھالىدىن ئوبدان

خەۋەر ئالىسەن جۇمۇ !

— ئاتايىن ئادەم سالغۇدەك ئون ـ ئون بەش مو يەر بولمىسا بىزدە، ئۆزۈم يېتىشىمەن ئۇ ئىشقا... ئۇنىڭسىزمۇ شەھەرلىك دېگەننىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشى چاغلىق.

— مەندىن ياخشىلىق كۆرەي دېسەڭ، دېگىنىمدەك قىل، تۇكۇمنى تارتىپ، تومۇرۇمنى تۇتما. بولمىسا ئۆلۈشكۈنكىدەك تاياق يەپ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن !

— ھەرقانچە بولسىمۇ كۆزۈمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ قېرى جېنىمنى خورلىمىسىلا بولاتتى، ئوبدان غوجام، — مۇھەببەتخاننىڭ ئاۋازى يىغا ئارىلاش ئىدى.

— قېرىلىقىڭنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ ئىچى بۇزۇق قوغۇندەك قېرى خوتۇن بىلەن ئەمەس، باچكىدەك ۋىسىلداپ تۇرىدىغان قىز بىلەن ياشايدىغان چاغلىرىم بۇ ! شۇڭا، مەن نېمە دېسەم، شۇنى قىل، ئۆيدە بولغان ئىشنى باشقىلارغا تىنغۇچى بولما !

— مەن كۆرمىگەن شۇ كۈن قالدىمۇ ئەمدى؟

— سەن كۆرىدىغان مۇنداق كۈنمۇ بار تېخى !

ئۆيدىن چاڭ ـ چۇڭ، گۈلدۈر ـ پالاق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مۇھەببەتخاننىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغىنى ئاڭلاندى. ھەممىنى تىڭشاپ تۇرغان قۇناخۇننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، بىر ئىزىدا تۇرالماي قالدى. ھايۋان جېنىدا ئۆزىنىڭ جورىلىرىنى ئۇنداق ۋارقىراتمايدۇ، ئەمما ئۇ نائەھلى بىچارە جۇۋاننى توختىماي ئۇرۇۋاتاتتى.

— مەن ساڭا دەپ قوياي، قېرى پوقاق، — ئۆيدىن مەخەت قارىغۇنىڭ زەردىلىك ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، — مېنىڭ تۇرغان تۇرقۇم، قاپىقىمنى ئاچقىنىم ئادەم. پەيلىم بۇزۇلۇپ قولۇمغا پىچاق چىققاندا، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭىمۇ ئۆز يۈرتۇم تار كېلىپ مۇشۇنداق جاھان كېزىپ يۈرگەن نوچىمەن. دېگىنىمنى قىلماي يەنە ئاغزىمنى غېرىچلىساڭ، ما ئۆيدىن ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇكى، ھەرگىز تىرىكىڭ چىقمايدۇ.

بويىنۇڭنى قويىنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ، ئۈستىخىنىڭنى تاغارغا تىقىپ، قاراڭغۇ كېچىدە ئۇلۇغ ئۆستەڭگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ، ئەتىسى سېنى ئىزدىگەن بولۇپ يۈرىدىغان بولسام، ھېچكىم ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ!

قۇناخۇننىڭ تېنىنى سوغۇق تەر باستى. مۇھەببەتخاننى بىردەم بولسىمۇ ئۇ ئادەم سىياق ھايۋان بىلەن تەڭ تۇرمىسىكەن، يەنە تاياق يېمىسىكەن، دەپ تىلىدى. ئەمما، ئۇرۇۋاتقان، زارلىنىۋاتقان ئاۋاز بېسىقمايۋاتاتتى. قۇناخۇن مۇھەببەتخاننىڭ ئاھۇ زارىغا چىداپ بولالمىدى. ھېلى باغ ئىشىكىگە، ھېلى ھاۋادانىنىڭ تۈۋىگە چېپىپ بېقىپ، ھېچنېمىگە ئامال قىلالمىدى. كېيىن سىلاپ ـ سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ قولىغا بىر پارچە كېسەكنى ئالدى ـ دە، كۇچەپ ئۆگزىگە تاشلىدى. ھاۋاداندىن ئاڭلىنىۋاتقان غوۋغا بىردەم جىمىپ يەنە داۋاملاشتى. ئۆگزىگە يەنە بىر پارچە كېسەك چۈشتى. ئەمدى غوۋغا توختاپ، مەخەت ھويلىغا چىقتى:

— قايسىڭ سەن؟!

قۇناخۇن جىمىدە تۇرۇۋالدى.

— ئۆگزىدە قايسىڭ بار، دەيمەن؟!

قۇناخۇننىڭ قورسىقىغا جىن كىردى، مۇھەببەتخاننى بۇ نىجىسنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئىشلەتكۈسى كەلدى:

— غوجىكاڭ كەلدى، ئىشىكنى ئاچ! — قىزىقچى، ھەييار قۇناخۇن كىمنىدۇر دوراپ گەپ قىلغاچقا، ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىمۇ تونۇيالماي قالدى.

— پىچاق سېغىنغان ئوغرى ئوخشىمامسەن؟ جېنىڭدىن تويغان بولساڭ، كېلە! — مەخەتنىڭ شەپىسى بىردەم يوقاپ كەتتى، كېيىن ئاچقۇچتەك بىرنەرسىلەرنى شاراقلىتىپ ئارقا ھويلىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە كەلگەندەك قىلدى. قۇناخۇن ھاۋادانىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ:

— مۇھەببەتخان، ئۆيدىن چاققان قېچىپ چىقىڭ! — دەپ توۋلىدى ـ دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى...

ئاغزىنى بۇزغىنىچە ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ، ھويلا ئەتراپىنى نەچچە ئايلانغان مەخەت قارىغۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. باغنىڭ كەينىدىكى ئېتىزلىققا چىقىپ، ئايدىڭدا قىڭراقتەك يوغان پىچىقىنى يالت ـ يۇلت قىلىپ شىلتىدى، قارىسىغا تىل ياغدۇرۇپ بىرمۇنچە سۇر ـ ھەيۋە قىلغاندىن كېيىن كەينىگە ياندى.

## 12. بۇزۇقتا يۈز يوق

— ھەييار بولماڭا، خېنىم... بۇ چاغقا ئامراقلىقىدىن شىرنە باغلاپ كەتكەندۇ، — ئابدۇلئاشىقنىڭ ئاۋۋالقى خوتۇنى ھەلىمىخاننىڭ كۆزلىرىدە ياش، بۇرنىدا پوتلا، ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىدىكى كۆك، تىرناق ئىزلىرى تېخى ساقايمىغانىدى، — گېپىڭىزگە پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ...

— راست ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ — دېدى گۈلئىمىنىخان بىلەرمەنلىك بىلەن.

— بىر ـ بىرىگە دۈم چۈشكەن تۇرسا ئۇلار.

— توي كۈنى ئاخشىمى ئەجەب سەتچىلىك بولغانىمىش، ئەتىسى گۈلپاتەم ئاشىقاخۇننىڭ بويىنىغا ئېشەك ئېتىپ مىنگەنىمىش.

— قانداق قىپتۇ... بىلگەنلىرىڭىزنى دەڭا، گۈلئىمىنىخان. خوتۇن خەقنىڭ ئالدىدا چوكۇلدايدىغان ئەرئەمەس ئىدى ئۇ؟

— ئاھاي، سەھرانىڭ ئەر خەقلىرىگە بوزەك بولىدىغان گۈلپاتى ئەمەس ئىكەن ئۇ، كىچىكىدىن بىخىدا پىششىپ قالغان، جىق ئىش كۆرگەن بىرمىخان ئىمىش!

— ئىش كۆرگەن؟ — ھەلىمىخان بوينىنى قىسقىنىچە ئىشتىن توختاپ ئۆزى بىلەن ئېغىز ـ قۇلاق يېقىشىپ

ئولتۇرغان گۈلئىمىنىخاننىڭ ئاغزىغا تەلمۈردى، — ئىتتىكرەك دەڭا، قانداق قىپتۇ؟

— ئەتىگىنى يوتقاندىن چىقماي ئاشقازىنى تەرىتىگە سۇ ئىستىقلى سالغانىمىش...

— ۋاي، ئىسىت! بامداتقا ئەزان چىققاندىن كېيىنمۇ بىردەم - يېرىمدەم ئۇخلىۋالىدىغانغا كۆنۈك ئىدى ئۇ ئادەم.

— يەنە تېخى مېھمانلىق ئۆيىنىڭ تۆرىگە كۆرپىنى قوش قاتلاپ سالدۇرۇپ، چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇ بىچارىنى ناشتىلىق تەييارلاشقا بۇيرۇغانىمىش.

— ئۇھ... — ھەلىمىخان ئىچىگە تىندى، — قازان بېشىغا پەقەت قولى كەلمەيتتى ئۇنىڭ.

— ئەتىگەندە قاتتىق نان يېمەيمەن، باچكا توغراپ، ئېشىپ سېلىپ، سۇيۇقئاش ئېتىڭ دەيمىش.

— ۋاي جېنىم، ۋاي جېنىم... خېمىر يۇغۇرۇشقا قولى كەلمىسە، قانداقمۇ قىلغاندۇ؟ — ھەلىمىخاننىڭ ئېرى ئابدۇلئاشىققا ھەقىقەتەن ئىچى ئاغرىدى.

— قەنت چاي ئىچمەيمەن، ھەسەل كەلتۈرۈڭ دەيمىش.

— تووۋا خۇدايىم، بىر ئۆي دېگەندە ھەممىشە قەنت - ناۋات، ھەسەل - شىرنە تەييار بولۇپ تۇرمىسا يا!

— ناشتىدىن كېيىن پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ يېتىپ ئۇخلايدىكەن.

— ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشىنى قانداق قىلغاندۇ ئىگەكىم.

— تەرلەپ كەتتىم، ما ئايىغىمغا كېلىپ يەلپۈڭ دەيمىش.

— ئەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنى بىلمەيدىغان خوتۇنمۇ ئۇ؟

— چۈشلۈككە بەتتە پولۇ يېمىسە بولماسىمىش، كەچتە پاقلان گۆشىدە شورپا ئىچمىسە ئۇنىماسىمىش.

— قوتاندىكى قويلارنى سويۇپ يەپ بولغان چېغىدا ئۇ بادىڭ قورساق دىۋە!

— قوي - كالىغا ئوت سېلىشتىن قورقارىمىش، ئېتىز -

ئېرىقتا كەتمەن چېپىشتىن بىزار ئىمىش، ئاشۇنىڭغا چىدىسا خوتۇن بولۇپ ياتارمىش، چىدىمىسا كۆدە ـ كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ كەلگەن جايىغا كېتەرمىش.

— تويە، توي، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەنگە توي، ئاشقاخۇنغا نېمىسى دورا ئىكەن، ھۇي، ئۇ بورداق كالىسىنىڭ؟ — ھەلىمىخاننىڭ ئېرىگە ئىچى ئاغرىپ ئەسەبىيلەرچە قايناپ كەتتى، — يەنە نېمە ئىش قىپتۇ شۇنداق قىلىپ؟ — ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى بىر قارا چۈشتەك، ئۆزىنى ھامان بىر كۈنى ئۆيىگە قايتىپ، بالىلىرىنىڭ دادىسى بىلەن جەم بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

— نېمە ئىش قىلا؟ يامان خوتۇننىڭ ئالدىدا چاپارمەنگە ئوخشاپ قالغان ئاشقكام پالاقلاپ بولالماي ئۆينىڭ كەينىدىكى يالغۇز ئامۇتنىڭ تۈۋىگە چىقىپ، بېشىنى چاترىقىغا ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كېتەرمىش. «خەقنىڭ ئالدىدا دوپپامنى قىرلاپ كىيىپ خىزمىتىمگە سالىمەنمىكىن، ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىمەنمىكىن دېسەم، بۇ خوتۇنغا مەن خىزمەت قىلغىلى تۇردۇمغۇ؟» دەپ چاڭگا بولۇپ كەتكەن ساقاللىرىنى قاماللارمىش.

— خۇدايىم ئىلگىرىكىن جازاسىنى بېرىپتۇ يوغان باشنىڭ. قېرىغىنىنى تۇيماي، ئۈچ بالىنى يېتىم، مېنى تول قىلىپ كۆرسەتمىگەن كۈنى قالمىغاندىكىن دەپ، تۇن بويى جايناماز دا ئولتۇرۇپ يىغلاپ، كېچىسى بېرىپ دەرۋازىسىنىڭ بېشىغا قىچا، مۈچ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ كەتكەنمەن، شۇنىڭ قىساسى تۇتۇپ، ئۇۋۇلىقى بۇزۇلغان ئوخشايدۇ! — ھەلىمىخان كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئالدى، — ئۇنچە يامان كۈنگە قالارىنى بىلگەن بولسام، ئۇنداقمۇ قىلماسكەنمەن.

— سىز قىلغان ئىشمىدى ئۇ، ھېلىماچا؟ — گۈلئىمىنخاننىڭ قولى ئىشقا بارمايلا قالدى.

— ھەئە، — ھەلىمىخان كۆز يېشىنى سۈرۈتتى، — قانداق؟

— ۋايجان ـ ۋايجان... سىزمۇ يامان، جىم ياتمايدىغان خوتۇن ئىكەنسىز.
— قانداق دەيسىز؟
— توي كېچىسى ئاشىقاخۇن هويلىدا تۇگۇلۇپ ئولتۇرسا، بىر شەپە چىققاندەك قىپتىكەن، قورقۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە دەرۋازا ئالدىغا چىقسا، ئىشىك ئالدى، بوسۇغىغا مۇچ ئۇرۇقى چېچىقلىق تۇرىمىش. ئەتىگىنى ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتسام، ئېرىڭىز ئامۇت ئالغان خورجۇندەك ساڭگىلاپ، قاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ: «ماۋۇ كىمنىڭ قىلىقى؟» دەپ ماڭا گۆلىيدۇ، «باشلىرى ئىششىپ قالدىمۇ، نېمە مەندىن سورايدىلا ئۇنى؟» دېسەم، ئۇ: «ياق، مۇشۇ مەھەللىنىڭ خوتۇنلىرى يامان، سىلى سايتۇگمەندىن موللىقۇناخۇنغا تېگىپ كەلگەندىن بۇيان، بۇ يەردىكى ئاياللارغا جىق ئىش ئۆگىتىپ كەتتىلە» دەپ كايىپ يۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئېرىڭىزنى تازا تىللاپ ئۆيگە يېنىپ كىردىم. ئەسلىدە سىز كېچىلىرى ئۇخلىماي...
هەلىمىخان كۈلۈپ سالدى.
— ئوهۇش... كۈلمەڭا، ئاچا!
— نېمىشقا، كۈلسەم بولمامدۇ؟
— بالىلىرىڭىزنىڭ دادىسى ئالدىغا پەشتاما تارتىپ خوتۇن، گۈلپاتى كۆتىگە نوغۇچ قىستۇرۇپ ئەر بولغانىمىش. بىچارە ئېرىڭىزنىڭ قەددى پۈكۈلۈپ، نان يېگەن تەلەتى قالماپتۇ. يەنە ئۆتەڭدە تۆت ئادەم تۇرغان يەرگە كېلەرگە يۈزى يوق ئىكەن.
— توۋا خۇدايىم، توۋا. مەن تېخى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۆيدە مەشرەپ سېلىپ، ئۇ خوتۇن ئاشىقاخۇنغا يوتقاندا يېتىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىپ، ئاشىقاخۇن راسا ئۇنلىتىپ داپ چېلىپ تەڭكەش قىلىۋاتقان هالدا چۈشەپ قېلىپ، نەچچە كۈنگىچە دۈم يېتىپ يىغلاپتىكەنمەن.
ئىككى ئايال يەكشەنبە بازاردا مۇڭدىشىپ كۈننى كەچ قىلدى. هەلىمىخاننى هەممە ئىشتىن خەۋەردار قىلغان موللىقۇناخۇننىڭ

بۇ قۇلاق سالمىسى ئابدۇلئاشىق بىلەن تام قوشنا بولۇپ، ھەلىمىخان بىلەن بازار دوقمۇشىدا ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ھەلىمىخان خىيالغا پاتقىنىچە بېشىدا سايە تاشلاپ تۇرغان چىنار يوپۇرماقلىرىغا كۆز تاشلىدى. ئوتتەك ئاپتاپتا چاۋۇرۇپ سارغىيىپ قالغان چىنار يوپۇرماقلىرى سولىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ھەئە، ھەلىمىخاننىڭ چاۋۇرغان يوپۇرماقتەك سولغۇن يۈزىگە ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. ئۇ تۇتقان ئۆيىدىن، يەۋاتقان نېنىدىن ئايرىلىپ، مۇشۇنداق تۇل خوتۇن بولۇپ يۈرەتتى. ئاتا ـ ئانا مېھرىدىن ئايرىلغان بالىلىرى بولسا دادىسىغا قېيىداپ ئۆيگە كەلمەس بولغانىدى.

بەشىنچى باب

# شاۋقۇن

## 1. يېڭى كۈن

بۇساقىنىڭ ئىتتىدىن قورقۇپ چىرقىراپ يىغلاپ، ئۇنى ئۆچكەنچە قېچىپ كېلىۋاتقان ماخمۇت ھويلىغا كىرە ـ كىرمەي، بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئۆگەي ئانىسى مۇھەببەتخاننىڭ تارتىۋاتقان دىشۋارچىلىقلىرى بىلەن كۆڭلى يېرىم ئولتۇرغان تاشاخۇن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، موزايدەك قىپىيالڭاچ ياتقان ماخمۇتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ۋاي نېمە بولدى، بالام! ئۇچاڭدىكى ئېگىنىڭ قېنى؟

ماخمۇت ۋايجانلاپ يەرگە دەسسىيەلمىدى. يىغلاپ تېلىقىپ تۇرغاچ، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيتتى. تاشاخۇن ئۇنى يۆلىدى، ئەمما بالا ئۆرە تۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئوڭ پاچىقىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشىدىن توختىماي قان سىرغىپ چىقىۋاتاتتى.

— ئىت تالىۋالدىمۇ؟ ۋاي ماۋۇ كەلگۈلۈكلەرنى!... دېگىنە كىمنىڭ ئىتى تالىدى؟

— ئا خۇدا يىتىرگۈرنىڭ ئىتى تالاپتىمىش! — بىر ئېتەك كۆكتات كۆتۈرۈۋالغان مەسۇدىخان ئاغزى ئېچىلغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— ھۇ، جوھۇتنىڭ ئىتى!

— غايىبقا گەپ قىلماڭلا، خوتۇن! سىلى كىمدىن ئاڭلىدىڭلا؟ — تاشاخۇن بالىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن مەسۇدىخانغا قارىدى.

— زۇمرىخان باغنىڭ كەينىدىكى ئېتىزلىقتىن شوخلا، قاپاقمۇچ ئۈزۈپ بېرىۋاتاتتى، تۇغ بېشى تەرەپتىن ئۈششاق باللارنىڭ چىرقىرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. نېمە بالا بولغاندۇ، دەپ پالاقشىپ چىقساق، مۇشۇ گەپ... بېشىڭنى يەيدىغان غالچا قارا غامبۇر ئىتنى باللارغا كۇشكۇرتكەنمىش...

تاشاخۇن ماخمۇتنى يۇدۇپ، ئاغزى بىسلماي سۆزلەۋاتقان خوتۇننى ئەگەشتۇرۇپ بۇساق چوماقنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلدى. غامبۇر ئىتنى بىر بۇلۇڭدىن چىقىپ يەنە چالا قالغان پاچاقنى تالاپ قويامدىكىن دەپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئالدى ـ كەينىگە قاراشتى. شۇ ئەسنادا بۇساق چوماق ئۆتەك تەرەپتىن دەلدەڭشىگىنىچە كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن تىلى ساڭگىلاپ تۇرغان قارا غامبۇر ئىت ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئىتنىڭ پەيلىگە قاراپ ئاچچىقى بېسىققان تاشاخۇن كىرىۋالغىلى تۆشۈك تاپالماي قالدى. مەسۇدىخاننىڭ ئاغزى يۇمۇلۇپ تاشاخۇننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى. ئۇ ئىككىيلەن شۇ تاپتا ئىشىك ئالدىدىكى ئۈجمىنىڭ چاتىقىغا چىقىۋالغۇدەك بولۇپ كەتتى.

— ھە ... كېلىپ قاپتىمىزغۇ؟ — دېدى بۇساق چوماق دادىسىنىڭ دۈمبىسىگە يېپىشقىنىچە ۋايجانلاپ تۇرغان ماخمۇتقا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ.

— پېشكى خېمىرتۇرۇچ بېرەمدىكىن دەپ كەلگەن، — دېدى ئىتتىن قورقۇپ تىترەپ تۇرغان تاشاخۇن ئاۋازىنى ئىمكانقەدەر سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ.

— خېمىرتۇرۇچ تىلەيدىغان خوتۇن كىشىمىدىڭلا سىلى؟ ! — دېدى بۇساق توختىماستىن يەرگە تۈكۈرۈپ.

— ياق ـ ياق، — دېدى تاشاخۇننىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى تېخىمۇ ئاقىرىپ، — خوتۇن خەقنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئەمەس، سىلىنىڭ ئىتنىڭ مەگىنى بىزنىڭ ماخمۇت قارىينىڭ پاچىقىغا ئاندا ـ مۇندا تېگىپ كېتىپتىكەن، پەقەتلا يەرگە

دەسسىيەلمەيۋاتىدۇ، شۇڭا...

— شۇڭا كۆتۈرۈپ كەلگەن ئوخشىمامسىلە ئۇ كۆك پوتلىنى؟ — دېدى بۇساق چوماق يېنىدا تاشاخۇنلارغا خىرىس قىلىپ تۇرغان ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ.

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس، دادۇيجاڭ. ئىت دېگەننىڭ زەھىرى يامان قارىسىلا، بالىنىڭ پاچىقى بىردەمدىلا تاشتەك ئىششىپ چىقتى. ئىت ئىگىسى بەرگەن خىمىرتۇرۇچنى جاراھەت ئېغىزىغا تاڭسا شىپا قىلىدۇ، دېگەن گەپ بار، شۇڭا...

— ماڭ... ماڭە ئاداش، ھەشقى دەپ بەرسە ئىشتانغا چىقارماي، بالىچاقاڭنى ئېلىپ دەرۋازامنىڭ تۈۋىدىن ئاستا كېتىۋال... نېمە دەيدىكىن دەيمەن تېخى !

بۇساق تەئەددىلىك چالۋاقىغىنىچە قەدەم ئالدى. چوڭ تىراكتور بىمالال پاتقۇدەك قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنى زەرب بىلەن تېپىپ ئاچتى. قاڭقىپ ئېچىلغان دەرۋازىنىڭ سول قانىتى ئىچىدە ماراپ تۇرغان بىرسىنىڭ بېشىغا تېگىپ، ئازابلىق ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ دەرۋازا قاسىنقىدا گەپ تىڭشاپ تۇرغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ !

بۇساق ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. موزايدەك يوغان قارا غامبۇر ئىت ئىچىدىن تاقالغان دەرۋازا ئالدىدا تاشاخۇنلارغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىپقىزىل كۆزلىرىگە قاراپ تاشاخۇننىڭ يۈرىكى ئەنسىز سالدى، پۇتلىرى تىترىدى. يول بويى ئاغزى بېسىلماي بۇساقنى تىللاپ كەلگەن مەسۇدىخاننىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ماخمۇتمۇ يىغىسىنى توختىتىپ، پەس ئاۋازدا ئىڭرىغىنىچە دادىسىغا مەھكەم يېپىشتى. ئۇلار يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي تۇرۇپ قالدى...

ماخمۇت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۆزى ئوتتەك قىزىپ، پاچىقى توپتەك ئىششىپ، پىيى يىغىلىۋالدى. تاشاخۇن بىلەن مەسۇدىخان بالىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى.

تاشاخۇننىڭ كۆڭلى توختىماي ئۆرتىنەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن

كەلگەن كەلگۈلۈك بۇ مۆمىن بەندىنى تۇگەشتۈرۈۋەتكەندى. ئاغزى ئېچىلىپلا كەتكەن مەسئۇدىخان ھېلى سېكرېتارغا بېرىپ ھال دادلىماقچى بولاتتى، ھېلى يېزىدىن ماشىنىلىق كېلىدىغان ھېلىقى چوڭ باشلىقلارغا دەرد تۆكمەكچى بولاتتى. ھالبۇكى، تاشاخۇن ئۇنىڭ ھەممە يولىنى توسۇشقا، ھەممە خىيالىنى بەربات قىلىشقا تىرىشاتتى.

— ئىت بىلەن تەڭ تۇرغىلى بولامدۇ؟ — دەيتتى تاشاخۇن جاھاندىن بەزگەندەك بىر ھالدا، — نەگىلا بارايلى، بۇ گەپ بەرىبىر ئۆزىمىزگىلا ياندۇ.

— ھېلاڭ ئاشۇندا دەيدىكەنسىلە، — دەيتتى مەسئۇدىخان ئېرىنىڭ ياۋاش، بولۇمسىزلىقىدىن ئاغرىنىپ، — سىلى يۇمشاقباش، بوزەك بولغاچقا، بىزنى ئېشەك ئېتىپ مىنىۋاتىدۇ ئا بېشىنى يېگۇر!

— بوزەك بولۇۋاتقانلار غىلتاڭ بىزلا ئەمەس، باشقا خەقمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇۋاتىدۇ. قاراڭلا ئا ئۆتەڭدىكى تۇرامەتكە، بۇساق «ئىتىمنى چالمىلاپسەن»، «ئوغلۇمنى ئۇرۇپسەن» دەپ پەشۋالاپ قويايتى، يۈز ـ كۆزىنى كۆكەرتىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، شېشە بىلەن دوستلىشىپ يۈرىدۇ ھازىرغىچە.

— شۇ جىم تۇرغانلارنى ئاني تېپىۋاتىدۇ ئۇ ئۆلگۈر قاۋان. مېنىڭ دەرد ئىچىمگە پاتمىدى. مەن ئۇ ئىتنى قىيناپ ئۆلتۈرىمەن!

— قانداق قىلىپ؟

— سىلى يىڭنە يېگەن ئىتنى كۆرگەنمۇ؟

— ئىشىڭلىنى قىلىڭلا، خوتۇن! ئىت ئۆلتۈرگەننىڭ قىساسى بەك يامان ئىمىش.

— ئىت تالىغاننىڭ قىساسچۇ؟ ماۋۇ بالا ناكار بولۇپ ياتسا، ئۇنىڭ قىساسى يوقمىكەن؟

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقاندا، دەرۋازا جالاققىدە ئېچىلىپ، ئاۋۋال بۇساقنىڭ يوغان بېشى،

ئاندىن قارا غامبۇر ئىتتىنىڭ بېشى، ئاخىردا كەنتتىنىڭ ھېسابچىسى سالەكنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ، ئۇلار ئارقىمۇئارقا ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— تام يېڭىلايدىغان — ئۆي سالىدىغان پۇلنى تەخلىگەنمۇ؟ — دېدى بۇساق ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئامۇتنىڭ تۈۋىدە توختاپ.

— مەن ئۆتكەندە بۇ يېقىندا تام چاقالمايمەن دېگەن، — دېدى تاشاخۇن ئىتتىن قورقۇمسىراپ.

— سىلىنىڭ چاقىمايمەن - چاقمايمەن دېگىنىڭلا ھېسابمۇ ياكى بىز باشلىقلارنىڭ دېگىنى ھېسابمۇ؟!

— يازنىڭ باش بۇرنىدا خەتلەپ بولغاندىن خەۋىرى بار! — دېدى ھويلىغا كىرەر - كىرمەي ئاموت غاجاپ ئۆلگۈرگەن سالەك مەيدە يانچۇقىدا پومپىيىپ تۇرغان يانچۇق دەپتىرىنى چىقىرىپ.

— مېنى خەتلىمەڭلار، بۇ يىل يانچۇقۇمدا تام چېقىپ، تام سالغۇدەك ئىقتىسادىم يوق دېگەن.

— ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھارغۇچە قاۋاپ سىياسەتنى چۈشەندۈرسەم، يەنە ئۆزۈڭلىنىڭ گېپىنى قىلىسىلىغۇ؟ سۇپىدىن پەگاھقا چۈشۈڭلا، پەگاھقا!

— ماقۇل، — تاشاخۇن قورقۇمسىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ما تەشكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلامسىلە - ئاڭلىمامسىلە؟ — بۇساق تاشاخۇننىڭ ئوڭ قۇلىقىنى كاپىدە تۇتۇۋالدى، — دادۇيجاڭلىقنى سىلى قىلامسىلە ياكى مەنمۇ؟

— ۋۇي، شۇ پۇل بولمىسا! — ماخمۇتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان مەسۇدىخان ئورنىدىن تۇردى، — سىزگە مۇسۇلمانچە گەپ قىلىۋاتىمىز جۇماڭ، بۇساقاخۇن. جۇماڭ... جۇماڭ!

— ئېرىڭىز بىلەن گەپلىشىۋاتقاندىكىن، سىز شاپى قويماڭ جۇماڭ، مەسۇدىخان. بىكار ھېلى ھەممىڭىزنى قوشۇپ...

— ئا قۇلىقىنى قويۇپ بېرىڭ ئەمىسە، ئېسىلىدىغان باشقا نېمە ئەمەس ئۇ!

— باشقا نېمىدىن سۆزلىمە جۇما، مەسۇدەك !

— هاي قانداق قىلاتتىڭىز، پاڭگىدە ئاتتۇرۇۋېتەمسىزيا ! ئاۋۋال ئا بالىنى بىر تۆلەڭا ! — تېشىلەلمەي تۇرغان مەسۇدىخان ئېگىز سۇپىدىن گۇپپىدە سەكرەپ پەسكە چۈشتى.

— هاۋ - هاۋ - هاۋ - هاۋ ! ... — ئىگىسىنىڭ پەيلىگە قاراپ خۇيى تۇتقان ئىت مەسۇدىخانغا ئېتىلدى، پاچىقىنى قىزىل تامبىلى بىلەن قوشۇپ چالا - بۇلا قاساپ ئۈلگۈردى.

— ۋايجان، ۋاي ئانا ! — مەسۇدىخان كەينىگە داجىپ سۇپىغا يۆلىنىپ قالدى. ئۆزىگە پاناھلىق ئىزدەپ ھەريان ئۇمتۇلدى. چەللە تۇۋرۇكىگە ئىلىپ قويغان ئورغاقتا كۆزى چۈشۈپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە ئورغاقنى قولىغا ئالدى، — ھوي تۇك يۈز جوھۇتنىڭ ئىتى، مەھەللە - كويلاردىغۇ ئارامچىلىق يوق، ئەمدى بوسۇغامدىن ئاتلاپ كىرىپ، مېنى چىشلىگۈدەك بولدۇڭما؟

— غامبۇر، ھەي غامبۇر، — بۇساق ئىتنى قىچقىرىۋالدى ھەم كەينىگە ياندى، — ئەمدىن مەندىن كۆرمەڭلا - ھە، تاشاخۇن ! مەن دەيدىغاننى دەپ بولدۇم. سەنمۇ يىرتىق تامبىلىڭنىڭ ئىچىدىكى تېقىملىرىڭغا ھېزى بولارسەن، مەسۇدەك ! بىزنىڭ غامبۇر سېنى ئوبدان تونۇۋالدى !

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئىتتىن قورقۇپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىۋالغان بالىلارنىڭ يىغىسى پەسەيدى.

تاشاخۇننىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۆي يېڭىلاش، ھېچبولمىغاندا ئۆيىنىڭ سىرتقى تېمىنى بولسىمۇ يېڭىلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشكەنلىكىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆيى يولدىن يىراق — چوڭ يولنىڭ ئىچكىرىسىدەك بولۇپ، باھالاش، تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگۈچىلەرنىڭ كۆزىگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، بۇساقنىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشىۋېلىشى ئەمەلىيەتكە سىغمايتتى. بۇساق ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشىۋالمىسىمۇ، تاشاخۇن

پۇل تاپقان كۈنى ئۆيىنى يېڭىلايتتى. ئۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن يېڭى ئۆي، ئوبدانراق تۇرمۇش دەپ ئۆمىلەيتتى. ئەمما، بۇنىڭغا ئېشىنىپ بولالمايتتى.

...

داڭ چېلىنىۋاتاتتى. داڭنىڭ ئاۋازى ئىتتىنىڭ قاۋىشى، ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى، يەنە ئالللىقانداقتۇر چۈقان - سۈرەنلەر بىلەن قوشۇلۇپ، تېخىمۇ جىددىيچىلىك، ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلاتتى. داڭلىدىغان ئاۋاز كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە ئۇرۇلاتتى. ئىسسىق يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان، غۇسۇل تاھارەت ئېلىۋاتقان كىشىلەر پۈتى كۆيگەن توخۇدەك جىددىيلىشىپ، قەدەملىرىنى تېزلىتەتتى؛ قىلىۋاتقان ئىشىنى چالا - بۇلا پۈتكۈزۈپ، كەنت باشلىقىنىڭ ئەتىگەنلىك كۆز ئېچىدىن ئۆتۈشكە ئالدىرىشاتتى... ئۇزاق بولدى، داڭغا ئۆلگۈرۈش بەگلىكلەرنىڭ ھەر تاڭدىكى بىرىنچى ئىشى ئىدى. كىشىلەر داڭغا ئۆلگۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈشەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى داڭغا ئۆلگۈرسىلا بولاتتى. بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ كەنتتىن نېرى بولغان كۈنى ئۇلارنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار ئىدى. خەقنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن قارا غامبۇر ئىت مەھەللىدە تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئىگىسىدەك ھەممىگە كۆز - قۇلاق، ھەممىگە چېپىلغاق بولۇپ، بىر قېتىم ئۆچ بولۇپ قالغان ئادەمگە خىرىس قىلىپلا يۈرەتتى. يۇرت ئىچىدە كىمنىڭ ئىگىسىگە رايىش، كىمنىڭ بويۇنتاۋ ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەتكەن؛ داڭغا كېچىكىپ قالغانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ھەيۋە قىلىدىغان، داڭغا چىقمىغانلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاۋايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەگلىكتە ھەممە ئادەمنىڭ ئارامى بۇزۇلغانىدى.

بىر كۈنى قاتار - قاتار ماشىنىلار خامباپنىڭ موكىسىدەك بەگلىكنىڭ ئايىغىدىكى سايغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. يول بويىدا كەنت باشلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان كىشىلەر

ماشىنىلارغا قىزىقىپ بويۇنداپ قاراشتى. كېيىن بىلدىكى، يۇرتقا تۇتىشىپ تۇرغان شۇ سايدىن نېفىت چىقىپتۇدەك. شەھەردىن، ياقا يۇرتلاردىن نۇرغۇن تېخنىكلار، ئىشلەمچىلەر كېلىپ ئىشلەپ، چۆنتىكىنى پۇلغا توللاۋېتىپتۇدەك.

ئەركەكلەر بىردىنلا تېپىرلاپ قالدى. تاشتۇز سېتىش مەنئى قىلىنغاندىن بۇيان ئۇلارنىڭ قولى ئىش - ئوقەتتىن ئۈزۈلۈپ، ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇش تەس كېلىۋاتاتتى.

— كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسىغىچە بىر ئېشەككە ئۇلىشىۋالساق بولاتتى، — دەيتتى تاشاخۇن ئورىدەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، — تۇزچىلىقتىن قالغاننىڭ بۇ تەرىپىدە سالەكىنىڭ دەپتىرىگە جىق خەتلىنىپ قالدۇق.

— ئەتە زو ۋاقتى بىلەن پوتاڭلىغا نان تۇگۇۋېلىپ، ئاشۇ نېفىتلىك تەرەپكە بېرىپ باقامسىلىكى، — دېدى مەسۇدىخان قولىدىكى جۇۋالدۇرۇزدەك ئىككى تال يوتقان يىڭنىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ.

— كېچىدە بۇساقاخۇننىڭ ئىتى مېنى مەھەللىدىن چىققىلى قويامتى؟ — دېدى تاشاخۇن ئۈمىدسىز بىر ھالدا.

ئۇ ئىت ئەتىدىن باشلاپ ھېچكىمنى قورقۇتالمايدۇ.

— سىلىنىڭ زاغرا نېنىڭلىغا كۆز سالىدىغان ئىت ئەمەس ئۇ، ئاڭلىسام ئۇ ئىتقا قارارلىق تۇخۇم چېقىپ بېرىدىكەن، تېخى كۈن ئارىلاپ گۆشمۇ بېرەرمىش.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىغان، شۇڭا شۇ ئىتقا بىزمۇ گۆش بېرىپ...

— «كاناي ياغلىغىلى ياغ يوق، سۇناي ياغلىقىلى ياغ نەدە» دەپ ھېيت قۇربانىنىڭ بۇيىزى بۇ ئۆيدە ھېچكىمنىڭ ئاغزى گۆشكە تېگىپ باقمىسا، سىلى ئۇ ئىتنى دەپ...

— بايا ماخمۇت قارىينى دوختۇردىن ئەكەلگۈچە گۆشىنىڭمۇ غېمىنى قىلدىم.

خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تاشاخۇننىڭ كۆزلىرى ئالاق -

جالاق بولۇپ كەتتى:

— سىلى... سىلى يەنە جېدەلنى ئۇلغايتماقچىمۇ؟ ئەكېلىڭلا خوتۇن، يىڭنىنى !

— سىلى يىڭنە ئىشى قىلالمايدىلا، شۇڭا سايدىكى بايلىق چىققان يەردە پۇل تېپىشنىڭ غېمىنى قىلغانلىرى تۈزۈك، — مەسۇدخان قولىدىكى يىڭنىنى ئېرىدىن قاچۇرۇپ دالان ئۆيگە ماڭدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل غالىبلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى...

تاڭ سۈزۈلدى. تاڭ سەھەردە مورىسىدىن ئارامخۇدا تۈتۈن چىقىرىپ چاي قاينىتىپ ناشتا قىلىشقان، ئۇلاغ - ئۇلىمەكلىرىگە ئوت - چۆپ سېلىپ، يەم - بوغۇز بېرىشكەن كىشىلەر ھويلىسىدىن چىقىپ قۇياش نۇرىنى سۆيۈپ ئېتىزلىققا مېڭىشتى.

بۈگۈن ئىتلار قاۋاشماي، ئېشەكلەر ھاڭراشماي، داڭ چېلىنماي، كىشىلەرنىڭ قۇلىقى تىنچىپ قالغانىدى. ئارامخۇدا كېتىشىۋاتقان كىشىلەر ئاۋۋال بۇساق چوماقنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدا نىمجان ھالدا سوزۇلۇپ ياتقان قارا غامبۇر ئىتنى، ئاندىن ئۆتەڭدىكى داڭ ئېسىلغان قاپاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە ئاچچىقتىن قارىداپ تۇرغان بۇساقنى كۆردى...

بەرھەق، يۇرتتىكى ھەممە ئادەمنى قورقۇتۇۋالغان قارا ئىت جان تالىشىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھەممە ئادەمنى چۆرىسىگە يىغىۋالىدىغان داڭ ئېسىقلىق تۇرغان يېرىدىن ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتكەنىدى !

## 2. يار يولىدا قەست

نۇرئەلىنىڭ ئىشى تېخىچە بىر تەرەپ بولماي تۇراتتى. ئىشلارنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى قۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتىۋەتتى. سۇلايمىناخۇن بىلەن ئىسلىماخۇننىڭ قولى ئىشقا بارمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى

ئۇنتۇغان، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى بىر يانغا قايرىپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان قۇيۇلغان، بىر - بىرىنىڭ پېيىدە قالغانىدى.

— قىزىم مۇشۇ خەقكە كېلىن بولۇپ كىرىپ، ئەردىن بەختى ئېچىلمىدى، — دەيتتى سۇلايمىناخۇن، — ئەرنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي جۇۋان بولۇپ كەتتى. ئەينى چاغدا مۇشۇلار: «نېمە بولىدۇ؟ بىر ئىشكتە بولغاندىكىن، ئەتىسى - ئاخشىمى كۆزلىرىگە كۆرۈنۇپ تۇرىدۇيەي، يىراققا كەتمەي خىزمەتلىرىنى قىلىدۇيەي...» دەپ تەڭ كەلتۇرمىگەن بولسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ بۇ خەقكە كېلىن قىلىپ بەرمەيتتىم. يىراقتا بولسىمۇ قىچقارسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار نوچىراق يەرگە بېرەتتىم. ئۇ چاغدا ئەرنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرەتتى. مانا ئەمدى...

— ئارىلىق يېقىن دەپ قوشنىدىن قىز ئەكىرگەنگە سازايى، — دەيتتى ئىسلىماخۇن ئىچ - ئىچىدىن قايناپ تۇرغان ئاچچىقىنى باسالماي، — قىزىنىڭ ئوغلۇمغا خوتۇن بولغىنىغا زادى رازىلىقى يوق بۇ خەقنىڭ... غىت قىلدى قىچقىرىۋالغان، غىت قىلدى قىچقىرىۋالغان. قىزى بولغان ئادەممۇ قارنى تويسىلا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىۋېلىپ، چېچىنى چۇۋۇپ پىت بېقىشىپ ئولتۇرغان. ئاش - ناننى ئەرنىڭ ئۆيىدىن يېگەندىكىن، مۇشۇ ئۆينىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، قازىنىنى قاينىتاي دېمىگەن. قاتتىقراق گەپ قىلسا، ھاڭراپ پېتى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە گەپ توشۇپ ئاداۋەتكە ئۇرۇق سالغان. يا ئاللا، يا ئاللا، مانا ئەمدى نۇرئەلىنى يوقىتىمەن دەيدۇ بۇ خۇمسىلار... ئاز قالدى، پايلاپ تۇرۇپ ئەدەپ - جازاسىنى بىر بېرىمەن، مەن نېمە بولغان ئادەم دېيىشكىمۇ ئۇلگۇرمەي قالىدۇ تازا! ئوغلۇمنى ناھەقتىن ناھەق ساقچىغا تۇتۇپ بەرگەنگە، مېنى قورچاققا بەند قىلىپ قەستلىغانغا تويىدۇ تازا - ھە!

خېلى يول مېڭىپمۇ، ئۇنى - بۇنى يوقلاپمۇ ئوغلىنى سولاقتىن ئاچىقالمىغان ئىسلىماخۇن يېقىندىن بۇيان ئۇتتۇر

كەلگەن يەردە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلەپ يۈرىدىغان، كۆڭلىدە ياۋۇز پىلانلارنى تۈزۈپ قۇدىسىنى تىڭتىڭلايدىغان بولۇپ قالدى.
كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ يەنە بىر بازار كۈنى يېتىپ كەلدى. كەنتكە بۈك - باراقسان يېشىللىق ئاتا قىلغان ياز يەنە كۈندە كۆنۈشۈپ يۈرت - مەھەللىنى مالىمان قىلىدىغان قارا بورانىنىمۇ تەرك ئەتمىگەنىدى. بازار كۈنى ئىسلىماخۇن سۈلايمىناخۇننىڭمۇ بازارغا تەييارلانغانلىقىنى كۆردى... «چوقۇم ھېلىقى تاۋۇز قورساقنىڭ ئۆيىگە چاپىدۇ بۇ قىزىلمۇچ، — دەپ گۇمان قىلدى ئىسلىماخۇن ئىچىنى بىرنەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ، — ئاخىر قارايۈزلۈك قىلىپ، نۇرئەلىنى ئىككى - ئۈچ يىللىق سولىتىۋېتىدىغان بولدى. بىچارە بالامنىڭ ياشلىقى تۈرمىدە، جازا مەيدانىدا ئۆتۈپ كېتەرمۇ ئەمدى - ھە! ياق، مەن كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ ئوغلۇمنىڭ ئۇنداق كۈنگە قېلىشىغا قاراپ تۇرالمايمەن. مەن بۇ قېتىم بوش كېلىپ قالىدىغان بولسام، مېنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىم ئۆمۈر بويى مۇشۇ جوھۇتلارنىڭ يەتمىش پۇشتىغا بوزەك بولۇپ ئۆتىدۇ. كۈندۈزى ھېلىقى تاۋۇز قورساق بىلەن، كېچىسى باخشى، جىن - شاياتۇنلار ئۆلىپەتلىشىپ ماڭا تۇزاق قۇرۇپ يۈرگەن بۇ نىجىسقا مەن ئىسلىماخۇننىڭ قانداقلىقىنى بىر تېتىپ قويمىسام، ماڭا زادى ئارامچىلىق بولمىغۇدەك!» ئىسلىماخۇننىڭ قاپقارا يۈزىدە بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى پەيدا بولدى. ئايىغى چۇشەلگەن بىر ئالا پاقلاننى ھارۋىغا بېسىپ ئوغلى سەمەت دورغا بىلەن يەكشەنبە بازارغا ماڭغان سۈلايمىناخۇنغا سوغۇق قاراپ قويدى.
ئىسلىماخۇن ئۆينىڭ كەينىدىن كەتمەن كۆتۈرۈپ كەلگەن چوڭ ئوغلى ئۆمەرئېلىنى يېنىغا چاقىردى:
— ئۆمەرئېلاخۇن مە كېلىڭلا، مەگە!
دادىسىدەك توڭ مىجەز، دىقماقلىقىنا كەلگەن ئۆمەرئېلى مۈرىسىدىن كەتمەننى چۈشۈرۈپ ئىسلىماخۇننىڭ يېنىغا كەلدى. چىرايىدىن جىددىي، بىسەرەمجانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ

تۇرغان ئىسلىماخۇن ئۇنىڭغا گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، گېپىنى بىركىم ئاڭلاپ قالىدىغاندەك توختاپ قالدى.

— مېڭىڭلا بولمىسا، ئۆيگە كىرىپ دېيىشەيلى...

— بىرەر ئىش بارمىدى؟

— مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار.

دادا - بالا ئىككىيلەن بىر - بىرىگە سوڭداشقىنىچە مېڭىپ هويلىدىمۇ توختىماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن مۇھىم بىر ئىشنى قارار قىلغاندەك بىر - بىرىگە باش لىڭشىتىپ، مەنىلىك قاراشقىنىچە ئۆيدىن چىقىشتى.

ئىسلىماخۇن ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئارقا ھويلىغا چىقتى. كەلسە - كەلمەس تاشلاپ قويۇلغان ئوتۇن - ياغاچ، كونا - يېڭى سايمانلار ئارىسىدىن ئاكاتسىيە ياغىچىنىڭ قاتتىق توقمىدىن بىرنى تاپتى. توقماقنىڭ بىرنەچچە يېرىگە مىخ قاقتى. كەتمەن دەستىسىگە دەپ ئاتاپ قويغان قۇرۇق ئۈجمە بادىرىسىدىن بىرنەچچىنى ئىنچىكە ئۈچلاپ، ئۇيان - بۇيان شىلتىپ كۆردى. ئاتا - بالا ئىككىيلەن يەنە پىچىرلاشقىنىچە ھويلىدىكى ئۆرۈكنىڭ ئاچىسىغا ئىلىپ قويغان ئورغاق، تونۇرنىڭ يېنىدا تاشلىنىپ تۇرغان پالتا دېگەندەك سايمانلارنىڭ بىسىنى بىلەپ، سېپىنى چىڭىتىپ كونا تاغارغا تىقتى...

نەچچە كۈندىن بېرى تۇتۇلۇپ تۇرغان ئاسمان ئاستا - ئاستا قارىيىشقا باشلىدى. شامالتامدىن كۆتۈرۈلگەن قارا بوران يەر - جاھاننى يۇتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك يۇرتقا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پېشىندىن ئۆتكەندە كۈن تۇتۇلغاندەك پۈتۈن يەر - زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. بۇ ھالدىن قورقۇپ كەتكەن كىشىلەر ئۆيلىرىگە، دالدىراق يەرلەرگە يۈگۈرۈشتى. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى، كۆپكۈندۈزدە يۇرتنى ئۆز قوينىغا ئالغان زۇلمەت قاراڭغۇلۇقنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ

كېتىشىنى تىلىدى...

— بىزنىڭ ئىشىمىز مۇشۇنداق زۇلمەت قاراڭغۇدا ئوڭغا تارتىدۇ، — دېدى ئىسلىماخۇن ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ. — تاياق - توقماقلارنى ۋېلىسىپىتكە جايلاڭلا. ھېلىقى يالغۇز دۆڭنىڭ دالدىسىدا كۈتۈپ تۇرۇپ قول سالايلى ! — ئىسلىماخۇن ئوغلى بىلەن تۈندىكى ئەرۋاھتەك تىمىسقىلايتتى، بازار يولىدىكى يالغۇزدۆڭگە تېزرەك يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى.

قايسى چاغ بولغانلىقىنى دەماللىققا بىلگىلى بولمايتتى. يۇرت - مەھەللىدىن يىراق، ئادەملەردىن خالىي بولغان يالغۇزدۆڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قارىيىپ تۇراتتى. ئىككى گەۋدە ھاسىرىغىنىچە كېلىپ يالغۇزدۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئۆزلىرىنى تويىغا تاشلاپ قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ ياتتى. بازارغا ماڭغان - يانغان بەگلىكلەرنىڭ ھەرقاندىقى بۇ يەردىن ئۆتمەي قالمايتتى.

يولدىن ئاندا - ساندا ئۆتۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ شەپىسى، ئات - ئېشەكلەرنىڭ تۇياق ئاۋازى بۇ يەرگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىسلىماخۇن بۇنداق ئاۋازنى ئاڭلىسىلا ئىچىنى ئۆرتەيدىغان قېچىر ھارۋىسىنىڭ كولدۇرما ئاۋازىغا بولغان تەقەززالىقى ھەسسىلەپ ئاشاتتى.

ئىسلىماخۇن يالغۇزدۆڭنىڭ كەينىدە ئۇزاق كۈتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆتۈپ قالىدىغان ھارۋىلىقلارنىڭ شەپىسىنى زېھىن قويۇپ تىڭشايتتى - يۇ، ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا «ئەمەس - ئەمەس» دەپ پىچىرلايتتى. شۇنداق كۈتۈۋېرىپ قاراڭغۇلۇق تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇ تۇرقىدا كەچ كىرگەندى.

ئىسلىماخۇننىڭ تاقىتى تاق بولغاندا، يىراقتىن تونۇش كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەھەللىدىكى چاغدا بۇ ئاۋاز ھەمىشە ئىسلىماخۇننىڭ ئىچىنى ئۆرتەيتتى، ھەسەتخورلۇقىنى قوزغايتتى. مانا بۈگۈن بۇ كولدۇرمىنىڭ كۆرەك ئاۋازى ئۆچىدىغان كۈن !

ئىسلىماخۇن ئوغلىنى نوقۇشلىغىنىچە چاچراپ ئورنىدىن

تۇردى. ئەرۋاھتەك قاڭقىپ بېرىپ، ئۇدۇلغا كېلىپ قالغان ھارۋىنىڭ ئالدىغا تاشلاندى... ئالا قارىقى ئۆسۈپ قالغان كاج قېچىر شۇنچىلىك ئۈركۈدىكى، ھارۋىنى سۆرەپ ئاپىرىپ يول بويىدىكى تېرەككە قاتتىق ئۇردى. ھارۋىدا خىرامان گەپلىشىپ ئولتۇرغان ئىككى كىشىنىڭ بىرسى يولنىڭ گىرۋىكىگە، بىرسى يول باغرىدىكى ئازگالغا دومىلاپ چۈشتى. ياۋۇز نىيەتنى دىلىغا پۈككەن ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ شەيتىنى تېخىمۇ ياۋۇزلاشقانىدى. پۇت - قوللار تەڭلا ھەرىكەتكە كەلدى، تاياق - توقماقلار ۋاق - ۋۇق قىلىپ ئۇنلەشكە باشلىدى. يولنىڭ گىرۋىكىدىن قوپۇپ قاچماقچى بولغان كۆلەڭگە ئوشۇقىغا تەگكەن ئۇزۇن كالتەكنىڭ زەربىسىدىن ۋايجانلاپ ماڭغان يېرىگىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئازگالدىن قېچىشقا تەمشەلگەن كۆلەڭگە بېشىغا قاتتىق تەگكەن توقماق بىلەن ئېچىنىشلىق چىرقىراپ يىقىلدى...

شۇ كۈنى ھەم ئۇزاق، ھەم ئەنسىز بىر كېچە بولدى. بوران ھۇۋلاپ، يۇرتنى توپا - تۇمانغا پۈركەپ تۇرغانلىقتىن، ھەركىم ئۆز غېمى بىلەن كېچىنى تاڭغا ئۇلىدى.

يەنە بىر كۈنىنىڭ ئاسمىنى يورۇدى. بەگلىك قان چاچقاندەك گۇڭگا قىزىللىق ئىچىدە جىمجىت كۆرۈنەتتى. كۈننى كۆرگىلى بولمىغاچقا، ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولغانلىقىنى دەماللىققا بىلگىلى بولمايتتى. ھاۋا - جاھانمۇ سوۋۇپ كەتكەن، ياز ئايلىرىنىڭ كۆركى قالمىغانىدى. بىر چاغدا سۇلايماناخۇننىڭ ھويلىسىدا يىغا - زار كۆتۈرۈلدى. سامان چېچىلىپ تۇرغان بالىخانىدىكى ئىسلىماخۇن قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ، داد - پەرياد كۆتۈرۈلگەن قودىسىنىڭ ھويلىسىغا نەزەر سالدى. ئايال قودىسى چاچلىرىنى يۇلغىنىچە ھويلىغا يىغلىغانلارغا ھال دادلاۋاتاتتى:

— دادا - بالا ئىككىسى تۈنۈگۈن بىر پاقلانى ھارۋىغا بېسىپ، سېتىپ پۇل قىلىمىز دەپ بازارغا كەتكەن. كېيىن بوران

چىقىپ كۆن تۆتۆلغاچقىمۇ، ئىشقىلىپ زاۋالغىچە قايتىپ كەلمىدى. خاتىرجەم بولالماي نەچچە قېتىم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يولىغا قارىسام، ھېچبىر قارىسى كۆرۈنمىدى. كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈپ خېلى بىر چاغ بولغاندا، دەرۋازا ئالدىدا قېچىرنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بازاردىن ئەمدى يانغان چېغى دەپ ئىشىك ئالدىغا چىقسام، هارۋا قۇرۇق، دادىسى بىلەن ئوغلۇم يوق… — زۇرنىساخان ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ چىققان يىغىدىن گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى، — كېچىنىڭياقى باللارنى ئەگەشتۇرۇپ بەگلىك بىلەن بازارنىڭ ئارىلىقىدا چېپىپ يۈرۈپ ئادەم ئىزدىدۇق. تاڭ ئېتىپ ئالەم - جاھانغا يورۇق چۈشكەندە، دادا - بالا ئىككىسىنى باش - كۆزى يېرىلغان، پۇت - قوللىرى سۇنۇق، ھوشسىز ھالدا يالغۇزدۆڭنىڭ كەينىدىن تاپتۇق …

— پۇل - مال كويىدا يۈرگەن بۇلاڭچىغا ئۇچراپ قالغان ئوخشايدۇ !

— شۇنداقمىكىن دېسەك، يانچۇقىدىكى پۇل - پۈچەككە تەگكەندەك ئەمەس. مەقسەتلىك قەستلىگەندەك قىلىدۇ.

— توۋا، كىمنىڭ قىلغان ئىشىدۇ؟

— باللار دۆڭنىڭ يېنىدىكى ئازگالدىن قانغا مىلىنىپ تۇرغان نوپۇس دەپتىرى، ئاۋۇلارنىڭ قىزى قېمىزخاننىڭ كىملىكى دېگەندەك نەرسىلەرنى تېپىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن بىرەر ئالامەتنى بايقىغىلى بولارمىكىن.

— قېنى ئۇ نەرسىلەر؟

— ساقچىغا ئېلىپ كەتتى.

— …

ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىسلىماخۇننىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بۇرناكۆن قېمىزخاننى ئاجراشتۇرغىلى ئېلىپ ماڭغاندا قىزىنىڭ كىملىكى، نوپۇس دەپتىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى لازىم بولۇپ قالىدۇ دەپ

ئېلىنۋالغان... لېكىن، شۇ كۈنى قىزى كۈيۈ ئوغلى بىلەن... «ۋاي ئىسىت بۇ نەرسىلەرنى نېمىشقىمۇ يانچۇقۇمدا ساقلاپ يۈرگەن بولغىيدىم... ئەمدى شۇ نەرسىلەر ئىسپات بولۇپ قالارمۇ؟؟»

## 3. يول ئۈزۈن

ئىسلىماخۇن قېمىزخاننى ئاجراشتۇرغىلى ئېلىپ ماڭغان كۈنى قېمىزخان ئەرگە دۇم چۇشكەندەك غوجەك بىلەن قېچىپ كەتكەنىدى. قاچقاندىمۇ پۈتۈن يۇرتنىڭ كۆزىچە ئېرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ قېچىپ كەتتى.

جان - ئىمانى چىققان ئىسلىماخۇن ھېلىقى شورىدىن كىرىپ، پۈتۈن باغنىڭ ئىچىنى قېزىۋەتتى. لېكىن، قىزى بىلەن كۈيۈ ئوغلى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ جىلى بولغىنىچە باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كەلگەندە، يېڭىلا ئېچىلغان بىر سۇگگۈچنى كۆردى. ئۇ يەردە كەپشەردەك بىر جۈپ ئاياغ ئىزى بىلەن سىڭار پېيىنىڭ پاشنىسى يوق توپلەي ئىزى تۇراتتى.

— ئىسىت... ئەر سارىڭى قانجۇق ! — ئىسلىماخۇن ھاسىرىغىنىچە سۇگگۈچنىڭ ئاغزىدا ئولتۇرۇپ قالدى، — خەقنىڭ ئالدىدا ئىككى پۇللۇق يۈزۈم قالمايدىغان بولدى ئەمدى...

مەھەللە - كويلاردا قۇرتتەك كۆرۈنىدىغان تېرەك پوتلىسى ياز بۇرنىدىلا توزۇپ كەتكەنىدى. «قېمىزخان ئېرى بىلەن قېچىپ كېتىپتىمىش» دېگەن پاراڭ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن تېرەك پوتلىسىدەك پۈتۈن يۇرتقا تارالدى. ئادەم بولغاندىن بېرى قولۇم - قوشنىلىرىنى، قۇدا - باجىلىرىنى، يۇرت - مەھەللىدىكىلەرنى پوش دەپ باقمىغان ئىسلام كۆك شۇ كۈنى كەچتە ئاۋۋال خوتۇن - بالىلىرىنى ئۇرۇپ - پەشۋالاپ ئاچچىقىنى چىقاردى. كېيىن ئۆزىنى كاچاتلاپ يۈز - كۆزىنى كۆكەرتىۋەتتى...

كەچ كىردى. «ھۆيت - ھۆيت»لاپ سىگنال بېرىپ تۇرغان ساقچى ماشىنىلىرى ئازغۇنلارنى ساراسىمىگە سېلىپ كەنتنى بىر ئالدى، ساقچىلار يېغىپ كەتتى.

ساقچىلار گەپ - سۆزسىزلا ئىسلىماخۇننىڭ ھويلىسىنى قورشاپ ئۆيىگە بېسىپ كىردى. ئۇنىڭ قۇدىسى سۇلايمىناخۇننى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلغان قوللىرىغا ئىشكەل سېلىپ سۆرەپ چىقىپ، ئەل - جامائەتنىڭ كۆزىچە ماشىنىغا پۇكلەپ سولىدى. جېنىنى ياقىغا ئالماقچى بولغان ئۆمەرئېلىنىمۇ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدىن ھايالسىز تۇتۇپ كەلدى. ئوغرىلىق قىلغىنى يالغان بولۇپ، ئاخشام تېخى ساقچىدىن قويۇپ بېرىلگەن نۇرئەلى ئەمدى دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ تۇتۇلغىنىنى كۆرۈپ، چۆرگۈلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

## 4. زەيتۇنەم داغدا

بەگلىكنىڭ يەنە بىر كۈنى باشلاندى.

زەيتۇنەم زەيلەپ، تاملىرىنىڭ ئۇلى تۆكۈلۈپ تۇرغان ھويلا - ئۆيۋاقنى تازىلاپ، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويغان بىساتلىرىنى ئەكەلدى. ئۆينى سەرەمجانلاشتۇردى. لېكىن، ئاشۇ ۋەيرانە چەللە ئاستىدا بېشىنى چاڭگاللاپ تۇرغان تۇرامەت خوتۇنىنىڭ پەرۋانە بولۇشلىرىغا زۇۋانسىز ئىدى. ئۇنىڭ كۆكەرگەن باش - كۆزلىرىگە قاراپ خوتۇنىنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى.

— ھۆكۈم كېسىپ سېنى ئەكېتىشكەندىن كېيىن دادام بىلەن ئىككى قېتىم يوقلاپ باردۇق، — دېدى جىمجىتلىقتىن ئىچى سىقىلغان زەيتۇنەم ئېرىگە قاراپ، — بىراق ئۇلار ئىككىلا قېتىمدا باشقا بىرسىنى چاقىرىپ بەردى. بۇ ئەمەس، تۇرامىتاخۇن ئىسىملىك كۆك كۆز كىشى ئىدى دېسەك، باش چايقاشتى. ئاپارغان گۆلە، ياڭاق، پۇل - پۇچەكلەرنى بىز بېرىپ قويايلى دەپ

ئېلىپ قېلىشتى...

تۇرامەت روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك خوتۇنىنىڭ گېپىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى.

— كېيىن دادامنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، — دېدى كۆزلىرى ياشلانغان زەيتۇنەم ئېرىنى مەندىن ئاغرىنىپ باتناپ ئولتۇرسا كېرەك دەپ ئويلاپ، — ئىشكىتىن دەس - دۇس چىقالمايدىغان بولدۇق... — دۇكاننى تاقىغاندا قالدۇق ماللارنى يېشكىلەرگە قاچىلاپ ساقلاپ قويغان، — دېدى زەيتۇنەم گەپنى ياخشى تەرەپكە بۇراپ، — يەنە بۇ بىر يىلدا توخۇ، تۇخۇم، سۈت - قېتىق سېتىپ دېگەندەك ئاز - تولا پۇل يىغدىم. بىز يەنە بۇرۇنقىدەك مىدىرلىساق، تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكلا...

بۇ تەكەبتۇر ئادەمنى مۇنداق گەپ قىلىپ پات ئارىدا تېخى ئوقۇپ يوق بولغان دېگەندەك زەيتۇنەم قىلىدۇ ئۇ پەرقلىق ئىدى. ھېچنېمە بۇنداق ئىشلارنى بىرلا قوپۇپ يەنە ئىز-دېرىكسىز يوقالغان ھېچقانداق نەرسە بولمىدى. بۇ تەرەپنىڭ نۇرغۇن ئىنسانلىرى ئاللىقاچان ئاياللارنى تولغاقلار ئىچىدە تۇرغان ئاتاشتى.

بۇتتەك ئىپادىسىز تۇرغان تۇرامەت خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك تۇگۇلۇپ ئۆچ بۇرجەك بولۇپ قالغان خوتۇنىغا مۇنداقلا قاراپ قويدى. ئۇ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالغانىدى. شۇ تاپتا يۈكلىنىپ قالغان خوتۇنىغا ھېسداشلىق قىلماقتا يوق، تېخى ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ئوسما قويۇپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ ئاچچىقى كېلىۋاتاتتى.

ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇۋاتقان زەيتۇنەم ئالدىدا بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرغان ئەرگە نەپرەتلەندى. بۇ ئۇنىڭ ئېرىگە تۇنجى قېتىم شۇنداق تۈيغۇدا بولۇشى ئىدى. لېكىن، ئۇ يەنە تۇرۇپلا ئېرىگە ئىچ ئاغرىتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئاز ئەمەس ئىدى.

چۈچۈگەن ياغقا تاشلانغان پىيازنىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارالدى. جىگدە بوردىماللىق ھويلىدىن ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدىغان بۇنداق مەززىلىك پۇراقنىڭ تارقىلىپ باقمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. ھويلا ئالدىدىكى تار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئوچۇق سۆز، ئىشچان زەيتۇنەمنىڭ بۇ ھويلىدا

تۆشۈكنى يەنە قولىغا ئالغانلىقىنى جەزم قىلىشتى. بۇ جۇۋان بىر چاغلاردا تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۈمىد ـ ئىشەنچىنى يوقاتقان قاقشاق، هۇرۇن ئېرىنى ئۆزگەرتكەن، ئۆتەڭدە گۈل كەلتۈرۈپ چىرايلىق ماگىزىن ئاچقان، غۇربەت كۈنلىرىنى ياخشىلىغانىدى. ئۇلار تېخى مۇشۇ جىگدە بوردىمال ئىچىدىكى قورۇ ـ جايىنى يېڭىلىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندەكمۇ قىلىغان. راست، زەيتۇنەمدەك خوتۇنلار ئەرنى ئەر قىلىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇ هويلىدا يەنە ياغ پۇرىتىلىپتۇ. شۇنداق بولغىنىكەن، ئەمدى تۇرامىتاخۇننى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روهى يۆلەيدۇ... لېكىن، ئۇ مۇشۇ هاراق دېگەن ئېچىق يۇندىنى ئاغزىغا ئالمىسا بولاتتى ...

قازىنى قايناپ، لەڭمەن سالغۇدەك بولغان زەيتۇنەمنىڭ قولى ئىشتىن توختىدى. ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كەتكەن ئېرىنىڭ قايتىپ كىرمەيۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، سوزۇۋاتقان پىلتىنى جايىدا قويدى. تېشىپ كېتىۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋېتىپ، ئوتنى پەسەيتىپ، ئېرىنى ئىزدەپ سىرتقا ماڭدى.

كۈن ئولتۇرۇۋاتقان، زاۋال چۈشۈۋاتاتتى.

ئۆتەڭدىكى قاۋاقخانا، سىنقويغۇخانىلارنىڭ ئىشىك بېشىدىكى چىراغ ـ ۋىۋىسكىلار كېچىدە ئولجا ماراپ ياتقان تۈلكىنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ يېنىپ ـ ئۆچۈپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە كۆز قىساتتى. قوللىرى خېمىر يۇقى، بىر كۆزى قايناۋاتقان قازىنىدا قالغان جۇۋاننىڭ كۆزلىرى ئېرىنى ئىزدەيتتى. تونۇش بىلىشلىرىدىن سورايتتى. تىت ـ تىت بولاتتى. شۇ چاغدا بىرسى تۇرامەتنىڭ بىر ئاش پىشىم بۇرۇنلا تۇرسۇن چوناق، سەيداق دوقىلار بىلەن يالتىراق خالتىدا بىرنەرسىنى كۆتۈرگىنىچە كەنت قورۇسىنىڭ كەينىدىكى تېرەكلىككە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئورمانلىقتا ئىچىشىۋازلىق قىزىپ كەتكەنىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي، داق يەردە سورۇن تۈزۈپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغان تۆت ـ بەش گەۋدە نۆۋەت بىلەن

پىيالىنى ئاغزىغا دوم كۆمتۈرۈۋاتاتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالتاغىل سۆزلەپ، تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىشىۋاتقان بولسىمۇ، تۇرامەت ئۈن – تىنسىز ئىدى. ئىچمەن دەپلا تۇراتتى.

— تۇرامەت، گەپ قىلساڭچۇ! — دېدى ئارىدىن بىرسى. لېكىن، تۇرامەت ئۈندىمەي ئولتۇردى.

— ماتاڭ چىشلىنىۋالمىغاندىكىن، بىر – ئىككى ئېغىز گەپ قىلە!

— ئەمدى قىلغۇدەك نېمە گەپ قالدى؟ — دېدى تۇرامەت بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ.

— ما ... ماز گۆي ئىكەن بۇ! — دېدى سەيداق تۇرامەتنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ، — نېمە يىغلايسەن، ئوغۇل بالىمۇ ياكى خوتۇن كىشىمۇ سەن؟!

— ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، ئاداش! — دېدى ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان تۇرسۇنمۇ. لېكىن، تۇرامەت ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇلارغا ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇرغان زەيتۇنەم تۇرامەتنىڭ يىغىسى بىلەن تەڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى. ئۇ بۇ چاغقا قەدەر ئېرىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى زەيتۇنەم ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۇرامەت توكى توختىغان كانايدەك يىغىدىن توختاپ، ئولتۇرغان يېرىدىن قىمىرلاپ كەينىگە قايرىلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خوتۇنىنىڭ هازىرمۇ مەڭزىگە ئېقىتىپ ئوسما قويۇپ، قوناقلىقتا ئوت ئالغىلى چىققىدىغان خۇيى بار ئىدى. ئەتىدىن – كەچكىچە بازاردا لاغايلاپ يۈرىدىغان سەيداقمۇ، بازارنىڭ كۆز – قۇلىقى بولۇپ ئامانلىقنى قوغدايدىغان ساقچىمۇ بىرنەرسىنى بىلمىسە، ئاشۇنداق گەپنى قىلمايتتى. بۇ خوتۇن زادى سىڭگەن نېنىنى

يەپ، رىزقىغا شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئىنتائەتچان خوتۇنلاردىن ئەمەس ئىدى. دۇكان ئاچمىغان بولسا تۇرامەت خەق بىلەنمۇ سوقۇشمايتتى ــ دە، تۇرمىگىمۇ كىرمەيتتى. ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ مۇشۇنداق چېپىلغاق بولمىغان بولسا، قاراڭغۇدا ئورمانلىقمۇئورمانلىق چېپىپ يۈرمەيتتى. بۇلارنى ئويلىغانسېرى تۇرامەتنىڭ زەردىسى قايىنىدى:

ــــ ئەمدى كۆزۈمگە كىرىۋالما! ــــ دېدى پىغانى ئۆرلىگەن تۇرامەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خوتۇنىغا ھۆركىرەپ. ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى مۇشۇ قاراڭغۇ ئاسماندەك زۇلمەتكە تولغانىدى.

ــــ كۆزىڭىزگە كىرىۋالمىدىم، ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىدىڭىز، قورسىقىڭىز ئاچ، شۇڭا ئىسسىقىدا تاماق يەۋالامدىكىن دېگەن. سىز لەڭمەنگە ئامراققۇ... ــــ زەيتۇنەم يات كىشىلەرنىڭ ئالدىدا، ئېرىنىڭ كەيپىياتى مۇشۇنداق ناچار چاغلاردا ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

ــــ دېدىمغۇ، مېنى ئارامىمدا قوي دەپ!

ــــ ئە... ئەمدى ئوغۇل بالىغا ئوخشىغىلى تۇردۇڭ، ئاداش! ــــ دېدى سەيداق تۇرامەتنى ئېچىتىپ، ــــ خوتۇن كىشىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن ماڭغان ئەركەك ئىلگىرى باسمايدۇ، ئاشۇنداق قاراڭغۇ ئۆيگىمۇ كىرىپ ــ چىقسەن تېخى!

ــــ ھا ــ ھا ــ ھا...

ئورمانلىق ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ــــ ھاراق، زاكۇسكىنىڭ پۇلىدىن خاتىرجەم بولۇڭ جۇمۇڭ، زەيتۇنەم. ئېرىڭىزگە ئىتتىرىپ قويمايمىز... ــــ بۇ تۇرسۇننىڭ خىرقىراق ئاۋازى ئىدى.

ــــ ھازىر ھەممىمىزنىڭكىدىن تۇرسۇننىڭ ھال ــ ئوقىتى ياخشى. «كۆزىدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك ئۇ بىر قولىدىن، ھەيدەشكە قۇربى يەتمىگەن شال ھەرىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆتەڭدىن ئۆتكەن ــ

كەچكەن دىلكەشلەرنىڭ خەيرخاھلىقىدىن ئايرىلمىدى.

— پايلاقچىدەك بېشىمدا دېۋەيلەپ تۇرىۋەرمەي، ئۆيگە كەت ! — دېدى تۇرامەت خوتۇنىغا گۇركىرەپ، — بۇ يەردە نېمە بار ساڭا؟!

ئىچ - ئىچىدىن يىغا قاپساپ چىققان زەيتۇنەم بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە كەينىگەياندى. «توۋا خۇدايىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ ھاراق دېگەن نىجىس ساپساق ئادەملەرنىڭ ئىمانىنى بۇلغىغاننى ئاز دەپ، روھىنى، ئادىمىيلىكىنى مۇشۇنداقلا يوق قىلىۋېتەرمۇ؟ ! ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن يۈرگەن ئادەم سەيداق دېگەن ئىچەرمەننىڭ پوقىغا تېيىلىپ، ھاياتىنىڭ گۈلدەك بىر يىلىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزدى. ئەمدى ئۇ يەردىن چىققاندا، ئازراق خاپىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەزەلدىن ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ بولغان شۇ ھاراققا دۈم چۈشسە، بۇ نېمە كەلگۈلۈك ئەمدى؟...»

ئۇ خىيال ئىلكىدە ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ تۇن قوينىدا كۆز قىسىپ تۇرغان چىراغ، ۋېۋىسكىلارنىڭ خىرە يورۇقلۇقىدا دەلدۈگۈنۈپ يۈرگەن بەگلىكىنىڭ نوچىلىرىنى، بىر - بىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىۋاتقانلارنى، ئالىتاغىل ھۆيت - ھۆيتلاۋاتقانلارنى، يول بويىغا يىقىلىپ قالغانلارنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنغىنىچە قەدەملىرىنى تېزلەتتى.

جازا مۇددىتىنى توشقۇزغۇچە ھۆرلۈككە شۇنچە تەقەززا بولغان تۇرامەت ئۆتەڭدە قايتا پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ شۇنداق بىر ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ساختىپەزلەردىن بىرەرسى قۇرۇق بوتۇلكىنىڭ بوينىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىكى سۆگەت سايىسىغا شەرەتلىسىمۇ، تېرەكلىككە چاقىرسىمۇ، ئاغزىنى تەمشىتىپ كەينىدىن يۈگۈرەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. خوتۇنىنىڭ لېۋىنى لېۋىگە چىشلەپ تاپقان - تەرگىنىنىمۇ ئۇدۇللۇق قاۋاقخانا غوجايىنىنىڭ چۆنتىكىگە ئۆتكۈزەتتى. ئۆزىنىڭ ھالى بەك تۆۋەن، مىجەزى سوغۇق ئىدى. جىگدە بوردىماللىق ھويلىدا بىر چاغلاردىكى قىزغىن چىرمىشىش، ئويىنىشىشلاردىن ئەسەر

يوق، «خورازنىڭ مېكىيانغا قانات سۆرىشى» مۇ كەمدىن ـ كەم ئىدى.

بىر كۈنى زەيتۇنەمنىڭ قورسىقى تۇيۇقسىز مىدىرلاپ كەتتى. تۇرامەت قايتىپ كەلگەننىڭ بۇ تەرىپىدە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ پات ـ پات نەۋرىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغان سامۇق موللامنىڭ ئۇنى ئانچە ـ مۇنچە دوختۇرغا كۆرسىتىپ، داۋالاتقاننىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈمى بولغانىدى.

ـــ قولۇڭنى ئەكەلگىنە ! ـــ دېدى زەيتۇنەم ئېرىگە ھاياجان بىلەن.

بۈگۈن ھاراق ئىچكىلى پۇل تاپالماي بالدۇراق ئۆيگە كىرگەن تۇرامەت چىراغ يورۇقىدا خوتۇنىغا سوغۇقلا قارىدى:

ـــ ھە، نېمە گەپ؟

ـــ بالاڭ مىدىرلاۋاتىدۇ قاچقاق، مۇنداق...

ـــ بالاڭ؟ ـــ تۇرامەت ئۇ گەپكە ئاغزىغا بىرتامچە سېسىق ھاراق تامچىلىغانچىلىكمۇ ئىنكاس قايتۇرمىدى، ـــ نەچچە يىلىنىڭياقى تۇغماي، بۇ چاغ بولغاندا نەدىن تاپتىڭ بۇ بالىنى؟

ـــ تەتۈر گەپ قىلمىغىنا ! داۋالىنىپ، دورا يەپ يۈرگىنىمدىن خەۋىرىڭ بارغۇ؟

ـــ دورا يەپ بالا تۇغۇشنىڭ ئالدىنى ئالغانىنى ئاڭلىغانمەن، دورا ئىچكەنگە بالا تۇغىدىغان ئىش نەدە بار؟ سەن يەنە شۇ ئوت ئالمەن دەپ، قوناقلىقتا چىقىپ...

ـــ ئەمەس نەرسە يەپ قالمىغانسەن؟ !

زەيتۇنەم تۇرامەتنى تىللىدى. تىللىغاندىمۇ ئەڭ سېسىق گەپلەر بىلەن تىللىدى. ئۇ تۇرامەت تۇرمىدىن چىققاندىن بېرى ئەڭ يامان كۈنلەردىمۇ ئۇنى تىللاپ باقمىغان، ئېرىمنى ئۆتەڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاشۇنداق قىلىپ قويدى، ئەمما ئۇنى ھامان بىر كۈنى ئۆزگەرتەلەيمەن، پاقلاندەك ئوغۇل تۇغۇپ بەرسەم، ئۇنىڭ ھاياتى ئۆزگىرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، تۇرامەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەتتا ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىگە

ئىگە بولغۇدەكمۇ روھ قالمىغانىدى. تۇرمۇشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن زەيتۇنەم يوتقاننى بېشىغا چۈمكەپ پۈتۈن بىر كېچە يىغلاپ چىقتى. خوتۇننىڭ يىغىسىدىن بىزار بولغان تۇرامەت ئۇخلىيالماي، قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى.

تۇرامەتنىڭ كۆڭلى شۇ ھالدا داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە خۇدىنى بىلمەس ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆتەڭدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەتىگەندىلا مەست بولۇۋالغان تۇرامەت دەلدەڭشىگىنىچە كېلىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. تېز ئېقىۋاتقان سۇ ئۇنى كۆۋرۈك ئاستىغا قاپساپ ئەكىرىپ كېتىپتۇ. تۇرامەتنى سۇدىن سۇزۇۋالماقچى بولغانلار كۆۋرۈكنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ساقلىغان بولسىمۇ، ئۇ كۆۋرۈك ئاستىدىن چىقماپتۇ... پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن كىشىلەر باش تۇغاندىن سۇنى توختىتىپ، سۇيى يېرىملىغان كۆۋرۈك ئاستىدىن تۇرامەتنى سۇزۇپ چىقىشتى. لېكىن، ئۇ ئاللىقاچان نەپەستىن قالغان، بۇ دۇنيانىڭ خۇۋلۇقلىرى بىلەنمۇ، شۇملۇقلىرى بىلەنمۇ خوشلاشقانىدى.

ياش تۇرۇپ تۇل قالغان زەيتۇنەمنىڭ يىغىسى كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزەتتى. ئەمما، ئۆتەڭدىكى قاۋاقخانا، بەزمىخانا، ئايىرىمخانا، سىنقويغۇخانىلارنىڭ كانايلىرىدىن ياڭراۋاتقان ناخشا - مۇزىكا، «ھايت - ھۇيت، دۇش - دۇش، غوجام ... خېنىم، ھا - ھا...، ھى - ھى...»لارنىڭ ئاۋازى يەنىلا ئۆتەڭدە يۈز بېرىۋاتقان قىسمەتلەرگە ئەسلا پەرۋاسىز ئىدى.

## 5. زەينەپ ئۆچۈپ كەتتى

ئۆرۈك غازاڭ بولدى. زەينەپنىڭ ئۈنى بوغۇلدى. بەگلىكتىكى كىشىلەر زەينەپتىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ قالدى.

— زەينەپ بوغۇلۇپ تۇزۇك سايرىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.
— نېمە بولدىكىن ئۇ شۇم قۇشقا؟
— پەيلىرى تۇزۇپ تاز چىراي بولۇپ قاپتۇ.
— شاخقا قونۇۋالغان يېرىدە مۇگدەپ ئولتۇرىدىكەن.
— تۇرقى بۇرۇنقىدىن كاداڭلىشىپ قاپتۇ.
— جۈپتىنى تاپقان چېغى.
— جۈپتىنى تاپمىقى ئاسان ئەمەس. كاككۇك زەينەپنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن شور دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۇچۇپ كەتكەنىمىش، شۇڭا بىچارە زەينەپ ئاشۇنداق يېگانە هالدا كاككۇكنى چىللاپ ئاخىر ئۇنى بوغۇلارىمىش.
— ئىسىت، بارچە قۇشلار جۈپ ـ جۈپى بىلەن شوخ سايرىشىدۇ. پاسىق زەينەپ ۋاپاسىزلىقنىڭ ئۇۋالىنى تارتىۋېتىپتۇ ـ دە !
— شۇ، پاسىقلىق زەينەپنىڭ ئانىسىدىن ئۇدۇم قالغان !
تۇرامەتنىڭ قىسمىتىنى هايالسىز ئۇنتۇغان كىشىلەرنىڭ ئەس ـ يادى زەينەپكە مەركەزلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆرۈك شېخىدا ئاندا ـ ساندا بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ سايراپ قويىدىغان زەينەپ بىلەن ئۆرۈك چاتىقىدا خىرامان كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان زەينەپ توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى. بۇ گەپلەرنىڭ قايسىسى زادى قايسى زەينەپنىڭ گېپى، بۇنى ئاڭقىرىپ بولغىلى بولمايتتى. ئەمما، كۆڭلى نازۇك زۇمرىخان بۇ گەپنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئاھانەتكە چىدىمىغان زۇمرىخان سۆزمەنلىكتە ئۇچىغا چىققان بۇساقنىڭ خوتۇنى هەرەمخان بىلەن تىللىشىپ قالدى. ئېرىنى زۇمرىخاندىن كۈنلەپ يۈرگەن بۇ خوتۇن ئاغزىنى يار ئالغان ئېچىقتەك قويۇۋەتتى:
— باغنى چىللە قىلغان قېرى دەللە، بۇزۇقلۇقنىڭ ئەمدى قىزىڭغا ئۇدۇم بولدىمۇ؟ !
زۇمرىخاننىڭ گېپى ئۇنىڭدىن سېسىق ئىدى. هېچقاچان

قىلچىلىك ئۆتكۈزمەيتتى. يامان يېرى كەلسە، يوپۇرۇلۇپ كېلىپ چاچ يۇڭدىشاتتى. لېكىن، ئۇ بۇ قېتىم گەپ قىلمىدى. ئۆزگىلەرنىڭ قىزى زەينەپنى قاماپ ـ قوشۇپ قىلغان ئاھانىتى ئىچ ـ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ زەينەپنىڭ ھامىلدارلىقىنى بۇساقتىن كۆرۈپ، ئۆزىنى ئىككى دۇنيالىق گۇناھكار ھېسابلاپ جاينامازدا ئولتۇرۇپ يۇم ـ يۇم يىغلاپ يۈرەتتى. زۇمرىخان يۇرتتا بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇ زەينەپنىڭ غەيۋىتىگە چۈشكەن ئاشۇ شور تۇمشۇقلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ قىزىنى ئۇرمايتتى، تىللىمايتتى. پەقەت كۆزلىرىدىن ھېيلىگەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان نائەھلى بۇساقنى كۆز ئېڭىدىن يىراق قىلىشقا تىرىشاتتى. زۇمرىخانغا بۇ دۇنيا تار كېلىپ قالغانىدى.

بىر جۇمە كۈنى ئەتىگەندە ئالاقزەدە بولغان زەينەپ ئۆيمۇئۆي چېپىپ يۈرۈپ ئادەم چاقىردى. بىركىم گېلىنى بوغقاندەك ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ كىشىلەرنى ئەنسىزچىلىككە سالدى. ئاران ـ ئاران مېڭىپ يۈرگەن سامۇق موللامغا ئەگەشكەن كىشىلەر زەينەپنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىشكەندە، زۇمرىخاننىڭ ئۆزىنى ئېسىۋالغانلىقىنى كۆردى. بىر ئۆمۈر ھاياتىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتكەن رەھمىتى باغنىڭ قاشاسىدىن ئارتىلىپ تۇرغان ئۆرۈك شېخىغا سىرتماق سېلىپ ئۆزىنى ئېسىپ، رەھىمسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشقانىدى. ئادەم مەيلى ياخشى بولسۇن، مەيلى ئەسكى بولسۇن، يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان كۈنى ھايات قالغانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ ياخشى تەرىپى زاھىر بولىدىغان گەپ ئىكەن. قاراپ تۇرغان كىشىلەر ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى. ھەئە، زۇمرىخان تېگىدىن ئەسكى ئايال ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت ئالدانغان، ئالدىنىشنىڭ دەردىنى تارتقان ئايال ئىدى. ئۇ بىر ئۆمۈر بەگلىكتىكى باغنىڭ كەينىدە ياشاپ، باغنىڭ ئىچىگە ئاياغ بېسىپ باقمىغانىدى. قارىشىپ تۇرغانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يىغا

ياماشتى... رەھمەتلىك پاك كېتىشكە تىرىشقانمىكىن قانداق، يۈيۈنۈپ ـ تارىنىپ، بېشىغا يېلىم چېپىپ، ئاق ياغلىق چىگىۋالغان، ئۈچىسىغا كونا بولسىمۇ پاكىز يۇيۇلغان ئاق كۆڭلەك كىيگەنىدى. سۆكۈتكە چۆمگەن كىشىلەر باغدىكى قۇشلارنىڭمۇ سايراشتىن توختىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

زۇمرىخاننىڭ ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلگەن قىرىق نەزىرىسىدىن كېيىن كىشىلەر زەينەپنى كۆرمىدى. ئۇز ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن بۇ ئادەملەر بارا ـ بارا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى.

## 6. سارىخان يات ئەمەس

تاڭ يورۇدى. يۇرتتىكى مۇسىبەت ئىشلىرى ۋەجىدىن كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇپ كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان سامۇق موللام تاڭغا يېقىن چۈش كۆردى. چۈشىدە قومۇشئۆستەڭ بويىدا سائادەتخاننىڭ قايمىقىغا ئېغىز تەگدى. بۇ ياخشى چۈش ئۇنى ياشارتقانىدى. ئۇ ھازىر بوۋاي ئەمەس، يىگىتلىكى ئۇرغۇپ تۇرغان سامۇقچوك ئىدى. شەنبەبازاردا سائادەتخان ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىراشچىلىق سەل پەسەيسىلا، ئېشىكىنى توقۇپ شەنبەبازارغا جابدۇنىدۇ. قىزغا سۆز سالىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئۈچۈرىنى ئالغاندىن كېيىن يارىشىقىنى قىلىپ، قىزنىڭ بېشىنى باغلاپ، دەرھال توي تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ... كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. شەنبەبازارلىقنىڭ ياقا يۇرتقا قىز بەرمەيدىغان ھېلىقى ئەسكى ئادىتى ئالىلىقاچان ئۆزگىرىپ، زامانغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان بولغاندۇ. بۇگۈنكى كۈندە ئىككى يۇرت ئارىلىقىدا تاش يولمۇ ياسالدى. شۇنداق، سامۇق موللام ئالجىمىدى. ئۇ ۋاقىت ـ سائىتىنى كەلتۈرۈپ سىيىتچوك بىلەن سارىخاننىڭ تويىنى قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئىلگىرى مۇرادىغا يېتەلمىگەن سامۇقچوك بىلەن سائادەتخاننىڭ تويى ئەمەسمۇ! ئوتتۇز نەچچە يىل...

نېمانچە ئۇزاق كۆيگەن ئوت بۇ؟!

قايسى كۈنى ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بەردى. ئۇنىڭ مەزلۇمى ئوغلىنى دەپ باخشىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋىدى، گۇل ئادەملەرنى ئالداپ جان بېقىپ كەلگەن باخشى ئاغزىغا كەلگەنلا گەپنى قىلىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي خاپىلىقتا كېچىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي يېتىۋىدى، كۆز ئالدىدا ئاسماندىكى ئاي بولۇپ پەيدا بولغان سائادەتخان ئۇنى يەنە شەنبەبازارغا چىللىدى. ياشلىقتىكى مۇھەببەت ئوتى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاسايىشلىق، روھىغا ئەقىل، چېھرىگە نۇر - زىيا ئاتا قىلغانىدى. شۇنداق، ئوغلۇڭدىكى ئوت سەن تۇتاشتۇرغان ئوت ئەمەسمۇ؟! يىگىت بولغانىكەن، ۋۇجۇدىدا كۆيۈپ تۇرغان يىگىتلىك ئوتى ئۇنى ھەر كويلارغا سالىدىغان گەپ. بوۋاي ياشلىقىدىكى جېدەل - ماجىرا، كۆڭۈل زېدىسىدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ شەنبەبازارغا بارمىغانىدى. مانا ئەمدى شەنبەبازارلىقتا بولغان كۆڭۈل زېدىسىنى قەلبىدىن بىراقلا چىقىرىۋەتتى.

— سىيىتچوڭنى ئويغىتىۋېتىڭلا، ئانىسى. ناشتا قىلىپ ئېتىزغا چىقسۇن!

بۈگۈن بوۋاي باشقىدىن مۇلايىملىشىپ، گەپ - سۆزلىرى سىلىقلىشىپ قالغانىدى. ياخشى گەپ، ياخشى ئىستەكلەر ئەۋجىدە بىردىنلا ئېچىلىپ، ۋۇجۇدى كۈچكە تولغان سىيىتچوڭ يېنىدا سارىخان ھەمدەم بولۇۋاتقاندەك ئىشلەپ ھارمايتتى.

شەنبەبازاردىكى ئۆرۈكلۈك ھويلىنىڭ مېھمانلىق ئۆيىدە بەگلىكتىن كەلگەنلەر مېھمان تولۇپ ئولتۇراتتى. يازلىق تېرىم بىلەن كۈزلۈك يىغىم ئارىلىقىدا يۇرت - يۇرتتا تۇغقان يوقلاش، مېھماندارچىلىق، توي تەييارلىقى ئەۋجىگە چىققىدۇ. بۈگۈن شەنبەبازارنىڭ نېرىسىدىكى سارىخاننىڭ ئۆيىنىمۇ مۇشۇنداق مېھمان ئاۋات قىلغانىدى. يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان، بالىچاقىلىرىنىڭ ئارىسىدا ياشقىمۇ، ھۆرمەتكىمۇ چوڭلۇقى بىلەن تۆردە ئولتۇرغان سامۇق موللام ئالدىدا چاي قۇيۇۋاتقان مومايغا

قاراپ تەرلەپ، قىزىرىپ بىر ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. بۇ ئوڭۇممۇ ـ چۈشۈممۇ دەپ ئويلىدى. مېنىڭ ئوغلۇم ھېچ يەرگە دوقۇرۇشماي، ئۇنىڭ قىزىغا كۆيگىنىنى قارىمامدىغان، بىزگە چۈشۈپ ئۆچەي دەپ قالغان ئوتنى بالىلىرىمىز پۈۋلەپ ياندۇرغان چېغى ! ئادەمنىڭ چۈشىگە كىرمىگەن ئىشلار بولىدىكەن بۇ جاھاندا... ئاللا، ئۆزۈڭ كەچۈرەرسەن !

بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا ئوتتۇز يىل ئاۋۋال ئۆزىنى كۆيدۈرگەن سائادەتخان داستىخان سېلىپ، چاي قۇيۇپ كايىپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇمۇ سائادەتخاننىڭ قايىمقىغا تەلمۈرگەن، تەشنا بولغانىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى تېخى قايماقتىنمۇ تاتلىق ئىدى. بوۋاي ھېلىقى تالاپەتتىن كېيىن ياشلىقتىكى كەپسىزلىكنى تاشلاپ موللىسىنىڭ تەربىيەسىگە كىرىشىپ كەتتى. كېيىن يېزىلىق بىرلىك سەپ ئىشخانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەردە ئوقۇپ موللا بولۇپ، يۇرتقا قايتتى ھەم ھازىرغىچە بەگلىكتىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ مەزىنلىكىنى ئۆتەپ كەلدى. سامۇق موللام سائادەتخاننى خىيال قىلىپ ئولتۇرغاندا سائادەتخان ئۆز بوۋىيىنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە قايماق چاي قويدى. دېگەنبىلەن شەنبەبازالىقنىڭ خوشى تۇتقان كىشىگە قايماق چاي تۇتىدىغان ئېسىل ئادىتىمۇ بار ئىدى. سامۇق موللام چاينى ئوغلىغا تۇتتى. چوڭلارنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ، قىزىرىپ ئولتۇرغان سىيىتچۈك دادىسىنىڭ چېھرىگە قاراپ قويۇپ، چاينى ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئۇ ئەقلىگە كېلىپ دادىسىنىڭ قايماق چاي ئىچكىنىنى كۆرمىگەنىدى. ئۆيدە لىققىدە ئولتۇرغان مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا سائادەتخان سامۇق موللامنىڭ قايماق چاينى ئوغلىغا تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

يىگىتنىڭ قايماق چاي ئىچىشىگە قاراپ ئولتۇرغان بوۋاي بىلەن موماي ياشلىقىدا بازارئۆستەڭ بويىدا تېتىپ بېقىشقا نېسىپ بولمىغان تاتلىق قايماقنىڭ تەمىنى ئەمدى تېتىغاندەك بولدى.

## 7. ئاتلىق پۈپۈك، ئاتلىق پۈپۈك...

— مەينىساچۇي ! ھۇي مەينىسا ئاچا!...

مەينىسا چاقىرىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېسىگە كەلدى.

— مەينىساچۇ !

— ئوۋ، مانا مەن !

مەينىسا قوناقلىقتىن چىققاندا، بىر نەۋرە ئىنىسى ئۇنى ئىزدەپ قوناقلىقتا بويۇنداپ تۇراتتى.

— چاققان بولۇڭ، ئېرىڭىز كەپتۇ ! — بالا كۆزلىرىنى قىسىپ كۇلدى.

— نېمە، ئېرىڭىز؟ قوپاخۇن ئاكاڭ كەلدىما؟

— ھەئە، مېڭىڭا ئۆيگە.

— ماڭغىنا، مېنى تېرىكتۇرۇش ئۇچۇن شۇنداق دەۋاتقانسەن، تايىنلىق، — مەينىسا ئۆزىچە قىزاردى، ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ بوش شىۋىرلىدى، — قاپىقى تارتىپ قالدىمۇ ئۇ ھاڭۋاقتىنىڭ...

— ھاڭۋاقتى دېمەڭا ئۇنداق. بىر ئوبدان يارىشىقىڭىزنى قىلىپ ئەكېتىدىغاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.

— ۋۇي، تىلىم قۇرۇسۇن... قانداق يارىشىقىمنى قىلغۇدەك؟

— ئېشەك ھارۋىسىغا تويلۇق دۇخاۋا كۆرپىڭىزنى ساپتۇ، سىزگە قىزىل چېكەن دەمدۇ، ئىشقىلىپ پارقىراق بىر رەختتىن كۆڭلەكلىك ئاپتۇ، يەنە تېخى ناۋات، ئۆتەڭدە تەۋەڭگە تىزىپ قويۇپ ساتىدىغان قىزىق گۆشگىردە دېگەندەك نەرسىلەرمۇ تۇرىدۇ.

— ماڭغىنا، مېنى يالغان گەپ بىلەن خۇش قىلىشقا ئۇرۇنماي، — مەينىسا بالىنىڭ سۆزىگە تېرىكتى.

— ئىشەنمەمسىز؟ مەن قوپاكامنىڭ خۇرجۇنىنىڭ ئىككىلا پېيىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى

كۆرۈۋالدىم.

— ۋاي يامان شۇم، — مەينىسا ئاغزىدا ئۇكىسىنى تىللىغاندەك قىلىسمۇ، يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى، — ئاكاڭ قانداقراق تۇرىدۇ؟

— شۇ بۇرۇنقىدەك تۇرىدۇ.

— مۇنداق، بەك خاپا چىرايمۇ دەيمەن؟

— ياق، خاپا كۆرۈنمەيدۇ. ماڭا كەمپۈت بەردى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتسىڭىز ئاخشاملىقتا سىزگىمۇ بېرىدۇ ھەرقاچان.

— گەپلىرىڭدىن ئايلىناي...

مەينىسا بۇك - باراقسان دەل - دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇزۇن - ئۇزۇن قۇلاقلىرى چاۋۇرۇپ كەتكەن، پۆپۈك كۇكۇندىلىرى ئۇچۇپ ئاتلىقى بىلەن ئانىلىقى چاڭلىشىۋاتقان قوناقلىق تىمتاسلىقتا چۆمدى.

## 8. ئالمىخان ساتمىدا

ئاي تولدى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاينىڭ جامالىغا قاراپ ئالمىخاننىڭ قورقۇنچى پەسەيدى. ئۇ ئاخشامدىن بېرى دەككە - دۈككىدە تۇگۈلۈپ قالغانىدى. ئالمىخانغا سەيداق ئەمدى پەيدا بولمايدىغاندەك بىلىنىدى. سەيداقنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكىنىنى مەينىسا ئۇنىڭغا دەپ قويغانىدى. مەينىسا يەنە ئالمىخانغا كېچىلىرى ئىشىك - تۈڭلۈكلەرنى مەھكەم تاقاپ يېتىشىنى، بولسا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېلىشىنى تاپىلىغانىدى. ئەمما، ئالمىخان ئانىسىنىڭ ئۆيىگىمۇ كەتمىدى. ئىلگىرى يامانلاپ كەتكەنلىرىدە دادىسى تاپىنىنى يەرگە تەگكۈزمەي ياندۇرۇپ ئەكېلىپ قويغانىدى.

ئاي تىكلەندى. ئالمىخان ئاينى ئۆزىگە قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئابلىمىتنى ئويلىسا ئالمىخانمۇ ئايدەك كۈلەتتى...

ئابلىمىتنىڭ قوغۇنلىرى بۇ يىل بەك ئوخشىغانىدى. ئۇ قۇچاقتا بىر كەلگۈدەك بىشەكشېرىنلىرىنى شەھەردىن چىققان باققاللارغا سېتىش بىلەن ئالدىراش يۈرەتتى. ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ قوغۇنلىرىنى شۇمبۇيا بېسىپ كەتكەن، يەرگە سالغان دەسمايىسىنى قايتۇرۇۋالالماي جىق زىيان تارتقانىدى.

بۇ يىل ھەرقاچان شۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالىدۇ.

ئىلگىرىكى ھەپتە ئالىمخان كېۋەزلىكتىن كېلىۋېتىپ، قوغۇنلۇققا سۇ باشلاۋاتقان ئابلىمىت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئالىمخان گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئىتتىك ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئابلىمىتنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ئۈركۈگەك قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ قويدى.

— ئالىمخان يالغۇز مېڭىپسەنغۇ؟ — ئۇ ئالىمخاننى بۇرۇنقىدەك «سەن»لەپ گەپ قىلدى.

— يالغۇز مېڭىش پېشانەمگە پۈتۈلۈپتىكەنمۇ دەيمەن، — ئالىمخاننىڭ ئاۋازى نېمىشقىدۇر بەكمۇ بىچارە ئاھاڭدا چىقتى.

— ھېلىقى دوقاڭ ئۆيدە يوقمىدى؟

ئالىمخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. كېيىن ئۇنىڭ سەيداقنى ئۆچمەنلىك بىلەن دارىتمىلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، گېپىگە جاۋاب بەردى:

— چوڭ بولمىغان دوقام ئۆي نېمە، خوتۇن نېمە، بۇنى تېخى بىلمەيدۇ.

— خوتۇننىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىغاندۇ؟

— بىلسە، مېنى تاشلاپ قويۇپ، نەمۇنە سوكۇلداپ يۈرمەس ئىدى.

— مۇنداق دېگىنە، سەن بىلەن تەڭ توي قىلغان قىزلارنىڭ قورسىقى تازا يوغىنىغان بىشەكشېرىندەك كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. سەن شۇڭا ئۆز پېتىچە تۇرۇپتىكەنسەن - دە!

ئالىمخان ئۈندىمىدى. گەپدانلىق قىلدىم دەپ تۇرمۇشىدىكى

ئۇششاق ئىشلارنى سۆزلەپ، ئۆزىنى نىكاھىغا ئالغان بىر ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى.

— ساتمىغا كېلە، بىشەكشىرىنىگە بىر تويدۇراي سېنى، — ئابلىمىتنىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ ياندى. كەتمىنىنى ئېچىق بېشىغا تاشلاپ، ھېلىلا ئالمىخاننى تۇتۇپ قۇچاقلىۋالىدىغاندەك ئىزىدا تۇرالماي قالدى.

— بىشەكشىرىنىڭنى قانداق يېيەلەيمەن، ئابلىمىت؟ — ئالمىخاننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ھەتتا مۇشۇنداق قاغجىراپ كەتكەن تەقدىرىدىمۇ...

— نېمىشقا، نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟

— مەن خەقنىڭ نىكاھىدىكى ئادەم.

— ئۇنىڭدىن كۆڭلۈڭ سۇ ئىچمىگەن تۇرسا.

— ئۇنىڭ نىكاھىدا تۇرغانىكەنمەن، ئۇسساپ ئۆلسەممۇ ئامال يوق.

— ئىلگىرى سەن ئالما تاتلىقىغا ئېغىز تەگكەن...

— ئۇ چاغدا سېنىڭ بىشەكشىرىنىڭگىمۇ تەلمۈرگەن.

ئابلىمىت يەرگە قاراپ قالدى. كېيىن يەنە ئالمىخانغا تىكىلدى:

— بۇ شېكەرشىن ئەمدى پىشىپ ئۆتۈپ كېتەي دېدى، سەن...

— سەۋر قىل، پىشقان بولسىلا، ھامان...

ئىتتىك قەدەملەر بىلەن قايتىپ كەلگەن ئالمىخان دىلى چاڭقاق بىر ھالدا ھويلىغا كىردى. تۇرامەتتىن تاياق يەپ كېلىپ، دالان ئۆيدە ئاغزىنى قۇشقاچ كامىرىدەك ئېچىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئېرىگە نەپرەتلىك قاراپ قويدى.

ھەئە، ئالمىخان سەيداق دوقىغا تەگكەندىن بۇيان قىشنىڭ تالاي ئۇزاق كېچىلىرىنى، تاتلىق ھېسلارغا تولغان ياز ئاخشاملىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوت بولۇپ يانغان قىزلىق ئىستەكلىرى غەلىيان كۆتۈرگەندە، سۆڭگىچىنى

چىقىرىپ ياتقان ئېرىگە نەپرەت بىلەن قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ نېمىشقا ئاشۇنداقلىقىغا پەقەتلا ئەقلى يەتمەيتتى.

سەيداق ئادەتتىمۇ خوتۇنىغا پەرۋاسىز ئىدى. ئالمىخان نېمىدىن خۇش بولدى، نېمىگە خاپا بولدى، كۆڭلىدە نېمە ئويلايدۇ، بۇلار سەيداق ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ناھايىتى سەزگۈر، زىل چوڭ بولغان ئالمىخان ئۆمرىنىڭ ئاشۇنداق بىرسى بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلىسا ئىچى ھەسرەتكە تولاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرغىچە ئۆي تۇتالىشىغا ئىشەنمەيتتى.

... ئاسماندا ئاي كۈلەتتى. سۈتتەك ئايدىڭدا ناگان ـ ناگاندا نەگىدۇر قانات قاققان قۇشلارنىڭ چۇرۇقلىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئېتىزلىقتا كېتىۋېتىپ قوغۇنلۇقتا كېلىپ قالغان ئالمىخان قورۇنۇش ئىلكىدە يەڭگىل قەدەملەر بىلەن قوغۇنلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ساتمىغا يېقىنلاشتى... ساتمىدا ئابلىمىتنىڭ بارلىقى ئالمىخانغا ئايان ئىدى. ئۇ ئالمىخاننىڭ كەلگىنىنى كۆرسە، ساتمىغا تەكلىپ قىلاتتى. سارغىيىپ پىشقان بىشەكشېرىنىنى ئوتتۇردىن كاپلاپ ئالمىخاننىڭ چاڭقاپ تۇرغان تەشنالىقىنى قاندۇراتتى. ئالمىخان ئابلىمىتنىڭ قولىقىغا: «مەن سەيداققا تېگىپ ھېچنېمىنىڭ خوۋلۇقنى كۆرمىدىم، تەشنالىقتا تولغان دىلىم تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇسسۇز قېلىۋەردى... سىز، سىز پەقەتلا سىز...» دەپ پىچىرلايتتى.

ئالمىخان تاتلىق ھېسلار قوينىدا پىچىرلىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئاي تېخىچە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئابلىمىتنى چۈشەپ قالغان ئالمىخان ئايدەك كۈلەتتى.

## 9. بالا كەتتى

مەمەت ئاشىگۈلگە ئۆلگۈدەك ئامراق چىقتى.

— مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشكەندەك بىزنىڭ مەمەتخانىنىزە... — دېدى تالىپ ھاجىم ئەر ـ خوتۇن

ئىككىسىنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە ھۇجرىسىدىن چىقماي گۆڭۈرلاشلىرىغا ئىچى پۇشۇپ.

— نېمە قىلغۇلۇق، قويسىلا، — دېدى گۈلھەسەلخان ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — غىت قىلدى خوتۇنىنى يامانلىتىپ قويۇپ، بىزنى خەقنىڭ ئالدىدا دوڭغايتقاندىن كۆرە، شۇمۇ ئوبدان بولدى.

— مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىدىغان يېرى بۇ بايقۇشنىڭ تۇمۇچۇقنى ئۈركۈتۈپ قويۇپ، ھۆپۈپكە ئۆگىنىپ قالغىنى دەڭلا، خوتۇن.

— «كۆيگەندىن كۆنگەن يامان» دېگەن شۇ. ئېپىدىرەك قىز تېپىپ، كېلىن قىلماق تەسلىشىپ كەتتى. شۇڭا، بالىسى بار جۇۋان بولسىمۇ، ئەپلىشىپ قالغىنى ياخشى.

تالىپ ھاجىم جىمىپ قالدى. شىنا ئۇچلاپ كەتمەننىڭ دەستىسىنى چىڭىتىشقا باشلىدى. ساقاللىرى چارلىشىپ، ۋاقىتسىز قېرىپ كەتكەن بۇ ئادەم شۇنچە ياشقا كىرگۈچە ئۆز پۇشتىدىن بالا يۇزى كۆرەلمىگىنىگە ھەسرەت چېكەتتى...

— دادا، خوتۇنۇم بۇنداق ئولتۇرىۋەرمىسەك بولاتتى دەيدۇ، — ئىشتىنىنىڭ ئىككىلا يانچۇقىغا خورجۇندەك شاپتۇل توللاپ باغ تەرەپتىن كەلگەن مەمەت ئېتىز بېشىدا توختىدى.

— ئولتۇرمىساڭلار، ئۇسسۇل ئويناڭلار، بالام! — تالىپ ھاجىم كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ مەمەتكە مۇنداقلا قاراپ قويدى.

— ئاي... ئادەمنى ئاني تاپماڭا، دادا ھەي، — مەمەت ئاغزىغا تۈكلۈك شاپتۇلدىن بىرنى سالغاچ چالا ھىجايدى، — بۇ ئېتىزلىقتا بىركىم دۇمباق چالمىسا، شامالغا ئوينامدۇ ئۇسسۇلنى؟

باققان بالىسىنىڭ دىتسىزلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان تالىپ ھاجىم كەتتى:

— شامالغا ئوينىمىسىڭىز، ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا ئويناڭ، بالام!

— ھاي ـ ھاي، ھاجىم، — ئېتىمىزدا ئېرى بىلەن تەڭ پايپاسلاپ يۈرگەن گۈلھەسەلخان گەپكە ئارىلاشتى، — ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئايرىم ئۆي تۇتىمىز دەپ غەلۋە قىلىۋاتقىنىغا خېلى بولدى. شۇنىڭغا چىرايلىق بىر جاۋاب بەرسىلە.

ھاجىم جىمىپ قالدى. ئۇ دىتىسىز ئوغۇلىنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ گۈلھەسەلخان بىلەنلا ياشاشقىمۇ تەييارلىنىپ قويغانىدى. مەمەت ئېتىمىزنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ توختىماي شاپتۇل غاجايتتى.

— بىر مەزگىل بىللە ئولتۇرىلى، بالام، — ئوتاق ئوتاپ مەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان ئانا بايقۇشنى شىلاپ كۆردى، — ئەتە ـ ئاخشىمى قول ـ قولچە تاماق ئېتىشىپ يەرمىز، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئاچقان يېرىمىزگە بارارمىز.

— خوتۇنۇم نېم قىمايدۇ شۇ...

— نېمە بوپتىكەن، نېم قىلمىغلى بىزدىن كۆڭلى ئازار يەپ قاپتىمۇ يا؟

— ۋاي تاڭ، ئىشقىلىپ ئايرىم ئۆي تۇتۇشىنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ، قۇلىقىمنى پاك قىلاي دېدى.

— خوتۇنىڭىزنىڭ ئالدىدا كالتە ئەقىل چىقىپ قالماڭ، بالام.

— خوتۇنۇمنىڭ ئەقلى ئارتۇق...

— مەن سىزگە خوتۇن ئېلىپ بەردىمىكىن دەپتىمەن، بالام...

— توي كۈنى: «ئەرگە تەگدىم» دېمىگەن، «خوتۇن ئالدىم» دېگەن بولمىسا، — دېدى قۇرتلاپ كەتكەن شاپتۇلنى چايناپ سالغان مەمەت ئاغزىغا تولدۇرۇلغان شاپتۇلنىڭ ھەممىسىنى يەرگە تۈكۈرۈپ، — ئەممازە ھېلىقى گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئايرىم ئۆي تۇتسام تۇتاي دېدىم.

— قايسى گەپنى، بالام؟ — ئانا قولىدىكى ئوتىغۇچنى تاشلاپ كۆكسىنى تۇتۇپ قالدى. ۋاقىتسىز قېرىلىق يېتىپ ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن چىرايى تارتىشىپ قالغانىدى.

— مەن بۇ ئۆيگە باقمىكەنمەن، شۇڭا كۆزۈڭلاردىن نېرى تۇراي دەپ...

ئانا قوناق پاتىقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ھاجىممۇ كەتمەنگە تايىنىپ قىيسىيىپ تۇراتتى... مۇكچىيىپ قالغان ئىككىيلەننىڭ بىچارە كۆزلىرى مەمەتنىڭ ئاغزىدا قېتىپ قالغانىدى. تۇۋا، «مېكىيان چاندۇرمايدۇ، چۇجىسى چاندۇرىدۇ» دەپ...

— كىم دېدى، بالام، بۇ گەپنى؟

— خوتۇنۇم !

— خوتۇنىڭىزچۇ، ئۇ كىمدىن ئاڭلاپتۇ؟

— خەقتىن !

— خەقچۇ؟

— خەقتىن !

ئاسمان يېغلىغاندەك تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. يەر ـ جاھاننى ھۆلچىلىك قاپلىدى. ئىككى جاپاكەشنىڭ ئۇستىبېشى چىلىما چۆپ بولدى.

مەمەت بىردەمدىلا غايىب بولدى.

— مەمەتنى خوتۇنى يوگورتۇۋالدى، — دېدى تالىپ ھاجىم ئاخشىمى ئۆيدە ئولتۇرۇپ.

— كىمنى كىم يوگورتۇۋالمىغان بۇ جاھاندا؟ — دېدى گۇلھەسەلخان باخشىنىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى قاباھەتلىك كېچە ئېسىگە كېلىپ قېلىپ... ئۇ ئىشلارغا ئۇزاق بولدى. شۇ كۇنى ئەتىگىنى قېيىنئانىسى گۇلھەسەلخاننى ھارۋىغا چىقىرىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ، «دۇئا تۇتقان چېغى» دەپ ئورۇن سېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى. گۇلھەسەلخان شۇ ياتقانچە ئاغرىپ يېتىپ قالدى. مەھەللىدە «گۇلھەسەلخانغا باخشىنىڭ دۇئاسى ئېغىر كەپتۇ» دېگەن گەپلەر تارقالدى. كېيىن گۇلھەسەلخاننى ئانىسى ئېلىپ كېتىپ باقتى ھەم تالىپ ھاجىمدىن ئاجراشتۇرۇپ باشقا ئەرگە بەرمەكچىمۇ

بولدى. ئانىسىنىڭ گېپىچە، تۇغماس خوتۇن باشقا ئەرگە تەگسە تۇغارمىش... شۇنداق گەپلەر تازا ئەۋجگە چىققان بىر كۈنى تالىپ هاجىم گۈلھەسەلخانىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنى گەپ ـ سۆزسىزلا كىيىندۇرۇپ، ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوقلا ئۆيدىن ئېلىپ چىقتى.

— بىزنىڭ بالىمىز بولىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ گۈلھەسەلخانىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، — مەن بىلەن كېتىڭ!

گۈلھەسەلخان گەپ ـ سۆزسىزلا ئېرىگە ئەگەشتى. قانداق قىلىپ بالىسى بولىدىغانلىقىنىمۇ سورىمىدى.

كېيىن قېيىنئانىسى گۈلھەسەلخانغا ياقا يۇرتلاردىن بىر قىز، بىر ئوغۇل بېقىپ بەردى. پەرزەنت ئۈچۈن باغرى قاغجىرىغان گۈلھەسەلخان ئانىلىق مېھرىنى مۇشۇ بالىلىرىغا بەردى. ئادەم يامان ئىكەن، دېمەيدىغان گەپنى ھامان دەپ قويىدىكەن. قىزى ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى تېپىۋالدى. مانا ئەمدى مەمەتمۇ كەتتى.

جاھاننىڭ كۆيۈمى يوق، گۈلھەسەلخان بىلەن تالىپ هاجىمنىڭ ھېلىقى قىزى كەلمەس بولغان، مەمەتمۇ خوتۇنىغا يۈگۈرۈپ قالغانىدى.

## 10. قىز خوتۇننىڭ خوۋلۇقى

مۇنىسە سايتۇگمەندە — گۈلئىمىنخانىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدە قىش چىققۇچە يېتىپ قالدى. ئىچ ـ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن تاياق ئازابى بىلەن ئاجىز بەدىنىنى چىرمىۋالغان قارا كېزىك ئۇنى ئاشۇ شور، قۇم ئاراچلىرىدىكى بىچارە پاتمىچۇقلار بىلەن مۇڭدىشىشتىن، كۇنىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلغانىدى. بىچارە قىز يۇرتنى، يۇرتنىڭ كۆزلۈك مەئىشەتلىرى — ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت، قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىنى، چىلان، بادام،

ياڭاقلىرىنى ناھايىتى سېغىنغانىدى. يەنە ئىلگىرى بىللە ئوينىغان گۈلزۆھرەم، ئايزىمخان، ئامانىنىسا، نۇرمەمەت، ماخمۇت قارىيلار كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئاداشلىرى كۇزدىن مەكتەپكە خەتلەنگەن، چىرايلىق رەسىملىك ئېلىپبەنى قولىغا ئېلىپ «ئا ب س» دەپ ئوقۇشنى، خەت يېزىشنى باشلىۋەتكەنىدى.

قىز دادىسىدىن ئاغرىنماتتى. ئۇنىڭ دادىسىدىن باشقا ھېچكىمى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى بار چاغلاردا موللىقۇناخۇننىڭ ئوغۇللۇق بولغۇسى بار ئىدى. ئەگەر ئوغلى بولغان بولسا گۈلدەك ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ، يىراق - يېقىنغا تارالغان «موللىقۇربان ناماتمان» دېگەن ئاتىقىنى ئۆچۈرمەسلىكنى ئويلايتتى. ئەپسۇس، مۇنىسەنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ئوغۇل تۇغۇپ بېرەلمىدى، قىزنىڭ ئاچىلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن چاچراپ كېتىپ، ئۇ دۇنياغا كەتتى. كېيىن مۇنىسە تۇغۇلدى. ئۇ ئەقلىنى بىلگىنىدە دادىسىنىڭ جۇدۇن، زېھنى ئىتتىكلىكى ئەۋجگە چىققانىدى. ئانىسى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەرقىسما گەپلەر چىقتى. ئەمما، قىزنىڭ ئانىسى كۆز يۇمۇپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ دۇنيادىكى مېھماندارچىلىقىدىن يانغان چوڭ ئانىسى: « قىزىمنىڭ بۇرۇندىن يۈرەك كېسىلى بار ئىدى» دەپ ئېنىق ئېيتقانىدى.

مۇنىسە دادىسىنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا، تاشقىرىدا بىردىنلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇ زېھىن قويۇپ قۇلاق سېلىۋىدى، ئىنەكتەك مۆرەپ يىغلاۋاتقان گۈلئىمىنىخانىغا ئاغزىنى بۇزۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزلەۋاتقان دادىسىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى.

— قىزلىرى نىكاھىمغا ئۆتۈپ يەتتە ئاي بولار - بولمايلا قارا كۆتەكتىن بىرنى تۇغۇپ قويدى ئاينا ! — بۇ ئاچچىقى ئىچىگە پاتماي قالغان موللىقۇناخۇننىڭ ئاۋازى ئىدى، — ئەمدى چىرايلىقچە قوللىرىغا ئالسىلا !

— ھاي - ھاي، بالام، پەسرەك گەپ قىلسىلا... كەلسىلە، قانداق گەپ بولسا ئۆيدە چىرايلىق دېيىشىلى، — گۈلئىمىنىخاننىڭ پادا بېقىشقىلا يارالغاندەك ئالتە ئاي ياز جاڭگالدىن كەلمەيدىغان كەم سۆز دادىسىنىڭ سۈلھى - سالاسىدىن كېيىن، يېڭىلا زاكىلانغان بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغان گۈلئىمىنىخان، قاش - كۆزلىرىدىن قار - مۇز يېغىپ تۇرغان موللىقۇناخۇن بىر - بىرلەپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. جۇدەپ تاتىرىپ كەتكەن گۈلئىمىنىخان تۇگۈلگىنىچە تىترەپ تۇراتتى.

— ۋىيەي، ۋىيەي... كۆزى يورۇپ، بالا يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە ئورنىدىن قوپۇرۇپ، كۆتىگە تېپىپ ئالدىمىزغا ئېلىپ كەپلىغۇ بۇ بالىنى؟ ! — گۈلئىمىنىخاننىڭ ئانىسى كايىغىنىچە كىرىپ موللىقۇناخۇنغا تىل سالدى، — ھاۋا - جاھان شۇنداق سوغۇق تۇرسا خۇدى... خوتۇن كىشىنىڭ تۇغۇتىنى پۇچۇق سېۋەتتىن زەدەك تۆكۈلگەندەك ئاسان چاغلاپ قالدىلىمۇ يا؟

— ئىچىگە ئۈنگەننى يىغىشتۇرالماي، ماڭا سالجىدەك چاپلىشىپ، موككىدە تېگىۋالغان بىرمىخانىكەن بۇ !

— ھۇي، پېشانىلىرىنى سىلاپ بېقىپ گەپ قىلسىلا، كۈيۇ ئوغلۇم ! ئۆيگە ھۈنەر قىلغىلى كەلگەن ئادەم كۆتلىرىنى غىت قىسىپ كىگىزلىرىنى پىشۇرماي، يۈزى ئېچىلمىغان قىز بالىنىڭ يۈزىنى ئېچىپ قويۇپ، ئەمدى نېمە تەتۈرلۈك قىلىلا؟ ! — ئۇ ئايالىنىڭ ئاچچىقى يامان ئىدى.

— ئۆپكىلىرىنى بېسىۋالسىلا، قېيىنئانا. ئاللىبۇرۇن يۈزى ئېچىلىپ كەتكەن قىزلىرىنى ماڭا مەقسەتلىك ھۈنەرگە تۇتۇپ بەرگەن ئۆزلىرى.

— ھاي - ھاي ! ئادەمدەك گەپ قىلىلى، ئادەمدەك ! — گۈلئىمىنىخاننىڭ دادىسى چۆرگۈلۈپلا قالدى.

— تويلاپ ئېلىشىپ - تېگىشىپ، يەتتە ئاي بولار - بولماستا مېنى خەقنىڭ ھاراملىقىغا ئىگە قىلىپ، يۇرت ئىچىدە پەقەت

يۈزۈمنى قويمىدى بۇ بىرمىخان. خەقلەر كىم دېسە، موللىقۇناخۇن ئۇستام دەيتتى. ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن خەقنىڭ ئۆيىگە ھۇنەر قىلغىلى بارىمەن ـ ھە؟!

— پاتىڭى قاتقان ئەركەك بولغاندىكىن، گەپلىرىنى جايلاپ قىلىپ يۈرمەملا مۇنداق؟

— مېنى يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەرمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىلىما؟ ئويلاپ باقسىلا، قېيىنئانا! گۈلئىمىنىخان يا ئىت ـ مۈشۈك بولمىسا ئالتا ئايدا كۈچۈكلەپ قويىدىغان!

— ئۇنداق بولسا، توققۇز ئايدا تەخەلەيدىغان ئېشەك، ئون ئىككى ئايدا بوتلاقلايدىغان تۆگە ئالسىلا بولمامدۇ؟!

— مۇنداق دېسىلە، — موللىقۇناخۇننىڭ كىگىزگە گۈل باسقاندا رەڭ چاچراپ كەتكەندەك قىزارغان يۈزىدىكى ئەلەملىك كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ چىققۇدەك بولغانىدى، — «ماشىنىنى بۇزغان چانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» دەپ سىلى قىزلىرىنى پۈۋلەپ ـ يەللەپ بەرسىلە، قىزلىرى تېخىمۇ ئەدەپ، ئۆيۈمنى يوتقانىنىڭ تېشىدا بولغان ھارام كۈچۈكلەر بىلەن ئاۋات قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ... بولدى، بۇزۇق قىزلىرىنى ئەرگە بېرىۋالسىلا، تالاق قىلدىم!

ئۇچىقىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ مۇزلاپ قالغان ئۆيىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باستى. ئۇزاق ئۆتمەي بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىشى ئۆينىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى، ئەمما ھالسىز گۈلئىمىنىخان بۇ ئىشلار بىلەن ئۆزىنىڭ قىلچىلىك مۇناسىۋىتى يوقتەك ھاڭدەك ئوچۇق تۇرغان ئىشىككە قاراپ ئولتۇراتتى.

— قوپە، مۇنىسە! — موللىقۇناخۇن قىزىنى ياتقان يېرىدىن كۆتۈرۈپلا ھاپاشلاپ، ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇچىسىدىكى يۇڭلۇق جۇۋىسىنى سېلىپ باچكىدەك تىترەپ تۇرغان تېنىنى يۆگەپ ھارۋىدىكى كۆرپىگە ياتقۇزدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، ماڭا نېمە ئاھانەت ئەمدى؟! — موللىقۇناخۇننىڭ ئۆزى دېمەتلىك قېيىنئاتىسى نومۇس، ئىزادىن

يەرگە كىرىپ كەتمەكچى بولغاندەك ئورنىدا پىرقىرىغانچە قالدى.

قېلىن قار ئاستىدا قالغان قۇم بارخانلىرى ئاپپاق چوقچىيىپ تۇراتتى. يازدا ئۇۋىسىدىن چىقىۋالىدىغان كەپسىز پاتمىچۇقلارنىڭ شەپىسى ئەمدى يوق، سوغۇقتا ئۇلارمۇ مۇنىسەگە ئوخشاش ئېزىلىپ ياتقاندەك قىلاتتى... مۇنىسەنىڭ ھارۋىدىن چۈشۈپ يۈگۈرگۈسى، ئاپپاق قار ئۈستىدە يۇمىلانغۇسى، قار ئاستىنى كوچىلاپ تونۇش پاتمىچۇقلارغا قاراپ باققۇسى، ئۇلاردىن گەپ سورىغۇسى كەلدى. ئەمما، بىچارە قىزنىڭ ئۇزاقتىن بېرى بېقىش تاپمىغان جانسىز جىسمىدا ھارۋىدىن چۈشۈپ يول ماڭغۇدەك، يۈگۈرگۈدەك كۈچ - قۇۋۋەت يوق ئىدى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. موللىقۇناخۇن ھۈنەردىن سوۋۇپ، قىشچە تالا - تۈزگە چىقمىدى. كۈندە كۆنۈشۈپ كىگىز ئەتكۈزىمەن، دەپ ئۆيىگە چاقىرىپ كەلگەنلەر نائۈمىد قايتىشتى. يۇڭ ئاتقۇچ، كىگىز پىشۇرىدىغان چىغلار تۈرمەكلىنىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا يۆلەپ قويۇلغانىدى. ئۇ گۈلئىمىنىخان بىلەن دەۋا - دەستۇرسىزلا ئاجراشتى. خاپىلىقتىن بېشى ساقايغاندىن كېيىن مۇنىسەنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ ئەكەلدى. تېۋىپ شۇنداق دېگەنمۇ قانداق، دادا ئىچكىرى ئۆيدىكى ئوچاقنىڭ يېنىغا ئاۋۋال قېلىن زىغىر پاخلى يېيىپ، ئۈستىگە كىگىز - كېچەك، كۆرپە سېلىپ، قىزنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى. پاقلان سويۇپ، كۈندە ئىككى ۋاق چامغۇر شورپىسى قىلىپ، «جېنىم قىزىم» دەپ قىزىنى تۇجۇپىلەپ باقتى. قازان بېشى، ئۇششاق ئىشلاردىن قولى بوشىغاندا، ئوچاققا ئۆرۈك كۆتىكىنى تاشلاپ ئوتنى ئۇلۇغ قالاپ قويۇپ، قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قاچانلاردىدۇر ساقلاپ قويغان كونا كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇپ چىقتى.

تۈڭلۈكتىن چۈشىدىغان كۈن نۇرى كۈندىن - كۈنگە تىكلەندى. موللىقۇناخۇن ئۆينىڭ ھاۋاسى ئالماشسۇن دەپ، يالتىراق قەغىزنى سويۇۋەتكەن پەنجىرىدىن قارىقۇشقاچنىڭ

سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغانغان مۇنىسەنىڭ سەزگۈلىرى ئەتىيازنىڭ ھاۋاسىنى ھىدلىدى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا مىدىرلاپ، دادىسىغا ئەگىشىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئەمدىلا كۆكەرگەن سۇس يېشىللىق قىزنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە ئاراملىق بەردى. گۈپۈلدەپ تۇرغان چېچەك ھىدى ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ ۋۇجۇدىغا ھۇزۇر، جىسمىغا كۈچ بېرىۋاتقاندەك ئۇلار روھلىنىپ، يەڭگىل قەدەملەر بىلەن ئالدىغا چامدىدى ...

## 11. مۇھەببەتخان سەۋدىكار

كېچە ئۆتۈپ تاڭ سۈزۈلدى. كىمدۇر بىرسى بوساق چوماقنىڭ دەرۋازىسىنى قاتتىق قاقتى. دەرۋازا خېلى ئۇزاقتا ئېچىلدى.

— كىم - كىمۇ؟! ئىت پوق يېمەستە... — ھويلىدىن چىققان بوساق قاش - قاپىقى يېرىلغان، كاسىسىدا ئوينىاپ تۇرىدىغان ئۆزۈن چاچلىرىمۇ يوق، تەمبەل، تولغان ئەپتىنىڭ ئۇنىڭ بىرى قالمىغان مۇھەببەتخاننى كۆرۈپ ھەيران قالدى:

— ئوھوي ... نېمە بولۇپ كەتتى سىزگە، مۇھەببەتخان؟

— ماڭا ئىگە بولسىلا، جېنىم دادۇيجاڭ ! — مۇھەببەتخان بىرسى قوغلاپ كېلىدىغاندەك كەينىگە قارىغىنىچە ئۆزىنى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئاتتى، — ھۇ - ھۇ - ھۇ...

— يىغلىماڭ، يىغلىماڭ، نېمە گېپىڭىز بولسا ئالدىرىماي دەڭ، — ئايالنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان بوساق خېلى يۇمشاپ قالدى. ئۇ ئىتى ئۆلگەندىن كېيىن ھېچكىمگە چىراي ئاچماي يۈرەتتى، — ھېلىقى گۈي بىلەن ئۇرۇشۇپ - تالىشىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— ھۇ - ھۇ - ھۇ... — مۇھەببەتخاننىڭ گەپ قىلغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى، ھۇ تارتىپ يىغلاشتىن باشقىغا ئاغزى

كەلمەيتتى. شۇ ئەسنادا بىرسى ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىردى. مەختەتنى كۆرۈپ، مۇھەببەتخاننىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدىدى.

— ماڭە ئۆيگە! — مەختەتنىڭ پەيلى بۇزۇق، قولىدا مۇھەببەتخاننىڭ يالغان چېچى چۇۋۇلۇپ تۇراتتى، — يۈزى قېلىن قېرى، كېچىدىن كىمنىڭ قوينىدا ياتتىڭ؟!

— ئاچچىقىڭغا ھاي بەر، مەخەت! — بۇساق مۇھەببەتخانغا ئېتىلغان مەختەتنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئىشىڭنى قىل، بۇساق، خوتۇن مېنىڭكى!

— خوتۇن سېنىڭ، قولۇڭدا پەتتە بارلىقىنى بىلىمەن. ئەمما، بۇنداق جېدەل قىلساڭ، زىيان تارتىپ قالىسەن، — بۇساقنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كېلىپ، قولىغا تاماكا چىقتى.

— دېدىمغۇ، سەن ئەر - خوتۇننىڭ ئىشىغا ئارىلاشما دەپ! بۇ ئادەم ئەسكىسى قېرىنى ئۆيگە ئاپىرىپ بىر كېچە تالادا ياتقاننىڭ ھېسابىنى ئالىمەن!

مۇھەببەتخان بوغۇلۇپ يىغلىغىنىچە بۇساقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلىدى. شۇنچە يىلدىن بېرى بەگلىكتە ئۆزىگە بۇنچىلىك ئوساللىق قىلغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان بۇساق مەختەتنىڭ ئالدىنى توستى. مەخەت بىردىنلا پەيلىنى بۇزدى:

— جېنىڭغا تويغان ئوخشىمامسەن، دەللال دادۇيجاڭ؟! — چىرايىنىڭ قېنى قاچقان مەخەت شارت قىلىپ سۆڭگىچېكىدىكى غىلاپتىن پىچاقنى سۇغاردى، ئەسەبىيلىك بىلەن بۇساقنىڭ مەيدىسىگە چەنلەپ ئالدىغا چامدىدى. بۇساق كەينىگە داجىدى، ئارىلىق قەدەممۇقەدەم يېقىنلىماقتا ئىدى. غوۋغانى ئاڭلاپ ھويلىغا چىققان بۇساقنىڭ خوتۇن - بالىلىرى كۆز ئالدىدىكى دەھشەتنى كۆرۈپ چىرقىرىشىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەزەلدىن زەردىسى يامان، ئۇرۇش - جېدەل دېسە ئانچە قورقۇپ قالمايدىغان بۇساق ئۆزىگە تەڭلەنگەن پىچاقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا

چامدىدى:

— ئۇنداق ئۇساللىق قىلما جۇمۇ، مەخەت! سەن بىلەن بىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە تىغ كۆتۈرۈشكۈدەك ئۆچ - ئاداۋىتىمىز بولمىغاندىكىن، پىچاقنى تاشلىۋېتىپ ئاندىن گېپىڭنى قىل.

— بۇگۈن يا سەن ئۆلىسەن، يا ئاۋۇ قېرى ئۆلىدۇ! — مەخەتنىڭ كۆزىگە قان تولغاندى، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن بۇساقنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ پالاندى! — ئاچچىقتا ئۆزىنى تۇتالماي قالغان بۇساق ئالدىغا ئېتىلىپ مەخەتنىڭ قولىدىكى پىچاققا قول سوزدى. لېكىن، مەخەت ئويلىمىغان چەبدەسلىك بىلەن قولىدىكى پىچاقنى بۇساقنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرۇۋەتتى...

يەر - جاھان پىرقىرىغاندەك بولدى. بۇساق ئاچچىق ئىڭراپ، قان ئوقچۇپ چىققان سول كۆكرىكىنى تۇتقىنىچە كەينىگە داجىدى. ھالبۇكى، ئەسەبىيلەشكەن نامەرد كەلگۈندى بىچارە مۇھەببەتخان ئۇچۇن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان بۇساقنىڭ قورساق، بېقىنلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن پىچاق ئۇرۇۋەتتى.

— ئاللاھۇئەكبەر! — كىمدۇر بىرسى تۇيۇقسىز ھۆركىرەپ مەخەتنىڭ كەينىدىن ئېتىلدى، قولىدىكى قۇرۇق چوقاتماق بىلەن پىچاق تۇتقان قولىنىڭ بېغىشىغا غەزەپ بىلەن ئۇردى. پىچاق ئۇچۇپ كەتتى. ۋايجانلاپ كەتكەن مەخەت كەينىگە قايرىلىپ قۇناخۇننى كۆردى. شۇ ئەسنادا مەخەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. قاياقتىندۇر پەيدا بولغان تاشاخۇننىڭ كەتمەندە قاتتىق بازغاندەك مۇشتى ئارقا - ئارقىدىن نامەردنىڭ يۈز - كۆزىگە تەگكەندى.

غوۋغانى ئاڭلاپ بۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەر كۆزىنى ئاچالماي قالغان مەخەتنى ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇرۇپ -

دۇمبالاپ ياتقۇزۇپ، پېتىقلاپ قوپالماس قىلىۋەتتى. كىملەردۇر ئارغامچا ئەكېلىپ پۇت - قوللىرىنى باغلىۋەتتى، كىملەردۇر يېزىلىق ساقچىخانىغا قاراپ چاپتى. يەنە كىملەردۇر نەچچە مىنۇتتىلا قانسىراپ كەتكەن بىچارە بۇساقنى ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتقا ياتقۇزۇپ، يېزىلىق دوختۇرخانىغا چاپتى.

سۇلايىمناخۇن، ئىسلىماخۇن، زۇمرىخان، تۇرامەتلەرنىڭ پاجىئەسىدىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ تىراگېدىيە كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. بۈگۈن ھېچكىم داڭ ئۇرمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن كەنت مۇدىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىلغان كىشىلەر بىر چەتتە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان مۇھەببەتخانغا نەپرەتلىنىپ، بىر ياقا يۇرتلۇقنىڭ قولىدا جان ئۈزۈپ، دوختۇرخانىدىن جەسىتى قايتۇرۇپ كېلىنگەن بۇساق ئاخۇننىڭ تەقدىرىگە ئېچىندى.

شۇ تاپتا بەگلىكتىكى ئەل - جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا بۇساقاخۇننىڭ ياخشى تەرەپلىرى زاھىر بولۇۋاتقاندەك ئىدى...

## 12. ئۆز خوتۇن

— نەدىن كەلدىڭلا، ئاشىقاخۇن؟

— سوتتىن.

— ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالمىغان بولغىيدىڭلا؟

— تولا چىشىمنى قېيىشتۇرماڭلا! ياشلىقىمدا تۈل چوكانلارنى ماراپ نەچچە قېتىم خەقنىڭ تېمىدىن چۈشكەنۇ، لېكىن كۆرۈك توخۇ چاغلىق مىلىغا كۆز - قىرىمنى سالغان بەندە ئەمەس مەن.

— شۇڭا، ئابدۇلئاشىق دەيمىز - دە، سىلىنى... ئۇنداقتا، نېمە قىلدىڭلا ئوغرىنى سوراق قىلىدىغان يەردە؟

رەھمەتلىك بۇساقاخۇننى يەرلىكىدە قويۇپ، تۇپراق بېشىدىن

يانغان جامائەت، بولۇپمۇ گەپ ئانىسى ياشلار ئۆتەڭدىلا ئابدۇلئاشىقنى ئارىغا ئېلىۋالدى.
— شۇ خوتۇن دەردى بولمامدۇ...
— يەنە نېمە خوتۇن دەردى ئۇ؟
— ئەجەب كوچىلاپ سوراپ كەتتىڭلاۋا، باللا، — ئابدۇلئاشىق ئۇستىرا تەگمىلى ئۇزاق بولغان ئۇچلۇق ئېڭىكىنى قاشلىدى.
— ئانچە - مۇنچە ئۇششاق گەپ ئاڭلايمىز، لېكىن سىلىمۇ بوش ئەمەس - دە!
— ئۆزۈمنى خېلى نوچى چاغلايتتىم. ئەمما، ئاشۇ گۇلپاتى بۇرنۇمدىن بۇلاق، كۆتۈمدىن يۇمىلاق چىقاردىغۇتاڭ!
— ئادەم قورقاتماڭلا ئانداق، ئالدىراپ - سالدىراپ ۋاك دەيدىغان ئابدۇلئاشىق ئەمەس سىلى.
— ھەي... — ئابدۇلئاشىق بېشىنى چايقىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىچى خاپىلىقتا تۇشۇپ كەتكەندى. لېكىن، ئۇ ئىشلارنى ئاغزىدىن چىقارغىلى نومۇس قىلاتتى، دىمىقىدا بىرنېمىلەرنى دەپ غىڭشىيتتى، — يەيدۇ، ئۇخلايدۇ. يەيدۇ، ئۇخلايدۇ. مانا ئەمدى ھەممىسى تۈگىدى.
ئابدۇلئاشىقنىڭ تىلغا ئېلىشتىن ئۇيالغان ئىشى ئاللىقاچان قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ، بەگلىككە پۇر كەتكەندى. ھەپتە ئىلگىرى يەيدىغان ناننى خورجۇنغا سېلىپ، ياتىدىغان يوتقان - كۆرپىسىنى گەجگىسىگە تېڭىپ، جاڭگالغا بوز يەر ئېچىش ئەمگىكىگە كەتكەن بۇ ئىشقۋاز ئۆيىدىن، چارۋا ماللىرىدىن پەقەت خاتىرجەم بولالمىدى. شۇڭا، ئۈچ كۈن بولار - بولمايلا يۇك - تاقىسىنى تاشلاپ ئەمگەكتىن قېچىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى.
ئۆيدە نەغمە - ناۋا قىزىپ كەتكەندى:

ئاغزىڭغا ناۋات سېلىپ،

لەۋلىرىڭگە سۆيدۈممەن.
خۇدايا تووۋا...

ئابدۇلئاشىق خوتۇنىنىڭ ناخشا ئوقۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي بىردەم ئارىسالدى بولدى. بىراق، ئاچچىققا چىداپ تۇرالماي پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، مېھمانلىق ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئۆيئىچىگە سەپسالدى. قىزىۋالغان خوتۇنى رەھمەتلىك بوۋاق چوماقنىڭ پوكىنىغا سىغدىلىپ ئولتۇرۇپ دۇتار بىلەن ناخشىغا چۈشكەنىدى... خۇدايا تووۋا، خوتۇنۇمغا چاپلىشىپ ئولتۇرغىنى بوۋاقمۇ ياكى بوۋاق سۈرەتلىك جىنمۇ، دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئابدۇلئاشىق. چۈنكى، ئۇ ھاشارچىلارنىڭ ئارىسىدىن غىپپىدە چىقىپ تىكىۋەتكەنىدە، بوۋاق شۇ يەردە دېھقانلارنى باشقۇرۇپ قالغانىدى. قارىغاندا، ئۇ موتوسىكلىت بىلەن ئۇچۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ...
— قوپەۋە، ئادەم ئەسكىلىرى! — ئابدۇلئاشىق ئېتىلىپ كىرىپ، ئاللىقاچان كۆزلىرىنى قىزارتىۋالغان بوۋاقنىڭ باش - كۆزلىرىنى ئۇرۇپ - پەشۋالاپ، گۇلپاتى ئىككىسىنى سۆر - توقاي قىلىۋەتتى ھەم تەكىيىگە پۈتلىشىپ يىقىلغان بوۋاقنى پومىلاقلاپ كانىيىنى بوغقىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا توساتتىن ئۇنىڭ پاتىڭغا بىرنەرسە قاتتىق تەگدى. گۇلپاتى بوۋاققا بولۇشۇپ، دۇتارنىڭ يوغان قورسىقى بىلەن ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنىدى. دەلدۈگۈنۈپ تامغا ئۈسۈپ توختىغان ئابدۇلئاشىق ئەمدى خوتۇنىغا ئېتىلدى، ئەمما ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۈلگۈرگەن سېمىز، تەمبەل بوۋاق ئابدۇلئاشىققا تاشلىنىپ، ئۇنى ئۇرۇپ - پېتىقلىۋېتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى...
شۇ كېچىسى بىشەملىك بىلەن ئۆينى بېشىغا كىيگەن گۇلپاتى يانفون بىلەن ئادەم چاقىردى. بىر چاغدا دەرۋازا ئالدىدا

ماشىنا توختاپ، تەلەتى بوزۇق ئۈچ كىشى پەيدا بولدى. ئاغزى بىسىلماي ئابدۇلئاشىقنى تىللاپ تۇرغان گۈلپاتى ئۇلار بىلەن بىر بولۇپ، هايت - هۇيت دېگۈچە هويلا - ئارانىنى قورۇقداپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئايغى چۇشۇلۇپ ماشىنىغا بىسىلىۋاتقان قوي، كىگىز - كېچەك، زىلچا، تېلېۋىزور، سىنقويغۇ، تاۋار يوتقان - كۆرپىلەرگە قاراپ غىڭ قىلالماي تۇرغان ئاشىقاخۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىختىيارسىز ھەلىمىخاننىڭ سىيماسى پەيدا بولدى. بۇ شۇ خوتۇننىڭ بالام، ئۆيۈم دەپ يىمەي يىغقان، كىيمەي تۇتقان ئۆيى ئىدى. بىچارە ھەلىمىخان ئاجراشقان كۈنى ھۇ تارتىپ يىغلاپ، ئۆزىنىڭ قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ ئالماي كەتكەنىدى...

— ئۇ خوتۇننىڭ ئىز - دېرىكى بارمۇ؟ — ئۆتەڭدە قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئابدۇلئاشىققا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ئىز - دېرىكى يوق، بىز توي يۆتكىگەن ھېلىقى ئۆيگىچە باردىم. مەھەللىسىدىكىلەر: «بىز ئۇ ئىشنى ئۇقمايمىز» دەيدۇ. ئاڭلىسام ئۇ ئۆي گۈلپاتىنىڭ ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆيى ئىكەن!

— نېمە؟ — تۇرغانلار ئاغزىنى تۇتۇپ قىلىشتى.

— ئۇ ئوغرى خوتۇن ئۇلاغ - ئۇلەك، مەللە - كېرىكىمنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشچە سېتىپ غايىب بوپتۇ! مانا ھەپتىدىن ئاشتى، ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق.

— سىلى بۈگۈن سوتقا شۇ ئىشنى دېگىلى بارغانمۇ؟

— دېگەننىڭ نېمە پايدىسى، توي خېتىنى بىكار قىلىپ، ئاجراشتۇرۇپ قويامدىكىن دەپ بارغان.

— نېمە دېدى؟

— توختاپ تۇرۇڭلا، بۇنىڭ رەسمىيىتى ئۇنداق ئاسان ئەمەس، دەيدۇ.

— بەكرەك ئىز - دېرىكىنى قىلايلى ئۇ پاسىقنىڭ! بولسا

كىملىكى ئارقىلىق ئىزدەيلى، نەلىك ئىكەن؟
ئابدۇلئاشىقنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى:
— كىملىكىنى كۆرسەتمىگەن شۇ.
— ئەمىسە قانداق پەتتە ئالغان؟
— ئۆزۈم يول مېڭىپ، كاتىپنىڭ گېلىنى ياغلاپ ئاپتىكەنمەن شۇ.
— ئەمىسە ھەممە ئىش تۈگەپتۇ، ئۇ جاھان بۇزۇقىدىن قۇتۇلغانغا خۇش بولساڭلا بولغۇدەك.
ئابدۇلئاشىق ئۈندىمىدى. ئۇ نومۇس قىلغانىدى.
«گۈل بىلەن ئاشىق»نىڭ ھېكايىسىنى پۈتۈن يۇرت ئەھلى بىلىپ كەتتى. گۈلپاتى ئابدۇلئاشىقنىڭ ئۆيىگە قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. نوچى خوتۇننىڭ ئاشۇنداق «پەيزىنى سۈرگەن» ئابدۇلئاشىق ئەمدىلىكتە كەچ كۈز كېلىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان يالغۇز تېرەكتەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ تۇرۇپ خوتۇنى ھەلىمىخاننى، ئۇۋىسىدىن تېزىپ كەتكەن قۇشقاچ بالىلىرىدەك ئۆيىدىن تېزىپ كەتكەن بالىلىرىنى خىيال قىلاتتى. يەنە بەزىدە زەيتۇنەمدەك ئېرىدىن تۇل قالغان جۇۋانلارنىڭ كەينىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپمۇ قالاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بىلىپ كەتكەن چوكانلار ئۇنىڭغا قارىماس بولۇپ قالغان. ئۇنىڭسىزمۇ ئاشىقاخۇن قول ـ ئىلكىدە بارىدىن ئايرىلغان، ئىسسىق جېنى قالغانىدى. ساقال ـ بۇرۇتىغا ئاق ئارىلاپ ئەر ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغاندا خوتۇنسىز ياشاش نېمىدېگەن تەس ـ ھە ! ئاخشىمى سوغۇق ئۆيدىكى يىغىلمىغان يوتقانغا كىرىپ تىزىڭنى قۇچاقلاپ يېتىپ، كۆندۈزى ئۇچراتقان جۇۋانلارنى خىيال قىلساڭ، شۇنداق يېتىپ چۈشۈڭ بۇزۇلۇپ ئويغانساڭ، ئەتىگىنى ئۆزۈڭنىڭ تەرىتىگە ئۆزۈڭ سۇ ئىسسىتىمەن دەپ، ئوچاق ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوت پۈۋلىسەڭ، ئوتۇڭ كۆيگىلى ئۇنىمىسا... نامازدىن كېيىن ناشتا قىلغىلى نان يوق،

يەڭلىرىڭنى تۈرۈپ قازانغا ئۇماچ چالساڭ، ئەتكەن ئۇمىچىڭ ئاداپتەك قويۇق، گاھىدا تۇزسىز، گاھىدا تۇزلۇق بولۇپ ئىچكۈڭ كەلمىسە... خوتۇن بولمىغاندىكىن، ئۆيدە ئولتۇرغۇڭ كەلمەي ئۆتەڭگە چىقىپ، خەقنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرساڭ... ھەي... ئەزەلدىن: «خوتۇن خەقلەرنى ئۆزۈمنىڭ ماڭ دېگەن يېرىمدە ماڭدۇرۇپ، تۇر دېگەن يېرىمدە تۇرغۇزىمەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان بۇ نوچى نەچچە ئايدىن بېرى ھەقىقەتەن تەس كۈنگە قالدى. ھويلىسىدىكى يوغان ياڭاقتەك تۇرقىدىن ئەسەر يوق، قەددى پۈكۈلگەن. ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى، مەڭىز سۆڭىكى پۈلتىيىپ چىققان كۆرۈمسىز يۈزى كىشىگە كېسەلمەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

— ئاشىقاخۇن، ئەمدى ئۆيلەپ قويامدۇق؟ — جامائەت بىلەن رەھمەتلىك بۇساقاخۇننىڭ قىرىق نەزىرىسىدە ئولتۇرغان ئابدۇلئاشىق يۇرت چوڭلىرىدىن سامۇق موللام، تالىپ ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ دۇدۇقلاپ قالدى:

— بولسىغۇ، شۇنداق قىلساق بولاتتى، — ئۇ پولو يۇقى قولىنى دوپپىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ چاڭگا بولۇپ كەتكەن بېشىنى قاشلىدى، — ئەمما ئۇ يەر - بۇ يەرگە كۆڭۈل يۈگۈرتۈپ، گەپ تېشىپ باقسام، بىرەرسى ماڭا كۆز قىرىنى سالىدىغاندەك ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— بۈگۈنكى كۈننىڭ تۇل خوتۇنلىرى، — دېدى ئابدۇلئاشىق بېشىنى قاشلىغان تىرنىقى بىلەن چىشىنى كوچىلىغاچ، — بىر بولسا بالىسى يوق ياشراق ئەرگە تېگىدىكەن، يەنە بىر بولسا ئاغزىدا چىشى قالمىغان قېرىسىغا تېگىدىكەن. ماڭا ئوخشاش ئەر ئوتتۇرىسى بولغان، ئالدى - كەينىنى چاڭگاللاپ قالغان ئادەمنى ياراتمايدىكەن.

— نېمىشقا سىلىدەكلەرنى ياراتماي، قېرىسىغا تېگىدۇ؟

— ئا... ئۆلۈپ قالسا، ۋەجى قالامدىكىن دەپ.

جامائەت كۆلۈشۈپ كەتتى. دوختۇرخانىدا ئۇزاق داۋالىنىپ ساقايغان سۇلايمىناخۇن، نەچچە ئاي تۈرمىدە يېتىپ چىققان ئىسلىماخۇنلارمۇ ئەل - يۇرتقا كەم دىدار بولۇپ قالغان مۇبارەك جامالى بىلەن جامائەتنىڭ كۆلكىسىگە قېتىلدى. لېكىن، ئابدۇلئاشىقنىڭ دىلى سۇنۇق، چېھرى تۇتۇق ئىدى. ئۇ سورۇقچىلىق تارتىشتىن ئىلگىرى خېلى ھاللىق كىشىلەر قاتارىدا سانىلاتتى. مانا ئەمدى ھېچنېمىسى يوق، تۆۋەن كاپالەت پۇلى ئېلىپ كۈننى كۈن ئېتىدىغان كىشىلەر قاتارىغا چۈشۈپ قالغان، مەھەللە - چاقاردىكى ھەمتەڭلىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالماس بولۇپ قالغانىدى. بۇنى ئويلىسا ئۆزىمۇ نومۇس قىلاتتى.

— ھېلىقى خوتۇن بىلەن بولغان ئىش تۈگىگەندۇ؟ — يەنە سورىدى سامۇق موللام.

— گۈلپاتى بىلەنما... ھەئە، تۈگىدى. سوت سىرتتىن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئاجراشتۇرۇپ قويىدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، ھازىرمۇ پات - پات كېچىلىرى پەيدا بولۇپ، دۇتار چېلىپ ھويلاڭلىنى ئاۋات قىلىپ بېرىپ ئاندىن غايىب بولارىمىش دەيدىغۇ؟ — دېدى موللىقۇناخۇن كۆزىنى قىسىپ.

— ئادەمنى قورقۇتمىسىلا ھەي، — ئابدۇلئاشىق ئىككى يانغا قاراپ قويىدى.

— خوتۇن خەقتىن قورقمايسىلە سىلى؟

— ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا ئەمدى.

— ئەمدى يەڭگىلىڭىزاشتىن خوتۇن ئالغىڭلا باردۇ؟

— ھە، بولسا بى...

— قىز ئالامسىلەر، جۇۋانمۇ؟

— رىزىق - نىكاھىم كىمگە چۈشكەن بولسا... — ئابدۇلئاشىق پولۇ يۇقى قولى بىلەن بۇرۇتىنى مايلىدى.

— باللىرىڭلارنىڭ ئانىسى ھەلىمىخانغا رىزقىڭلار چۈشكەن بولسىچۇ؟

— شۇنداق بولسا مېنىڭ مەرتىۋە ياخشى ئىدى، لېكىن قىزلىرىم ياراشتۇرۇپ قويايلى، دەپ ئىككى مەرتەم بىرىپتىكەن، ئانىسى ئىللا - بىللا ئۇنىماپتۇ. ئاڭلىشىمچە، ئۇ خوتۇنمۇ توي تەييارلىقىغا چۈشكەن چېغىۋا، — ئابدۇلئاشىقنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى، — ئۇنىڭسىزمۇ ھەلىمىخان مەندىن جىق ئازار يېگەن، كۆڭلى سوۋۇغان...

— شۇنداق قىلىپ، خوتۇنۇڭلا باشقا ئەرگە تەگسە مەيلىمۇ؟ — ساموق موللام ئابدۇلئاشىقنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە قارىدى. ئابدۇلئاشىق ئۈندىمىدى. قىرقىمىغان بۇرتى توسۇۋالغان لېۋىنى چىشلەپ جىمىمدە ئولتۇردى. ھەلىمىخان باشقا ئەرگە تېگىپ كەتسە، ئەمدى...

شۇ پاراڭ بولۇپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئاخشىمى ئابدۇلئاشىقنىڭ ئۆيىدە قازان ئېسىلىپ، «نامازشام تويى» بولدى. مەھەللىدىكىلەر، يۇرت چوڭلىرى ئىككى ئارىدا قاتراپ يۈرۈپ ھەلىمىخاننى توي تەييارلىقىدىن ياندۇرۇپ، تۇتقان ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىشكەنىدى. نىكاھتىن ئىلگىرى ساموق موللام يەنە ئۇزاق ۋەز - نەسىھەت ئېيتتى. ئابدۇلئاشىققا پات - پات نىكاھ يېڭىلاشنى ھار ئېلىپ باقمىغان بۇ ئۆلىما: «خوتۇننى خارلىغان ئەر ھامان خوتۇن تەڭلىكى تارتىدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئۇرغۇلۇق ئېيتتى.

ئابدۇلئاشىق مەھەللە چوڭلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا ھەلىمىخاننى يەنە بىر قېتىم «ئالدىم» دېگەندە، ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ بوغۇزىغا يىغا قاپسىلىپ قالغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يۇرت ئىچى تىنچىپ قالدى. قۇربان ھېيت كۈنى ساموق موللام نامازدىن ئىلگىرى يۇرت جامائىتى تولۇق

يىغىلغۇچە مۇسۇلمانچىلىق ئەھكاملىرى ھەققىدە جامائەتكە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ۋەز - نەسىھەت ئېيتىپ، ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلەش، ئىناق قوشنىدارچىلىق، ئاداۋەت تۇتماسلىق، يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارنى يوقلاش، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، كەيپ - ساپاغا بېرىلمەسلىك، زىناخورلۇق قىلماسلىق، ھالال ياشاش، گۇناھى كەبىردىن خالىي بولۇش توغرىسىدا جىق سۆزلىدى. مەسچىتتە ئارقىمۇئارقا ئولتۇرغان سۇلايمىناخۇن بىلەن ئىسلىماخۇن «بۇ دۇنيادا ئاداۋەت تۇتقان كىشى ئۇ دۇنيادا جەننەت يۈزى كۆرمەيدۇ، ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئاۋۋال سالام بېرىۋالغىنى ئەڭ ياخشىسىدۇر» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىشتى. ھېيت نامىزىدىن يېنىپلا ئالدىراپ - تېنەپ بىر - بىرىگە سالام بېرىشىپ، ھېيتىنى مۇبارەكلەشتى... بىر كۈنى سامۇق موللام جامائەتنى باشلاپ كېلىپ، سۇلايمىناخۇن بىلەن ئىسلىماخۇننىڭ تولۇق رازىلىقى بويىچە نۇرئەلى بىلەن زورىگۈلنى قايتا نىكاھلاپ، بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى.

يىل ئۆرۈلۈپ بەگلىككە يەنە بىر باھار كەلدى. «كاككۇك، كاككۇك !» دەپ سايرىغان ئاۋاز زەينەپنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سالدى. «كىمنى ئويلىسا شۇ كەپتۇ» دېگەندەك ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز زەينەپ پەيدا بولدى. يۇرتتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ ئىدىكى، زەينەپ ئەمدى يېگانە ئەمەس، بىر ئەر بىلەن بىر قىز، بىر ئوغۇل بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ قوشكېزەك تۇغقان، بالىلىرىنىڭ دادىسى كىشىلەر گۇمان قىلغاندەك بۇساق بولماستىن، بەلكى ئۆستەڭ بويىدا زەينەپنى باغرىغا باسقان ھېلىقى كىشى ئىدى.

كىشىلەر زەينەپنىڭ گۇلدەك ئېچىلغان چېھرى، يېشىل ھېلىلە ياغلىقىدىن چىقىپ تۇرغان ئىككى تال بىلەكتەك ئۆرۈمە چېچى، تولغان ئۇستىخىنىغا قاراپ:

— زەينەپكە قاراڭلار، ئۇ تەمبەل جۇۋان بوپتۇ! — دېيىشتى.
زەينەپ ئېرى بىلەن كونا ھويلىدا ياغ پۇرتىپ، ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىدى. كېيىن يەنە ئۇن ـ تىنسىز غايىب بولدى. ئۇ قانداق تۇيۇقسىز كەلگەن بولسا، شۇنداق جىمجىتلا كەتكەنىدى.

2005 — 2009 ـ يىللار، يەكەن
2010 ـ يىلى سېنتەبىردە قايتا تۈزىتىلدى

# گۇناھ (رومان)


ئاپتورى: ئابدۇكېرىم قادىر
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 - 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12
نەشرى: 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 16065 - 5
باھاسى: 34.00 يۈەن